زوردۇن سابىر

# يازغۇچى بولماق تەس



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



زوردۇن سابىر

يازغۇچى بولماق تەس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى


ئانا يۇرت (1)

ئانا يۇرت (2)

ئانا يۇرت (3)

ئىزدىنىش (1)

ئىزدىنىش (2)

يازغۇچى بولماق تەس

ئاۋرال شامالLIرى

گۈلەمخان

قەرزدار

ئانا



ISBN 978-7-228-14337-5

9 787228 143375 >

定价：32.00 元

زوردۇن سابىر

# يازغۇچى بولماق تەس

(زىيارەت خاتىرىسى ۋە ماقالىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

做作家难：维吾尔文／祖尔东·沙比尔著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.7
ISBN 978-7-228-14337-5

Ⅰ.①做… Ⅱ.①祖… Ⅲ.①维吾尔族-少数民族文学-文学评论-中国-文集-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I207.915

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第131461号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 祖尔东·沙比尔 |
| 选 编 者 | 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白，阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 阿孜古力·克热木，古力夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32 |
| 印　　张 | 11.375 |
| 版　　次 | 2011年7月第1版 |
| 印　　次 | 2011年7月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 32.00元 |




يازغۇچى زوردۇن سابىر (1937 — 1998)

# مۇندەرىجە


ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش ........................... 1
مەن بىسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە ۋە ئىزدىنىش .............. 29
يېزىش ئاسان، يازغۇچى بولماق تەس.......................... 51
تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە نادىر ئەسەر يارىتىش
توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ................................. 62
ئېسىل ئەسەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم .................. 71
ياۋروپاغا سەپەر ........................................... 90
ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ............................... 177
يوقالماس كۆلكە، ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم ................ 240
چاڭ - توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك ........................ 263
زېمىن ۋە شەربەت ..................................... 304
قەدىناس دوستۇم خاۋ گۇەنجۇڭنى ئەسلەپ .................... 348

# ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش

ياخشى ئەسەرنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا قىزىقىش ۋە پىكىر پەيدا قىلالىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى — ئەسەردە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن تۇرمۇشنىڭ چىن ۋە ماھىيەتلىك بولالىغانلىقى. دۇنيا جامائەتچىلىكى ئېتىراپ قىلغان نادىر ئەسەرلەر بىلەن ھازىر ئېلان قىلىنىۋاتقان ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەرنىڭ قايسىبىرى ئاپتورلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ياكى قىزىققان رېئال تۇرمۇشنى سەنئەتكارغا خاس نەزەر بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن قايتا پىششىقلاپ چىققانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولمىغان؟! ساۋ شۆچىنىڭ، بالزاك، تولستوي ياكى ماۋدۇن، باجىن، شولوخوفلار ئۇردا ھاياتى، پارىژ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشى، رۇسىيە دېھقانلىرى بىلەن پومېشچىك ـ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈندىلىك قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ياكى 1930 ـ يىللاردىكى شاڭخەي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى بىلەن ياشلارنىڭ غايە ـ ئىنتىلىشلىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى رۇسىيە — دون كازاكلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى توغرىسىدا ئومۇمىيۇزلۇك ۋە ئىنچىكە بىلىمگە ئىگە بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «ئىنسان كومېدىيەسى»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «تۈن يانغاندا»، «ئائىلە»، «تىنچ دون» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئەدەبىيات ئارقىلىق ھاياتنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشمىغان بولاتتۇق.

بىر ياخشى ئەسەر ئاپتور تۇرمۇشنى پىششىق ۋە چوڭقۇر بىلگەندىلا، ئاندىن پەيدا بولالايدۇ. مەلۇم ۋەقەنى ئاڭلاپ (ياكى

ماتېرىيالدىن كۆرۈپ)، ئۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلانغان مەلۇم ئىدىيەنى سىڭدۈرۈش يولى بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەر قارد-ماققا يامان ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ هامان ئوقۇغۇچىدا چوڭ-قۇر هاياجان ۋە ئويلىنىش پەيدا قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى كىشىلەر ئوقۇيالا ئۇنتۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئەسەر يېزىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن، تۇرمۇشنىڭ قاينىملىرى ئىچىگە باش چۆكۈرۈپ كىرىش كېرەككى، هەرگىزمۇ بۇ قاي-نامنىڭ چۆرىسىدە پىرقىرىماسلىق كېرەك.

قاينام دېگەن نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ يازماقچى بولغان ئوبيېكتىپ ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بى-لەن قەلب ساداسى. دېھقاننى يازماقچى بولىدىكەنسىز، دېھقاننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى، يەنى ئۇنىڭ بىر كۈننى قانداق باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ دېھ-قاننىڭ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك هاياتىنى ئۆزگەرتىش، راۋاجلاندۇ-رۇش يولىدا قانداق توسالغۇ، زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتقىنىنى بىلىشىڭىز كېرەك. شۇ چاغدا سىزدە مەلۇم كىشىلەرگە خەير-خاهلىق، هېسداشلىق، يەنە مەلۇم كىشىلەرگە نارازىلىق، ئۆچ-مەنلىك پەيدا بولىدۇ. مانا شۇ مۇهەببەت بىلەن نەپرەت سىزنى غىدىقلايدۇ، يېزىشقا، يەنى بەزىلەرگە زىددىيەتنى هەل قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە، يەنە بەزىلەرگە نەسىهەت قىلىشقا ياكى ئۇنى قارىلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇش سىزگە ماتېرىيال تەقدىم قىلىپلا قالماي، ئىدىيە، هېسسىياتمۇ تەقدىم قىلىدۇ. دېمەك، ئاپتورنىڭ هېسسىيات، ئىدىيەسىمۇ ئىدارىدىن بىللە ئېلىپ چىقىشكەن نەرسە بولماستىن، تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا پەيدا بولغان نەرسە هېسابلىنىدۇ. مانا بۇ خىل تۆۋەنگە قورۇق قول چۈشۈپ، ماتېرىيال، ئىدىيە ـ هېس-سىيات بىلەن قايتىش جەريانى «قاينام» غا چۈشكەنلىك هېساب-لىنىدۇ. ئەمدىكى گەپ ماتېرىيال ئارقىلىق هېلىقى ئىدىيە ـ

ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىلا قالىدۇ.
قايىنامىنىڭ چۆرىسىدە پىرقىراش دېگەنچۇ؟ بۇ پىرقىراش ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىر خىلى، تۆۋەنگە چۈشۈش، لېكىن ئەھۋالنى ئىنچىكە ئۆگەنمەي، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ، دوكىلات ئاڭلاپ، يۈزەكى ھېسسىيات ۋە پىشمىغان ماتېرىيالغا ئىگە بولۇپلا قايتىش. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەنمۇ ئەسەر يازغىلى، بەزىدە ھەتتا ياخشى ئەسەرلەرنىمۇ يازغىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئەسەرلەردە تۇرمۇشنىڭ يەرلىك پۇرىقى قويۇق بولمايدۇ، ئادەملەرنىڭ قەلب ساداسى جاراڭلىق ۋە تەبىئىي بولمايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان پېرسوناژلار ئاۋازىنى ياساپ ناخشا ئېيتقان ئارتىستقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن تازا ياخشى ئېستېتىك زوق ئالالمايدۇ. مەن دەسلەپ ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن چاغلاردا ئەنە شۇنداق ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى ئاڭلاپلا قايتاتتىم، شۇ ئاساستا يېزىلغان «دوستۇمنىڭ تارىخى»، «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» قاتارلىق ھېكايىلىرىم ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇن ۋاقتىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى.
پىرقىراشنىڭ ئىككىنچى خىلى، تۆۋەنگە چۈشمەسلىك، رېئال تۇرمۇشنى كۆرمەي تۇرۇپلا، ئىدىيەنى ھۆججەتلەردىن، ۋەقەنى گېزىت - ژۇرنال ياكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئېلىپلا ئەسەر يېزىش. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەنمۇ ئەسەر يازغىلى، ھەتتا خېلى ياخشى ئەسەرلەرنىمۇ يازغىلى بولىدۇ. ئىلمىي تەسەۋۋۇر بىلەن ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى كۆزىتىپ، ئاجايىپ ئەسەرلەرنى يازغان ئادەملەرمۇ ئۆتكەن، بۇنداق ئەسەرلەردىكى ۋەقەلەر كىشىنىڭ يادىدا قالىدۇ، لېكىن پېرسوناژلىرى كىشىنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئاپتورنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ھاياتتىكى تىرىك ئەۋرىشكىلىرىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانلىقىدا. ھازىر بۇ خىل «پىرقىراش» خېلى بازارغا ئىگە. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئەسەر يازىدىغانلار

خېلىلا كۆپ. ئۇلار بۈگۈنكى ــ 1980 ـ يىللارنىڭ دېھقانلىرى بىلەن تونۇشماي، ئۇلارنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا، دېھقان توغرىسىدا، كەسپىي ئائىلە توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىق ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىلايدۇ. ھەتتا دېھقانلارمۇ بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئوقۇسا راست دېھقان يېزىلىپتۇ دەپ قالىدۇ، لېكىن يارىتىلغان پېرسوناژلارغا سىنچىلاپ قارىسىڭىز، ئۇلار ئىدىيە، ھېسسىيات، تىل، مىجەز جەھەتتە زادىلا دېھقانغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنى مالچى، ئورمانچى، ياغاچچى، ئىشچى، سودىگەر قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويسىڭىزمۇ، ئەسەرگە زادىلا تەسىر يەتمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھازىر خېلىلا ئومۇملاشقان.

ئىككىنچى خىل پىرقىراش ئىجادىيەتنىڭ ئاسان يولى بولغاچقا، بۇ يول بىلەن ماڭىدىغانلار كۆپ. بۇ يول بىلەن مېڭىشقا بېرىلىپ كەتكەن ئاپتورلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى، ھەتتا يېزىلارغا يېقىن، بەزىلىرى زاۋۇت ـ كانلاردا ياشىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان ئورۇننىڭ چاڭ ـ توزان، رەڭ پۇرىقى كۆرۈنمەيدۇ. ئەتراپىدىكى ھايات ھەر كۈنى يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق يېڭىلىق تېپىلمايدۇ. ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنىڭ ئىشەك ھارۋىسىنى تاشلاپ، قول تىراكتور ھەيدەپ مېڭىشى، بۇرۇنقى كونا ئېغىلنى ئۆزگەرتىپ، ماي زاۋۇتى قىلىۋالغانلىقى، خوتۇن ـ باللىرىغا شەھەردە ئاشخانا ئېچىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش، لېكىن بىر پىشقان سەنئەتكار، يەنى ئاشۇ قوشنىلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، قوشنىلار قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى چۈشىنەلەيدىغان، تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكەلەيدىغان سەنئەتكارنىڭ كۆزى بىلەن قارىسىڭىز، سىز ئاشۇ كىچىككىنە يېڭىلىقلاردىن ئۆزگىرىۋاتقان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سۈرىتىنى كۆرەلەيسىز.

تۇرمۇشنىڭ قاينىمىغا كىرمەستىن، چۆرىسىدە پىرقىراش يولى بىلەن بۈگۈنكى تېز ئۆزگىرىۋاتقان ھاياتنى چۈشەنگىلى

بولمايدۇ، بولۇپمۇ بۇگۈنكى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى
بولمايدۇ. ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، كىشى قەلبىـ
دىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالايدىغان ياخشى ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ.

تۇرمۇش قاينىمىغا كىرگەندە ھايات سىزگە ھېكايە بولغۇـ
دەك ۋەقەلەر، كۆچۈرۈپلا قويسا بولىدىغان قەھرىمانلار، كىتاب
ئوقۇپ ھاسىل قىلغىلى بولمايدىغان پىكىر ـ ئىدىيەلەرنى تەقـ
دىم قىلىدۇ. لېكىن، ھاياتتا ئۇچرايدىغان بۇ خىل قىممەتلىك
بايلىق بازارغا سالىدىغان مالنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇ «يازغۇچىنىڭ
بىردىنبىر ھۈنىرى بولغان تەسەۋۋۇر» (م. گوركىي) نىڭ كۈچى
بىلەن پۇللۇق مالغا ئايلىنالايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ سەنئەتكارلىق
ھۈنىرىدە پىشقان يازغۇچى بۇ خام ماتېرىيالنى ئاجايىپ نەپىس،
قىممەتلىك مال قىلالايدۇ، ھۈنەردە چالىراقلىرى قىممىتى
تۆۋەنرەك مال قىلالايدۇ. نېمىلا بولسۇن، تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە
ماتېرىيال ئېلىنغان ئەسەر كىشىگە تەسىر قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھاياـ
تىي كۈچى بولىدۇ. مانا بۇ ماتېرىيالنى پىروتوتىپ دەيمىز. مەن
ھازىرغىچە پىروتوتىپ بولمىغان ئەھۋالدا بىرمۇ ئەسەر يازمىـ
دىم. يازغاندا ھامان كۆز ئالدىمدا جانلىق ئادەملەر ئۆرە تۇردى.
مەن ئۇلارنى بازارغا يارىتىش ئۈچۈن گىرىملىدىم، ئۇلارنىڭ
كەم ـ كوتا يەرلىرىنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ تولۇقلىدىم. ئۆـ
زۈمنىڭ ھاياتتىن ھاسىل قىلغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىم بىلەن
ئۇلارنى قوراللاندۇردۇم.

لېكىن، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىم لازىمكى، مېنىڭ
ھاياتتىن ئالغان ئىدىيە ـ ھېسسىياتلىرىمنى مەلۇم تاشقى
كۈچنىڭ باشقۇرۇشىغا قۇربان قىلغان چاغلىرىمۇ بولدى. بۇ
ھال مېنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن
بولالمىغانلىقىمدىن بولغان.

مەن تۆۋەندە تۇرمۇشتىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنى سەنئەت
بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكى
توغرىسىدا بىرنەچچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

1. رېئاللىققا بويسۇنۇش. كۆپ ھاللاردا سېنىڭ ھاياتتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچەڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى يورۇتۇش ئۈستىدىكى ئارزۇيۇڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ بىز ئۇزاق ۋاقىت ئەدەبىياتنى سىياسەتنىڭ بېقىندىسى ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كۆپ ۋاقىت كاللىمىزغا سىياسەت ۋە ھۆججەتلەردىكى تەييار ئىدىيەلەرنى قاچىلىۋېلىپ، ھەممىنى شۇنىڭغا بويسۇندۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، «سىياسەتكە خىلاپ» بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ھاياتتىن بىۋاسىتە ئالغان چۈشەنچىمىزنى قايرىپ قويۇپ، ئەسەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى سىياسەتنىڭ كۆچى بىلەن زورمۇزور بەلگىلەيمىز. نەتىجىدە، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ھادىسىسى پەيدا بولىدۇ. بىز ھازىرمۇ بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز.

خەلققە مەسئۇل بولغان بىر يازغۇچى، ئەلۋەتتە جەمئىيەت توغرىسىدا سىياسەتچىلەر، مەلۇم «نەزەرىيەچى» لەرگە قارىغاندا، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشى، مەسىلىلەرنى ئۇلاردىن چوڭقۇرراق ئويلىشى، ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يىراققا نەزەر سېلىشى كېرەك. «كىشى ئوتتۇرا ياشقا يەتكەندە» ناملىق پوۋېست ئېلان قىلىنغاندا، زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا تېخى كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەر چىقمىغان. لېكىن، يازغۇچى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۈتمەيلا، بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى.

مەن 1980 ـ يىلى «قەرزدار» ھېكايىسىنى يازغىنىمدا، بەزى يولداشلار نېمىلا بولسۇن، تۇرغان لىۋىرنىڭ گۇڭشېدىن چىقىپ كېتىشى، «قورسىقى تويمىغان ھويلىدىن ئىتمۇ لالما بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، مەن بولسام ئادەم!» دېگەن جۈملىنى يېزىش خەلق گۇڭشېسىنى قارىلاش بولىدۇ، مەركەز تېخى خەلق گۇڭشېسىنى بىكار قىلمىدى، دەپ ماڭا نەسىھەت قىلىشقان، مەن-

مۇ دەسلەپ ئىككىلەنگەن، لېكىن مەن «خەلق گۇڭشېسى»دا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان، خەلقنى، بولۇپمۇ جۇڭگو دېھقانلىرىنى باي قىلىش ئۈچۈن بۇ چوڭ قازاننى چاقماي بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانمەن. مەن ئاخىر شۇ يىللاردىكى ئىدىيە ئازادلىقىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز چۈشەنچەمدە چىڭ تۇردۇم ھەم شۇ بويىچە ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى بەلگىلىدىم. ھېكايەم چىقىپ ئىككى قېتىملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا ئاشۇ رېئاللىقنى ئەينەن ئېيتقانلىقىم ئۈچۈنلا كىرگۈزۈلمىدى، پەقەت مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرىلا، خەلق گۇڭشېسى راستىلا تارقىتىلغاندىن كېيىنلا، مېنىڭ بۇ ھېكايەم گۇمانلاردىن خالىي بولالىدى. ناۋادا مەن شۇ چاغدا خەلق گۇڭشېسى يېزىلاردىكى سوتسىيالىزمنىڭ بەلگىسى، بۇنى قارىلاشقا بولمايدۇ، دېگەن تاشقى كۈچنىڭ بېسىمىغا بويسۇنغان بولسام، ئۆزۈمنىڭ ھايات توغرىسىدىكى مۇستەقىل چۈشەنچەم ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى بەلگىلىمىگەن بولاتتى. ئۇ چاغدا «قەرزدار» راستىنلا ئۆلگەن بولاتتى.

مەن بۇ يەردە بۇ مىسال ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى بەلگىلەشتە رېئاللىققا بويسۇنۇش كېرەك دېمەكچىمەن. مەن بۇ يەردە سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا ھۇجۇم قىلماقچى ئەمەس. چۈنكى، ھازىرقى كۈندە پارتىيەمىزنىڭ چوڭ سىياسەتلىرى تۇرمۇشىمىزغا سىڭمەكتە، تۇرمۇشتا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئەدەبىياتتا بۇ بىر تارىخىي ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. جۇڭگو يېزىلىرىدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىش جۇڭگو قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىش. «يېزىنى بىلمەي جۇڭگونى بىلگىلى بولمايدۇ» (ۋاڭ مېڭ).

مەن 1982 - يىلى باھاردا مۇشۇ مەقسەت بىلەن تۇرپان يېزىلىرىغا باردىم. باغرى يېزىسىدىكى دېھقان ئابدۇرېشىت

بىلەن دوست بولدۇم. ئۇ ئۆزۈم سودىسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاتناپ يۈرۈپ تېزلا بېيىپتۇ. مەن ئۇنىڭ سودا ـ سېتىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدىم. راستىنىلا دېھقانلار يەرگە باغلىنىپ قالماي، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، تېزلا باي بولىدىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. ئەسلىدە ئابدۇرېشىتنىڭ بۇ بېيىش يولى ماڭا ياققان، ئۇنى مەدھىيىلىشىم، رىغبەتلەندۈرۈشۈم لازىم ئىدى، لېكىن ئۇ چاغدا تېخى گېزىتلەردە ھە دەپ ئەمگەك بىلەن بېيىش، يەرگە تايىنىپ بېيىش تەشۋىق قىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلغان دېھقانلارنى ھە دەپ مەمۇرىي يول بىلەن چەكلەۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مېنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىم بىلەن سىرتقى ۋەزىيەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى. مەن يازماقچى بولغان «خەيرلىك ئىش» پوۋېستىمنىڭ ئىدىيەسىنى بەلگىلەشتە قىينالدىم. ئاخىر 1981 ـ يىلقى «بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈش شامىلىنى چەكلەش» كۈرىشى مېنى تۇرمۇشتىن ئالغان بىۋاستە چۈشەنچەمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەسلىدە مەدھىيىلىمەكچى بولغان رۇسۇل (ئابدۇرېشىت) سەلبىي شەخس بولۇپ ئەيىبلەندى، ئۇنىڭ يەرگە چاپلىشىۋېلىپ، ئەنئەنىۋى ئادەتكە قاتتىق باغلانغان ئاتىسى ھەمدۇل بوۋاي مەدھىيىلەندى.

مەن بۇ پوۋېستتا رېئاللىقتا سادىقلىق قىلالمىدىم. بۇگۈنكى كۈندە پىروتوتىپ ئابدۇرېشىت ئالدىدا تولىمۇ خىجىلمەن. 1984 ـ، 1985 ـ يىللىرى مەكىت يېزىلىرىدا تۇرمۇش ئۆگەندىم. بۇ جەرياندا يۇقىرىقى ئاچچىق ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىشقا تىرىشتىم. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، كىشىلەر قىياپىتى، روھىي ھالىتىدىكى يېڭىلىقلار مېنى يېڭى دەۋرنى مەدھىيىلەشكە، كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە

رىغبەتلەندۈردى. مەن مەدھىيەلەش نىيىتى بىلەن تۇرمۇش
ئۆگەندىم. ئۆگىنىش جەريانىدا يېڭىلىقلار قاتارىدا
كونىلىقلارنىڭمۇ بىللە تۇرۇۋاتقىنىنى، مەدھىيەلەشكە
تېگىشلىك ئادەملەر بىلەن بىللە نەسىھەت قىلىشقا،
ئەيىبلەشكە، مەسخىرە قىلىشقا تېگىشلىك ئادەملەرنىڭمۇ بىللە
تۇرۇۋاتقىنىنى، بېيىغان دېھقانلار بىلەن بىللە يەنە باشقىلارغا
يالىنىپ كۈن كۆرۈۋاتقان دېھقانلارنىڭمۇ، كۈنىگە ئاق نان، قوي
گۆشى يەۋاتقانلار قاتارىدا تېخىچە زاغرا يەپ يۈرۈۋاتقان يالاڭ ـ
يالىڭاچ دېھقانلارنىڭ ياشاۋاتقىنىنى، بېيىغان پارتىيە
ئەزالىرىدىن بەزىلىرىنىڭ ئېڭىمۇ ئۆسۈپ، كوممۇنىزمنى
ئۇنتۇمىغانلىقىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ پۇل بىلەن بولۇپ كېتىپ
غايە، ئەخلاق، مەنىۋى بايلىقتا گادايلىشىپ كەتكەنلىكلىرىنى
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ خىل مۇرەككەپ، كۆپ بوياقلىق
تۇرمۇش رېئاللىقى ئالدىدا مەندە پەيدا بولغان چۈشەنچە،
ئىدىيەمۇ ھەر خىل ۋە مۇرەككەپ بولدى. مەن دېھقانلار
مەسىلىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، يالغۇز
پۇل ۋە ئاشلىقنىڭلا بولۇشى كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ
بىلەن بىللە دېھقانلاردا مەنىۋى بايلىق، روھىي گۈزەللىكنىڭ
بولۇشى زۆرۈرلۈكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. «ئېھ، تۇپىلىق
يول»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا» ھېكايىلىرىمدىكى بېيىغان
دېھقانلار ـــ روزەك بەز بىلەن مەخەتلەر ئەنە شۇنداق مەنىۋى
مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئوبرازى. ئۇلارنىڭ
نەچچە تۈمەن پۇلى، مول ئاشلىق ـ ماللىرى بار بولسىمۇ،
ئۇلار تېخى «زامانىۋى دېھقان» ئەمەس. ئۇلار مەدەنىيەتتە قالاق،
ھېلىمۇ بازارغا يالاڭ ئاياغ كىرىدۇ، كىيىملىرىنى ئوڭشىمايدۇ،
زامانغا لايىق ئۆي تۇتۇشنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ بىر رېئاللىق. بۇ
نادانلىقنى بوياپ ـ ياساپ كۆرسىتىش لازىممۇ؟ ياق. خۇددى
لۇشۈن ئۆزىنىڭ ئەجايىپ قەھرىمانلىرى (مەسىلەن، «بەخت
تىلەش» تىكى شياڭلىن ھەدە) نى ئەيىبلىرى بىلەن قوشۇپ

تەسۋىرلەپ سۆيۈملۈك قىلالىغاندەك، مەنمۇ ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ئۇزاق يىللىق نامراتلىق، خورلىنىشلاردىن پەيدا بولغان ناچار تەرەپلىرىنى رېئال ئاساستا تەسۋىرلەش، مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساددىلىق، جاپاغا چىداش قاتارلىق خىسلەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ئەيىبلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ بېرىش يولى بىلەن سۆيۈملۈك ئادەملەر قىلىپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتىم. پۇلى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى كىيىپ، ياخشى يەپ، شىبلىتلىرىنى ھەر كۈنى مايلاپ، بېشىغا چاچ قويۇپ، سائەت تاقاپ، كىشىلەرگە «ياخشىمۇسىز، كەچۈرىسىز» دەپ سۆزلەيدىغان غايىۋى دېھقان قىلىپ يېزىشنى رېئاللىققا ھۆرمەت قىلماسلىق، ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بۇزۇش دەپ چۈشەندىم. «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە» ھېكايىسىدە بولسا، بېيىغان دېھقان ـــ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ ماددىي بايلىقى بىلەن مەنىۋى بايلىقىنى سېلىشتۇردۇم. يېزىلاردا ھازىر دەرىجە كۆزقارىشى، فېئوداللىق غوجايىنلىق كۆزقارىشى خېلىلا ئېغىر. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئەمەتجاندەك تېخى قەد كۆتۈرەلمىگەن دېھقانلار بىلەن ياچېيكا سېكرېتارىدەك شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ سېپىل بار. ئۇلارنىڭ بىرى غوجايىنلىق قىلىشنى، يەنە بىرى بېقىنىشنى بۇزغىلى بولمايدىغان يەرلىك قانۇن دەپ چۈشىنىدۇ. مانا بۇ مەن كۆرگەن رېئاللىق، مەن ھېس قىلغان يېڭىلىق. مەن بۇ سېپىلنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئۆز ئارزۇيۇمنىڭ ۋەكىلى قىلىپ، ياش يىگىت نىجاتنى ئىشقا سالدىم. نىجات ـــ فېئوداللىزمدىن ئادا ـ جۇدا، دەرىجە كۆزقارىشىغا قارشى زامانغا لايىق ياشلارنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئۆز ئاتىسىغا قارىغاندا، چوڭقۇر ئويلايدۇ، يىراقنى كۆرىدۇ. ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي تەڭسىزلىكنى مەنىۋى پاجىئەنىڭ ئوق يىلتىزى دەپ قارايدۇ. ئۇ يېزىدىمۇ مەدەنىيەت، گۈزەللىك، غايە، ھەقىقەت كامالەت تېپىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. مانا بۇ يېزىلاردا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش جەريانىدا

يېڭىدىن پەيدا بولغان زىددىيەتلەرگە قارىتا ئاپتورنىڭ ئىپتىماقچى بولغان پىكرى، يەنى ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيەسى. بۇ ئىدىيەنى ئاپتورغا ھايات ئۆزى تەقدىم قىلغان. بۇ ئىدىيە پارتىيەمىزنىڭ تۈپ سىياسەتلىرىگە خىلاپ ئەمەس.

رېئاللىقتا بويسۇنۇش، تېما تاللاشتىمۇ ئاساس بولۇشى كېرەك. مەن بىر قېتىم چارۋىچى مەخسۇس ئائىلىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسىدىكى ئىسمايىل روزىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ چارۋىچى بولغىنى بىلەن، چارۋا توغرىسىدا ئاز سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ بۆركۈتى توغرىسىدا زوقلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، ئۇنىڭ بۆركۈت توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلىرى بىردىنلا مېنى جەلپ قىلىۋالدى. مەن بۇ رېئاللىق ئالدىدا چارۋا توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەشتىن دەرھال ۋاز كەچتىم ـ دە، بۆركۈت توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدىم. بۆركۈتچىنىڭ سۆھبىتى مەندە ھەۋەس ئىنسان ئۈچۈن ھەرقانداق بايلىقتىن ئۈستۈن ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلدى. مەن مانا مۇشۇ يېڭى پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «بۆركۈت» ھېكايىسىنى يازدىم ۋە ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى «ھەۋىسىڭ بىلەن بىللە ئۆل. بۇنداق ئادەم ئۆلمەيدۇ.» دەپ ئاخىرلاشتۇردۇم. بۇ ھېكايەمنىڭ خەنزۇچىسى «خەلق ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

دېمەك، خۇلاسە شۇ: ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى بەلگىلەشتە ئاپتور ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىرات ـ چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور، ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ پارتىيە، خەلق بەرگەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق.

**2. بەدىئىي توقۇلما.** ئەگەر يازغۇچىلىقنىڭ سىرى بولىدۇ دېيىلسە، بۇ سىر يازغۇچىنىڭ توقۇش ماھارىتى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئىدىيەنى يورۇتۇش، قەھرىمانلار

خاراكتېرىنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئالدىنقى ئامىل. ۋەقەلىك بولمىسا نەسرىي ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ. بەزى ئىچكى پىسخىك ھەرىكەت تەپسىلىي يېزىلغان ئەسەرلەردە، قارىماققا ۋەقەلىك يوقتەك بىلىنگىنى بىلەن، يەنىلا بىر يىپ بولىدۇ. بۇ يىپ ۋەقەلىكنىڭ بېشى، راۋاجى ۋە ئاخىرىدىن ئىبارەت.

نەسرىي ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىك رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى توقۇلما، قۇراشتۇرۇلغان، ياسالغان بولىدۇ. بەزى ھەۋەسكارلار ئۆز ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن پىكىرلەرگە قايىل بولماي، «مەن كۆرگەن ئەھۋال نەق مەن يازغاندەك» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار بىر ئەسۋابنىڭ بازغان ئاستىغا چۈشكەن بىر پارچە تۆمۈرنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. تۆمۈرچى ئوت، بازغان بىلەن بىر پارچە كېرەكسىز تۆمۈرنى ئەسۋابقا ئايلاندۇرغانغا ئوخشاش، يازغۇچىمۇ تۇرمۇشتىن كېسىۋېلىنغان بىر پارچە ماتېرىيالنى ئۆز يېنىدىن قوشۇلغان توقۇلمىلار بىلەن سەمرىتىپ ئەسەرگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر رېئال ۋەقەلىكنى ئەينەنلا يېزىپ قويسىڭىز، بىر ھېكايە بولالىشى ناتايىن.

تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بىر ماتېرىيالنى قانداق قىلىپ كىشىلەر قىزىقىپ ئوقۇيدىغان سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ، لېكىن ئومۇملاشقان بىر ئۇسۇل: شۇ ۋەقەلىككە باغلىنىشلىق بولغان رېئال تۇرمۇشنى مەركەز قىلىپ توقۇش يولى بىلەن بىر پۈتۈن ۋەقە پەيدا قىلىش. بۇ خىل توقۇش كونكرېت شارائىتتىكى ھەر خىل ۋەقەلەرنى دېتال قىلىپ زەنجىرسىمان چېتىش، بىرلا ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭغا توقۇلما ئارىلاشتۇرۇپ سەمرىتىشكە ئوخشاش ئىككى خىل يول بىلەن پەيدا بولىدۇ. بىر ئەسەردە بەزىدە بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىلىسى، بەزىدە بىرى قوللىنىلىدۇ. لېكىن، بىرلا شەرت شۇ: مەلۇم شارائىتتىكى رېئاللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك كېرەك. مەسىلەن،

دېھقاننى يېزىدىن شەھەرگە ھارۋا، ئات، ماشىنا ياكى تىراكتور بىلەن يولغا سالىمىز. بۇ رېئاللىقتىن ھالقىپ ئايروپىلان بىلەن يولغا سالساق كۆلكىلىك بولىدۇ.

تۇرمۇش بىزنى خىلمۇخىل ۋەقەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ۋەقەلەر بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ۋەقەلەر. مانا بۇلارنى بىز دېتاللار دەيمىز. زەنجىرسىمان چېپىتىش ئۇسۇلى — شۇ ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ بىر يىپقا تىزىش يولى بىلەن بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلاندۇرۇش دېگەن سۆز. مەسىلەن، «دولان ياشلىرى»دا مەن پەقەتلا مەكىت ناھىيەسى يانتاق يېزىسىدىكى مامۇت شەيخ دېگەن بىر ئۇسسۇلچىنى، ئۇنىڭ بىزگە قويلىرىمنى سويۇپ مەشرەپ قىلىپ بېرىمەن، دېگەنلىكىنىلا بىلىمەن. ئۇنىڭغا يانداش يەنە پۈتۈن خىيالى بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇلغىلا بېرىلگەن، لېكىن ئەمگەك قىلمايدىغان، تۇرمۇشتا قالايمىقان بىر سەنئەتچىنىلا بىلىمەن. بۇ ئىككى شەخس ماڭا دولانلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ياقتۇرمايدىغانلارنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى بىلىپ باشقا جەھەتتە ئەيىبلىرى بولسىمۇ، ئادەملەر ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى تۇرغۇزۇلدى. مەن يەنە قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ مۇرىسىدە ئەپكەش تۇرسىمۇ، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىۋاتقان بىر قىزنى كۆردۈم. يەنە بىر كىشى ماڭا دولان توي ـ تۆكۈن رەسمىيەتلىرى بىلەن ئۇسسۇللىرىنى سۆزلەپ بەردى. دېمەك، پالتاخۇن، مەتيا راۋاب، ئاسىدەلەرنى مەن كۆردۈم. مەشرەپكە قاتنىشىپ خەلقنىڭ دولان ئۇسسۇلىغا بولغان ھەۋىسىنى كۆردۈم. بۇ چېچىلاڭغۇ ماتېرىياللارنى بىر يىپقا تىزىپ كەنجىنى ياسىدىم، ئاسىدەنى سەمرىتتىم، پالتاخۇننى كۆپتۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ھېكايىنى پۈتكۈزدۈم. «ئامەت» ھېكايىسىدىكى بىشىر تۇرگۇنمۇ راستتىنلا يارامسىز يەرنى ئېلىپ تاۋۇز تېرىپ مول ھوسۇل ئالغان دېھقان. ئۇنى شۇنداقلا يازسا تەسىرسىز

بولۇپ قالدۇ. ئىككىنچى بىر يەردە بىر دۇيجاڭنى ئۇچراتتىم. ئۇ باشقىلارغا كۆتۈرە بەرگەن يەردىن كىرىم كۆپ كىرگىنىنى كۆرۈپ، توختامنى بۇزۇپ، دېھقانىنىڭ بايلىقىنى دۇينىڭ قىلىۋالغان، بۇ ئىككى ۋەقەنى بىرلەشتۈرۈۋېدىم، «ئامەت» نىڭ گەۋدىسى پۈتتى. «ئېھ، توپىلىق يول» دىكى روزەك بەز نەق مەن كۆرگەن بىر ئاق كۆڭۈل دېھقان، ئۇ خۇددى مەن تەسۋىرلىگەندەك باي، لېكىن پىششىق. بىز بارساق زاغرا بىلەن مېھماننى قىلغىنى راست. مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن قىزىقىش بىلەن خاتىرە يازدىم. كېيىن قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتقان بىر ئايال ماڭا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى شۇ ھېكايىدىكى گۈلئايشەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئەينەن ئۆزى. مەن كېيىن يەنە بىر شوپۇر يىگىتنىڭ بىر دېھقاننى ئالداپ، پۇلىنى ئېلىپ قاچقىنىنى ئاڭلىدىم. مەن روزەك بەزنىڭ ھازىرقى ھاياتىنى، يەنى بېيىغان، لېكىن راھەت كۆرۈشنى بىلمەيدىغان، گۈلنى نەگە قىسىشنى بىلمەيۋاتقان ئەھۋالىنى قىزىقارلىق بىر ھېكايە بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولۇپ، ھېلىقى پۇلغا ئامراق قۇرۇلۇش ئىشچىسىنى روزەك بەزگە ئېلىپ بەردىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا زىغزىق قىلىپ، بايىقى شوپۇرنى قىستۇردۇم. بۇ ئوخشىمىغان ئۈچ ۋەقە بىر - بىرىگە چېتىلىۋىدى، «ئېھ، توپىلىق يول» نىڭ گەۋدىسى تەييار بولدى.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل، بىرلا ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى سەمرىتىش يولى بىلەن بىر پۈتۈن ۋەقەگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى.

مەن تۇرپاندا قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قۇرغان بىر دېھقاننى كۆردۈم. ئۇ يىگىرمە نەچچە ئادەم ئىشلىتىدىكەن، كىرىمى ياخشى، بېيىغان دېھقان ئىكەن. زاۋۇتنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇم. دېھقانغا مېنىڭ ھۆرمىتىم ئاشتى. ئۇنىڭ پەملىك، ئىشچان، ھەققانىي ئادەم ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلىمەكچى بولدۇم، لېكىن يازغۇدەك ھېچ ۋەقەلىك يوق. قانداق قىلغۇلۇق؟

يولدا كېلىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ ئۇ زاۋۇتنى ھە دەپ تىللاۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇ كىشىگە نارازى بولدۇم. كېيىن ئۇقسام، ئۇ كىشى پېنسىيەگە چىققان دادۇي پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى ئىكەن. مانا شۇنىڭ بىلەن مەن ۋەقە توقۇدۇم. تەسەۋۋۇر بىلەن زاۋۇت قۇرغۇچىنىڭ ئۆتمۈشىنى ياساپ بايىقى سېكرېتارغا باغلىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تارىخىي يىلتىزغا ئىگە قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىقنىڭ ياقلىغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھېلىقى سېكرېتارنى ھازىرقى يېڭىلىقلارغا قارشى مەيدانغا قويدۇم. لېكىن، تارىخنىڭ ئېقىمىنى توسۇغىلى بولمايدۇ، سەن ھامان ئاشۇ ئۆتمۈشتە سەندىن ئازار يەپ خانىۋەيران بولغان، بۈگۈنكى كۈندە يېڭىچە ھايات يولىغا قەدەم قويغان قۇيمىچىغا تەسلىم بولىسەن، دېگەن تەسەۋۋۇر بىلەن سېكرېتارنى زاۋۇتقا ئىشچى قىلىپ كىرگۈزدۈم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى زاۋۇت ئىگىسىنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن ئۇنى سەمرىتىشكە ئىشلىتىلگەن توقۇلمىلار. «تەكلىماكان گىرۋىكىگىچە» ناملىق ھېكايىمۇ خۇددى مۇشۇ ئۇسۇلدا ياسالغان.

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلدىن باشقا، بەزىدە بىرەر ئىش، مەسىلەن، ئاگرونومىيە ئىلمى، سۇ ئامبىرى ياكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى توغرىسىدا تەپسىلىي ئىلمىي چۈشەنچە ئاڭلايمەن، سانلىق رەقەملەر، ئىدىيەۋى كۈرەشلەر، ھەر خىل خاھىشلار توغرىسىدا پىكىرلەرنى ئاڭلايمەن. ئەنە شۇ ئىلمىي قاراش، جەمئىيەتتىكى ئۇنىڭغا قارشى خاھىشلارنى پاش قىلىش، توغرا، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق نەرسىلەر توغرىسىدىكى كۆزقاراش، مۆلچەرلىرىمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، بىرمۇ پىروتوتىپى بولمىغان ۋەقەلەرنىمۇ توقۇپ چىقىمەن. لېكىن، بۇ توقۇلمىلىرىم تۇرمۇشتا ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، «سۈبھى»، «تۆمۈر تاپان» لار مانا مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلىش يولى بىلەنلا يېزىلغان.

مەيلى زەنجىرسىمان سەمرىتىش ياكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرى بولسۇن، توقۇلما هامان تۇرمۇشنى ئاساس قىلىدۇ. بىر ئاپتور خاتىرىسىگە ئۇزۇن ـ قىسقا هەر خىل ۋەقەلەرنى، رەقەم، سۈرەتلەرنى كۆپلەپ توپلاپ يۇرۇشى كېرەك. چېخوفنىڭ خاتىرىسى مۇشۇنداق قىسقا ۋەقەلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. تولستوينىڭمۇ ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن دەپتەرلىرى بولغانىكەن.

توقۇلما ــ ۋەقەلىك يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ۋەقەلىك دېمەك ــ زىددىيەت، توقۇنۇش دېگەنلىك. دېمەك، ۋەقەلىكنى قىزىقارلىق قىلىدىغان تارتىم كۈچ زىددىيەت ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىش، هەل بولۇش جەريانى.

**3. زىددىيەت ــ توقۇنۇش.** توقۇلما ــ زىددىيەت پەيدا قىلىش، زىددىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، هەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى زىددىيەت ئاساسەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئەلۋەتتە، ئادەملەر بىلەن مۇهىت، تەبىئەت، جانسىز شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت بولىدۇ، لېكىن بۇ زىددىيەت يەنىلا ئادەملەر مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئېتىدۇ، هەل بولىدۇ. توقۇلمىلار زىددىيەت ئاساسىغا قۇرۇلمىسا، تۇپتۇزلا بولۇپ قالسا، بۇ خىل ئەسەر توسقۇنسىز ئۆستەڭ سۈيىدەك تىنچ، شاۋقۇنسىز بولۇپ قالىدۇ ـ دە، كىشىگە يېقىمسىز تۇيۇلىدۇ. كىشىلەر تىنچ سۇغا قارىغاندا، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن ئاقىدىغان سۇلاردىن كۆپرەك لەززەت ئالىدۇ. دېمەك، بىر ئەسەرنىڭ ئوقۇغۇچىنى جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەرنىڭ تېپىز ـ چوڭقۇرلۇقى، تەبىئىي ـ سۈنئىيلىكى ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇنلۇقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

مېنىڭچە، زىددىيەتنىڭ يوشۇرۇن بولغىنى، يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا قاراپ بالداقمۇبالداق، دىراماتىك ئاساستا تەرەققىي قىلغىنى ياخشى، مانا بۇ فىرانسۇز يازغۇچىسى بالزاكنىڭ ئالتە خىل تەجرىبىسىنىڭ بىرى. «گورىيو بوۋاي»نى ئوقۇساق، بىر هويلىدىكى قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يوشۇرۇن زىددىيەت

بېرىلىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر ئاستا ـ ئاستا دىراماتىك ئاساستا تەـ
رەققىي قىلىپ بارىدۇ ـ دە، گورىيۇ بوۋاينىڭ ئۆلۈمى بىلەن
زىددىيەتلەر ئاشكارىلىنىدۇ، ھەل بولىدۇ.

بىزنىڭ نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز ھە دېگەندىلا زىددىيەتنى
ئاشكارىلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەسەرلەرـ
نىڭ بېشىنى ئوقۇپلا ئاخىرىنى بىلىپ بولىدۇ.

زىددىيەتنىڭ يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا تەرەققىي قىـ
لىش جەريانىدىكى دىراماتىك خۇسۇسىيەتتىن پايدىلىنىشنى
«ئېھ، توپىلىق يول» ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ باقاي. بۇ ھېكايىدە
زىددىيەت مۇنداق بەش باسقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: بىرىنچى
باسقۇچتا، گۈلئايشەم روزەك بەزنىڭ پۇلىغا قىزىقىپ ئۇنىڭغا
تەگمەكچى. بۇ يەردىكى ئايالنىڭ غەرىزى ئەرگە يوشۇرۇن. دېـ
مەك، ئوقۇغۇچى روزەككە ھېسداشلىق قىلىپ ئەسەرگە قىزىـ
قىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچتا، گۈلئايشەم روزەكتىن بىزار، ئۇ
بايلىق بىلەن قانائەت قىلماي، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھەۋىسى كوـ
يىدا. ئوقۇغۇچى بۇ چاغدا گۈلئايشەم ئەمدى روزەكنى خورلايدۇ،
دەپ ئويلايدۇ ـ دە، روزەككە تېخىمۇ ھېسداشلىق قىلىدۇ (گۈلـ
ئايشەمنىڭ نىيىتى روزەككە يەنىلا ئاشكارا ئەمەس)؛ ئۈچىنچى
باسقۇچتا، گۈلئايشەم بۇرۇنقى ئېرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، مۇھەبـ
بەت ئۇنى ئۆز ئېرىگە ئاسىيلىق قىلىشقا، ئوغرىلىق قىلىشقا
مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى روزەك بۇ ئىشنى بىلسە
قانداق قىلاركىن، دەپ تېخىمۇ قىزىقىدۇ؛ تۆتىنچى باسقۇچتا،
روزەكنىڭ بالىسى بىلەن يالالنما چاكىرى ئۇلارنىڭ جىنايەت
ئۆتكۈزۈشىگە يول قويمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار خۇشال بولىدۇ، لېـ
كىن ئەمدى روزەك سولاقتىكى ئايالنى چوقۇم نىكاھىدىن
ئاجرىتىۋېتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئالا كۆڭۈل ئىكەنلىكى ئاشكاـ
رىلاندى، دەپ ئويلايدۇ؛ بەشىنچى باسقۇچتا، روزەك ئايالنى بىـ
لىدۇ، لېكىن قارىلاش ئورنىغا ئۇنى ئاقلايدۇ. قارا ئايالنى ئاق
دېيىشكە ئۇنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ مۇھەببەت. مۇھەببەت بېـ

خىلنى مەرد قىلىدۇ، مۇھەببەت ئادەمنى جىنايەتتىن قوغداپ قالالايدۇ ھەم جىنايەتكە ئىتتىرەلەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا چىن مۇھەببەت راۋاج تاپسىلا، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، قارا نىيەتلىككە ئوخشاش يامان ئىللەتلەر ئازىيىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا گۈلئايشەم ساپ مۇھەببەتلىك بوۋايغا، ئەلۋەتتە ساپ مۇھەببەت بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

بەدىئىي توقۇلما تۇرمۇش زىددىيەتلىرى ئاساسىدا بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنالىغاندىلا، ئوقۇغۇچى ئەسەردىن ئېستېتىك زوق ئالالايدۇ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچى ھاياتتىكى زىددىيەتلەرنىڭ قانۇنىيەت ۋە سىرلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ھاياتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. مەن ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىمدا كۆپىنچە مۇشۇ خىل زىددىيەتنى باسقۇچمۇباسقۇچ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلدىم. بەدىئىي توقۇلما ئۈستىدە باش قاتۇرغىنىمدا، كۆپىنچە تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنىڭ تەبىئىيلىكى، ئۆزئارا مەنتىق باغلىنىشى، پېرسوناژلارنىڭ شۇ شارائىتتىكى خاراكتېر ۋە مىجەز - خۇلقىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن. تۇرمۇش زىددىيەت بىلەن تولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر ئۆزۈكسىز ھالدا بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ بارىدۇ. لېكىن، بىر خىل زىددىيەتنى ھەر خىل مىجەزلىك ئادەملەر ھەر خىل ھەل قىلىدۇ، مەسىلەن، ئايالى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئەرلەرنى ئالساق، ئائىلە زىددىيىتىنى بەزىلىرى تاياق - دۇمبا، بەزىلىرى ھاراق ئىچىش، بەزىلىرى ئىچىگە يۇتۇش، بەزىلىرى دەۋا - دەستۇر، بەزىلىرى يىغلىنىش - يالۋۇرۇش، يەنە بەزىلىرى ئادا - جۇدا بولۇش قاتارلىق خىلمۇخىل يوللار بىلەن ھەل قىلىدۇ. دېمەك، بۇنى شارائىت بىلەن ئىنسان خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ.

زىددىيەتنى باسقۇچمۇباسقۇچ دراماتىك ئاساستا راۋاجلاندۇرۇشتىن باشقا، سەكرەتمە ئۇسۇلىمۇ بار. مەسىلەن،

«ئاننا كارېنىنا» رومانىدا ئاننا بىلەن ۋرونسكىنىڭ مۇھەببىتى يوشۇرۇن، تىنچ كېتىپ باراتتى. يازغۇچى ۋەقەنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىردىنلا ئات بەيگىسىدە ۋرونسكىنى ئاتتىن يىقىتىدۇ. ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئاننا ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋېتىدۇ. بۇرۇندىن ئايالىغا گۇمان بىلەن قاراپ كەلگەن گېنېرال ئايالىدىن: «بىئارام بولغىنىڭىزغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئادەتتىكى دوستلۇقتىن ھالقىپ كەتكەن بولسا كېرەك؟» دېگەندەك گەپنى قىلىدۇ. سىر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئاننا قىلچە يوشۇرماستىن ئۆزىنىڭ ئېرىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغانلىقى، ۋرونسكىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مانا مۇشۇ بىر سەكرەش بىلەن رومانىدىكى ۋەقەلىك جىددىيلىشىدۇ، زىددىيەت كەسكىنلىشىدۇ، پاجىئەنىڭ ئاساسى يارىتىلىدۇ.

مەن «ۋاپادار» ناملىق پوۋېستىمدا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم. قوباق بىلەن تۇردىخان ئىناق، ساددا مۇھەببەت بىلەن بەلكى بىر ئۆمۈر ياشىغان بولار ئىدى. مەن تۇيۇقسىزلا ھېكىمنىڭ رەزىللىكىنى ۋايىگە يەتكۈزدۈم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشنىسى قوتىڭگۈلنى قوباق بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، قوتىڭگۈل بۇ ساددا دېھقاننى قۇرۇقدىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەگمەكچى بولىدۇ. مانا مۇشۇ بىر سەكرەش بىلەن قوباقنىڭ ئائىلىسىدە پاجىئە پەيدا بولىدۇ. «ئىزدىنىش» رومانىدا ئەلانىڭ تۇيۇقسىزلا گەنجا يايلىقىغا سۈرگۈن قىلىنىشىمۇ بىر سەكرەش، ناۋادا ئۇ سۈرگۈن بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ گۈزەلئاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلاشمىغان بولاتتى.

دېمەك، خۇلاسە شۇكى، توقۇلما زىددىيەت ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. زىددىيەت پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش، ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى روشەنلەشتۈرۈشتە مۇھىم ئامىل. زىددىيەت نەدە؟ رېئال ھاياتتا. تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنىڭ ھەل بولۇش يوللىرىنى ئىز-

چىكە ۋە پۇختا ئۆگىنىش كېرەك.

**4. خاراكتېر يارىتىش.** فىرانسۇز يازغۇچىسى دود ئوتتۇز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆز دەپتەرلىرىگە خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ رەڭگى، ئاۋازى، كىيىنىشى، مىجەزى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى خاتىرىلەپ ماڭغان.

چېخوف ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق گەپلەرنى يېزىپ قويغان: «تاموژنا خادىمى خىزمىتىگە سادىق. ئۇ پاسساژىرلارنى شۇنچىلىك ئەستايىدىل ئاختۇرىدۇكى، بەزىدە سىياسىي جەھەتتە گۇمانلىق ھۆججەتلەرنىمۇ تېپىپ چىقىپ، ژاندارمىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ژاندارمىلارمۇ ئۆچ...»

«رومانوف بىر رەسۋا قورۇ خىزمەتچىسى، لېكىن ئۇ ئۆز رەسۋالىقىغا قارىماستىن، باشقىلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى نازارەت قىلىشنى ئۆز مەسئۇلىيىتى ھېسابلايدۇ...»

يۇقىرىقىلار قەلىمى پىشقان بىر يازغۇچىنىڭ قىلىدىغان ئىشى. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارالغان پېرسوناژلار ئۆزىگە خاس چىراي ـ شەكلى، مىجەز ـ خۇلقى، ئاۋاز ـ تىلى بار جانلىق ئادەملەر. بالزاك، مۇپاسسان، گوگول، تۇرگېنېف، چېخوف، ل. تولستوي، م. گوركىي، شولوخوفقا ئوخشاش ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق پېشۋالىرى بىزگە خاراكتېر يارىتىشنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىلىرىنى قالدۇرغان.

جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئۇلۇغ ئۇستاز لۇشۈن بۇ ئىشتا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلاردىن ئەستايىدىل ئۆگىنىش.

مېنىڭ بۇ مەسىلىدە سۆزلەش لاياقىتىم يوق، ئۆگىنىۋاتىمەن، ئىجادىيەت جەريانىدا مەشىق قىلىۋاتىمەن، ئۆگىنىش جەريانىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىۋاتقىنىمنىلا ئېيتىپ ئۆتەي:

بىرىنچىدىن، مەن پېرسوناژلىرىمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئېنىق بەلگىلىۋالىمەن. پۈتۈن ئەسەر پۈتكۈچە، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئۇنى ئۆز مىجەزى

بويىچە مەسىلىلەرگە قاتناشتۇرىمەن، سۆزلىتىمەن، ھەرىكەت قىلغۇزىمەن. مەسىلەن، «قوشنىلار»دىكى سالى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، سەۋرچان، مېھرىبان ئادەم. ئۇ قوشنىسى جامىنىڭ ھەممە زىيان سېلىشلىرىغا مېھرىبانلىق، سەۋرچانلىق، كۈلكە بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. بەزى دوستلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ، سالى نىمىشقا جامىنىڭ ئوغرىلىقىنى، ئۆزىگە زىيان سېلىۋاتقىنىنى تەشكىلگە ئېيتمايدۇ، دەپ قايناپمۇ قويدى. ھەتتا مېنىڭمۇ يېر-زىۋېتىپ جامىنىڭ سالىنىڭ ئۆيىنى سوغا باستۇرغىنىنى، ئوت قويغىنىنى كۆرۈپ غەزىپىم كېلىپ، سالىنى شياۋدۇيجاڭغا چې-قىشقا ئەۋەتكۈم كەلدى. لېكىن، بۇنداق قىلسام، سالىنىڭ ئور-نىغا ئۆزۈم چىقىۋالغان بولۇپ قالىمەن - دە!

«ئىزدىنىش»تىكى ئەلا رەقىبىنىڭ نۇرغۇن زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن بەزىلەر غەزەپلىنىپ، ئەلا نېمىشقا كۈرەش قىلمايدۇ، تەشكىلگە تايانمايدۇ؟ دەپ قاينىدى. ئەلانىڭ خاراكتېرىنى مەن بىر كىتاب خالتىسى قىلىپ بېكىتكەن تۇرسام، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتابقا، تەتقىقاتقا بېرىلگەن ئىلمىي خادىم تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز - خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ماجىرا، «سىنىپىي كۈرەش»لەرگە قاتناشتۇرالايمەن؟ ئۇ خىل چېقىمچىلىق، كۈرەش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئەستايىدىل ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەلۇم پېرسوناژ ئۇستىدە ئىشلىگىنىمدە، ئۇنىڭ ھاياتتىكى بىر ئەۋرىشكىسى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەت-مىدى. مەن پېرسوناژ ئورنىدا ئۆزۈم سۆز - ھەرىكەت قىلمى-دىم، بەلكى كۆز ئالدىمدىكى ھېلىقى تىرىك ئادەمنى سۆزلەت-تىم، ھەرىكەت قىلدۇردۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا مەن پېرسوناژلار بىلەن ھاياتتىكى ھېلىقى تىرىك ئادەملەرنى ئال-ماشتۇرۇپ قويىمەن. «ئاۋرال شاماللىرى»دىكى سونۇرنىڭ ئەۋ-رىشكىسى غۇلجا ناھىيە «قارىباغ» گۆڭشېدىكى يەھيا ئىسىملىك

بىر دېھقان ئىدى. مەن 1982 ـ يىلى يەھيانى كۆرۈپ، ئىختىـ
يارسىز ھالدا خاتالىشىپ ئىسمىنى سونۇر دەپتىمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن يېقىن دوست بولۇش، ئۇلارنى ياخشى چۈشىنىش ئىجادىيەتكە ناھايىتى پايدىلىق.

ئۈچىنچىدىن، مەن دەپتەرلىرىمگە خىلمۇخىل چىراي، مىجەز، ئاۋازلار توغرىسىدا خاتىرە يېزىپ بارىمەن. خاتىرىلىرىمدىن ئىككى ئۆزۈندى كۆچۈرۈپ قوياي، بەلكى يولداشلارغا پايدىسى بولۇپ قالار:

«ئۇ كىشىلەرگە غوجايىنلىق قىلىشقا شۇنچىلىك ئامراق: ئۇ ھازىر تونۇر كاۋىپى ساتىدىغان دۇكانغا كىرىۋېلىپ، لابانىڭكىدەك ئاۋازى، چوتكىدەك قېشى، سۇرلۇك كۆزلىرى، ئېيىق تاپىنىدەك گۆشلۈك ئالىقانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خېرىدارلار بىلەن تاماق توشۇغۇچىلارنى باشقۇرىدىكەن...»

«قاچانلا ئويغانسام، ئۇۋي ئىگىسى ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ مېنى كۈتىمەن دەپ ئۇخلىمىدى. ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، لېكىن چىرايىدىن بەخت چاقناپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. مېنى مېھمان قىلىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قىيىنغا چۈشتى، لېكىن بۇ جاپالىرى ئۇنىڭغا بەخت ئېلىپ كەلدى...»

بۇ خاتىرىلەردىن ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىدىكى ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جانلىق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى پۇختا بىلىش، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇش ئىجادىيەتتە خاراكتېر يارىتىش ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق.

لېكىن، خاراكتېر يارىتىشتا بىر ئومۇمىي تەلەپنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، خاراكتېر ئالدى بىلەن مىللەتنىڭ، ئاندىن قالسا مەلۇم يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كونكرېت ئادەمنىڭ خاراكتېرى.

**5. مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە يەرلىك پۇراق.** بېلىنسكى: «ئەدەبىيات مىللەتنىڭ روھى ۋە تۇرمۇشىنى ئەينەكتەك روشەن كۆرسىتىدۇ» دېگەن. پلېخانوفمۇ: «ئەدەبىيات مىللەتنىڭ مەنىۋى خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىپادىسى» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئالدى بىلەن بىر مىللەتكە مەنسۇپ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ زور ئېستېتىك زوق ئالالايدۇ. بالزاكنىڭ ئەسەرلىرىدىن پارىژ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ياشاش ئەھۋالىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەك، تولستوي، شولوخوفلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن رۇس، كازاك خاراكتېرى، تۇرمۇشى قانداق ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرىمىز. لۇشۈن كونا جۇڭگو نامراتلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى گۈزەللىك بىلەن ئەخمەقلىق، نادانلىق، بىچارىلىكىنى سۈرەتلىسە، مۇختەر ئەۋىزوف قازاقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خاراكتېرى بىلەن تۇرمۇشىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئەدەبىياتنىڭ كامالەتكە يەتكەن بۇ پېشۋالىرى ئۆز قەلەملىرى بىلەن ياراتقان ئادەملەرنى بىر قازانغا سېلىپ قايناتساقمۇ، بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار شۇ مىللەت خۇسۇسىيىتىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئومۇمىيلىقىنى ناھايىتىمۇ پۇختا بىلگەن، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى (پسىخىك)، ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكلىرىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالىغان.

بىزدە بۇ مەسىلىگە تولىمۇ يۈزە، بىر تەرەپلىمە قارالماقتا. ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق يېزىلغان كىنولاردا مەسچىت پەشتىقىدا ئەزان ئېيتىۋاتقان مەزىن، ئەركىن بازارنىڭ سامسا، كاۋاپلىرى، ئېشەك مىنىپ كېتىپ بارغان دېھقانلار... لا يېزىلىپ، ئۇيغۇر دېگەن ئۇقۇم ئىپادىلەنمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكى، پسىخولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلمىگەن بۇ ئەسەرلەردە يېزىلغان ئادەمنىڭ كىيىمىنىلا يۆتكىۋەتسە، باشقا ھەرقانداق مىللەت بولۇۋېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالساق، بۇ مىللەتتە بىرقەدەر ئورتاق
بولغان «مىللىي خۇسۇسىيەت» مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار
ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئۇلار ئەمگەكچان،
ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، مېھماندوست، خۇش پې-
ئىل كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كونا جەمئىيەتتە ئۇزاق يىل
فېئوداللىق، مىللىي زۇلۇمغا يولۇققانلىقى ئۈچۈن، ئۇيۇشقاق-
لىقى ئاجىز، قۇلچىلىق ئىدىيەسى ئېغىر، زامانىۋى پەن ـ مە-
دەنىيەت، ھازىرقى زامان سانائىتى بىلەن كەم، ھەتتا يوق دې-
يەرلىك ھالدا ئالاقە قىلغىنى ئۈچۈن، نادان ۋە قالاق ھالەتتە
قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردە خاراكتېر يارىتىش
ئۈستىدە سۆز بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى يۇقىرىقى-
دەك خاسلىق (مىللىي خاسلىق)نى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئە-
دەبىياتنىڭ كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېرىش ۋەزىپىسىدىن تاش-
قىرى، ئادەملەرنىڭ يامان ـ يارامسىز نەرسىلەرنى تۈگىتىپ،
گۈزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام
بېرىشتەك «كۈرەش» ۋەزىپىسىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر
پىروزىسىدا يارىتىلغان پېرسوناژلاردا «ئۇيغۇر خاراكتېرى» بو-
لۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مۇشۇ مىللەتنىڭ بەدىنىدىكى
گۈزەللىك ھەم يارىماسلىقنى رېئال ھالدا ئەكس ئەتكۈزۈپ، بۇ
مىللەتنىڭ بالدۇرراق ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشى ئۈچۈن
كۈچ چىقىرىش كېرەك. قانداقتۇر بۇ مىللەتنى يارىماس، روناق
تاپماس قىلىپ كۆرسىتىشمۇ، يۈز پىرسەنت گۈزەل، تەڭداش-
سىز قىلىپ، ئەيىبلىرىنى تىلغا ئالماسلىقمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن
ئەمەس. مەدھىيەمۇ، «پاش قىلىش»مۇ بولۇش كېرەك. بۇ چاغدا
«ئۇيغۇر خاراكتېرى» قەدەممۇقەدەم مۇكەممەللىشىپ بارالايدۇ.

مەن ئەسەرلىرىمدە بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىپ كەلدىم. لې-
كىن، بەزىلەر «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈردۈڭ» دې-
يىشتى، بەزىلەر «ئۇيغۇرلارنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇردۇڭ» دېيىشتى.
«ياخشى تەرەپىنىمۇ، يامان تەرەپىنىمۇ ئوبدان يېزىپسەن» دېگۈچى-

لەر ئاز بولدى. مېنىڭچە، ئۇچىنچى خىل ئەھۋال بىزنىڭ دىق-
قىتىمىزنى قوزغىشى لازىم ئىدى.

خاراكتېر ئالدى بىلەن مىللىي خاراكتېردە ئىپادىلىنىدۇ.
ئا. تولستوينىڭ «رۇس خاراكتېرى» دېگەن ھېكايىسى شۇنىڭ
ئۇچۇن داڭلىق.

مىللىي خاراكتېر يەرلىك پۇراق ئارقىلىق چوڭقۇرلىشىدۇ.
مەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۇرمۇش شارائىتى
بويىچە ھەر خىل يەرلىك خاراكتېرلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدىم. شۇنىڭ ئۇچۇن پېرسوناژ ئۇستىدە ئىشلىگەندە
يەرلىك پۇراق ئىپادىلىنىدىغان نۇرغۇن ماتېرىياللار لازىم بولى-
دۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن تۇرمۇشنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. مېنىڭ
ئەسەرلىرىمدە غۇلجا، تۇرپان، مەكىت دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى
كۆپرەك يېزىلغان. مەن بۇ ئۈچ رايون دېھقانلىرىنىڭ ئادەت،
مىجەز - خۇلقىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك
ئۇچۇن ھەرقايسىسىنىڭ خاراكتېرىگە يەرلىك پۇراق بېرىشكە
ئالاھىدە كۈچ چىقاردىم. مەسىلەن، «ئاۋۇرال شامالىلىرى»دىكى
ھەيدەر خەسىس بىلەن «ئېھ، تۇپىلىق يول»دىكى روزەك بەز
ئوخشاشلا بېخىللار. ھەيدەر خەسىس پۇتىغا ئاقىرىپ كەتكەن
مەسە، بېشىغا سىرتى ئۆڭۈپ كەتكەن تۆپىسىنى چۆكۈرۈپ كى-
يىپ، پارچە - پۇرات پۇللارنى تۆپىسىنىڭ ئەستىرىگە تىقىپ
يۈرىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنسە، روزەك يالاڭ ئاياغ بازارغا بارى-
دىغان، ئۆيگە كىرگەندە كالىچىنى قولتۇقىغا قىسىپ تاپىسىدىلا
ئولتۇرىدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. يەنە شۇ «ئېھ، تۇپىلىق
يول» دىكى گۈلئايشەم بىلەن «ئاۋۇرال شامالىلىرى»دىكى ئەزىز-
خانلار ئوخشاش ئوبرازلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئاچى-
دىغان دېتاللار ھەر خىل. بىرى مەكىتكە، يەنە بىرى غۇلجىغا
خاس. تۇرمۇش شۇنداق: غۇلجا دېھقانلىرى شاما چايناشقا
ئامراق، يەكەن دېھقانلىرى بازارغا كىرىپ ئاچچىقسۇغا ئۆچرەت
تۇرىدۇ. تۇرپان دېھقانلىرى يازلىقى سەھەر تۇرۇۋېلىپ، شالدىر -

شاپلىرىنى يېيىپ جۇجەم (ئۈجمە) قاقىدۇ. ھەممىسىلا ھۆزۈر قىلىدۇ، لېكىن شەكلى ھەر خىل.

تۇرمۇشنى بىلمەيدىغان ياكى كەم بىلىدىغان بەزى ئاپ-تورلار يەرلىك پۇراق پەيدا قىلىدىغان ماتېرىياللارغا دىققەت قىلمايدۇ. ھەتتا بەزى رومانلاردىمۇ تاماق يېيىش توغرۇلۇق يې-زىلغاندا «ئەتىگەنلىكى ناشتا قىلدى» دەپلا قويىدۇ. ۋاھالەنكى، مەكتىلىكلەر ئەتىگەنلىكى لەڭمەن، چۆچۈرە دېگەنگە ئوخشاش تاماقلارنى يېسە، غۇلجىلىقلار ئەتىگەنلىكى ئەتكەنچاي ئىچىپ، كەچتە تاماق ئېتىپ يەيدۇ. ھەممىلا جاينىڭ ئادىتى ئوخشاش ئەمەس.

خاراكتېر يارىتىشتا يەرلىك پۇراق ناھايىتى مۇھىم، بۇ پۇراق «مىللىي خاراكتېر» نى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىل. مەن خاتىرىلىرىمگە «يەرلىك پۇراق» چىقىدىغان ماتېرىياللارنى كۆپلەپ توپلايمەن. ئۆيلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەسۋابلىرى، ئىش ئادەتلىرى، كىشىلەرنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇش ئادەتلىرىنى، ئىشقىلىپ، يېڭى تۇيۇلغانلا نەرسىلەرنى يېزىۋالىمەن، بۇ يازمىلار تىل بايلىقىم ئۈچۈنمۇ مۇھىم.

**6. تىل ئۆگىنىش.** داۋاملىق تىل ئۆگىنىش مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى. بەزىدە ئاڭلىق، بەزىدە ئاڭسىز يېڭى تىل بولسىلا خاتىرىلىۋالىمەن. ھازىر مېنىڭ بىرنەچچە دەپتىرىم توشتى. بۇ دەپتەرلەرگە غۇلجا، تۇرپان، مەكىت، خوتەننىڭ يەرلىك شېۋە سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن. ئەسەرلىرىمدە قايسى جاي يېزىلسا، شۇ جاينىڭ يەرلىك تىلىنى ئىشلىتىشكە تىرىشىپ باقىمەن. بۇ يەردە ئىككى خىل تىل ئۈستىدە ئوبدان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئاپتور تىلى. بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان ئاپتور تىلى تازا پىشقان، بىرلىككە كەلگەن ئەمەس. بىر يەرنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلىغا ۋەكىل قىلىۋېلىشمۇ بار.

ھەممىگىلا گېزىت تىلىنى ئۆلچەم قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى مەۋجۇت. دېھقانلار توغرۇلۇق يېزىلغان ئەسەرنىڭ ئاپتور تىلى زىيالىي تىلى بولۇپ قېلىش خېلى ئېغىر. دېھقانلار ئۈچۈن يازىمىز، «نېمىشقا دېگەندە»، «ئۇنداق بولغىنى» دېيىشنىڭ ئورنىغا «چۈنكى»، «سەۋەبى» دەپ يازىمىز. ئاپتور تىلى ئاددىي، ئوقۇشلۇق، جانلىق بولغىنى ياخشى. يەنە بىرى، پېرسوناژ تىلى، بۇ تىل يەرلىك، نەق شۇ پېرسوناژنىڭ تىلى بولۇشى كېرەك. مەن يەرلىك ئاتالغۇلار (دىيالېكت) نىڭ پېرسوناژ تىلىغا كۆپرەك كىرىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. دىراما ئويۇنىدا خوتەنلىكلەرمۇ، قەشقەر، قۇمۇللۇقلارمۇ بىرلا خىل سۆزلەيدىكەن. نېمىشقا يەرلىك ئاھاڭدا، يەرلىك ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ سۆزلىمەيدۇ. خەنزۇچە كىنو، دىرامىلاردا يەرلىك ئاھاڭدا سۆزلىشىدۇغۇ؟ شولوخوف «تىنچ دون»دا ئۇكرائىنلىقلارنىڭ رۇس تىلىنى بۇزۇپ، كېكەچلەپ سۆزلەشلىرىنى ئەينەن بەرگەنغۇ؟ بىز شۇنچە تىلغا باي تۇرۇپ نېمىشقا بۇ بايلىقنى نامايان قىلمايمىز؟

ئۇنىڭدىن قالسا، تىلىمىزنىڭ جۈملىلىرى شەكىل جەھەتتىن ئاز، ئوخشاشلىق كۆپ. «ل. تولستوي رۇس تىلىنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى قويماي ئىشلىتىپ بولۇپ، ئۆزى نۇرغۇن جۈملە شەكىللىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ بىر پىكىرنى بىرنەچچە خىل جۈملە بىلەن ئىپادىلەپ كۆرەتتى. شۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى تاللىۋالاتتى» (ئا. فادىيېفنىڭ ماقالىسىدىن).

بىز تېخى ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە شەكىللىرى قانچە خىلغا يېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئىشلىتىدىغان جۈملىلىرىمىزنىڭ شەكىللىرى كۆپىنچە ئوخشاش، سانى چەكلىك.

مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مەن خەلق ئېغىزىدىن پۈتۈن ـ پۈتۈن جۈملىلەرنى خاتىرىلەۋېرىشنىمۇ تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا تاشلىۋەتمىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىخچام، گۈزەل جۈملىلەر ناھايىتى كۆپ.

ئەدەبىيات ــ تىل سەنئىتى. خەلقنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا بۇ سەنئەتنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىلىرى بار. گەپ بىزنىڭ خەلق ئارىسىغا كۆپرەك بېرىپ، بۇ گۈزەل بايلىقنى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزگە ئېلىپ كىرەلىشىمىزدە.

7. ۋاقىت. ئېلىيا ئېرىنبۇرگ: «ھېكايە يېزىش ئۈچۈن بىر جايدا ئون ـ ئون بەش كۈن تۇرسا بولىدۇ، رومان يېزىش ئۈچۈن كۆپرەك تۇرۇش كېرەك» دەيدۇ. بۇ گەپتە ھەقىقەت بار. ئون ـ ئون بەش كۈندىن كۆپ تۇرۇۋەتسە، «بۇرۇننىڭ سېزىمچانلىقى» ئاجىزلاپ قالىدىكەن، يېڭىلىق تۈگەپ قالغاندەك بىلىنىدىكەن. ئەدەبىيات يېڭىلىققا موھتاج، كىشىلەر بىلىدىغان نەرسىلەرنى يېزىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ناھايىتى زۆرۈر، قىزىقارلىق بولسىمۇ كونا بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك. كىچىك، ئەھمىيەتسىز بولسىمۇ يېڭىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىش كېرەك. تۇرمۇش كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلانماقتا. خەلق تەرەققىي قىلماقتا. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن دېھقاننىڭ كىچىك ماشىنىسى بار دەپ يازساق پوچىلىق بولاتتى. ھازىر تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن سېزىمچانلىق ئاجىزلىغاندىلا، باشقا جايغا يۆتكەلگەن ياخشى.

ئاپتورلار تۆۋەنگە چۈشمىسە ياخشى ئەسەر يازالمايدۇ. ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن چوقۇم تۇرمۇشنىڭ قاينىمى ئىچىگە كىرىش كېرەك.

تۇرمۇش ــ ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى، بۇلىقى. لېكىن، تۇرمۇش ئۆگىنىش جاپالىق، ئەمما شەرەپلىك. شۇنداقتىمۇ، بىز خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىشنى كۆزلىگۈچىلەر ئاشۇ جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىقلا ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلالايمىز.

# مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە ۋە ئىزدىنىش

يېرىم ئەسىر يول ماڭغان بىر سەيياھ ھايات دەپتىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ، بۈيۈك چىڭگىزخان، باتوخانلار توغرىسىدا ئادىل قەلەم تەۋرەتكەن بابارەھىم دەرۋىشتەك خاتىرىلەردىن لەززەتلىنىشنى بىلگەن بولسىدى، ئۇ ئەللىك يېشىدا بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشمىنىگە ئايلانغان بولار ئىدى !...

لېكىن، بىز بۇنداق قىلالمايمىز. قانداق يوللارنى قانداق بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىز، ئەڭ خۇشال، ئەڭ ئازابلىق كۈنلىرى-مىزدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمىزنى بىلەمسىز. شۇڭا، بىز ئۆز تارىخىمىز (تەرجىمىھالىمىز) توغرىسىدىمۇ چالا - بۇلا، تومتاق ۋە قاتمال سۆزلەشنى ياخشى كۆرىمىز.

ئۆز تارىخىنى پۇختا بىلمىگەن بىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر توغرىسىدا پۇختا بىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋر ئاشۇ تارىخنىڭ داۋامى.

مەن ئەللىك ياشلىق ھاياتىمنى ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولغا ئوخشىتىمەن. بۇ چىغىر يولدىكى ئىزلارنىڭ يارقىنلىرى-مۇ، ئۆچكەنلىرىمۇ، گىرانىت تاشقا ئايلانغانلىرىمۇ، گۈل - گىياھ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالغانلىرىمۇ بار.

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، بۇ چىغىر يول ماڭا نۇر-غۇن ئىشلارنى ئەسلىتىدۇ: كۈيلىگەن ئارزۇلىرىم، نۇرلانغان شادلىقىم، كۆز يېشىم، كۈلكەم، قىممەتلىك ياشلىق... لېكىن ئۆز ھاياتىم توغرىسىدا بىلىدىغىنىم ئاز. مەن بەزى يىللارنى

ئەستە قالمايدىغان چىگىچ چۈشلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسام، بەزى يىللارنى نەشە چېكىپ مەست بولغان ئادەمدەك شېرىن خىيال ياكى غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئوخشايمەن. ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداقمۇ، سەن بۇنى بىلەمسەن؟ لېكىن، مەن نېمىلا بولسۇن، ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە توغرىسىدا ئۇنچىلىك كەڭ، توغرا ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئەمەسمەن.

مەن بالا چېغىمدا يېزىمىزنىڭ تەڭدىشى يوق ئەقىللىكى ئىدىم، 1957 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگىنىمدە زېرەكلىكىم بەدىلىگە دەۋر روھى بىلەن قوراللانغان — غايىلىك، ئىنتىزاملىق، جۇشقۇن يىگىتكە ئايلاندىم. ئۈچ يۈز پارچىدەك رومان ئوقۇپ ئەسەر قەھرىمانلىرى توغرىسىدا خاتىرە يېزىش، پاۋىل كورچاگىندەك ئەڭ قىيىن، ئەڭ شەرەپلىك جايلارغا ئىنتىلىش، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان كومسومول دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەنتەربىيە، مۇزىكا، رەسىم، ناتىقلىق پائالىيەتلىرىگىمۇ قىزغىن قاتنىشىش مېنىڭ ئۇ چاغدىكى ئاڭلىق ھەرىكىتىمگە ئايلانغانىدى.

لېكىن، مەن شۇ يىللاردا ئۆز ساداقىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى ئويلىدىم، نېمىلەرنى قىلدىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى يادىمدا يوق.

1960 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپلا ھېچقانداق قېقىلماي، جازالانماي تۇرۇپلا، ئۆزۈم ياشاۋاتقان ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، دەۋرگە سوئاللىرى كۆپ، خىيالچان، چۈشكۈن بىر يەنچۈككە ئايلىنىپ قالدىم. بۇ يىللار ئۇزاق داۋام قىلدى. مەن راسا قىران چاغلىرىمنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. كىتاب ئوقۇش، ئىلىم - پەن ماڭا زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى، مەن لېنىننىڭ «ماتېرىيالىزمۇ - ئىمپېرىيوكىرتتىزمۇ؟» ناملىق چۈشىنىش قىيىن بولغان كىتابىنىڭ بەتلىرىگە سىزغان بەلگە، يازغان خاتىرىلىرىم (لېنىننىڭ ياشلىقىدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ) ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەي-

دىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئۇ يىللاردا نارازىلىق، بۇرۇقتۇرمى-لىقلىرىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى ئويلىدىم، نېمىلەرنى دېدىم، نېمىلەرنى قىلدىم؟ بۇلارمۇ يادىمدا يوق. يادىمدا بىر تومتاق خۇلاسە قالغانىكەن: دەۋر سېنىڭ لازىملىقىڭنى بەرمى-سە، سەن ئۇنى ھەرگىز ئالالمايدىكەنسەن. بۇ چۈشەنچە غايى-سىز، بىلىمسىز، ئەخلاقسىز تەڭتۇشلىرىم ئەتىۋارلىنىپ، ئۆزۈمگە ئوخشاشلار خارلانغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

ئۈمىدلىك، غايىلىك يىگىتتىن چۈشكۈن، گۇمانخور، دەۋر بىلەن قارشىلاشقۇچى بىر جىمغۇرغا ئايلىنىش مېنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولۇمدىكى بىر چوڭ بۇرۇلۇش. بۇ ئەگرى سى-زىقنى ئۆز قولۇم بىلەن سىزدىم، لېكىن سىزىشنى ئىختىيار قىلدىم دېگەندىن كۆرە، سىزىشقا مەجبۇر بولدۇم دېگىنىم تو-زۇك. ئەلۋەتتە، كىشىلەر ئۆز ئىندىۋىدۇئال بەلگىلىرىنى ئۆز-لىرى يوقىتىشقا مەجبۇر بولغان ئاشۇ يىللاردا ماڭا ئوخشاش بىر خىل كىيىم، بىر خىل ئاۋاز، بىر خىل پىكىرلىك ئادەم-لەر توپىغا قېتىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئاشۇنداق ئەگرى سىزىق سىزىشقا مەجبۇر بولغاندۇر، دەپ ئويلايمەن.

ئەنە شۇ ئەگرى سىزىق تەبىئىيكى «ئىزدىنىش» رومانىم-دىكى ئەلانىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىدا ئەكس ئەتتۇرۇلدى. لېكىن، ئەلا ھاياتىنىڭ ھەربىر دوقمۇش - بۇلۇڭلىرىدا ئويلاي-دۇ، سۆزلەيدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ كونكرېت ۋەقەلەر، ھادى-سىلەر جەريانىدا ئۆز ئارزۇ خاھىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەن ئېسىمدە ساقلىيالمىغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر، يەنى ھاياتلىق گەۋدىسىنىڭ ھۆجەيرىلىرى ئەلانىڭ خاتىرىلىرىدە تەپسىلىي بېرىلگەن. بۇ تەپسىلىي خاتىرىلەر تەبىئىيكى، ئاپتور قەلىمىدىن تامغان بەدىئىي توقۇلما. توقۇلمىلارنىڭ كىتاب-خانلاردا قىزىقىش ۋە تەسىرات پەيدا قىلالىغانلىقى ئۇلارنىڭ رېئال قىممىتىدە، يەنى بالزاكنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئاپ-

تورنىڭ ئۆز كىتابخانىلىرىنى توقۇلمىلارغا ئىشەندۈرەلىگەنلىكىدە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاپتور ئۆزىگە خەت يازغۇچى نۇرغۇن ياش كىتابخانلارنىڭ «ئەلا سىز ئۆزىڭىزمۇ؟ گۈزەلئاي، ئادىلەلەر ھازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرىچۇ؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا كونكرېت جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

مېنىڭ ھايات يولۇمدىكى ئەڭ ئەگرى، ئەڭ چۈشىنىكسىز سىزىقلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بولغان يىللار. مەن ئۇ يىللاردا بەزىدە نېمە ئۈچۈن تۇغۇلدۇم؟ نېمىگە مىدىرلاپ يۈرۈۋاتىمەن؟ دېگەندەك سوئاللارغىمۇ جاۋاب تاپالمىغانىدىم. ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئالىي تىلەكلىرىمنى تەقدىم قىلماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلىرىمنى ماڭا تاش ـ چالما ئېتىشقا مەجبۇر قىلغان يىللارنى ئەسلىمەك بىر ئازاب. مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىگەن چاغلىرىممۇ بولغان. مەن جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، ھەتتا ئۇلاردىن مېھىر ـ شەپقەت تىلىگەن. مەن قورقۇشنى، زارلىنىشنى ئۇنتۇغان، ھەممىدىن نەپرەتلەنگەن. فىرانسىيە يازغۇچىسى سارترىنىڭ: «ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشى غايەت زور ئۇقۇشماسلىق، بىمەنىلىك، دۇنيا بىمەنە، بىمەنە دۇنيادا ياشاشنىڭ ئۆزى ئازابلىق ۋە ئەھمىيەتسىز... بۇنداق بىمەنىلىك، ئۈمىدسىزلىكتىن كېلىپ چىققان پىكىرلەر كىشىنى رېئاللىقتىن، تىرىكلىكتىن بىزار قىلىدۇ، يىرگەندۈرىدۇ...» دەيدىغان سۆزلىرى، لېف . تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىدىكى «پۈتۈن رۇسىيە بىر چوڭ تۈرمە» دېگەن خۇلاسىسى، دوستويېۋىسكىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايدىغان ھايات پەلسەپىسى ئۇ يىللاردا مەن ئۈچۈن دەستۇر بولۇپ قالغانىدى. پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى بىر ئاڭ، بىر پىكىر، بىر مۇھەببەت ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان ئاشۇ 1960 ـ، 1970 ـ يىللاردا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئېقىمغا قارشى چىق-

قۇچىنى «ئادەملەر» قاتارىغا قوشقىلى بولاتتىمۇ؟
مېنىڭ ئاشۇ روھىي كەيپىياتىم «ئىزدىنىش»نىڭ قەھرىما-نى ئەلانىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن. مەن بۇ ئەسەرگە ئىشلەۋات-قىنىمدا قەھرىمانىمنى گۈزەللەشتۈرۈشنى زادىلا ئويلىمىدىم. چۈنكى، گۈزەللىك توغرىسىدىكى چۈشەنچەم مەن ئەسەر يې-زىۋاتقان چاغدىكى ئاقىدىغان گەپلەر بىلەن چېقىشالمايتتى، يە-نە بىر جەھەتتىن مەن ئەسەر يېزىۋاتقان چاغ (1970 - يىللار-نىڭ ئاخىرى 1980 - يىللارنىڭ بېشى) بىلەن مەن ئىپادىلەۋات-قان چاغ ئارىلىقىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. مەن ئەسەر-گە ئىشلىگەن مەزگىلىمدە ئۆزۈم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىپا-دىلىنىۋاتقان دەۋرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدىم. ئۇ چاغلاردا گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئېقىۋاتقان گەپلەر نەق مەن قوبۇل قىلالمايدىغان گەپلەر ئىدى.
مانا مۇشۇ ئىككى سەۋەب بىلەن مەن ئەلانى ياكى ھاشىرنى گۈزەللەشتۈرۈشنى زادىلا ئويلىمىدىم، بەلكى ئۇلارنى ئۆز ئىن-دىۋىدۇئاللىقى بىلەن رېئاللىققا تاپشۇردۇم. يەنە مەن ئۆز زېھ-نىمنى قەھرىمانلىرىمنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر، مىجەز - خۇلقىنى يارىتىشقا مەركەزلەشتۈردۈم. ئەلا ھەممىگە سوئال ۋە نەپرەت بىلەن قارايدىغان «ئىسيانكار»، ھەتتا ئۇ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى بولغان ھاشىرغىمۇ ھە دېسىلا «ئۇرۇش ئېلان» قىلى-دۇ. ئۇ مۇرەسسە، يول قويۇش، سۈكۈت قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇ-نىڭ روھىي كەيپىياتى شۇ يىللاردىكى مېنىڭ كەيپىياتىمغا ۋە-كىللىك قىلىدى. لېكىن، بۇ روھىي كەيپىياتنى ئىپادىلىگۈچى كونكرېت ئېپىزوت، دېتاللار يەنىلا توقۇلما. مىسالغا ئالساق، مەن ھېچقانداق ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى بىلەن دوست بو-لۇپ باقمىغان ھەم زور مەسىلىلەردە مۇنازىرىلىشىپمۇ باقمى-غان. مەن ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى تۇگۇل رايون، گۇڭشې، ھەتتا دادۇي پارتىيە شۇجىلىرىدىنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.
ئۇنداق بولسا ھاشىر پۈتۈنلەي توقۇلمىمۇ؟ شۇنداق دېيىش-

كه بولىدۇ: ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى سۈپىتىدىكى ھاشىر توقۇلما. مەن ناھايىتى نۇرغۇن شۇجىلارنى كۆرگەن، كۆزەتكەن، ئۇلار سادىق، سەممىي، ئىشچان، خەلقپەرۋەر، لېكىن، ئۇلار يۇقىرىنىڭ بويسۇنغۇچى، ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلىرى. ئۇلار رېئاللىقنى مەدھىيەلىگۈچى، قوغدىغۇچى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە بەزى ئىشلارنى قوبۇل قىلالمايدىغان تىرىك ئادەم بولسىمۇ، لې-كىن سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئۆز نارازىلىقىنى قىلچە ئىپادىلىمەي-دۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرى دېھقانلارنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ، ئاچ - يالىڭاچ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ «خەلق گۆڭشېسى»دىن گۇمانلانمايدۇ. ئادەملەر، ھەتتا ئۆزلىرى ناھەقتىن - ناھەق قا-رىلانسىمۇ، تۇرمىگە سېلىنسىمۇ، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ناھەق ھۆكۈم قىلىنسىمۇ، ئۇلار شۇ چاغدىكى سىياسىي ھەرىكەت، كونكرېت رېئاللىقتىن گۇمانلانمايدۇ.

ھاشىر مانا مۇشۇ خىل شۇجىلارنىڭ تىپى، لېكىن ئۇ كونكرېت ئادەم سۈپىتىدە ئۆز خاراكتېرى بىلەن مېنىڭ دوست-لىرىم ئىچىدە مەۋجۇت. مەن نېمە ئۈچۈن دوستلىرىم ئىچىدى-كى كونكرېت خاراكتېرى بار ئادەمنى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ «ئۆستۈرۈپ» قويدۇم؟ بۇنىڭ جاۋابى ئاددىي: ئەلانىڭ نارازىلىقلىرىنى پارتىيەگە ئاڭلىتىش. ناۋادا ھاشىر ئاددىي بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەلا بىلەن تالاش - تارتىش قىلىۋەرگەن بولسا، ئەلانىڭ رېئاللىق توغرىسىدىكى باھا، ھە-رىكەتلىرى جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئۇنچىلىك ئىگە بولالمىغان بولار ئىدى. «پارتىيەمۇ خاتالىشامدۇ؟» دېگەن سوئال-غا ھاشىر ناھايىتى نۇرغۇن ئويلىنىش، ئەمەلىيەت سىنىقى ۋە سۆھبەتلەردىن كېيىن جاۋاب تاپالايدۇ. ئۇنىڭ ئېڭىغا بۇ پىد-كىرنى ئەكىرگەن ئادەم نەق ئەلا.

دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىدىيە - خاھىشىغا قارىمۇقارشى ئىدىيە خاھىشى بولمىغان بولسا ھەقىقەت ئۇنچىلىك يورۇمىغان بولات-تى. كىتابتا ئەلا گەرچە پۈتۈنلەي ھەقىقەت، پاكلىق ۋە گۈزەل-

لىككە ۋەكىللىك قىلغۇچى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان قارىشى، ئىنسان تۇغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئادەملەرنى ئويلاندۇرىدۇ.

مەن ھازىر 1980 ـ يىللارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1990 ـ يىللارغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمەن. 1950 ـ يىللاردىن باشلانغان ھايات توغرىسىدىكى «ئىزدىنىش» تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. مەن ھازىرمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەردە توغرا (ئومۇمىي خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان) چۈشەنچىلەرگە كەلگىنىم يوق. يالغۇز مەنلا ئەمەس، جەمئىيەتىمىزدىكى ھەممىلا ئادەم ھەقىقەت ۋە گۈزەللىككە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، مانا بۇ ھەقىقەت ئەلانىڭ «تەلتۆكۈس قەھرىمان» بولالمىغانلىقى توغرىسىدا ئوبزور يازغۇچى ۋە پىكىر بەرگۈچى كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى قاچاندىن باشلاپ يەنە ئادەم ھېسابلاشقا باشلىدىم؟ بۇنداق زور ئىشنىڭمۇ ۋاقىت ـ سائىتى ئېسىمدە يوق، ئەمما بىرلا نەرسە ئېسىمدە: مەن 1972 ـ يىلى تۇيۇقسىزدىنلا ئەدەبىيات ئىشىغا ئارىلىشىپ قالدىم. بۇ ھال ئۇزاق مۇددەت يوقالغان يېقىنىم تۇيۇقسىزلا كوچىدا ئۇچراپ قالغاندەك مېنى ئېسەنگىرىتىپ قويغىنى ئېنىق ئېسىمدە. مەن مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى يەنە ئادەم ھېسابلاشقا باشلىدىم. ئۆز خۇشاللىقى، ئۆز غۇرۇرىنى قەلەمدىن تاپىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن دۇنيادا يېزىقچىلىقتىن ئارتۇق كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك. بىر ھەقىقىي ئەدىب (دورامچىلار ئەمەس) ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مەنىلىك، بەختلىك ۋاقىتلىرى ھېسابلايدۇ. ياخشى ئەسىرى قولىدىن چىققان كۈنى ئۇنىڭ ئەڭ خۇشال بولغان كۈنى ھېسابلىنىدۇ. «مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئىشىم ئاشۇ ئەسەرلىرىم!» مانا بۇ جاپاكەش، ئىرادىلىك، ئالەمشۇمۇل يازغۇچى بالزاكنىڭ سۆزى.

مېنىڭ تالانتلىق، غايىلىك، ئىرادىلىك بىر يىگىتتىن

چۈشكۈن، ئۆزىنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان ئۈمىدسىز ئادەمگە، ئاخىرىدا تۈيۈقسىز بەخت بىلەن ئۇچراشقان سەرگەرداندەك كۆ-ڭۈل سۆيگەن ئىشىم بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىم مەن بېسىپ ئۆتكەن ئوتتۇز نەچچە يىللىق مۇساپە. بۇ مۇساپە بىزنىڭ ئىج-تىمائىي ھاياتىمىزنىڭ رېئال پاكىتى. بۇ پاكىت ئۆز سۈپىتى بىلەن مېنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىمدا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. بۇ مېنىڭ ھاياتنى رېئاللىق بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشقانلىقىمنىڭ مەھسۇلى، لېكىن مەن رېئاللىقنى ئىمكانقەدەر ناتۇرال ۋاستىد-لەر بىلەن ئىپادىلەشتىن ساقلىنىشقا تىرىشتىم، يەنى ئۆزۈمە-نىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇ - خىياللىرىم، كۆپچىلىك خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان ئۈمىدۋارلىقنى قىد-زىقارلىق ھېكايىلەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئۆزۈمگە مەقسەت قىد-لىپ تاللىۋالدىم. نەتىجىدە، گۈزەلئاي، ئادىلە قاتارلىق ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىز - چو-كانلار، زۇلىيا، ئاروپ، ئۆمەر تەمبۇر، ساۋۇتوف، نادىروفتەك ھەقىقەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئىگىلىرىنى توقۇپ چىقتىم.

مەن بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلىپ توقۇيالىدىم. ئۇلارنىڭ رېئال قىممىتى ئۈستىدە نېمىلەرنى قىلدىم؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئىش-تا مېنىڭ قىلغان ئىشىم پەقەتلا بىر ئىش، ئۇ بولسىمۇ ئادەم-لەرنى بىرقەدەر توغرا بىلىش. مەن ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن مۇ-ساپىدە بىرىنچىدىن ئۆزۈمنى، ئىككىنچىدىن ئۆزۈمگە تەق-دىرداش بولغان باشقا ئادەملەرنى خېلى ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلدىم. جەمئىيەت ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن بىر چوڭ قايناق بازار، بۇ بازارنىڭ خېرىدارلىرى، سېتىقچىلىرى، تاماشىچىلىرى، باشقۇرغۇچىلىرى، پايدا ئالغۇچىلىرى، زىيان تارتقۇچىلىرى، خۇشال بولغۇچىلىرى، خاپا - پەرىشان بولۇپ زارلانغۇچىلىرى بار. بۇ بازاردىن پەيدا بولغان شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە، ناخشا، كۈلكە، نالە - يىغا، تىل - ھاقارەتمۇ، مۇزد-كىمۇ، مىلتىق ئاۋازىمۇ، جان ئارامىمۇ، ھەيۋە - ۋەھىمىمۇ

بار.

مەن مانا مۇشۇ بازارنىڭ شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىغان، ئادەملەرنىڭ مەنپەئەت يولىدا قىلغان ــ ئەتكەنلىرىنى كۆپرەك كۆرگەن «تۆۋەن قاتلام»دىكىلەرنىڭ بىرىمەن.

ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى، ئىچكى دۇنياسىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئىنچىكە، چوڭقۇرراق بىلىش بىر ئەدەبىي ئىجادىيەتچى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. جەمئىيەتنى بىلىش ئادەملەرنى بىلىش دېگەن سۆز. ئادەملەر ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە، مەلۇم ئېتىقاد، ئارزۇ ــ ئارمان بىلەن ياشىغۇچى، ئالىي نېرۋا قوماندانلىقىدا ھەرىكەت قىلغۇچى ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرىكەتتە مەلۇم ئېتىقاد كۈچىنىڭ كونترول قىلىشىغا بويسۇنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيە تەپەككۇرى ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىنسان خالىغىنىچە ئويلىيالايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىلا ئۆز ئىختىيارىغا بېقىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننى تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ماشىنا دېيىشكە بولىدۇ.

بىر ئىجادىيەتچى مۇشۇ مۇرەككەپ ماشىنىنىڭ تىل ــ زۇۋاننى پۇختا بىلىشى، ئۇنىڭ ھەربىر زاپچاسلىرىنىڭ رولى ۋە ئىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ قەلىمى كامال تاپقان بىر يازغۇچى ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكت ــ ئادەم توغرىسىدا ئەنە شۇنداق چوڭقۇر، ئىنچىكە، كەڭ تەسەۋۋۇرغا ئېرىشكەن بولىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر يازغۇچى قەلىمىدە «توقۇش» ئىشىغا خىزمەت قىلىدۇ. «ئىزدىنىش»تىكى توقۇلمىلارنىڭ، بۇ توقۇلما ۋەقەلەر بىلەن توقۇلما ئادەملەرنىڭ كىتابخانلارنى بىر قەدەر تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن تەمىن ئېتەلىشىدىكى سەۋەب شۇ! مەن ئاشۇ ئۇزاق مەزگىللىك «تۆۋەن قاتلام» تۇرمۇشى جەريانىدا نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يازدىم. بۇ خاتىرىلەرنى رومان يېزىش مەقسىتىدە ئەمەس، تىرىك ئادەملەرنى قەلەم بىلەن ئەي-

ـنەن سۈرەتكە ئېلىش، ۋەقەلەرنىڭ رېئال ئەينەنلىكىدىن ھۇزۇر-
لىنىش ئۇچۇنلا خاتىرە يازدىم. بۇ خاتىرىلەرنى گەرچە چېخوف-
نىڭ، ل. تولستوينىڭ، تۇرگېنېفنىڭ خاتىرىلىرىگە تەقلىد قى-
لىپ يازغان بولساممۇ، بۇ خاتىرىلەر «ئىزدىنىش»تىكى ۋەقەلەر-
نى توقۇپ چىقىشىمدا مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ راسا يې-
زىشقا كىرىشكەن، بۇ كىرىشىش، ئىجادىي ئىلھام پەيدا قىلغان
چاغلاردا خاتىرىلىرىم دەپتەر ۋاراقلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن قەلە-
مىم ئاستىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن
بەزىلىرى ئەينەن ئېلىندى، بەزىلىرى پەرداز قىلىندى. مەسى-
لەن، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن ئابدۇللا سۆزلەپ
بەرگەن بىر ۋەقەلىك «ئىزدىنىش»تىكى ئوسماننىڭ قېچىش ۋە-
قەلىكىدە ئەينەن ئېلىندى. گۆڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ھار-
ۋىكىشى ئەسەر قەھرىمانى ئەلانى ھارۋا قامچىسى بىلەن قاتتىق
ئۇرىدۇ. بۇ ۋەقەمۇ خاتىرىدىن ئەينەن ئېلىندى، شۇنداقلا گۇ-
زەلئاينىڭ قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ يىقىلىشى، ئەلا ئۆز يۇرتىغا
قايتقاندا كۆرگەن قوناق شېخى ئۇچۇن «كۇرەش» قىلىۋاتقان
دېھقانلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر، كىگىزچى، باجگىرلارنىڭ
سۆھبىتى، «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ خاراكتېرى، ئۇرۇمچىدىكى
«باشلىق»نىڭ مىجەزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ خا-
تىرىلىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، خاتىرىلەردىن كۆچۈرۈش ئىجادىي ئەمگەك ئە-
مەس، ئىجادىي ئەمگەك بىر خىل ئالىي نېرۋىنىڭ ئەڭ يۇقىرى
دەرىجىدىكى پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى. كۆچۈرۈش بولسا بىر
خىل ئاددىيلا قەلەم تەۋرىتىش، گەپ ھەممىلا ئادەم قىلالايدىغان
بۇ ئاددىي پائالىيەتنى مەلۇم ئادەمنىڭ خاس خاراكتېرىنى ئې-
چىش، جىسمى يوق ئادەمنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا تىرىك
ئادەم قىياپىتى بىلەن پەيدا قىلىشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتا. مانا
بۇ ھال ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ھەل بولىدۇ.

بۇ يەردە مەن بۇ مىساللار ئارقىلىق مۇنداق بىر مەسىلىنى

ئىسپاتلىماقچى: تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىش، ئادەملەرنى ئەس-تايىدىل تەتقىق قىلىش يالغۇز نەسرىي ئەسەرلەر ۋەقەلىكلىرىنى توقۇش يولى بىلەن بىر پۈتۈن سۇژىت يىپىغا تىزىش ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، كونكرېت ئادەملەرنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىلەن تەسۋىرلەشتىمۇ مۇھىم. كۈچلۈك ئىندىۋىدۇ-ئال خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان فائۇست، دونكىخوت، ئوتىللو، لى كۈي، جيا باۋيۈيەدەك پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىلا يازغۇچى-نىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق قەغەز بېتىگە چۈشكەن بولۇشى ناتا-يىن. چوقۇمكى، بۇ ئادەملەر ھاياتتا مەلۇم كونكرېت پىروتوتىپ-قا ئىگە. مەن بۇ ئىشقا شۇنداق قارىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز ئە-سەرلىرىمدە بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلدىم، يەنى ئەسەرلىرىمدى-كى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگىنىمدە ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ ھايات يولىدا ئۇچرىغان سەپداشلىرىمنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مىجەز - خۇلق، ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز ئالدىمغا دائىم كەلتۈ-رۈپ تۇردۇم. «ۋاپادار» پوۋېستىدىكى قوباق مەن تۇغۇلۇپ ئۆس-كەن مەھەللىدە ھېلىمۇ ھايات. قوباقنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز - خۇلقى ھازىر مۇشۇ رېھىم ئىسىملىك دېھقاننىڭ بەدىنىدە مەۋ-جۇت. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئۆمەر تەمبۇر تېخى يېقىنغىچىلا ۋاپات بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بەدىئىي سىياسىي (سىيماسى) بولغان ئۆمەر تەمبۇر ئىسىملىك ئوبراز كىتابخانلار بىلەن ئەم-دىلا كۆرۈشمەكتە.

«ئىزدىنىش»نىڭ پېرسوناژلىرى ئىچىدە بۇ خىل مىساللار خېلىلا كۆپ، لېكىن مەن يەنىلا ئەسىرىمدىكى ئاساسىي پېرسو-ناژلاردىن ئەلا، ھاشىر، گۈزەلئاي، رازىيە، ئادىلەلەرگە قايتى-مەن. ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگەن خەتلەردە مۇشۇ پېرسوناژلارغا بولغان قىزىقىش - سوئاللار خېلى نۇرغۇن.

ئەلا ئوبرازى مېنىڭچە خېلى مۇكەممەل، ئۆزىگە خاس ئالا-ھىدىلىكى خېلى يارقىن ئوبراز، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەك ئۈس-تىدىكى ئىزدىنىشى مۇشكۇلات، ئازاب، مەغلۇبىيەت ئۈستىگە

قۇرۇلغان. ئۇ نۇرغۇن ھاللاردا ئۆزىنى راھەت ـ پاراغەتتىن قا-
چۇرىدۇ. مۇشەققەتتى ئاز داغدام يول كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇر-
غان چاغلاردىمۇ ئۇ مۇشكۇل يوللارنى تاللىۋالىدۇ. بۇ ھال ئاپ-
تورنىڭ «ئازاب تالانت ئىگىسى ئۈچۈن ئىلھام بۇلىقىدۇر» دەي-
دىغان شوپىن خۇئېر پەلسەپىسىگە بېرىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى
بولسا كېرەك. 19 ـ ئەسىر گېرمانىيە پىسىمىزم پەلسەپىسىنىڭ
ۋەكىلى، «يېڭى ھايات» پەلسەپىسىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان شوپىن
خۇئېر گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بۇرژۇئا
دۇنيا قارىشىنىڭ ھىمايىچىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى
«ئىرادە ۋە غايىۋى دۇنيا» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق دۇنياغا
تارقىلىپ، كېيىنكى بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرىدىن بولغان نېتسى
ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ھاياتىي كۈچ نەزەرىيەسى، ھا-
يات پەلسەپىسى، مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسى ۋە ئىنسانىيەت ئىلمى قا-
تارلىق نەزەرىيەلەر بىلەن غەرب دۇنياسىدا بازار تاپقان.

«ئادەم يۈكسەك ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇپ
يېتىلىشى زۆرۈر، ئازاب ۋە مەغلۇبىيەت ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ
زۆرۈر. ئۇ خۇددى بىر پاراخوتنى بېسىپ تۇرىدىغان ئېغىرلىق
كۆچىگە ئوخشايدۇ. بۇ كۈچ بولمىسا پاراخوت شامالنىڭ
ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئاسانلا ئۆڭتۈرۈلۈپ
كېتىدۇ...»، «ئەگەر تۇرمۇشتا ھەممىلا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك
راھەت ـ پاراغەتلىك بولىۋەرگەن بولسا شېكىسپېر،
گيۇتىلارنىڭ دىراممىلىرى نەدىن كېلەتتى؟ پىلاتون پەلسەپە
ئىدىيەسى، كانتنىڭ نوقۇل ئىدراكىي تەنقىد نەزەرىيەسى قانداق
پەيدا بولار ئىدى؟»، «كىشىلىك تۇرمۇش تېز ئۆتىدۇ، چۈشىنىش
ئەكسىچە ئاستا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھايات چېغىمدا
ئۆز شان ـ شۆھرىتىمنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيمەن...»

ئاپتور ئەلا ئوبرازىغا ئىشلەشتە شوپىن خۇئېرنىڭ يۇقىرى-
قى سۆزلىرىگە ئەمەل قىلغان، يەنى ئۆز قەھرىمانىنى بىر ـ
بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان قاتمۇقات قىيىنچىلىق، ئازاب ـ

ئوقۇبەت ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، شوپىن خۇئېرنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى توغرا ۋە ئىلمىي. ئەلا ئاسان ۋە داغدام ھايات يولىنى تاللىۋالغان بولسا، ئۇ كىتابخانىلارغا ئويى- لىنىش، ھەزىم قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلمىي ئەمگەكىدىمۇ ھازىرقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى، شۇنداقلا جەمئىيەت، ئىنسان توغرىسى- دىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولمىغان بولاتتى. ئاپتورنىڭ بۇ خۇلاسىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشى تەبىئىيكى ئۇنىڭ ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىدىن بىۋاسىتە ئالغان تەسىراتلىرىغا مۇناسى- ۋەتلىك. ئۇلارنىڭ ئورۇمچىدىكى راھەت ـ خاتىرجەم تۇرمۇشنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشى، ئاغىنىسى ھاشىر ئۆزى بىلەن بىللە ناھىيەدە تۇرۇشنى تەكلىپ قىلغاندا رەت قىلىشى، گۇزەلئاي بىلەن بىللە بولۇش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدىمەسلىكى، ئۇزاق ۋاقىت ھىجران ئازابى چېكىش يولىنى تاللىۋېلىشى... قاتار- لىقلار يۇقىرىقى كۆزقاراشقا مىسال بولالايدۇ.

ئاپتور ئۆزى ئوقۇغان نۇرغۇن كىتابلاردىن مەشھۇر شەخس- لەرنىڭ ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا شان ـ شەرەپتىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىنى بىلگەن. فىرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك 1830 ـ يىلدىن 1848 ـ يىلغىچە بولغان ئون سەككىز يىل ئىچىدە توقسان پارچە ئەسەر (رومان، پوۋېست، ھېكايە①) يېزىپ پارىژ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاياتىنى شۇنچە كەڭ، شۇنچە چوڭقۇر تەس- ۋىرلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ بۈيۈك ئەمگىكى ئۈچۈن فىرانسى- يەدە نە ئۇلۇغ يازغۇچى دەپ ماختالمىغان، نە پارلامېنت ئەزاسى بولالمىغان، ھەتتا 1848 ـ يىلىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب داھىيلىرىمۇ ئۇنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ قا- رىغان.

بالزاك ئۆلگەندىن كېيىن شۆھرىتى ساربىيەلىك بىر ئەرباب

---

① فىرانسىيە ئەدەبىياتىدا پوۋېست بىلەن ھېكايىنى ئوخشاشلا «ناۋېل» دەپ ئاتايدۇ.

بالزاك ئەسەرلىرى مۇزېيى تەشكىل قىلىپ، نۇرغۇن پۇل تاپ-
قاندىن كېيىنلا، فىرانسىيە بالزاكقا نەزەر تاشلىغان، بايرون،
لېرمونتوف، مىسكىۋىچ، چېرنىشوۋىسكى، دوستىوۋىسكى، مو-
پاسسان قاتارلىقلارمۇ ئۆز ئەمگەك ــ تالانتىنىڭ شان ــ شەرە-
پىنى كۆرەلمىگەن. بۇنداق مىساللار دۇنيا، جۇڭگو ئەدەبىيات
تارىخىدا نۇرغۇن.
ئاپتور مۇشۇ مەشهۇر شەخسلەرنىڭ هايات يولىنى ئۆز
قەهرىمانىنىڭ ماڭىدىغان يولى قىلىپ تاللىۋېلىشتا، ئوخشاش
بولمىغان ئىككى تۇزۇمنىمۇ ئويلاشقان، لېكىن دۆلىتىمىزدە
ئۇزاق يىل داۋام قىلغان «سول» لۇشيەن، بولۇپمۇ زىيالىيلارغا
قارىتىلغان سىياسەتتىكى «سول» لۇشيەننىڭ ئېغىر زىيانلىرى
ئاپتورنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز جاراهەت پەيدا قىلغانلىقى
ئۈچۈن، ئاپتور ئۆز قەهرىمانىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
«سول» نەرسىلەرگە بولغان غەزەپ ــ نەپرىتىنى يوشۇرۇپ
قالالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆز قەهرىمانىنى پۈتۈن
تۇزۇمنىڭ، پۈتۈن خەلقنىڭ دۈشمىنى قىلىپ تەسۋىرلىمەس-
تىن، ناهەقچىلىك، ساختىلىق، ۋەهشىيلىكنىڭ دۈشمىنى قى-
لىپ تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆز قەهرىمانىغا
ئىشەنچ، غەيرەتمۇ بېرەلىگەن. ئەلانىڭ دوستلىرىنى ئۆلۈمدىن
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يالغاندىن هەربىي بولۇۋېلىپ ئۇرۇمچىگە كې-
لىپ، هۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى بىلەن
كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالىشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.
بۇ چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئاپتور بەزى ئادەملەرنىڭ «ئىز-
دىنىش»نىڭ قەهرىمانى ئەلا سوتسىيالىزم تۇزۇمىگە نارازى دې-
گەن كۆزقارىشىنى رەت قىلىدۇ ۋە هەقلىق هالدا ئۆز قەهرىما-
نىنى هىمايە قىلىدۇ.
هاشىر ئوبرازى توغرىسىدا يۇقىرىدا قىسقىچە توختالدىم.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ هاشىر ئوبرازىنى چۈشىنىشىدە ئۇنچىلىك
چوڭ قىيىنچىلىقمۇ يوق.

تۆۋەندە ئۈچ سۆيۈملۈك قىز ــ گۈزەلئاي بىلەن ئادىلە، رازىيەلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمەن.

بەزىلەر: «ئىزدىنىش»تە ئىلىم ئىزدەش، ھەقىقەت ئىزدەشكە قارىغاندا مۇھەببەت ئىزدەش كۆپ. ئۈچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي سۇژىتى دېيىشتى. دۇرۇس، كىتابتا ياشلارنىڭ مۇھەببىتىگە نۇرغۇن ئورۇن بېرىلدى. ئەلا بىلەن گۈزەلئاي، ھاشىر بىلەن رازىيە، رەقىب بىلەن ئادىلە ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت تۈز سىزىق بىلەن ئەمەس، ئەگرى سىزىق، مەنىۋى پاجىئە يولى بىلەن راۋاجلىنىدۇ. ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئۆز خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرىگە سادىقلىق بىلەن مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئۇچرىسا، ھاشىر دەۋرگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىستىكى بىلەن شەخسىي ھېسسىياتىنى بېسىش ھېسابىغا مەنىۋى پاجىئەگە ئۇچرايدۇ. رەقىب بولسا ساپ ـ پاكىز قىز ئادىلەنى ئۆز ساختىلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلىپ پاجىئەگە ئۇچرىتىدۇ. ئۈچ قىز ئۈچ خىل يول بىلەن مەنىۋى پاجىئەگە يولۇققان بولسىمۇ، ئۇلار بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. كىتابتا بۇ قىزلار بىردىن بالىسى بار، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۆلمىگەن، ئىرادىلىك چوكانلار سۈپىتىدە ئاپتورنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت، ھېسداشلىقى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئاياللار بولمىغان بولسا، جەمئىيەت، ھايات بولمىغان بولاتتى. ئاياللارغا بولغان ھۆرمەت ھاياتقا بولغان ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى. مەن بۇ يەردە ئىككى مەشھۇر ئەدىبنىڭ بۇ ھەقتىكى يالدامىلىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچى. ئۇنىڭ بىرى، بۈيۈك شائىر بايرۇننىڭ «ساردانا فالۇس» ناملىق دىرامىسىدىكى بىر مونولوگ. بۇ مونولوگدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنسان تۇغۇلۇپلا ئايال كۆكسىگە يامىشىپ چوڭ بولىدۇ. بوۋاق تۇنجى گېپىنى ئايالدىن ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۆز يېشىمىزنى ئايال قۇرۇتقان. كۆپ ھاللاردا ئاخىرقى

تىنىقىمىزمۇ ئايال قۇچىقىدا توختايدۇ». ئىككىنچىسى، فىرانسىيە يازغۇچىسى جو ئو ئو (Jouy 1764 — 1864)، ئۇنىڭ مەدھىيەسى مۇنداق: «ناۋادا ئاياللار بولمىغان بولسا ھاياتىمىز باشلانغاندا ھىمايە قىلغۇچى كۈچتىن، ئوتتۇرا ياشلىقىمىزدا شادلىقتىن، قېرىغىنىمىزدا تەسەللىدىن مەھرۇم قالغان بولاتتۇق».

ئاياللارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىغا ئەمدى ئىزاھات بېرىش ئارتۇقچە بولسا كېرەك.

يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىز ئاياللار توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىلمىگەنمىز. «ئايالالار يېرىم دۇنيا» دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي ھەقىقەتكە دائىر تېئورېمىلار بىر يازغۇچى ئۈچۈن تولىمۇ يۈزەكى بىلىم ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئايالالارنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئىلمىي ئاساستا ئەمگەك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ ئايالالارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى، ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ، يېتەرسىزلىك — ئاجىزلىقلىرىنىمۇ چوڭقۇرراق، قايىل قىلارلىق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. گۈزەللىكنىڭ ساداقىتى، جاھىللىقى، نازۇكلۇقى، سەزگۈرلۈكى بىلەن سۇبيېكتىپچانلىقى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشى بىلەن بىخۇدلۇقى، رەزىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىق ئۆزىگە خاس (ئىندىۋىدۇئال) ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەلىي، جانلىق تەسۋىرلەنگەن. گۈزەلئاي لەنجۇدا رەقىبىنىڭ رەزىللىكىنى سېزىدۇ. لېكىن، غۇلجىدا يەنە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ناھىيەگە چىقىدۇ. بۇ ھال ئايالالار پىسخولوگىيەسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاسان يولىنى ئىزدەش ھالىتىگە ئۇيغۇن. گېرمانىيەدە ئەرلەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئايالالارغا مەسلىھەت سېلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلاردا ئايالالار

مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولىنى ئىزدەشكە ماھىر دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. بۇ گەپ ئاياللار پسىخولوگىيەسىگە دائىر كىتابلاردا قوللىنىلغان. يەنە گۈزەلئاي ئەلانى ياخشى كۆرگەنلىكىنى سوغۇق مۇناسىۋەت، قوپال مۇئامىلە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھال «تىرىلىش» (ل. تولستوي) رومانىدىكى ماسلىۋانىڭ نېخلودوفنىڭ غەمخورلۇقلىرىدىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى، ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنى رەت قىلىپ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان سىمىيون ئىسىملىك ئىنقىلابچى بىلەن نىكاھلانغانلىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاپتور گۈزەلئاينىڭ ئەلاغا بولغان مۇھەببىتىنى كىتابخانلارغا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشنىڭ نۇرغۇن ئىمكانىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئۈچ ئەر ئۇنىڭغا خېرىدار بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەلا ئۆلگەن بولىدۇ (ئىغۋا)، مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ گۈزەلئاي ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولىدۇكى، ئەلاغا بولغان ساپ مۇھەببىتىنى خارلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئىككىنچى كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئوڭۇشلۇق شارائىتقا ئىگە بولىدۇ. ئەلا بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قالمايدۇ. لېكىن، بىر ئۆيدە بولسا كۆڭۈلدىكى ساپ مۇھەببەتنىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە نىكاھلىنىشنى رەت قىلىدۇ. ھاشىرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن توي قىلىشمايدۇ». بىر پسىخولوگىيەگە دائىر كىتابتا: بىر گۈزەل قىز ئۆزىنىڭ بىر ھۆرمەتلىك ئۇستازىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەن، ئۇلار توي قىلىدىكەن. لېكىن، قىز تويدىن كېيىن ئېرى بىلەن بىللە بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىدىكەن. چۈنكى، جىنسىي تۇرمۇش ئۇنىڭ قارىشىچە پەسكەشلىك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ قەلبىدىكى ھۆرمىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى خالىمايدىكەن، دەپ يېزىلغان.

ئاپتور گۈزەلئاي ئوبرازىغا ئىشلەشتە ئىمكانقەدەر ھەر خىل دوگما چۈشەنچە، فورمۇلالاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئوبراز خاسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېڭى رەڭ ئىشلىتىشكە تىرىشىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ تىرىشچانلىقى ئۇنۇمسىز قالمىدى.

گۈزەلئاي مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەمەلىي يېزىلغان. ھەۋەس خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ چىقىشىپ ياشىمىقى تولىمۇ قىيىن. فىرانسىيەلىك ئايال ئالىم سىمۇنا باۋۋېر ئۆزىنىڭ «ئايال نېمە؟» دېگەن كىتابىدا يۇقىرىقى ھەۋىسى ئوخشاش بولمىغان ئەر ـ ئاياللار پىسخىكىسىغا مۇنداق ئىككى مىسال كۆرسىتىدۇ: 16 ـ ئەسىردىكى يازغۇچى، خېمىك، ساپال سەنئەت ئالىمى بېنادى بارىس بىر يېڭى خىمىيەلىك بىرىكمىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن ئۆي سايمانلىرىنى يېقىلغۇ قىلىپ كۆيدۈرگەن. ئۇنىڭ ئايالى غەزەپلىننىپ ئالىمنى سېنىڭ بۇ كەشپىياتىڭ بولمىسىمۇ جاھان چاقى چۆرگىلەۋېرەتتى، دەپ تىللىغان. يازغۇچى روسسىنىڭ ئايالى ئۆز ئېرىدىن ھويلىسىدىكى گۈللىرىنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن يازغۇچىنىڭ تىراگېدىيەلىك دىراملىرىنى ھەرگىز ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

گۈزەلئاي توغرىسىدىمۇ ئادىللىق بىلەن شۇنى دېيىشكە بولىدۇ: ئۇ ھۆسنى، قەلبى گۈزەل ئايال، لېكىن ئۇ ئۆز يولدىشىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئۆگىنىش، خاتىرە يېزىشلىرىدىن بىزار. ئۇ ئېرىنى سۆيىدۇ، لېكىن ئېرىنىڭ ئىشىدىن زېرىكىدۇ. ئەلا بولسا ئايالىغا قارىغاندا ئىشنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئىشنى دەپ ھەتتا ئايالىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئە بولماي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئادىلەنىڭ خاراكتېرى گۈزەلئاينىڭ ئەكسىچە. ئۇ شوخ، ئوچۇق سۆز، جۈرئەتلىك، قىساسخور ئايال. لېكىن، ئەسەردە ئادىلە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەخمەق

قىلغۇچى كۈچلەردىن قىساس ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاسان، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇ ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ. ئۇ كېيىنكى يولدىشىنى خورلايدۇ. ئۇ گۈزەلئايغا: «سېسىق بەدىنىمنى بېرىش ھېسابىغا مەن ئۇنى ئالدىمىدا ئۆملىتىمەن، پۇتلىرىمنى يالىتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ھۇزۇرلىنىمەن» دەيدۇ. ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. لېكىن، سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرمايدۇ. ئۇ گۈزەلئاينى قىيىن شارائىتتا ئىزدەپ تېپىپ سولاقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. بالىلارنى ئانىلىق مېھرى بىلەن تەربىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى ئەتراپىدىكى ھەر خىل كۈچلەر بىلەن بولغان كونكرېت مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور ئادىلە ئوبرازىنى كونكرېت تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىدە كۆرگەن، دوستلاشقان، تەقدىرداش بولغان قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان. ئۇ نۇرغۇن «ئادىلە»لەرنىڭ پاجىئەلىك ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان، كۆز يېشىنى كۆرگەن.

رازىيە يۇقىرىقى ئىككى قىزدىن ئۆز خاراكتېرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە بىلىم ـ ئەخلاق ۋە پەزىلەت جەھەتتە خېلى پىشىپ يېتىلگەن. ھاياتنى چۈشىنىشتە كونا، ناچار ئەنئەنىلىك قاراشلاردىن خېلىلا خالىي. ئۇ قەيسەر، دادىل ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ ئايال بولۇپ، يېتىلگەن چاغدىلا ياش ۋاقتىدىكى سۆيگۈنى ھاشىر بىلەن قايتىدىن تېپىشىدۇ. بىز ئۇنىڭ يۇقىرىقى پەزىلەت ۋە ئىشلىرىنى ھاشىر بىلەن يېزىشقان خەتلىرى، تۇرمىدىكى جەسۇرلۇقى، دوستلىرىغا (بولۇپمۇ ئەلا بىلەن گۈزەلئايغا) بولغان غەمخورلۇقلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئاپتور رازىيە ئوبرازىغا ئىشلىگەندىمۇ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان سەپداشلىرىنى يېزىق ئۇستىلىدىن نېرى قىلـ

مىدى. ئاپتور ئۆز ۋاقتىدىكى قىز سەپداشلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن يارامىلىق ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنى رازىيەگە جەملىدى. ئەلۋەتتە، ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتى بولغان بەدىئىي تەپەككۇر، ئىلمىي قىياس ئۇسۇللىرى ئاپتورنىڭ پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىشلەشتە بىر يازغۇچى ئەلۋەتتە ئادەم تەبىئىتىدىكى ماھىيەتلىك بەلگىلەرنى يورۇتۇشقا، بولۇپمۇ ئىچكى دۇنياسىدىكى نازۇك خاسلىقنى ئېچىشقا كۆپرەك كۈچ چىقىرىشى، ھەرگىزمۇ بۇ ئىشنى يۇزەلەشتۇرۇپ تىل، ئىشتىھا، ھەۋەس قاتارلىق ئالاھىدە بەلگىلىرى بىلەنلا چەكلەپ قويماسلىقى لازىم. ھاملىت، دونكىخوت، ئوتىللو، ئاكيۇ قاتارلىق دۇنياۋى تىپلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئەنە شۇ روھىي دۇنياغا دائىر خاسلىقلىرى بىلەن يارقىنلاشقان. «ئىزدىنىش»نىڭ ئاپتورىمۇ مانا مۇشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىشنى ئۇنتۇمىغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى پېرسوناژلىرى يۇزەكى بەلگىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى دۇنيا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەلانۇر ئىسىملىك ۋالىبول ماھىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى دۇنيا ۋالىبول سەھنىسىگە چىقىشقىلا قارىتىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى زادىلا ئويلىمىغان. «قېرى قىز» نامىغا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ ھايات يولىدا باسقان قەدىمىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئاپتور بۇ پېرسوناژنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى بولغان كەسىپچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلمىغان بولسىدى، ئەلانۇر بەلكى ھازىرقىدەك سۆيۈملۈك ئوبرازغا ئايلانالمىغان بولار ئىدى. شۇنداقلا كىتابتىكى ساۋۇتوف ئوبرازىمۇ ئاشۇ مەنىدە تىپ بولۇپ كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سۆيۈملۈك بىر ۋەكىلى بولالىغان. ساۋۇتوفنىڭ ھاياتىنى ئىلىم ـ پەنگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئىشىغا بېغىشلاش يولىدا

ھەرقانداق زەربە، ھەتتا ئۆلۈمنى تەمكىنلىك بىلەن كۈتۈۋالالاي-دىغان روھى ئاپتورنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشى سۈپىتىدە كىتاب-خانلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى بولال-مامدۇ؟

ۋاقىت، ئورۇن مەسىلىسىدە بەزى تەنقىدچى، كىتابخانلار ئاپتورغا پىكىر ۋە مەسلىھەتلەرنى بەردى. ئەلۋەتتە، ۋاقىت بىلەن ئورۇننى تاللاشتا ئاپتور قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن ئوبدان ئويلىنىدۇ. مۇھىمى، پېرسوناژلارنىڭ كىتابتىكى ئورنى، رولى ۋە سەرگۈزەشتىسىگە قاراپ ۋاقىت بىلەن ئورۇننى بېكىتىدۇ. ئەسەردە بۇ نەرسىلەر ئەڭ مۇھىم نەرسىلەر ھېسابلانمىسىمۇ، كىتابخانلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىگە بولغان قىزىقىشىنى كۆزدە تۇتقاندا سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلە. «ئىزدىنىش»نىڭ ئاپتورى ئۆز كىتابىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى ئويلىغاندا، ئۆزى ياشىغان (بىلىدىغان) شارائىتنىڭ چەك - چېگراسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. مەسىلەن، ئاپتور غۇلجىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئۇرۇمچىگە، لەنجۇغا بارغان ھەم 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرى يەنە جازالىنىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. تاكى 1974 - يىلىغىچە غۇلجىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان (چالا - بۇلا بولسىمۇ). مانا بۇ لىنىيە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ ۋاقىت، ئورنى ئۈچۈن ئاساس بولغان. بۇ ھال «پولات قانداق تاۋلاندى» (ن. ئوستروۋسكى)، «ئائىلە» (باجىن) دېگەنگە ئوخشاش مەشھۇر ئەسەرلەردىمۇ مەۋجۇت. ئاپتور ئۆزىگە تونۇش بولغان تۇرمۇشنى ئۆز كىتابىغا ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرى 1960 - يىللارنىڭ بېشىدىكى جۇڭگو تۇرمۇشىنى (زىيالىيلار تۇرمۇشىنى) كەڭرەك، ئەمەلىيرەك ئەكس ئەتتۈرۈشنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىشتە بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، لەنجۇدا سادىر بولغان ئىشلارنى

ئۇرۇمچىگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ بەدىئىي تـوقۇلما ئـۇسۇلىدىـن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولسا مۇمكىنچىلىك بار ئىـدى. لېكىـن، ھازىرقى ۋاقىت، ئورۇنمۇ (كىتابىتىكى) ئاپتورنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشىغا كاشىلا بولمىدى.

ئەللىك يىل قىسقا ۋاقىت ئەمەس. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىنـ-سانىيەت تارىخىدا تولىمۇ چوڭ ئىشلار بولىدۇ. بىر ئىنسان ھا-ياتىدىمۇ نۇرغـۇن ئىشلار يـۈز بېرىدۇ. رومـەن روللاننىـڭ «ژان كىرىستو» ناملىق رومانى سەككىز توملـۇق رومان. بۇ رومانـدا بىر ئادەمنىڭ قىرىق تۆت يىللىق ھاياتى تەسۋىـرلەنگەن، نـاۋادا ئاپتور ئۆزى بىسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى بويلاپ بەدىـئىي تەپـەك-كۇر يۇرگۈزۈپ قەلەم تەۋرەتكەن بولسا، بەلكى تولىمۇ چوڭ ئە-سەر پۈتكەن بولار ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ يازغىنى ئۆز ھاياتىنىڭ قىسقىلا ۋاقتى — قىـممەتلىـك ياشلـىق، قىـران چـاغلىرى. بـۇ چاغلار تەكرارلانمايدىغان، جۇشقۇن، غايىلىك، مەنىلىك چاغـلار. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، پۇشايمـان بىلەن تـۇ-زىگىلى بولمايدىغان سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلغان چاغلار. شـۇ-نىڭ ئۇچۇن كىتابتا كۆرۈلگەن سـەۋەنلىـكلەر ئـۇچۇن ئاپتـور ئۆز كىتابخانلىرىدىن ئەپۇ سورايدۇ.

1989 - يىلى 27 - نويابىر

# يېزىش ئاسان، يازغۇچى بولماق تەس...

يازغۇچىلار تىنىمسىز ئەمگەك قىلغۇچىلار، مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى مېھنەتكەشلەردۇر. «يازغۇچىغا تەتىل يوق» دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان. سىز بىر يازغۇچىنى ئەڭ ياخشى دەم ئېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويسىڭىز، ئۇ ھەرگىزمۇ شۇ يەردە ھۇزۇرلىنىپ ياتمايدۇ. ئەكسىچە، خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك تىنماي شىرنە يىغىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ: «ماڭا ھەممىدىن زۆرۈرى ئەمگەك» دېگەن فىرانسىيە يازغۇچىسى ژىيول ۋېرىن، ئۇ يەنە: «ھاياتىمدىكى ۋەزىپەممۇ ئەمگەك. خىزمەت قىلمىغان ۋاقىتلىرىمدا، ھەتتا مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنىمۇ ھېس قىلمايمەن» دېگەنىدى. بالزاكمۇ «مېنىڭ ھاياتىمنىڭ مەنىسى ئەسەرلىرىم» دەپ يازغانىدى. ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيەسىدە بالزاكنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى توغرىسىدا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى تالانت ۋە زېھنىي كۈچ بىلەن يىگىرمە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە توقسان پارچە ئەسەر ئىجاد قىلغان. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا تۆت ـ بەش پارچىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئون سائەت مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ يازاتتى. دائىم سوتكىسىغا ئون سەككىز سائەتلەپ خىزمەت قىلاتتى. ئىلھامى قايناپ تاشقان چاغلاردا بىرنەچچە كۈنلەپ ئارام ئېلىش ۋە غىزالىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.»

يازغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى ۋە پىداكارلىق روھىنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئىسپاتلاردىن بىرنەچچە يۈز، ھەتتا بىرنەچچە مىڭنى ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيەسىدىنلا تېپىپ بې-

ـرىشىم مۇمكىن. شۇنداقلا مەنپەئەت ۋە شان ـ شەرەپ تەمەسـ ـدىن يىراق، نەچچە توم كىتابلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ ئاز ئىش قىلدىم، دەيدىغان قەلەمكەش دوستلىرىم ئىچىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان مىسالالارنى كۆرسىتەلىشىم مۇمكىن. شۇڭا، كەسـ ـپىي يازغۇچىلار توغرىسىدىكى «ھەم مائاش ئالىدۇ، ھەم قەلەم ھەققى ئالىدۇ»، «راھەت شۇلارنىڭ»، «جەمئىيەتنىڭ ئەركە بالىـ ـلىرى»، «ئۇلارنى دۆلەت بېقىۋاتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭـ ـلىغاندا دائىم ئاچچىق كۈلۈپ قويىمەن. «ئەمگەكچىنى دۆلەت بېقىۋاتىدۇ» دېگەن مەنتىقە نەدىن پەيدا بولغاندۇ، دەپ ھەيران بولىمەن.

ئەلۋەتتە، «يازغۇچى» دېگەن تونىنى كىيىۋېلىپ، ساختىپەزـ ـلىك قىلىپ، مەنپەئەت ئالىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس، لېـ ـكىن بۇ خىل ئادەملەر ھەرگىزمۇ «يازغۇچى» ئەمەس، جان باقار ساختىپەزلەر، خالاس. ئۇنداقتا، يازغۇچى بولۇشنىڭ كونكرېت شەرتلىرى بارمۇ؟

مېنىڭچە، تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى ھەقىقىي يازغۇچىلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، تۇغما تالانت. بۇ خاسلىقسىز يازغۇچى بولۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. «يازغۇچىلىق ھۈنىرى»نى ئالىي مائارىپ ياكى شاگىرت تەربىيەلەش يولى بىلەن يېتىلدۈرگىلى بولمىسا كېرەك. يازغۇچى تەبىئىي تالانتقا تەربىيەلىنىشنىڭ قوشۇلۇشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. تەبىئىي تالانتى بولمىغان كىشىنى تەربىيەلەش ياكى مەجبۇرلاش يولى بىلەن يازغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ تالانت بەزىدە بالدۇر، بەزىدە كېيىنرەك بايقىلىشى، ھەتتا بايقالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ھەقىقىي يازغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئالدىنقى شەرت. تەقلىد ـ دورامچىلىق گەرچە ئىجادىيەت يولىنىڭ بىر باسقۇچى بولسىمۇ، ئۇ يازغۇچى بولۇشنىڭ داغدام يولى ئەمەس. ھەقىقىي تالانت بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەر باشقا پەنلەردىكى

كەشپىياتلارغا ئوخشاش قىممەتلىك. بۇ كۆزقاراشنى دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەرمۇ مۇئەييەنلەشتۇرگەن. لۇشۇن ئەدىبلەرنىڭ بىر مىللەت، بىر دەۋر، بىر ئەقىدىنىڭ ۋەكىلى بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ: «ئىتالىيە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا بىر پۈتۈن ھالەتتە قالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دانتى چىقتى ھەم ئىتالىيە ساداسى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى... روسلار ساداسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، جۇشقۇن ئىدى... ئۇلار يەر ئاستى دەريا ئېقىمىغا ئوخشايتتى، ئەمما قۇرۇق قۇدۇق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىگە كەلگەندە گوگول دۇنياغا كەلدى... ئاگمان بىر ۋاقىتلاردا گيۇتىدىن بايرۇن توغرىسىدا سورىغاندا گيۇتى: ‹بايرۇننىڭ قەيسەر ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئۆزى تەربىيەۋى ئەھمىيەت. ئۇنى چۈشەنگەن كىشى تەربىيەگىمۇ ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بايرۇننىڭ ساپلىقى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئۈستىدە سوئال قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟› دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە ‹دۇنيادا ئەدەبىيات پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىنسانلار تاكامۇللىشىشقا يۈزلەنگەن...› دېگەندەك مەشھۇر سۆزلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ستالىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە سوۋېت خەلقىنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇش مەقسىتىدە: «بۇ بىر توپ خۇدىنى يوقاتقان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھايۋان تەبىئەتلىك تەلۋىلەر ئۇلۇغ رۇس مىللىتىنى يوقاتماقچى. پېلىخانوف ۋە لېنىن، بېلىنىسكى ۋە چېرنىشۋىسكى، پوشكىن ۋە تولستوي، گېلىنكا ۋە چايكوۋسكى، گوركى ۋە چېخوف، سېچنوف ۋە پاۋلوف، رېپىن ۋە سوركوف، سوۋورۇف ۋە كوتوزوف مىللىتىنى يوقاتماقچى...» دەپ سۆزلىگەن. رۇس مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇ ئون ئالتە كىشىنىڭ قاتارىدا بېلىنسكى، چېرنىشۋىسكى، پوشكىن، تولستوي، گوركى، چېخوف، گېلىنكا، رېپىن، چايكوۋسكى قاتارلىق يازغۇچىلارنى ۋە سەنئەتكارلارنى تىلغا ئالغان.

ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان پىداكارلىق روھىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ھەقىقىي يازغۇچىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئىككىنچى مۇھىم شەرتى. زادىلا ئۆزىنى ئويلىماي، پايدا ـ زىيان قوغلاشماي، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئىجادىيەت يولى جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ. ئىجادىيەتنىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىدا تەبىئەت ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان تۈرلۈك توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىگەندىلا پارلاق مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ پىداكارلىق روھى مەسئۇلىيەتچانلىق، يەنى خەلق بىلەن خۇشاللىق ۋە غەم ـ قايغۇدا ھەمنەپەس بولۇش، ھەرگىزمۇ شامالغا قاراپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان جان باقارلاردىن بولماسلىقتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يازغۇچى ئۆزىنى مەلۇم چاقىرىق، مەلۇم ھەرىكەت ياكى مەلۇم تار مەنىدىكى گۇرۇھنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىماستىن، خەلقنىڭ ۋەكىلى، خەلق مەنپەئەتىنىڭ ھىمايىچىسى، دەۋر ماھىيىتىنىڭ ئىنكاسچىسى ھېسابلاش دېگەنلىك. شولوخوفنىڭ 1930 ـ يىللاردا خاتا ھالدا قارىلانغان كازاكلارنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالىشى، ماكسىم گوركىينىڭ لېنىن بىلەن زەربە يېگەن سوۋېت زىيالىيلىرىنى ھىمايە قىلىپ سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالىشى، لۇشۈننىڭ 1930 ـ يىللاردىكى قەيسەرلىكلىرى مانا بۇ خىل پىداكارلىق روھنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

يازغۇچى بولۇشنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: بىلىمگە بولغان ئىنتىلىش. بىلىم تالانت ئىگىسى ئۈچۈن قاناتتۇر. بىزنىڭ نۇرغۇن تالانتلىق ئادەملىرىمىز ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنى بىلىم بىلەن يېتىلدۈرەلمەي، ئاخىر تالانتىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ بىر ئاچچىق ساۋاق. خەلققە، ئۆز ئىشىغا سادىق يازغۇچى جەمئىيەت، تەبىئەت،

تۇرمۇش ۋە ئىنسان توغرىسىدا كەڭ، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئېنگېلس بالزاكنىڭ «ئىنسان كومېدىيەسى»دىن ئۆگەنگەن ماتېرىياللىرى توغرىسىدا: «ھەتتا ئىقتىسادىي پىروبلېملار جەھەتتە (ئىنقىلابتىن كېيىنكى كۆچمە مەبلەغ ۋە مۇقىم مەبلەغ توغرىسىدىكى مۇھىم تەھلىللەر جەھەتتە) ئۆگەنگەن نەرسىلىرىم شۇ چاغدىكى بارلىق كەسپىي تارىخشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ئىستاتىستىكىشۇناسلاردىن ئۆگەنگەنلىرىمدىنمۇ كۆپ بولدى» دەپ يازغان. 18 ـ ئەسىردىكى گېرمانىيە ئۇلۇغ، تالانتلىق شائىرى، دىراماتورگى شېللېر ياش ۋاقىتلىرىدا «سۇيىقەست ۋە مۇھەببەت»، «دان. كادروس» قاتارلىق دىرامىلىرى بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز بىلىمىنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلغاندا دەرھال يېزىشنى توختىتىپ يەتتە يىل باش چۆكۈرۈپ تارىخ، پەلسەپە ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «توققۇز يىللىق ئۇرۇش تارىخى»دەك ئاجايىپ ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنياۋى شائىر، دىراماتورگ بولۇپ يېتىلىدۇ. گېرمانىيە ئۇلۇغ شائىرى گيۇتىنىڭ ئوپتىكا (نۇر ئىلمى) مەسىلىلىرىدە ئەنگلىيە ئالىملىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى، يېقىنقى يىللاردا يازغۇچىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۆجىزىلىرى توغرىسىدا ئاجايىپ ئەسەرلەرنى يارىتالىغانلىقى يازغۇچى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى قاتلام بىلىم ئەھلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى ئىلىم ـ پەن دەۋرى قەلەم ئىگىلىرىدىن ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش، مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئۇنۇمگە ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ بىلىم ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭ بىر قىسىم خېلى تالانتلىق ئاپتورلىرىمىزنىڭمۇ ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى، ھەتتا مەسخىرىگە قېلىشى دەل ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن بولغان. بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىز ئىچىدە قۇرۇق داۋراڭ سالىدىغان، يو ئېتىشقا ئامراق ئادەملەر ئاز

ئەمەس. ئۇلار ئىلىم - پەن توغرىسىدا ھېچقانچە بىرنېمە بىلمەيدۇ، بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. سېزىمچانلىقلا تايىنىپ جان باقىدۇ. «ھاۋا رايى»غا، گېزىت خەۋەرلىرىگە سەزگۈرلۈك بىلەن زەن قويىدۇ - دە، بارلىق ھۈنىرىنى، قەلەم كۈچىنى مەلۇم تار گۇرۇھنىڭ بارىكاللىسى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ نام - شەرەپ تاپىدۇ. مەن ئەدەبىياتىمىزغا مۇھەببەت باغلىغان پىداكار قەلەمكەشلىرىمىزگە ئازراق داۋراڭ سېلىپ، كۆپ ئۆگىنىشنى، ئۆزىنى ئازراق ئويلاپ، خەلق رايىنى كۆپرەك نەزەردە تۇتۇشنى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «يازغۇچى» بولۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆپرەك ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يازماق ئاسان، يازغۇچى بولماق تولىمۇ تەس. نەچچە مىڭ ئادەم يازىدۇ، بىرنەچچىلا ئادەم يازغۇچى بولالايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئاساسەن توشىدۇ ياكى شەرتلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ تىرىشچان، ئۇ - مىدۋار قوشۇنىمىزدا يىگىرمە نەپەر كەسپىي يازغۇچى بار. بۇ يازغۇچىلار 1988 - يىلى كەسپىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن بېرى، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئاشۇرۇپ ئو - رۇنلاپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىي تېپىشىدا يادرولۇق رول ئويناپ كەلدى. ئۇلار ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك مۇكا - پاتلارغا ئېرىشتى، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە تەسىر قوزغىدى. يېقىندا «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» ئۆتكۈزگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتىدە يۇقىرى ئاۋازغا ئىگە بول - غان توققۇز نەپەر قەلەمكەشنىڭ تۆت نەپىرى كەسپىي يازغۇچى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، كەسپىي يازغۇ - چىلىرىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋەكىللىرى، غۇرۇرى، شان -

شەرەپ تاپقۇچىلىرى، ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئاۋانگارتلار.

بۇ قوشۇننى ئاسراش، پەرۋىش قىلىش، زورايتىشقىلا بولىدۇ، قىرقىۋېتىش، يوقىتىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ قوشۇننىڭ رولى ۋە مۇھىملىقىنى پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىز ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئاپتونوم رايونىمىز ھەر يىلى كەسپىي يازغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلارغا بىرقەدەر ياخشى تۇرمۇش شارائىتى، ئىجادىيەت شارائىتى يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ. ناۋادا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا كەسپىي يازغۇچىلار سانى 1950 ـ ۋە 1960 ـ يىللاردىكى تۆت نەپەر (زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوف، ۋاڭ يۈخۇ، بۇقاراتىشقانبايېف)تىن ھازىرقى يىگىرمە نەپەرگە تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى.

بۇ غەمخورلۇقنى خەلقىمىز، ئەدەبىياتىمىز ئۇنتۇمايدۇ.

لېكىن، كەسپىي يازغۇچىلار قوشۇنى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، بەزى ماددىي قىيىنچىلىقلار سەۋەبى بىلەن ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى، ئويناشقا تېگىشلىك رولىنى راسا ۋايىغا يەتكۈزەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە تەلەپلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولمىدى. بەزىدە تۆۋەنگە چۈشۈشكە خىراجەت يېتىشمىدى. بەزىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بولدى، بەزىلەرنىڭ سالامەتلىكى ناچار بولدى. كەسپىي يازغۇچىلارنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا تەجرىبە يېتەرسىز بولدى. شۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتتە كەسپىي يازغۇچىلارغا نىسبەتەن خاتا تونۇش ۋە چۈشەنمەسلىكلەر پەيدا بولدى. بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە كەسپىي يازغۇچىلار ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە ئوخشاپ قالدى. بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە راستىنلا

«يوك» ھېسابلىنىپ قالدى. ھەتتا بەزىلەر قويىدىغان جاي تېپىلمىغان خادىملارنى «كەسپىي يازغۇچى بول» دەيدىغان بولۇۋالدى.

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىرىمىز كۈننى راھەت ـ پاراغەت، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقىنى يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىشىدا نۇرغۇن پىلان، ئۈستىدە ئېغىر يۈك بار. بەزىلەر دېگەندەك ئۇلار باي بولۇپ كەتكىنىمۇ يوق. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرىي كادىرلارنىڭكىدىن تۆۋەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارنى ھەرقانداق بىر كىچىك تىجارەتچىگىمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ باي دېگەنلىرىنىڭ بانكىدا بىرەر تۈمەن پۇلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، خېلى كۆپلىرىنىڭ قەرزى بار، مائاشى تۆۋەن، قەلەم ھەققى ئاز. گەرچە دۆلەت ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەققىنى مىڭ خېتى قىرىق يۈەن دەپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مالىيە قىيىنچىلىقى ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم يىگىرمە يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ كەسپىي يازغۇچىلار قوشۇنىمىز نامرات، جاپاكەش، ئەمگەكچان قوشۇن. ئۇلارنى يېتىم باللار مەكتىپى ئېچىپ، دۇنيا بويىچە يېتىم ـ يېسىرلارنى يىغىپ تەربىيەلىگەن تاگورغا، نەچچە داچىسى، ماشىنىسى، ئايروپىلانى، پاراخوتلىرى بولغان بەزى چەت ئەل يازغۇچىلىرىغا تېخىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار بارىغا شۈكۈر قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئىجادىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىجاد قىلماقتا.

بۇ ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئەمگەكچان قوشۇننىڭ سانىمۇ بە-

زىلەر قاقشىغاندەك ئۈنچىلىك كۆپ ئەمەس. ئوتتۇرا ھېساب بى-
لەن تەخمىنەن بىر مىليون ئادەمگە بىر يازغۇچى توغرا كېلى-
دۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خەلققە تەقدىم قىلغان ماددىي، مەنىۋى
بايلىقى ئۆز سانىغا نىسبەتەن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئۇلارنىڭ
ئالدى خەلققە ئۈچ ـ تۆت مىليون خەتلىك ئون نەچچە توم كى-
تاب، ئاز دېگەنلىرىمۇ تۆت ـ بەش توم كىتاب تەقدىم قىلدى.
بۇ سانلار تارىختا ئۆتكەن ۋە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان
چەت ئەل ۋە ئۆز يازغۇچىلىرىمىزغا سېلىشتۇرۇلسا، كىشىنى
خۇشال قىلىدۇكى، ھەرگىز مەيۈسلەندۈرمەيدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ
ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزغا
يەنىلا يېتەرلىك ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى
تېخى دېگەندەك ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار بەھرىمەن
بولۇشقا تېگىشلىك ئېتىبارلاردىن چەتتە قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ
ئىقتىسادىي قىممەت تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ
ئورنى بىۋاستە ئىقتىسادىي بايلىق يارىتىدىغانلارنىڭكىدىن كۆپ
تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ خىل تەڭسىزلىكنى
دەۋر، خەلقىمىز چوقۇم تۈگىتەلەيدۇ. مەن بۇ يەردە «پۇل دېمەك ــــ
ھەممە دېمەك» دەيدىغان، ئەدەبىياتنى «بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ»
دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە لۇشۇننىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەس-
لىتىپ قويۇشنى زۆرۈر ھېسابلايمەن: «ئەمەلىي مەنپەئەتكە بې-
رىلىپ كەتكەن كىشىلەر شۇنى بىلىۋالسۇنكى، ئالتۇن ۋە تۆمۈر
بىلەن دۆلەتنى كۈچەيتكىلى بولمايدۇ». 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن
ئەنگلىيە پەيلاسوپى، ئىقتىسادشۇناس جون. مىل ئېيتقاندەك:
«يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى ئىلىم ـ پەننى چارە ـ تەدبىر،
ئىدراكنى روھ، مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغان. ئومۇمىي يۈزلى-
نىش شۇنداق بولغان يەردە، ئەدەبىياتنىڭ رولى تېخىمۇ كۆرۈ-
نەرلىك بولۇشى تەبىئىي. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇ بىزنى رو-
ھىي جەھەتتىن تەربىيەلەيدۇ، روھىي جەھەتتىن تەربىيەلەش

ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى ھېسابلىنىدۇ... ئۇنىڭ تەربىيە ئەھمىيىتى ئادەتتىكىچە بولماستىن، بەلكى ئۇ كىشىلەرنى ئاڭ-لىق ۋە مەردانىلەرچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە، جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ...»

ئەدەبىياتنىڭ رولىنى تونۇغان ئادەملەرلا ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرەلەيدۇ. ئەدەبىياتنىڭ پۇل بىلەن ئۆل-چەنگىلى بولمايدىغان يۇقىرى قىممىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئۇلار چوقۇم جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل يۈكسەك مەنىۋى قاتلىمىنى كېڭەيتەلەيدۇ، مۇستەھكەملىيەلەيدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 14 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئەدەبىيات - سەنئەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئەتراپلىق يېتىشكەن، جۇشقۇن كەسپىي ئىجا-دىيەت قوشۇنى بولماي تۇرۇپ، ئەدەبىياتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ھازىرقى مۇھىم ئىش بۇ قوشۇننى تارقىتىش، قىرقىش ئەمەس، بەلكى بۇ قو-شۇننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ، ئۇلارغا بولغان يېتەك-چىلىك، غەمخورلۇقنى كۈچەيتىشنىڭ يوللىرىنى تېپىش، بۇ قوشۇننىڭ ساپاسىنى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر بىلەن ئۇلارنى جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ھۈنەر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتتە بەھرىمەن بولۇشقا تې-گىشلىك نېسىۋىلىرىگە كونكرېت بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى بې-كىتىپ بېرىش كېرەك.

مانا بۇ ئىشلارنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ھازىرقى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات دەۋرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، پۈتۈن خەلقنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن زۆرۈر. ھازىر تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان: «كەسپىي

يازغۇچىلارغا مائاش بېرىش كېرەكمۇ، يوق؟ ئەدەبىي ئەسەرلەر تاۋارلىشىشى كېرەكمۇ، يوق؟ كەسپىي يازغۇچىلارمۇ ‹يەككە ئىگىلىك، بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەكمۇ، يوق؟» دېگەندەك نازۇك مەسىلىلەر ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىقتىسادىي ئورنىمىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەل بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، كەسپىي يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساقلىنىشى زۆرۈر. ئۇلار بولمىسا ئەدەبىياتىمىز راۋاجلىنالمايدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى بۇ كەسپىي قوشۇنغا موھتاج.

# تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە نادىر ئەسەر يارىتىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن تالانت ئىگىلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىش دەۋرىنىڭ ساداسى، خەلقىنىڭ ساداسى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ۋەزىيىتىنىڭ ساداسى. بىز بۇ نۇقتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز، بۇ يولدا ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىز، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت زېمىنىمىزدا ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ چىقىشى، تالانت ئىگىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىگە ياخشى ئىمكان يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ جاپالىق ۋەزىپىنى ھەربىر قەلەم ئىگىسى ھېس قىلىشى، ئۆزدە مەسئۇلىيەت ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، پىداكارلىق ئېڭى يېتىلدۈرۈشى، ئېسىل ئەسەرلەر، تالانت ئىگىلىرىنىڭ تېزرەك، كۆپرەك مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېسىل ئەسەر دېگەن نېمە؟ تالانت ئىگىلىرى دېگەن ئۇقۇمنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېسىل ئەسەر دېگىنىمىز، چوڭقۇر ئىدىيەۋىلىككە ئىگە، بەدىئىيلىكتە كامالەتكە يەتكەن، كۈچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە، جەمئىيەتتە ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەسىر قوزغىيالايدىغان ئەسەر دېگەنلىك. كۈچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنىڭ بولۇشى ئىدىيەۋىلىك بىلەن

بەدىئىيلىكنىڭ مەھسۇلى. بولۇپمۇ بەدىئىي تارتىش كۈچى بولمىغان ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش، تەسىر قىلىش كۈچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، يۇقىرىقى بەش مەسىلە ئىچىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە بەدىئىيلىك مەسىلىسىدۇر. ھەممىگە ئايانكى، بەدىئىيلىك تېما، تۇرمۇش پۇرىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئوبراز يارىتىش، تىل سەنئىتىگە ئوخشاش مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەر قارىماققا كونا، كۆپ تەكرارلانغان بولسىمۇ، بىز تېخى ئۇلارنى دېگەندەك ياخشى ھەل قىلىپ كېتەلىگىنىمىز يوق. مەسىلەن، تېما تاللاشتا نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز زور ۋەقەلەر، ئاتاقلىق شەخسلەر، كالېندارچىلىق، شوئارۋازلىق قاتارلىقلارنى قوغلىشىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق تېمىلارنى تاللىغاندىلا، ئەسەرنىڭ قىممىتى زور، ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ئاددىي، ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان كۈندىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. شۇنىمۇ تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئاددىي تۇرمۇشنى، ئاددىي ئادەملەرنى جەلپ قىلىش كۈچى بار ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس، ھەقىقىي بەدىئىي دىت، ماھارەت ۋە قابىلىيەت مانا مۇشۇ يەردە ئىشلەيدۇ. ئىقتىدارلىق ماھارەت ئىگىسى مانا مۇشۇنداق ئاددىي كۆرۈنۈش ئىچىدىن بۈيۈك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ. ئافرىقا يازغۇچىسى ۋىلئام فاكنو ھاياتىدا ئون توققۇز رومان، يەتمىشتىن كۆپ ھېكايە يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى ھەر خىل قاتلام ئادەملىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ پىروتوتىپى قىلغان. ئۇ «پوچتا ماركىسىچىلىك كېلىدىغان يۇرتۇم يېزىشقا ئەرزىيدىغان يەر، بۇ يەرنى ئۆمۈر بويى يېزىپ بولالمىغۇدەكمەن» دەپ يازغان. ئاددىي ئادەملەر، ئاددىي تۇرمۇشنى چوڭقۇر قېزىش بىر ماھارەت ئىگىسىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش دېگىنىمىز، ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر يولى

مۇشۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۈيۈك شەخسلەر، زور ۋەقەلەر توغرىسىدا ئەسەر يېزىشمۇ زۆرۈر ۋە بۇنىڭ مىساللىرىمۇ كۆپ. دېمەكچى بولغىنىمىز، تېما تاللاشتا كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىزنىڭ خېلى كۆپ يازغۇچىلىرىمىز ساياھەتچىلەردەك تۇرمۇش دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرىدۇ. بىردە ئۇنى، بىردە بۇنى چالا - بۇلا ئۆگىنىدۇ - دە، بىرەر ۋەقە، بىرەر شەخسنىڭ ھاياتىدىن رومان يېزىشقا ئالدىرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ ئىسىل ئەسەرگە بولغان تەشنالىقى قانمايۋاتىدۇ.

رومانلىرىمىزدا تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئاددىي، يۈزە، تۇرمۇش پۇرىقى سۇس بولماقتا. بىر ئاپتور رومانىنىڭ تۆت بېرىدە ئۆز قەھرىمانىنى «ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ...» دەپلا ئالدىراش يازغان. مەن ئاپتوردىن: «ئەتىگەنلىكى نېمە يېدى؟» دەپ سورىسام، كونكرېت بىر نەرسە دەپ بېرەلمەي: «تاماق يېمەمدۇ!» دەپ تېرىكتى. ناۋادا ئۇ تېما ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا «زاغرا بىلەن سوغۇق سۇ»، ياكى «سۇتلۇك چاي بىلەن مايلىق توقاچ»... دېگەندەك كونكرېت جاۋابلارنى بەرگەن بولاتتى. مەن ئۇ كىشىگە: «نەۋايى» رومانىدا تۇغانبەك تەسۋىرلەنگەن مۇنداق بىر پارچە بار: «تۇغانبەك ئەتىگەندە بىر موماينىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ. موماي چىققاندا، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ شاراب ئاچىق دەيدۇ. موماي يالۋۇرىدۇ، ئاخىرىدا بىر چۆچەكتە شاراب ئاچىقىدۇ». تۇرمۇشنىڭ بۇ ھۇجەيرىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان يازغۇچى بىزگە تۇرمۇشنى قانچىلىك چوڭقۇر، ئىنچىكە، دەل ئەكس ئەتكۈزۈش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، دېدىم.

دەۋر ئاساسى بولغان رومانلىرىمىزدا خەلقىمىز ئۆز تۇرمۇشىنىڭ كەڭ، چوڭقۇر، گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرەلمىسە، قانداقمۇ ئەدەبىياتىمىزدىن ھۇزۇرلىنالىسۇن؟ تۇرمۇش ئاددىي،

يەنى ئادەملەر ئۈچ ۋاق تاماق يەيدۇ، كىيىم كىيىدۇ، ئىشلەيدۇ، ئۆي تۇتىدۇ، بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ. لېكىن، تۇرمۇش خاسلىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇ خاسلىق دۆلەت، مىللەت، رايون، ئائىلە، شەخسلەرنىڭ مىجەز، ئىدىيە، ھەرىكەت، قىلىقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇرمۇش مۇرەككەپ. بىزنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىمىزدە چوڭ گەپ تولا، نازۇك، ئىنچىكە، تۇرمۇشقا يېقىن تەسۋىرلەر كەم. بىر كۈنى سەيپۇللايوف ئاكا بىرقانچىمىزگە: «سىلەرنىڭ رومانلىرىڭلاردا تۇرمۇش بەك يۇزە. تارىخىي رومانلاردا ئادەم ھۇزۇرلانغۇدەك تۇرمۇش يوق» دېگەنىدى. بۇ ناھايىتى توغرا تەنقىد. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە جيا ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى نەقەدەر ئىنچىكە، ئەتراپلىق ۋە پۇختا تەسۋىرلەنگەن ـ ھە! ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىدىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە شۇنچە دەل، شۇنچە ئېنىق، شۇنچە ئالاھىدە يېزىلغان. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە بولسا، ئەكسىچە تۇرمۇش غۇۋا، ئومۇمىي ۋە يۈزە تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنى بىلىش زۆرۈركى، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋەقەنى جانلاندۇرىدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئەسەر قەھرىمانلىرىنى خاسلىقتا، چىنلىقتا ئىگە قىلىپ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. تاللىنىۋالغان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش ھۆججەتلىرىنى قىلچە بىلمەي تۇرۇپ رومان يازىدىغان ئاپتورلىرىمىزغا شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، سىزنىڭ رومانىڭىزنى ئوقۇغان شۇ تۇرمۇشنىڭ ھەقدار ـ شاھىتلىرى سىزدىن رەنجىيدۇ، كۈلىدۇ. ئۇلار رومانىڭىزدا ئۆزىنى، ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن تۇرمۇش يولىنىڭ ئەينەن ئۆزىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى ھەممىلا يەردە سىز، سىزنىڭ تېپىتىقسىز ۋەز ـ نەسىھەتلىرىڭىز، خاھىش ـ تەشەببۇسلىرىڭىز، سىز ياساپ چىققان سۈنئىي، غايىۋى، چاكىنا ھايات ۋە ئادەملەر بولىدۇ، خالاس.

رومانچىلىقىمىزدىكى يەنە بىر ئاجىز ھالقا ئىپادىلەش

ئۇسۇلىنىڭ كونىلىقىدىن ئىبارەت. بايان، دىيالوگ، تەسۋىر،
سۈرەتلەش، ئىزاھات، نەقىلگە ئوخشاش بەش - ئالتە خىل
ۋاستە ھەممىلا ئەسەرلىرىمىزدە ئۇچرايدۇ. بۇلارسىز ئەسەر
يېزىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەقىقەت. بىز كونا ئىپادىلەش ئۇ-
سۇللىرىغىلا ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ، يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇ-
سۇللىرىنى سىناق قىلىشىمىز، مۇشۇ ئاساستا ئۆزىمىزگە
خاس مىللىي ئۇسلۇب يارىتىشىمىز كېرەك. مۇھەممەت باغراش
يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇنۇمى ياخشى
بولدى. «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ياكى «يۈز يىل غېرىب-
لىق»نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۆزگىچە، ئۇلاردىن ئىلھام
ئالساق بولىدۇ، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئۇن چوڭ ئىپادىلەش
ئۇسۇلىدىن، «مىڭ بىر كېچە»، «بابۇرنامە»دىكى مىللىي ئالاھى-
دىلىكتىن پايدىلانساق ۋە ئىلھام ئالساق، بۇلارنى بىرلەشتۈرۈش
ئارقىلىق ئۆزىمىزگە خاس ئۇسلۇب ياراتساق بولىدۇ. شېئىرد-
يەتتە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىمىز بار، نەسرىي ئەسەرلىرىمىزد-
مۇ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز
كېرەك. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇب خاسلىقى ئۇنىڭ
چوڭ بايلىقى، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ نەسرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرىمىز ئىچىدە ئۆز ئۇسلۇبىنى شە-
كىللەندۈرگەنلەر ناھايىتى ئاز. ئۇسلۇبتىكى قاتماللىق، كونى-
لىق بىر خىل ئەيىبىمىز. خۇيزۇ يازغۇچىسى جاڭ چېڭجۇ بىر
كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە «سۇبھى» ناملىق پوۋېستىمنىڭ خەنزۇچى-
سىنى قىزىقىپ ئوقۇدى. ئۇ ماڭا: «ئۇسلۇبى ئالاھىدىكەن، ھەر-
بىر كىچىك ماۋزۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسمىكەن، قىزىق» دېگەن-
دى. لېكىن، مەن بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى كامالەتكە يەتتىم، دې-
مەكچى ئەمەسمەن، مەن يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ بىللە تىرىشىپ
ئۇسلۇبتا يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئېسىل بىر رومانىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ
ئۇنتۇلغۇسىز ئوبرازلارنى يارىتالىغانلىقىدا. دېمەك، رومانچى-

لىقتا ئوبراز يارىتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەدەبىياتىمىزدا گەرچە
قىرىق ـ ئەللىك رومان، بىرنەچچە يۈز پوۋېست ۋە نۇرغۇن
ھېكايىلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، كىتاب بەتلىرىدىن رېئال
ھاياتقا تەبىئىي ھالدا يۈگۈرۈپ چىقالايدىغان يارقىن، يېقىشلىق
پېرسوناژلار تولىمۇ ئاز. ھەممە ئەسەرلىرىمىزدىكى پېرسوناژلار
بىرنەچچە مىڭغا يېتەر، لېكىن بەدىئىي ماھارەت بىلەن يارىد-
تىلغان، تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ خەلق ئارىسىدا مېڭىپ
يۈرگەنلىرى قانچە؟

ئوبراز يارىتىش — تىرىك، جانلىق ئادەمنىڭ مەۋھۇم
سۈرىتىنى تىل بىلەن ياساپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. تۇرمۇش
تەپسىلاتلىرى، پېرسوناژلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى، پىكىر قىد-
لىش ئۇسۇلى ۋە قىياپەت تەسۋىرى ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ خاس-
لىقىنى تەبىئىي شەكىللەندۈرۈش ماھارەتتە يېتىلگەن يازغۇچىد-
نىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاز ساندىكى ياز-
غۇچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە تىپىك، تەسىرلىك ئوبرازلارنى
ياراتتى. لېكىن، بۇ نەتىجىلەر تېخى يېتەرسىز، بىزنىڭ روماد-
لىرىمىز غايىۋىلەشكەن، خاسلىقى يوق، بىر ـ بىرىگە ئوخ-
شاش ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، ھەتتا خېلى مەشھۇر ياز-
غۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. نۇرغۇن
ھاللاردا كىتابخانلار پېرسوناژلار ئورنىدا ئاپتورلىرىمىزنىڭ
ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ.

ئاپتور پېرسوناژنىڭ ئورنىدا ئۆزى سۆزلەيدۇ، ئويلايدۇ،
ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلەملىرىدە يارىتىلغان ئادەملەرنىڭ
بىر قىسىملىرى ئەيىب ـ نۇقساندىن خالىي ئەۋلىيالار، بىر
قىسىملىرى بولسا خاسلىقى يوق ئادەملەر. ئىككى قۇتۇپ شۇند-
چىلىك ئېنىق ئايرىلغان. لېكىن، رېئال ھاياتتىكى ئادەم ھەر-
گىز ئۇنداق ئەمەس. ياخشىلارنىڭ ئەيىبى، گۈزەللەرنىڭ سەت
يېرى بولىدۇ.

رومانچىلىقتىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل — تىل ماھارد-

تىدىن ئىبارەت. ئەدەبىيات تىل سەنئىتى بولغانىكەن، يازغۇچى ئالدى بىلەن تىل ئۇستىسى بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر تىلى جانلىق، كۆپ شېۋىلىك، جۈملە شەكىللىرى كۆپ خىل، ئىپادىلەش قۇۋۋىتى يۇقىرى تىل. مەن چىرايلىق جۈملە بىلەن يېڭى ئاتالغۇ ئاڭلىساملا خاتىرىلىۋالىمەن. مېنىڭ مەكىت، خوتەن، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا شېۋىلىرى ۋە چىرايلىق جۈملىلەر بىلەن تولغان ئون نەچچە دەپتىرىم بار. مەن بۇ دەپ-تەرلىرىمدىن پايدىلىنىمەن. تىل گۈزەللىكى بىر مىللەتنىڭ پەخىرلىنىدىغان چوڭ بايلىقى. مەن 1983 - يىلى بېيجىڭدا تۇنجى قېتىملىق ماۋدۇن مۇكاپاتى تارقىتىش ۋە رومان مۇھا-كىمە يىغىنىغا قاتناشتىم. مەشھۇر يازغۇچى دىڭ لىڭ يىغىندا: «مەن ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›نى يىگىرمە قېتىم ئوقۇدۇم، يەنە ئوقۇسام ماڭا يېڭى تۇيۇلىدۇ. ‹ئۇرۇش ۋە تىنچلىق›نى بىر قېتىم ئوقۇدۇم. ئىككىنچى قېتىم كۆچىسەممۇ تۈگىتەلمىدىم» دېۋىدى، مەن: «مىللىي ھېسسىيات بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم. قايتىپ كېلىپ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ ئۇي-غۇرچە تەرجىمىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، مەشھۇر تەرجىمان مەرھۇم خاۋ گۇەنجۇڭغا پىكرىمنى دېۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›نىڭ تىلىدىن ھۇزۇرلىنالىساڭ، ئۇنداق ئويلىمايتتىڭ» دېدى.

دېمەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تىل ئەنە شۇنداق مۇھىم. ئەمما، بىزنىڭ خېلى كۆپ قەلەم ئىگىلىرىمىز تېخى ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرەلىگىنى يوق. بىز ئۆز تىلىمىزنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىشىمىز، شۇنداقلا ئەسەر-لىرىمىز ئارقىلىق تىلىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز، جۇلالان-دۇرۇشىمىز كېرەك.

ئېسىل ئەسەر تالانت ئىگىلىرىنىڭلا قولىدىن چىقىدۇ. شوئارۋازلىق، قېلىپلاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇش، مەمۇرىي

ھوقۇقتا تايىنىش، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قىلىش بىلەن ئېسىل ئەسەر ياراتقىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلىشى ھېسابىغىلا بىز ئېسىل ئەسەرلەرگە ئىگە بولالايمىز. بىزدە تالانت ئىگىلىرى بار. بىز ئۇلارغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز، ئۇلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز، ئۇلارغا دەۋر، خەلقىنىڭ تەقەززاسىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. يەنە تەكىتلەش زۆرۈركى، تەبىئىي تالانت، ئىجادكارلىق، بېغىشلاش روھى ۋە مول بىلىم ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ تۈپ بەلگىسى. تالانت بولۇپ بېغىشلاش روھى بولمىسا بولمايدۇ. بېغىشلاش روھى بولۇپ تالانت بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ئىككىسى بولۇپ، يازغۇچى مول بىلىم ئىگىسى بولمىسا يازغۇچى يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. تالانت سوقۇپ تۇرغان يۈرەككە ئوخشىسا، بېغىشلاش روھى ئېنېرگىيەگە، بىلىم بولسا بىر جۈپ قاناتقا ئوخشايدۇ. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنى خەلقىمىز ئالىم دەپ ئاتايدۇ. ئۇ كىشىدە تالانت، بىلىممۇ، بېغىشلاش روھىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەن 1984 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بىر ناھىيەسىدە يېزا تېمىسىدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنىغا قاتناشتىم. شۇ يىغىندا شەنشىلىك پىداكار يازغۇ ـ چىلاردىن لو ياۋ، چېن جۇڭشى، زو جىئەن، جيا پىڭئاۋلار بىلەن تونۇشۇپ دوست بولغانمەن. كېيىن شەنياڭدا ئېچىلغان «غەربىي شىمال يۈلتۈزلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى» دېگەن سورۇندا تېخىمۇ يېقىن دوست بولۇپ ئۆيلىرىگە بارغانمەن. ئۇلار يېزىدا ـــ جا ـ پالىق جايلاردا تۇرىدىكەن، ئۇلار ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ئاشقان، ئۆزلىرىنى ئەدەبىياتقا ئاتىۋەتكەن تالانت ئىگىلىرى ئىكەن. مەن ئۇلارغا ھەۋەس قىلغانىدىم. دېگەندەك ھازىر ئۇلار شەنشىنى پۈ ـ تۈن جۇڭگوغا، ھەتتا چەت ئەللەرگە تونۇتتى. لو ياۋ بىلەن زو جىئەن ئېغىر ئىجادىي ئەمگەك تۈپەيلىدىن ياپياشلا ۋاپات

بولۇپ، ماۋدۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئېسىل ئەسەرلەرنى قالـ-
دۇرۇپ كەتتى. چېن جۇڭشىنىڭ «ئاق كېيىك قورۇسى» ناملىق
رومانى، جيا پىڭئاۋنىڭ «خارابە شەھەر» ناملىق رومانى پۈتۈن
مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالدى. بىز بۇنىڭدىن بىر تالانت ئىگە-
سىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولسىلا، مۆجىزە يارىتالايدى-
غانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز ئارقىدا قېلىۋاتىمەيلى. ھەممىمىز بىرلىكتە تىرىشىپ،
تالانت ئىگىلىرىنى يۆلەپ سەھنىگە ئاچىقىپ، ئۇلارغا نۇقتىلىق
ياردەم بېرىپ پىداكارلىق روھىغا ئىلھام بېرەيلى. ئەدەبىياتى-
مىزنىڭ شان - شەرەپلىرى ھەممىمىزگە مەنسۇپ بولغانىدى.
ئار - نومۇسمۇ ھەممىمىزگە مەنسۇپ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخى
بىلەنلا پەخىرلەنمەي ھازىرى بىلەنمۇ پەخىرلىنىدىغان بولايلى،
تىرىشايلى، بېغىشلايلى، ئېرىشەيلى. خەلقىمىز، دەۋرىمىز شۇ-
نىڭغا موھتاج !

# ئېسىل ئەسەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان ھەرقانداق بىر قەلەم ئىگىسى ئېسىل ئەسەر يېزىشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېسىل ئەسەر دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن، جەمئىيەت، تارىخ، كىتابخان ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىگە توغرا باھا بېرىدۇ. ئۇنى ئېسىل، ئېسىلراق ياكى ناچار ياكى ناچارراق دەپ باھالىيالايدۇ، ھەتتا بەزىلىرىنى يازغۇچى بولالمىدىڭ دەپ ئىنكار قىلىۋېتىدۇ. بۇ بىر ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان، ھەممە ئادەم بىلىدىغان قانۇنىيەت.

ئېسىل ئەسەر توغرىسىدىكى گەپ، شۇڭا يېڭى گەپمۇ ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزدە ئېسىل ئەسەرلەر تولىمۇ ئاز چىقتى، بولۇپمۇ ئىدىيەۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يېڭى ئەسەرلەر تېخىمۇ ئاز بولدى. ھەر يىلى تۆت يۈزدىن كۆپ رومان نەشر قىلىنىدىغان بۇنداق چوڭ دۆلىتىمىزدە «ياشلىق ناخشىسى»، «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە»دەك ئازادلىقتىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ياخشى رومانلارچىلىكمۇ رومانلار ئېلان قىلىنمىغاچقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ ئىشقا دىققەت قىلغان ۋە ئۈچ چوڭ ئىشنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ، رومان ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«بىزنىڭ ئەڭ زور ئۈمىدىمىز پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئېسىل ئەسەر، تالانت ئىگىلىرى مەيدانغا چىقسىكەن دەيمىز» دېگەن مەشھۇر سۆز شۇ ۋەجىدىن ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ سۆز دەۋرىنىڭ ساداسى، خەلقنىڭ تەلىپى يىغىنچاقلانغان جۇڭخۇا

مىللەتلىرىنىڭ ساداسى. ئىبسىل ئەسەرگە دەۋر تەقەززا، خەلق تەقەززا، ئەدەبىيات مۇنبىرىمىز تېخىمۇ تەقەززا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر يېزىش، ئىبسىل ئەسەر چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەربىر قەلەم ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. لېكىن، ئىبسىل ئەسەر تالانت ئىگىلىرىنىڭلا قولىدىن چىقىدۇ، شۇڭا ئىبسىل ئەسەر بىلەن تالانت ئىگىلىرى تەڭ تىلغا ئېلىنغان.

ئىبسىل ئەسەر دېگەن چۈشەنچىنى، ئەلۋەتتە ھەركىم ھەر خىل چۈشىنىدۇ. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەجىب مەھفۇزنىڭ «ئۈچ كوچا تىرىلوگىيەسى» توغرۇلۇق بىزنىڭ خېلى چوڭ ئەمەل تۇتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن «شۇمۇ ئەسەر بولامدۇ؟» دېگەن ئىنكاسىنى ئاڭلىدىم. ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان ئەسىرى بىلەن چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «قىيامەت» ناملىق رومانىنى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گارسىيە ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» ناملىق رومانىنى ئۆزۈم سۆيۈپ ئوقۇغاچقا، بىرقانچە ياش قەلەم ئىگىلىرىگە تونۇشتۇرۇۋىدىم، ئۇلار يېرىمىغىچە ئوقۇپ زېرىكىپتۇ. ئەمما، يۇقىرىقى ئوقۇرمەنلەر «مېھرابتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر»گە ئوخشاش ئاممىباب ئۇسلۇبتا يېزىلغان كىتابلارنى قايتىلاپ ئوقۇپمۇ زېرىكمىگەن. دېمەك، «ئىبسىل» چۈشەنچىسى بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تېخىچە ئىزاھات بەرمىسە بولمايدىغان بىر چۈشەنچە.

ھازىرغىچە ئىبسىل ئەسەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر: «ئىدىيەۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى قالتىس، كۈچلۈك تارتىش كۈچى ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە، جەمئىيەتتە ۋە ئاممىا ئىچىدە كەڭ تەسىر قوزغىيالىغان ئەسەرلەر» دېگەن تېئورېما دائىرىسىدە بولۇۋاتىدۇ. كونكرېت ئىجادىيەت مەشغۇلاتى، ئىجادىيەتنىڭ كونكرېت ھالقىلىرى توغرىسىدا ياكى ئىبسىل

ئەسەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرستىش توغرىسىدا دېيىلگەن گەپلەر كۆپ ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ چۈشىنىشلىك. ئىبسىل ئەسەر يارىتىشنىڭ يۇقىرىقىدەك ئومۇملاشقان تەلەپ ۋە چۈشەنچىسىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەييار قېلىپى ياكى سىنىئالغۇغا ئېلىنغۇدەك ئەۋرىشكە، كونسپېكتلىرى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قەلەم ئىگىلىرى ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان كەسىپ تىللىرى بىلەن بۇ ھەقتە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئېيتىشماقتا. بولۇپمۇ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، مەسىلەن، «قېلىپبازلىق، شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇش» قاتارلىق چوڭ - چوڭ نۇقسانلار ئۈستىدە سۆزلەنمەكتە.

ئەدەبىياتنىڭ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە پىكىر قىلىش ئادەتلىرى، مىللەتلەرنىڭ مىللىي ساپا رېئاللىقى، ئىجتىمائىي قاتلام، ئىدېئولوگىيە خاسلىقلىرىغا ئوخشاش زور مەسىلىلەر ئۈستىدە دادىل پىكىر قىلىش دەۋرى ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىز تېخىچىلا قورۇنۇپ، پۇچۇلۇپ يۈرۈۋاتىمىز، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ «ئىبسىل» دېگەن ئاتالما توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى يۈزە، سۇبيېكتىپ، بىر تەرەپلىمە، ھەتتا خاتا، ناھايىتى خاتا، بەزىلەر ئەسەردە سىياسىي پۇراق قانچىلىك كۈچلۈك بولسا شۇنچە ئىبسىل بولىدۇ، دەيدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە زادىلا سىياسىي پۇراق يوققۇ ئەمەسمە؟ بۇنىڭدىن ئىككى يۈز سەكسەن بەش يىل بۇرۇن يېزىلغان بۇ ئەسەر جۇڭگودىكى ئەڭ ئىبسىل ئەسەر ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر مۇھىم تېما يېزىلسا ئىبسىل بولىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قاتارلىق دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»، يەنە بەزىلەر «پاجىئە» يېزىلسىلا قالتىس بولىدۇ دېسە، بەزىلەر مەدھىيەلىسەكلا ئىبسىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋەھاكازالار. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋاللار رومان ئىجادىيىتىمىزدە

گەۋدىلىك. تېمىلارنى كونترول قىلىۋېلىش، مۇھىم تېمىلارغا ئۆزى ئۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمىسىمۇ ئېسىلىۋېلىش، ئۆز ئەسىرىگە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامىلىرىنى كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشقا ئوخشاش شەكىلۋازلىق ھادىسىلىرى خېلىلا ئېغىر.

لۇشۇن: «رومان ــ دەۋرنىڭ ئابىدىسى» دەپ توغرا ئېيتقان. بىزنىڭ رومانلىرىمىزدىن ئوقۇرمەنلىرىمىز شۇ دەۋر ئادەملىرىمىزنىڭ مىللىي روھى، ئادىتى، ئارزۇسى ۋە شۇ ئارزۇ يولىدىكى كۈرەشلىرىنى كۆرەلىسۇن، كۆرگەندىمۇ بىر قىزىق كىنونى كۆرگەندەك كۆرەلىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن تېما تاللاش مۇھىم بولسىمۇ بىردىنبىر شەرت ئەمەس، سىياسەت زۆرۈر بولسىمۇ، كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل ئەمەس، خاھىش ساقلانغىلى بولمايدىغان پىسخىك ھادىسە بولسىمۇ، ھەل قىلغۇچ نەرسە ئەمەس. بۇ گەپلەردىن «ئېسىل» بولۇشنىڭ ئۆلچىمى نېمە ئەمىسە؟ ئۇنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈپ ئامىللار قايسىلار؟ دېگەن سوئاللار كېلىپ چىقىدۇ. مەن بۇ سوئاللارغا كونكرېت جاۋاب بېرەلمەيمەن. پەقەت «تالانت» ئىگىلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىمدىن ئالغان تەسىراتلىرىمنىلا ئېيتىپ بېرەلەيمەن. چۈنكى، ئېسىل ئەسەر تالانت، بېغىشلاش، بىلىملىك بولۇشنىڭ مەھسۇلى. تۇرمۇشنى پۇختا بىلىش. جيا پىڭۋا «خارابە شەھەر»دە جىنسىي تۇرمۇشنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن، لاۋشى «شياڭزى تۆگە»دە رىكشىچىلار ھاياتىغا پىششىق ئىكەنلىكىنى، ماۋدۇن «تۇن يانغاندا»دا بيۇروكرات كاپىتالىستلار تۇرمۇشىغا پىششىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. سەن بىر ساھەنى يازماقچى بولساڭ، ئاۋۋال شۇ ساھەدە سەيلە قىلماي، شۇ ساھەنىڭ ئادىمى بول، شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بول، شۇ تۇرمۇشنىڭ جانلىق خاتىرىچىسى بول، ئاندىن ئۇنىڭدىن ھېكايە توقۇساڭ كىشىلەر ھەيران قالىدۇ. ئامېرىكا يازغۇچىسى پوكىنىزنىڭ: «دۇنيا خەرىتىسىدە پوچتا ماركىسىچىلىك كۆرۈنىدىغان يېزام توغرىسىدا ئۇن تۆت

رومان يازدىم. يەنە شۇنچە يازسام تۈگىتەلمەيمەن» دېيىشى، ياپونىيە يازغۇچىسى ئويې كېنزابۇرۇغا 1994 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بېرىلگەندە: «بىر تەرەپتىن ئورمانلىقتىكى ئەپسانە دۇنياسىغا يىلتىز تارتتىم، بىر تەرەپتىن توكيودىن، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلمىدىم» دەپ يېزىشى بۇنىڭ مىسالى.

تۇرمۇشنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق بىلىش ئېسىل ئەسەر يازىدىغان بىر تالانت ئىگىسىنىڭ بىرىنچى دەسمايىسى. تالانت بولۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان بېغىشلاش روھى بولۇپ، تۇرمۇش بىلىمى، تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە ئالغان ھېسسىي چۈشەنچىسى بولمىسا ئېسىل ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ شەخسىي تەجرىبەممۇ شۇنداق. يازغۇچىغا زۆرۈر بولغان ھېسسىيات، ھېكايە، تىل ۋە پەلسەپە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئاددىي تۇرمۇش، ئاددىي ئادەملەر سىزگە شۇنداق زور سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ. ئېسىل ئەسەرنىڭ بىرىنچى شەرتى تۇرمۇش ھىدىنىڭ قويۇقلۇقى، خاسلىقى، راستلىقى ۋە جەلپكارلىقىدۇر...

دېمەك، سەيلە قىلىش، زىيارەت قىلىش، داۋراڭ سېلىش يازغۇچىنىڭ ئىشى ئەمەس. يازغۇچى شەپىسىز بېرىپ بىر جاينىڭ پۇقراسىغا، مەقسىتى بار كۆزەتكۈچى، ئۆگەنگۈچى، ياراتقۇچى پۇقراغا ئايلىنىشى كېرەك. مانا بۇ ئېسىل ئەسەر يارىتىشنىڭ بىرىنچى شەرتى.

بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى، ئىندىۋىدۇئاللىقى، روھىي دۇنياسى، تەقدىرى يېزىلىدۇ ياكى ئادەم يېزىلىدۇ. ئادەم نېمە؟ يازغۇچى ئادەمنى تەتقىق قىلغۇچى، تىرىك تۇرغۇزۇپ ئوپېراتسىيە قىلغۇچىدۇر. يازغۇچى ئادەم توغرىسىدىكى ئىنسانشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، ھەتتا تارىخ، پەلسەپە، مېدىتسىنا بىلىملىرىنى خېلى ياخشى ياكى ناھايىتى ياخشى بىلىشى كېرەك. بۇلار ئادەم ئوپېراتسىيەسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەسۋابلاردۇر. ھازىر ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچە بۇرۇنقىدەك ئەمەس. بۇرۇن

دۇنيادىكى كەمبەغەللەر بىر قىلىپتا، بايلار بىر قىلىپتا دېسە، كىشىلەر ئىشەنمەيتتى، ھازىر ئىشەنمەيدۇ. 4 مىليارد 600 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارى پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئىنسان پەيدا بولغىلى ئەللىك نەچچە مىليون يىل، مىللەت پەيدا بولغىلى بەش مىڭ يىل بولدى. ئىنسانلارنىڭ روھىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان ئەسىر مۇشۇ 20 ـ ئەسىر دېيىشىدۇ. دېمەك، ماكسىم گوركىينىڭ تىپ يارىتىش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ھازىر بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئادەم، ئادەمنىڭ روھى، پسىخىكىسى توغرىسىدا يېڭى چۈشەنچىلەر پەيدا بولدى. ھەممە ئىشقا ئىلمىي نۇقتىدىن قاراش دەۋرىنىڭ تەلىپى بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك ئادەملەرنى فورمۇلاغا سېلىش، كاتېگورىيەگە بۆلۈش، غايىۋىلەشتۈرۈش، سىرلىقلاشتۇرۇش ھازىر ئۈنۈم بەرمەيدۇ. يازغۇچى ئۇچۇن زۆرۈرى كونكرېت ئادەم، ھەرگىزمۇ مەۋھۇم ئادەم ئەمەس. ئادەملەرنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھەرگىزمۇ ئومۇمىي خۇسۇسىيەت ئەمەس. ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىشلىرى، مەسىلەن، ئۆي ـ جاي، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، چىراي ـ شەكىل، ئوي ـ خىيال، خۇشاللىق ـ خاپىلىقلىرى ئوخشاشلا مەيلى تارىخىي تۇرمۇش ياكى ھازىرقى تۇرمۇش بولسۇن، يۇقىرىقىلار ۋە ئۇلاردىنمۇ نازۇك ئىشلار يازغۇچىلار ئۇچۇن زۆرۈر. لېكىن، بىزنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئەللىك بىر رومانىمىزدا بۇ نەرسىلەر كىشىنى تازا قايىل قىلارلىق يېزىلمىدى. ئومۇمىي، خىرە ۋە يۈزە يېزىلىۋاتىدۇ. «ئويغانغان زېمىن»، «مەھمۇد كاشغەرىي»گە ئوخشاش ياخشى يېزىلغان رومانلارنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم ۋە تۇرمۇش، ئادەمنى يېزىش ساھەسىدە كەمتۈكلۈك بارلىقىنى ھېس قىلدىم. «خوجىنىياز ياش ۋاقتىدا قانداق بولسا قېرىغاندا ھەم شۇنداقلا ... روھىدىكى ئۆزگىرىش مىجەزىگە تەسىر قىلمىدىمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، رەھمىتى ئۆتكۈر ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپ: «تازا

نازۇك يېرىنى سورىدىڭىز، ئۇكام، خوجىنىيازنىڭ ئىشلىرىنى كۆپرەك ئۆگەندىم. خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تازا ياخشى ئۆگىنىپ كېتەلمەپتىمەن. ئۆزۈممۇ ھېس قىلدىم، لېكىن كېچىكتىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن تارىخىي ئادەملەرنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. بۇنىڭدىن بەش يۈز يىلدەك بۇرۇن ئۆتكەن تارىخىي سەردارلاردىن تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن بابۇر توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەرنى ھەممىمىز ئوقۇدۇق. بابۇرنامەدە نۇرغۇن ئادەملەر بار. بابۇر ئۇ ئادەملەرگە ئاددىي، نەق، قىسقا خاراكتېرىستىكا يازىدۇ. نەۋايىمۇ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە تۆت يۈز ئەللىك سەككىز شائىرغا قىسقىچە تەزكىرە تۈسىدە خاراكتېرىستىكا يازىدۇ. بۇلاردىن بىر بىر ـ بىرىگە مىجەز ـ خۇلقى، ئارزۇ ـ غايىسى ئوخشاش بولمىغان سۆيۈملۈك، خالىس، رەزىل، ھىيلىگەر، قەبىھ ئادەملەرنى كۆرەلەيمىز. ئادەمنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بىلەن ئارزۇ ـ غايىسىگە قىزىقىش بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئەنئەنىگە ئايلانغان. لېكىن، بىزدە ھازىرمۇ جۇشقۇن، ئىلمىي، ئوبيېكتىپ ۋە ئەستايىدىل قاراش ئومۇملاشمىدى. ستالىن مۇھىم دوكلاتلىرىدا رۇس ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلارنى ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تىلغا ئالاتتى. چۈنكى، شۇ ئوبرازلار — چىچىكوف، پىلىوشكىن، ئارتامانوف، تاراس بولبىلار كىتابلاردىن جەمئىيەتكە چىقىپ خەلققە تونۇلغان. بىزدە قايسى ئوبراز تىللارغا ئېلىنىدى؟ بىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىن سۆيۈملۈك ئوبرازلىرىمىز ئارقىلىق قانچىلىك ئورۇن ئالالىدۇق. لېف. تولستوينىڭ ئىنسان توغرىسىدا ئېيتقان: «ئىنسان گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك بولغان ئەمەس، بەلكى سۆيۈملۈك بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەل بولالىغان» دېگەن سۆزىدىكى «سۆيۈملۈك» سۆزىنى مەن ئوبرازلىرىمىزغا قوللاندىم. ئادەمنى گۈزەل قىلىدىغان ئامىل

ئىنىقكى چىراي، كىيىنىش، مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ۋە قابىلىيەت ئەمەس. سۆيۈملۈك قىلغان ئامىللار نىمە؟ ئىنىقكى ئۇنىڭ پەزىلىتى. پەزىلەتنىڭ مىغىزى سەمىمىيەت ـ ساداقەت، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت. فروئىد نەزەرىيەسىدە پەزىلەت ئۈچ قاتلاملىق بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئىد قاتلىمى. يىيىش، ئۇخلاش، كۆڭۈل ئىچىش، ھۇزۇرلىنىش، يەنى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان قاتلام. بۇ قاتلام قانچە چوڭ بولسا بۇ مىللەت ناچار مىللەت، ناچار خەلق، ناچار دۆلەت ھىسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىگو قاتلىمى. تار گۇرۇھ (ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت ـ بۇرادەرلىرىنىلا) ئۈچۈنلا باش قاتۇرىدىغان قاتلام، بۇ قاتلام ھايۋانلاردىن كۆپ يۇقىرى، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق قاتلام. بۇ قاتلام زور بولسا بۇ قەبىلە، مىللەت ياكى دۆلەت ساپالىق بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، سۇبىرىگۇ قاتلىمى. باشقىلارنىلا ئويلايدىغان قاتلام — ئىنسانىيەتنى، ئۇنىڭ تەقدىرىنى، ئۆز مىللىتى ياكى دۆلىتىنىلا ئويلايدىغان قاتلام. بۇ قاتلام ئۈچ قاتلاملىق پىرامىدانىڭ تاجى — چوققىسى. ئىنسان پەزىلىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ قىممەتلىك قاتلىمى.

ئەدەبىيات ئادەم ئىلمى بولغاچقا، پەزىلەت ئىلمىدىكى بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىشى، ئۇنى ئۆز ئوبرازلىرىدا رىئال (غايىۋى ئەمەس)، جانلىق (زورمۇزور ئەمەس)، سۆيۈملۈك (ئۆزىگىلا ئەمەس) قىلىپ ئىپادىلىشى لازىم.

ئەدەبىياتىمىز ئۆز مىللىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ روھىدىكى ئەڭ گۈزەل، نازۇك نەرسىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆز خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشى كېرەك. دۇرۇس، قامچىمۇ زۆرۈر. لېكىن، ئۇ ئىلىم نۇقتىسىدىن يەنى پىسخىكا، پېداگوگىكا ۋە ئېستېتىكا ـ ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا پاسسىپ نەرسە. خەلق ھامان ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە روھلاندۇرۇشقا موھتاج. شۇنداقلا ئۆز مىللىتىدە تېخى يېتىلمىگەن خۇسۇسىيەتلەرنى ياساپ چىقىپ، ئۇ

مىللەتنى ماختاپ ئۇچۇرۇشمۇ دالى. كارنىگىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا يىرگىنچلىك ھاقارەت.

مەن ئوبرازلار ئۇستىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا قويماقچى ئەمەسمەن. پەقەتلا قەلەم ئىگىلىرىمىزگە، بولۇپمۇ تالانتلىق قەلەم ئىگىلىرىمىزگە ئېسىل ئەسەرنىڭ ئىككىنچى مۇھىم شەرتى ئوبرازغا ئىشلەش، بۇنىڭ ئۈچۈن زۆ-رۈرى ھەر خىل ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇلاردىكى تۈپ ئالاھىدىلىكلەرنى بىلىش، ئۇنىڭ پەزىلىتىدىكى ماھىيەتلىك تەركىبلەرنى بايقاش، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ غايىسىدىكى رېئاللىقتىن گۈزەللىكنى تېپىش لازىملىقىنى ئېيتماقچىمەن. مەن نۇرغۇن قېتىم يېقىنلىرىمدىن (ئۇلار دېھقان، زىيالىيلار): «راستتىنى ئېيتقىنا، ئاخشام ئۇخلاشتىن بۇرۇن نېمىلەرنى ئويلاپ ياتتىڭ؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار راستىنى ئېيتتى، تولىمۇ قىزىق، مانا بۇلار سۆيۈملۈك، كونكرېت كىشىلەردۇر. مەن بىرمۇ ئادەمدىن: «يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى ئازاد قىلسام دېگەننى ئويلىدىم» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىمىدىم، ئاددىي ئادەملەر ئاددىي گەپلەرنى قىلىدۇ، ئاددىي ئىشلارنى ئويلايدۇ. لېكىن، شۇ ئاددىي گەپلەر بىلەن ئاددىي ئىشلاردا چوڭ مەنە بار. بىز دائىم ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتالمايمىز، كۆپچىلىكنىڭ ئىنكاسلىرىدىن قارىغاندا، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇرلارنىڭ ياراتقان بەزى پېرسوناژلىرى ھەقىقىي ئادەملەرگە ئوخشىغان. شۇڭا، ئەدەبىياتىمىزدا ئادەم ئوبرازىنى ئۆز خاسلىقى بىلەن يارىتىشتا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ تولىمۇ ئاز نەتىجە. بىز كىشىلەر ئىچىدە مەڭگۈ ياشىيالايدىغان جانلىق، تىرىك ئوبرازلارنى يارىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. مەن ئۆز ئەسەرلىرىمنى ئالسام، بۇ جەھەتتە جىق تىرىشتىم، ھەربىر ئوبرازنى ئۆزگە خاس خاراكتېرى بار قىلىپ يېزىشقا كۈچ چىقاردىم. لېكىن، يەنىلا نەتىجە ئاز. ياشلار ئىچىدە ئەلا بىلەن ھاشىر، گۈزەلئايلارنى خېلى كۆپلىرى بىلىدىكەن. ئاغىنىلىرىم

مېنى كۆرسە سۇلايمان گۇر ـ گۇر، ھەيدەر خەسىس دەپ چاق-چاق قىلىدۇ. «ئاتا» روماندىكى ئابلا يانتاق توغرىسىدا چاقچاق قىلغانلارمۇ بولدى. لېكىن، مەن ياراتقان ئەكبەر، زېمىنغا ئوخشاش باش قەھرىمانلىرىمنى ھېچكىم تىلغا ئالمىدى. چۈنكى، ئۇلار رېئاللىقتىن كەلگەن، لېكىن رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن، غايىۋىلىشىپ قالغانىدى. دېمەك، ئادەملەرنى تولىمۇ بېزەپ كۆرسىتىش سۆيۈملۈك قىلغانلىق ئەمەسكەن. «تىنچ دون»نىڭ باش قەھرىمانى سىياسىي خاھىشى ئېنىق بولمىغان ئادەم گىرىگورى، ئۇنىڭ ئاشنىسى ئاكسىنىيە كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىشىدە ھېسداشلىق پەيدا قىلىدۇ. مەن «قىيامەت»نى ئوقۇپ، ئەكبەر، تاش چاينار دېگەن بىچارە بۆرىلەرگە تولىمۇ ئىچ ئاغرىتتىم. گەرچە ئۇلار ئادەم بالىسىنى بۇلاپ كەتسىمۇ، نېمىشقا ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئاددىي ئىشلىرى ھېكايە قىلىنىپ، ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خۇلقى يېزىلسا، ئۇ ئادەملەر سۆيۈملۈك ئوبرازغا ئايلىنالايدۇ؟ سەۋەبى ئاددىي، ئۇلار مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. كەچۈرمىشى، قىلمىشى، خىيالى، ھەتتا سۆزلىرى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. دېمەك، ئاددىي تۇرمۇشنى پۇختا بىلىش، پۇختا تەتقىق قىلىش ئېسىل ئەسەر يېزىشتا خاسلىقى بار، تىرىك، جانلىق ئوبراز يارىتىشتا ھەل قىلغۇچ ئامىل.

بىر ئېسىل ئەسەرنىڭ ئىككىنچى مۇھىم بەلگىسى ئوبرازلارنى جانلىق، تىرىك يارىتىشتۇر.

دۇنياغا تونۇلغان بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى شۇڭا ئۇنتۇلمايدۇ، مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ جەھەتتە ھېچكىم ۋاپات بولغىنىغا ئۈچ يۈز سەكسەن يىل بولغان ئۇلۇغ ئەدىب شېكىسپىرنى بېسىپ چۈشەلىگىنى يوق. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يۈز مەشھۇر شەخسنىڭ بىرى ھېسابلانغان بۇ يازغۇچىنىڭ ئوتتۇز يەتتە درامىسىنىڭ ھەربىرىدە بىردىن ئۆلمەس ئوبراز بار.

ئېسىل ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى شەرتى تاتىملىق ھېكايە تو-
قۇشتۇر. تۇرمۇش، ئوبراز دېگەنلەر ھېكايە ئارقىلىق ئىپادىلىن-
نىدۇ، ھېكايىدە راۋاجلىنىدۇ، جانلىنىدۇ ۋە ئۆز رولىنى جارى
قىلالايدۇ. تۇرمۇش ماتېرىيالى بىلەن ئوبرازلار ھېكايىنى
راۋاجلاندۇرغۇچى ماتېرىيال. ئەمما، ھېكايە جەريانىدا قەھرى-
مانلار ئۆز خاراكتېرى ۋە رولىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، پىشىپ يېتى-
لىدۇ. شۇڭا، ھېكايە يازغۇچىنىڭ خاھىشىنى، قەھرىمانلىرىنىڭ
تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ھەل قىلغۇچى ۋاستە. يازغۇچىلىق
ماھارىتى توقۇش ماھارىتى، تىل بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ئىپا-
دىلەپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، روھلاندۇ-
رۇش سەنئىتىدۇر. توقۇش ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىن ھالقىغان ئاجا-
يىپ - غارايىپ تېپىشماقلارنى ياساپ چىقىش دېگەنلىك ئەمەس
(گەرچە بۇ خىل ئەسەرلەر مەۋجۇت بولسىمۇ). توقۇش بىرىن-
چى، نەق رېئال تۇرمۇشنى كىشىلەر ئىشەنگۈدەك رېئال ئىپادى-
لەش؛ ئىككىنچى، تارتىش كۈچى بار، ئويغا سالىدىغان قىلىپ
قىزىقارلىق ئىپادىلەشتەك ئىككى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئېسىل ئەسەرنىڭ ھېكايىلىرى سىرلىق ئەمەس، چۈشىنىشلىك،
ئەمما تاتىملىق بولىدۇ. «گىراف مونتى كىرىستوف»، «بېشى
كېسىلگەن چەۋەنداز»دەك رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەلەرنىڭ
قالدۇرغان تەسىرى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «ئۇرۇش ۋە
تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىنچ دون»، «ئاباي»غا ئوخشاش
رېئاللىق ئەكس ئەتكەن رومانلارنىڭ بېرىدىغان تەسىرىگە يەت-
مەيدۇ. يەنە مەسىلەن، «يۈز يىل غېرىبلىق»، «قىيامەت»كە
ئوخشاش رومانلارنىڭ ۋەقەلىكلىرىمۇ يېڭىچە «مىڭ بىر كې-
چە»دەك ھېكايىدىن ھېكايە چىقىدىغان ھالەتمۇ يوق، زور تارى-
خىي ۋەقەلەرمۇ يوق. سۆزلەپ بېرەي دېسەڭ ئىزچىل ۋەقە ئە-
مەس. تاغدىن - باغدىن، ئۇنى - بۇنى سۆزلەيدۇ. ئاۋۋال كىشى-
نى بىزار قىلىدۇ. كېيىن جەلپ قىلىدۇ، جەلپ قىلغىنى رەڭ-
گارەڭ، ئۆزگىچە تۇرمۇش ۋە خىلمۇخىل خاسلىقى روشەن

ئوبرازلار. ئوبرازلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى... بۇ
رومانلار ئەزمىلىك، غەلىتىلىك بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدا
كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مەسىلەن، «قىيامەت»تە بىر ـ
بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئۈچ ۋەقە يېزىلغان. بىرى ئېكولوگىـ-
يەنىڭ بۇزۇلۇش ۋەقەسى، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش پاجىئەسى،
زەھەرلىك چېكىملىك ياساپ ساتقۇچىلارغا قارشى بىر مەردانە
يىگىتنىڭ ئەيسادەك مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، يەنە بىرى ئەك-
بەر، تاش چاينار ئىسىملىك ئىككى بۆرىنىڭ بىچارىلىكى،
ئىنسانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە ئۇ كەلتۈرگەن پاجىئە. ئۇ-
چىنچى بىرى، سوۋغوزدىكى چىرىكلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۆ-
رەش... قارىماققا ئەرزىمەس ئىشلار، لېكىن مەن ئوقۇپ بولۇپ
خېلىغىچە خىيالدا قالدىم، تەسىرى ئۇنتۇلغۇسىز. خوش، ئار-
كادىئوسلار ئۈچ ئەۋلادىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن «يۈز يىل
غېرىبلىق»تا سۆزلىگۈدەك نېمە ۋەقە بار؟ پەقەتلا كۈندىلىك
ئىشلار ئېكراندىن ئۆتىدۇ. «ئۈچ كوچا تىرىلوگىيەسى»دە گەرچە
ھەم بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ ئەۋلادى يېزىلغان بولسىمۇ، پۈتۈن ۋە-
قەلىك ئائىلىدىن نېرى كەتمەيدۇ. مىسىر خەلقىنىڭ يۈز يىللىق
مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشلىرى، قۇرۇلغان پارتىيەلەر،
داھىيلار ۋە قەھرىمانلار توغرىسىدا ھېچقانچە مەلۇمات يوق. پە-
قەتلا بىرقانچە ئائىلە... مېنى قىزىقتۇرغىنى توقۇلغان ۋەقەلەر-
دە بايان قىلىنغان مىسىر تۇرمۇشى، يازغۇچىنىڭ رېئاللىقتا
سادىقلىقى ... دادىسىنىڭ ئاشنىسىنى بىلىپ تۇرۇپ ئوغلى خو-
تۇنلۇققا ئالىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا بىللە پاھىشىخانىغا كىرىدۇ. ئې-
رىنىڭ كېچىلىرى ئويناپ كەلگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئايال خۇ-
شال ـ خۇرام ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ... ۋەھاكازا. بىز قوبۇل
قىلالمايدىغان ئىشلار. مەن خېلى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم.
ۋەقە توقۇشتا ئۇسۇل كۆپ ئىكەن، لېكىن بىزدە ئاساسەن بىر
خىل. بەزى رومانلىرىمىزنىڭ بېشىنى ئوقۇپلا مەزمۇنىنى چۈ-
شەنگىلى بولىدۇ. شۇڭا، بەزى تەنقىدچىلەر: «بېشىنى ئوقۇپلا

يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەلىدىم» دەپ ئېيتالايدۇ (ئۇنىڭ قارىشى خاتا، بىر تەرەپلىمە بولسىمۇ گەرچە). بىزگە زۆرۈرى يەنىلا ئۆگىنىش، تەنقىد قىلىش. رۇس ئەدەبىياتىنىڭ 19 ـ ئەسىرگە خاس پىروزا ئەنئەنىسىنى ياخشى ئۆگەندۇق. ياۋروپا ـ نىڭ، بولۇپمۇ فىرانسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسى يازغۇچىلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئو ـ قۇپ ھېكايە توقۇش، ۋەقەلىك قۇراشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇلگى ـ لىرىنى ئۆگىنىپ سۇنئىيلىك، قېلىپبازلىق، دورامچىلىق ـ تەقلىدچىلىك، ئاددىيلىق ۋە قوپاللىققا ئوخشاش گەۋدىلىك ئە ـ يىبلىرىمىزنى ئاستا ـ ئاستا تۈگىتىپ، تېخى بىخمۇ پەيدا بولمىغان ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنى يارىتىش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىشىمىز لازىم.

ماكسىم گوركىي ياخشى ئەسەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۈچ ئامىل: «تېما، ھېكايە، تىل ھەل قىلغۇچ ئامىل» دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن، مېنىڭچە بۇ سۆزمۇ سەل كونىراپ قالدى. يەنە باشقا ئامىللارمۇ بار.

ئېسىل ئەسەر يارىتىشنىڭ تۆتىنچى ئاملى ئۇسلۇبتا يې ـ ڭىلىق يارىتىش. بىز ھازىر بايان، تەسۋىر، دىيالوگ، ئىچكى دۇنيا (يەنى خىيال) تەسۋىرى، لىرىكا ۋە پەلسەپىلىك مۇلاھىزە قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئاۋۋال خاھىش ۋە مەقسىتى ـ مىزنى بەلگىلىۋېلىپ، ئەسەر يېزىشقا ئادەتلىنىپ قالدۇق. بەزى ـ لەر مۇنداق ۋەقەلىكنى يېزىپ، ئۇنداق پىكىرنى ئىپادىلەيمەن دەپ ئاشكارىلا ئېيتسا، بەزىلەر پالانى شەخسنى يېزىش ئارقىلىق پوكۇنى تارىخنى يورۇتىمەن دەپ جار سالىدۇ. بۇ گەپلەر خاتا ئەمەس، لېكىن بۇ يازغۇچىنىڭ ئىزاھاتى بولماستىن تەنقىدچى ـ لەرنىڭ پىكرى بولغىنى ياخشى. يازغۇچى كىشىلەر تېخى قول تەگكۈزمىگەن ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەشكە باش قاتۇرۇشى كې ـ رەك. ئۇسلۇب يېڭىلىقى ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى. مەن «ئىزدىنىش»نىڭ بىرىنچى قىسمىنى «مەن» بىلەن

يازدىم، بۇمۇ يېڭىلىق ئەمەس. ئىككىنچى كىتابىمدا «ئۇ»غا كۆچتۇم، ئۈچىنچىسىدە «مەن» بىلەن «ئۇ»نى تەڭ قوللاندىم. ئامېرىكا يازغۇچىسى خاۋتماننىڭ «ئۇرۇش ۋە ئەسلىمە»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ناملىق سەككىز توملۇق رومانى كىنو سېنارىيە-سىدەك يېزىلغان. بىردە ئامېرىكا، بىردە پارىژ، بېرلىن، بىردە ئافېنا ياكى تىنچ ئوكياندىكى بىر ئارال سەكرەتمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىلدۇ. بۇ خىل يېڭىلىقنى مەن سىناق قىلىپ باقتىم، ئۇنۇمى توغرىسىدا كۆپچىلىك سۆزلىسۇن.

هازىرقى زامان ئېقىمى (ئاڭ ئېقىمى) ئۇسلۇبىدا ۋاڭ مىڭ خېلى كۆپ يازدى. بىزدە غەيرەت ئاسىم، مۇھەممەت باغراش، پەرھات تۇرسۇنلار ئىزدىنىپ باقتى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى «ئىز-لەنمە ھېكايە» دېگەن بىر سەھىپە ئاچتى. مېنىڭچە، بۇ ناھايە-تى ياخشى. ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ ئون چوڭ تار-مىقى (يەنى بىردىنبىر گۈزەللىك ئېقىمىدىن قارا يۇمۇر ئەدە-بىي ئېقىمىغىچە) بىزگە تېخىچە يات. بىلىدىغانلار، سىناپ باق-قانلار يوقنىڭ ئورنىدا. مەن بۇ يەردە فىرانسىيە «يېڭىچە پىروزا ئېقىمى»نىڭ ۋەكىلى فىرانسىيە يازغۇچىسى روب. گېرىننىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى نەقىل كۆرسەتمەكچى: «... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پىروزا ھامان يېڭىلانغۇچى، فىرانسىيە پىروزىسى ئەمەلىيەتتە پىروزا شەكلىنىڭ ئۇزۇكسىز يېڭىلىنىش تارىخى، فىلوبېر بالزاكتىن يېڭى يازغۇچى، دوستويېۋىسكىي فىلوبېر-دىن يېڭى، فىرانس. كافكا بولسا دوستويېۋىسكىيدىنمۇ يېڭى يازغۇچى. فىرانسىيە يېڭىلىغۇچى يازغۇچىلىرى پىروزا شەكلى-نىڭ يېڭىلىقى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى ئەزەلدىن توختاتقىنى يوق، ھەتتا ھازىرمۇ ئۇلار يېڭىلىق يارىتىپ ئىجاد قىلماقتا...»

ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى يېڭىلىق ئېسىل ئەسەر يارىتىش-نىڭ مۇھىم بىر شەرتى. ئەسىرىمىزنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدە يې-ڭىلىق بولمىسىمۇ مەلۇم يېرىدە، بىرەر كىچىك ۋەقەلىكىدە بولسىمۇ يېڭىلىق بولغىنى ياخشى. بۇ ساھەدە ھەممىمىزنىڭ

ئىزدىنىشىگە، تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئېسىل ئەسەر يارىتىشنىڭ ئاخىرقى بىر شەرتى تىل ئۇس-
تىسى بولۇش. خۇ ياۋباڭ باش شۇجى بىر سۆزىدە: «يازغۇچى
تىل ئۇستىسى. ماۋدۇن، باجىن، لاۋشى ۋە باشقىلارنىڭ قايسى-
بىرى تىل ئۇستىسى ئەمەسكەن» دېگەنىدى. ئەدەبىيات ئۆز
قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ تىل سەنئىتى. يەنى تىلنىڭ
ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ ئوبرازلىق، ئەڭ ئىخچام، ئەڭ
مەنتىقىلىق ئۆلگىلىرىنى خەلقىمىز ئۆز ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن
كۆرۈشى كېرەك. لېف. تولستوي ھەققىدە ئا. فادىيېف: «رۇس
تىلىنىڭ جۈملە شەكىللىرىدە كۆرۈلمىگەن يېڭى شەكىللىرىنى
ياراتقان» دەپ ئېيتقانىدى. بىرىنچى قېتىملىق ماۋدۇن مۇكاپاتى
تارقىتىش ۋە مەملىكەتلىك رومان مۇھاكىمە يىغىنىدا «ياشلىق
ناخشىسى»نىڭ ئاپتورى، ئايال يازغۇچى ياڭ مۇ: «قىزىل
راۋاقتىكى چۈش»نى ئاتمىش نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم، يەنە ئو-
قۇسام ئوقۇغۇم كېلىدۇ، ئەمما «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى ئاران
ئىككى قېتىم ئوقۇدۇم، ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇپ بولالمىدىم
دېۋىدى، مەن كۆڭلۈمدە نارازى بولدۇم. كېيىن ئۆزىدىن بۇنداق
دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىسام ئۇ: «تىلى تولىمۇ يېقىملىق،
ئادەمنىڭ ئوقۇغانچە ئوقۇغۇسى كېلىدۇ...» دەپ جاۋاب بەردى.
بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، تىل گۈزەللىكى ئېسىل ئەسەر يارىتىش-
نىڭ مۇھىم شەرتى. تىل گۈزەللىكى زادى نېمىلەرنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ؟ مېنىڭچە بىرىنچىسى، جۈملىلەرنىڭ ئىخچام،
توغرا، مەنىلىك، ئوبرازلىق بولۇشى، يەنى شۇ مىللەت تىلىدى-
كى ئەڭ يېقىملىق جۈملىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇشى
كېرەك. ئۇيغۇر تىلى كۆپ شېۋىلىك، ئاددىي جۈملىلەر ئاساس
قىلىنغان، ئىپادىلەش كۈچى زور، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستى-
لەرگە باي، مىللىي خاسلىقى ئۇچۇق، ماقال ـ تەمسىللەر،
تۇراقلىق ئىبارىلىرى مول، گۈزەل تىل. يازغۇچى بۇ تىلنى
تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشى كېرەككى، ئۇنى بۇزماسلىقى، ئۇنى

چاكىنىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. مەن دائىم ئۆزىمىزنىڭ ئەسەر-لىرىنى ئوقۇغاندا تىلغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ نۇرغۇن بەلگە-لەرنى ئۇرىمەن. باغلاشمىغان، مەنتىقسىز، سۈنئىي ـ ياسالما، تەرجىمە قىلىنغان جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنە زىيالىيلار بىلەن دېھقانلار، موللا ـ قارىيلار، قېرىلار بىلەن باللار، ئۆي ئاياللىرى بىلەن قىزلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن كادىرلار ۋە باشقا ھەر خىل قاتلامنىڭ تىلىدا پەرق يولىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ نۇر-غۇن ئەسەرلىرىمىزدە ھەممىسىلا ئوخشاش. ھەتتا ئائىلە ئايال-لىرى بىلەن باللارمۇ «ئەپسۇس، چۈنكى، ئەكسىچە ...» دېگەن-دەك قوشۇمچىلارنى ئىشلەتكىنىنى كۆردۇم.

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ سانى قانچە؟ مەن بۇنى ساناپ چىقالمىدىم. تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرغۇن يولداشلارمۇ بۇ سانىنى بىلمەيدىكەن. ۋاھالەنكى، باشقا مىللەتلەردە بۇ سان ئېنىق، ئەڭ گۈزەل جۈملىلەر كىتابلىرى-مىزدا كۆرۈنۈشى كېرەك. بۇ جۈملىلەرنىڭ شەكلى كۆپ خىل، ئاتالغۇلىرى ساپ، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، مېتا-فورىلىرى جانلىق، يېڭى بولۇشى كېرەك. يازغۇچى پىكرىنى ئىپادىلەش ئۇچۇنلا جۈملە تۈزسە ئۇ پوچىتخانا ئالدىدىكى «كا-تىپ»قا ئوخشاپ قالىدۇ. ئىپادىلەشنى گۈزەللىك باسقۇچىغا كۆتۈرۈش يازغۇچىنىڭ ئىشى. «ئۇ قايغۇرۇپ كىرىپ كەلدى» دېگەن جۈملە بىلەن «ئۇ غەم تېغىنى كۆتۈرۈپ كىردى» دېگەن جۈملىنىڭ قايسىسىنى يازغۇچى تاللىشى كېرەك؟

دېمەك، بىرىنچىدىن ھەربىر جۈملىگە ئىشلەش، ئۇ جۈملى-نىڭ مەنتىقى، ئىپادىلەش كۈچى، گۈزەللىك دەرىجىسىگە ئەس-تايىدىل ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ۋاھالەنكى بىزنىڭ كىتاب-لىرىمىزدا كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بىر ـ بىرىگە ئوپئوخ-شاش، قۇرۇق، تېتىقسىز جۈملىلەر خېلىلا كۆپ.

ئىككىنچى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ياخشى پاي-دىلىنىش كېرەك. ماكسىم گوركىينىڭ ئوخشىتىشلىرى، شو-

لۇخوفنىڭ قىسقا، ئاجايىپ دىيالوگلىرى، ئوخشىتىشلىرى، گوگولنىڭ سىلىشتۇرمىلىرىنى ئوقۇپ مەن تولىمۇ ھۇزۇرلانغان. ئوخشىتىشنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ بىر بەلگىسى. سىز تەسۋىرلىگەن شەيئى ئېنىق كۆز ئالدىڭىزغا كەلگەندە ئۇنى ئىپادىلەشكە ئېنىق بىر سېلىشتۇرما ئىزدەيسىز. تىل پىكىر قىلىش قورالى، بىر خىل شەيئىنى ئون ئادەم ئون نەرسىگە ئوخشىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئوخشاتقىنى ھەممىدىن تىلى جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى كېرەك. بىرمۇ جۈملە قۇرۇق، ھېسسىياتسىز، مەنىسىز يېزىلمىسۇن، بىر تالانت ئىگىسى ئۆزىگە مانا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇشى كېرەك. بولۇپمۇ باشلاش، ئاخىرلاشتۇرۇشتا تىلنىڭ جەلپ قىلىش، تەسىر قىلىش كۈچىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تىلنىڭ ساپلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش يازغۇچىلارنىڭ مۇھىم ئىشى. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزۈمدە «نادىر» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىدىم؟ چۈنكى، ئېسىل دېگەن سۆز بىزنىڭ، «نادىر» بىزنىڭ ئەمەس. «بىمار»، «قوزجىراپ»، «زەرەپشان» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىسام، ئىختىيارسىز خاپا بولىمەن. ئۇيغۇر يېرىدىكى دەريا، ئورۇن نېمە ئۈچۈن پارسچە ئاتىلىدۇ؟ يەكەن، تارىم دەرياسى دېگەن ئىسمى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىكىستانغا ئاقىدىغان دەريانىڭ ئىسمى زەرەپشان تۇرسا، بىز نېمىشقا خەقنىڭ تىلىنى تالىشىمىز، «قوزجىراپ» دېگەن قوپال ئوردۇ تىلىدىن مىڭ تېكە دېگەن ئىسىم تولىمۇ چىرايلىق ئەمەسمۇ؟ «ئاغرىپ قالدىم» دەيمىزمۇ «بىمار بولدۇم؟» دەيمىزمۇ؟ «تەڭرىتاغ»، «خانتەڭرى» دېگەن سۆزلەرنى قايتىدىن ئارخىپتىن ئاچىققان بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز، يازغۇچىلىرىمىز ئاتالما تاللاشتىمۇ ئالاھىدە ئويلىنىپ ئىش قىلىشى كېرەك.

تىل مەسىلىسىدىكى ئاخىرقى مەسىلە كۆپ خىل شېۋىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش. رەھمەتى غۇلام غوپۇر ئاكا،

شېۋىلەر ئۇستىدە نۇرغۇن ئىزدەنگەنىدى. دىيالوگلاردا چوقۇم شېۋە بولۇشى كېرەك. مەن «ئاتا» رومانىدا مەكتەپ تىلىنى ياخ- شى ئوخشىتىپ دورىيالىمىدىم، «خەيرلىك ئىش»تا تۇرپان شې- ۋىسىنىڭ پۇرىقىنى خېلى چىقارغانىدىم، دىيالوگلاردا خاسلىق بولۇشى كېرەك. يەرلىك پۇراق، شېۋە بولۇشى كېرەك. بۇ بىز- نىڭ بايلىقىمىز، ئەۋزەللىكىمىز.

ئېسىل ئەسەر يارىتىشنىڭ بەش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قوي- دۇم. يەنە نۇرغۇن شەرتلىرى بار. كۆپچىلىك ئويلىنىپ كۆرسە بولىدۇ.

بىزنىڭ پىروزىمىزدا ئۆز ماھارىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن پېشقەدەملىرىمىزدىن زۇنۇن قادىر، ئۆتكۈر ئەپەندىلەر دۇنيادىن ئۆتتى. ئىككىنچى ئەۋلاد يازغۇچىلاردىن قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، ئەھەت تۇردى، مالىك كېۋىر، ئايشەم ئەخمەتكە ئوخشاش مېۋىسى مول يازغۇچىلىرىمىزمۇ نۇرغۇن ئىشلەپ چارچىدى. ئەللىك بەشتىن تۆۋەن ياشتىكى مەمتىمىن ھوشۇر، نۇرمۇھەممەت توختى، پەرھات جىلان، ئابدۇللا ساۋۇت، خالىدە ئىسرائىل، توختى ئايۇپ، غەيرەت ئاسىم، مۇھەممەت باغراش، ئەختەم ئۆمەرگە ئوخشاش يازغۇچىلىرىمىز ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرۇپ سەۋىيەلىك، ياخشى ئەسەر يارىتىش ئۇچۇن تىرىشماقتا. بۇلاردىن ئۈمىد چوڭ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچىلار بۈيۈك ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئەللىك بەش ياشتىن بۇرۇن چىقىرىپ بولغان. بۈيۈك ئۇستاز نەۋايى «خەمسە»نى قىرىق ئىككى ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ چىققان. لېف. تولستوي ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە: «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى قىرىق ئىككى — قىرىق بەش ياشلىرىدا تاماملىغان. بالزاك توقسان پارچە ئەسىرىنى تاماملاپ ۋاپات بولغاندا ئەللىك بىر ياشتا ئىدى. شېكىسپېيرمۇ ئارانلا ئەللىك تۆت ياشقا كىرەلىگەن.

ناۋادا سەيپىدىن ئەپەندىم بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندىملەر قىرىق ياشلىرىدا رومانغا تۇتۇش قىلغان بولسا «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «ئويغانغان زېمىن»لار ھازىرقىدىن تېخىمۇ ياخشى چىققان بولار ئىدى. ئېسىل ئەسەر يارىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بار. يۇقىرىنىڭ «تالانت ئىگىلىرىنى نۇقتىلىق يۆلەش» دېگەن غەمخورلۇق، يوليورۇقىمۇ بار. يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قەيسەرلىرىمىزگە ياخشى غەمخورلۇق قىلىشىمىز، ئۇلارنى يۆ- لىشىمىز كېرەك.

بىزدە ھەۋەسكارلار تولىمۇ كۆپ. لېكىن، ئۆزىنى ئەدەبىيات- قا، ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان جان پىدا ئەزىمەتلەر تولىمۇ ئاز، يوقنىڭ ئورنىدا. تالانتى بار، ئۆزىنى بېغىشلىغان، بىلىملىك يازغۇچىلىرىمىزدىن بەش - ئالتىسى ياكى ئىككى - ئۈچى پەيدا بولسىدى، ئېسىل ئەسەر پەيدا بولىدىغان بولدى دېگەن ھۆكۈم بىلەن خۇشال بولغان بولاتتۇق.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ ئۈمىدىمۇ شۇ. ئېسىل ئەسەر، تالانت ئىگىلىرى پاتراق ئوتتۇرىغا چىقسىدى.

# ياۋروپاغا سەپەر

(زىيارەت خاتىرىسى)

## سەپەرداشلار

7 ـ ئۆكتەبىر.

قولۇمدىكى يەتتە ۋاراقلىق پويىز بېلىتى، پاسپورتۇمدىكى غەربىي گېرمانىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مەخسۇس تامغىسى ۋە موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگراسىدىن كىرىپ ـ چىقىشقا بەرگەن رۇخسەت ۋىزىلىرى... مېنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرىقى خاپىلىقلىرىم بىلەن چەت ئەلگە چىققۇچىلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگۈچى ئورۇنلارغا بولغان نارازىلىقىم، گېزىت ـ ژۇرناللارغا يازماقچى بولغان تەنقىدىي ماقالىلىرىم توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى بىردىنلا يوققا چىقىرىۋەتتى. بېلەت بىلەن پاسپورتۇمغا قارايمەن ـ دە، خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىمغا پاتمايمەن. ماڭا ھەممىلا نېمە، ھەتتا ئاپتوبۇس، مېترولاردىكى تىقمۇتىقماقچىلىق، قوپاللىقلار، تۆت كوچا ئېغىزلىرىدا ئاپتوبۇسلارنىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق توختاپ قېلىشى قاتارلىق كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلماقتا.

مەن 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پويىز بىلەن ئاسىيادىن ياۋروپاغا سەپەر قىلىمەن. دېمەك، يەر شارىنىڭ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ بېتىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە ئون مىڭ كىلومېتىردەك يول ماڭىمەن. سەپەر خۇشاللىقى ۋە يېڭىلىققا

ئىنتىلىش ئىستىكى بىلەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. راستىنلا 7 ـ ئۆكتەبىر سەھەردە بېيجىڭدىن پويىز بىلەن يولغا چىقتىم.

... پويىز چىڭلۇڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلغاندىن كېيىنلا مەن ئۆزۈم بىلەن بىر خانىدىكى ھەمراھلىرىم بىلەن تونۇشتۇم. بۇلار ئاۋستىرالىيەلىك ساياھەتچى ئاتمىش يەتتە ياشلىق فوتوگرافىست ئەرك سابىل، شاڭخەي سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇگوسلاۋىيەدە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتى جاڭ ۋېنجۇن، كۇنمىڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ شەرقىي بېرلىندا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتى خې تيەنجىنلار. سابىل بىر ئېغىزمۇ خەنزۇ تىلى بىلمەيدۇ، ئىككى يىگىت ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ. مەن بولسام يادلىۋالغان ئانچە ـ مۇنچە ئىنگلىزچە تېرمىن ۋە جۈملىلەردىن باشقىنى بىلمەيمەن. مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ بىز بىر بۆلۈمگە جايلاشقان تۆت ئادەم ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

مېنىڭ تېتىملىق زاكۇسكام بىلەن ئەلا سۈپەتلىك ھاراق-لىرىم سابىل بوۋاينى ۋە ياشلارنى داستىخىنىمغا ئەكەلدى. بىزدىكى تەكەللۇپ، قورۇنۇش، ياسالمىلىقلار مانا شۇنىڭ بىلەن تېزلا يوقالدى. مەن سابىلنىڭ تىكىپ قويغاندەك قۇر ـ قۇر تۇرغان شالاڭ چاچلىرىغا قارىۋىدىم، ئۇ:

— مېنىڭ چېچىم ئوپېراتسىيە يولى بىلەن گەجگەمدىن ئالدى تەرىپىمگە كۆچۈرۈلگەن، — دېدى شالاڭ، سېرىق چاچ-لىرىنى سىلاپ، — بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلغىنىمغا ئۈچ يۈز نەچچە دوللار ئالىدۇ، مەن ئالتە ـ يەتتە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئاران مۇشۇنچىلىك چاچلىق بولالىدىم. سىلەرنىڭ چاچلىرىڭلار قاپقارا، ئەجەب ياخشىكەن!

ئۇ دېگىنىدەك كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ بىزگە زوق بىلەن قارايدۇ. ئۇ ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، مەندىن ئۇي-غۇرلار توغرىسىدا توختىماي سورايدۇ، مەن بىلگەنلىرىمنى ئۇ-

نىڭغا دەپ بېرىمەن. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى ئۆي ـ جايىنىڭ رەسىمىنى، ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىقى، جۇغراپىيەسى، كۆن ۋە بەش يۇلتۇزلۇق كىنگورا كۆتۈرۈپ تۇرغان بايرىقىنىڭ تارىخىنى تىنماستىن سۆزلەپ بەردى. ئۇ موڭغۇلىيەنىڭ قار بىلەن قاپلانغان دەرەخسىز دالاسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا:

— بىزدە ھازىر قالتىس ئىللىق، سالقىن پەسىل. ھەممە يەر ياپيېشىل دەرەخ، بىزدە مۇنداق قاقاس دالا يوق، — دېدى.

شۇ چاغدا خانىغا يېڭى زېلاندىيەلىك يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇ قىزىل يۈزلۈك، تەمبەل، ساغلام يىگىت يېڭى زېلاندىيەدە ساقچى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىسمىنى مارك فېن دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مازاق قىلىپ:

— سىلەر ئاۋستىرالىيەلىكلەر ئەنگلىيەدىن سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ پۇشتى. سىلەر قەھرىمان، ئىسيانچى بولۇشۇڭلار لازىم ئىدى، لېكىن بۇ يىلقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە بىز سەككىز ئالتۇن مېدال ئالالىدۇق، سىلەر بىرىنىمۇ ئالالمىدىڭلار، ھا ـ ھا ـ ھا ... — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى.

سابىل ئۆز دۆلىتى توغرىسىدىكى بۇ چاقچاقنى ھار ئالدى، ئۇ كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كەمشۈك ئاغزىنى مىدىرلىتىپ:

— سىز بەكمۇ ساۋاتسىز ئىكەنسىز، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا بۇ يىلقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە سەككىز ئەمەس، ئۈچ ئالتۇن مېدال ئالدىڭلار، بىزمۇ ئۈچ ئالتۇن مېدال ئالدۇق، — دېدى.

يىگىت تېخىمۇ ماختاندى:

— بىزنىڭ ئاتمىش مىليون تۇياقتىن كۆپ قويىمىز بار. كىشى بېشىغا چاچقاندا، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىمىز. سىلەر يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىسىلەر، ھا ـ ھا ـ ھا ...

پويىز ئۇلانباتور ۋوگزالىدا توختىدى. بىز يەرگە چۈشۈپ

ئەتراپىنى تاماشا قىلدۇق. پاكار ئېدىرلىق قاپتاللىرىغا جايلاشقان بۇ شەھەر يوللىرى، قىشلىق پەلتو، ئۆتۈك، قۇلاقچا كىيىشكەن ئادەملىرى بىلەن بىزگە يېڭى تۇيۇلدى. شەھەرگە ياندىشقان پاكار ئۆيلۈك مەھەللىلەردە كىگىز ئۆيلەرمۇ تۇرۇپتۇ. مەن موڭغۇل دالاسى توغرىسىدا كىتابلاردىن ئوقۇغانمەن. مانا ئالدىمىدا سېرىق توپىلىق تۆپىلىكلەر، ئادەمزاتسىز چۆللەر ياتماقتا. بۇ يەردىكى باينۆلگەي دېگەن يەردە بىر يۈز ئاتمىش مىڭ قازاق بار ئىكەن. موڭغۇلىيە كونسۇلخانىسىدىكى ۋىزا باشقۇرغۇچى يىگىتنىڭ قازاقچە سۆزلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، قاقاس قاپتاللار ئارىسىغا جايلاشقان ئۇلانباتور شەھىرىدىن شىمالغا قاراپ ماڭغانسېرى ئادەمزاتسىز چۆللۈك باشلىنىپ، ئاخىر سۇخەيباتۇر شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى ئورمانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. تاغلار ئاق تۇمان بىلەن قاپلانغان، قار ئاستىدا شۇمشەيگەن ياش قارىغايلار بىلەن سېرىق يوپۇرماقلىق ئارچىلار كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

ئەتىگەنلىكى ئويغانسام ۋاگونغا يورۇق چۈشۈپتۇ. سابىل بوۋاي دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋېتىپتۇ. مەنمۇ سىرتقا قارىدىم. بىز بايقال بويلاپ شىمالغا كېتىۋېتىپتىمىز. بايقال جىمجىت، ئۇ ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان ئېرىنچەك بالىدەك ئاستا مىدىرلايدۇ، ئۇنىڭ تىنچ بېتىدە يېڭىدىن ئۇپۇق گىرۋىكىدىن باش چىقارغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جىمىرلايدۇ. كۆل بويىدىكى قارىغاي، ئارچىلارنىڭ يېشىل يوپورماقلىرىمۇ قېيىن يوپۇرماقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قىزارغان، ئەتراپ خۇددى يالقۇن ئىچىدە تۇرغاندەك بايقالنىڭ نېرىقى قىرغاقلىرىدىكى قويۇق تۇمان بۇ يالقۇندىن كۆتۈرۈلگەن ئىستەك كۆرۈنىدۇ. سابىل بوۋاي بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقمىغان بىلەن، ئۇنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئۆزىنىڭ بۈك دەرەخلەر ئارىسىدىكى ياغاچ ئۆيىنى ئەسلەۋاتقىنىنى چۈشەندىم. چۈنكى، مەنمۇ بايقال بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىختى-

يارىسىز سايرام بويلىرىنى ئەسلىدىم ـ دە!
شىمالغا قاراپ بىر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن قويۇق قېيىنزارغا كىردۇق. مەن ئىختىيارسىز «موسكۋادىن ئۇزاقتا»، «جاسارەت» رومانلىرىدىكى تايگا توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى ئەسلىدىم.
بايقال ئورمانلارنىڭ ئىرىسىغا مۆكۈندى. ئۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تۆپىلىكلەر ئارىسىدىن چىراي كۆرسىتىپ قويىدۇ ـ دە، يەنە يوقىلىپ كېتىدۇ. مانا، يەنە بايقال كۆرۈندى، ئۇ بىزنىڭ شەرقىمىزدە، غەرب تەرىپىمىز قويۇق تايگا ئورمانلىقى. قارلىق تاغ چوققىلىرىمۇ يىراقلاردا كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بايقال يەنە كۆرۈنىدۇ، بېلىقچىلار كېمىسى، جۇۋىسىغا ئورىلىپ كۆلگە قارماق سېلىپ ئولتۇرغان ئادەملەر، ئۇستى چېدىرچىلاپ يېپىلغان قاراۋۇل ئۆيلىرى، ئېرىنچەك كاللار ئېكراندىكىدەك تېز ـ تېز ئۆتمەكتە. سلىيودىيانكا ئىستانسىسىغا كەلگەندىلا، مەن تۇنجى سوۋېت كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئوڭ تەرىپىمىز بايقال، سول تەرەپ تاغ باغرىدىكى شەھەر. قىشلىق كىيىم كىيگەن ئادەملەر ئالدىرىشىپ يۈرۈشمەكتە. مەن تەسەۋۋۇرۇمدا سوۋېت ئادەملىرىنىڭ كىيىنىشلىرى، مۇئامىلىسى، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى بىزدىن ئۆزگىچە بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، لېكىن بۇ يەردىكى ئادەملەر 1950 ـ يىللاردا مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى. مەن تۆمۈردىن ياسالغان پىيادىلەر كۆۋرۈكى ئۇستىگە چىقىپ شەھەرنى تاماشا قىلدىم. شەھەر چىرايلىق ئىكەن. لېكىن، پويىز ئىستانسىسى قاتمۇقات پويىزلار بىلەن تولغان.
بىز تاغ ئۇستىدە كېتىۋاتىمىز. بايقال ئاستىمىزدا — تۆۋەندە چەكسىز يېيىلىپ ياتماقتا. سابىل بوۋاي ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— ھەقىقىي ساياھەت ئەمدى باشلاندى، كۆلگە قاراڭلار، قانداق چىرايلىق، ئۇنىڭ تىلىنى بىلمەيسىلەر، مەن دېڭىزنىڭ

تىلىنى بىلىمەن. كۆلمۇ سۆزلەيدۇ، دېڭىزمۇ سۆزلەيدۇ. بۇ تىلسىملارنىڭ بېتىگە قاراپ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

— خوش، بايقال نېمە دەيدۇ؟

— بوران چىقىدۇ، دولقۇنلايمەن دەيدۇ. بۇ كۆلنىڭ بېلىقى بەك قىممەت ئىكەن. ئاۋستىرالىيەدىكىدىن ئون باراۋەر قىممەت ئىكەن. چايچىمانى[1] دەيدىغانلار بۇ يەردە جىق ئىكەن. ئالدىغا تۇخۇم، پەمىدۇر قويۇپ ئولتۇرىدىغان مومايلار چېغىدا مېنى ئالدىماقچى بولۇپ چايچىمانى، دەيدۇ تېخى. بىزدە بۇنداق سودىگەرلەر يوق، تۇخۇم، پەمىدۇر ساتىدىغان مومايلار يوق!

— ئۆلاردىن چوڭلىرى بار ـ دە؟ — دېدى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن يېڭى زېلاندىيەلىك ساقچى، — سىزگە پايدا بەرمەيدىغۇ ئۇلار. بىر ئامېرىكا دوللىرى ئاران 0.6 رۇبلى. لېكىن، ئۇلار بىر دوللارنى ئۈچ رۇبلىغا ئالىمىز دەۋاتسا، يەنە يامان دەمسىزغۇ؟ بايقالنىڭ بېلىقى سىلەرنىڭ دېڭىز بېلىقلىرىدىن تاتلىق، شۇڭا قىممەت. نېمىشقا دەمسىز؟ سىلەر بېلىقنى پاراخوت بىلەن تۇتىسىلەر، بۇ يەردىكىلەر قارماق بىلەن تۇتىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا ...

بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا ياقمىدى. مەن بىزدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان بايقالنى ماختىدىم:

— دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر كۆل — بايقال كۆلى. بىزنىڭ ئېرتىش دەريايىمىز مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ كۆلنىڭ بېلىقى ئالتاي ئېرتىش بېلىقى بىلەن ئوخشاش، ناھايىتى تەملىك.

— كۆلنىڭ چوڭقۇرى بۇ يەردە بولسا، دېڭىزنىڭ دۇنيا بويىچە چوڭقۇر يېرى بىزدە، — دېدى سابىل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تاغنىڭ ئېگىزى بىزدە! — دېدى شىياۋجاڭ.

---

[1] چايچىما — دوللار تېگىشمەن.

— ئويمانلىقنىڭ چوڭقۇرى تۇرپانمۇ بىزدە، — دېدى شياۋخې.
سۆھبىتىمىزگە ھاكچىلارنىڭ ئالا - بۇلىماچ كىيىمىدەك ئىشتان - چاپان كىيگەن ئامېرىكىلىق يىگىت بىلەن غەربىي گېرمانىيەلىك قىزلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى:
— تەكلىماكانمۇ گۈزەل، ھاۋا تەڭشەيدۇ. مەن بەك قىزىقىمەن. پۈتۈن ياۋروپا ياپيېشىل بىر باغ، لېكىن بۇنداق تەڭشىگۈچ يوق.
— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ياۋروپاغا ئۆتىمىز. ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ پەرقى يەر بېتىدىلا ئەمەس، ھاۋاسىدىمۇ بىلىنىدۇ. ياۋروپا ئىللىق، نەمخۇش، ئاسىيا ئىسسىق - سوغۇق، قۇرغاق.
— ئاڭلىشىمچە، بېرلىندىكى تۇنجى قارىغاي موڭغۇلىيەدىن بارغانىكەنغۇ؟
— لەڭمەن بىلەن چۆچۈرىنىمۇ ماركوپولو جۇڭگودىن ئىتالىيەگە ئاپارغان!
— گېرمانىيەلىكلەرمۇ ئاسىيادىن — ھىندىستاندىن بارغان!
بۇ گەپلەرگە گېرمانىيەلىك قىزلار باشلىرىنى ئىرغىتىپ قوشۇلۇشتى.
— ئاسىيا، ياۋروپا بىر قۇرۇقلۇق، — دېدى بىر قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئادەملىرىمۇ، تەبىئەتمۇ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ!
پويىز تونېلغا كىردى، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى. سابىل ئالدىراپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىركۈتىسكىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر رومكا ھاراق سۇندۇم. بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ ھاراقنى ئالدى ۋە ئىچىپ بولۇپ:
— ئادەمنىڭمۇ، ھاراقنىڭمۇ ياخشىسى سىلەردە! — دېدى.
ئىركۈتىسكىدا ھەم بوۋاي بىلەن، ھەم بايقال بىلەن

خوشلاشتۇق. تاغلارمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. پويىز سائىتىگە بىر يۈز يىگىرمە كىلومېتىر تېزلىك بىلەن سوۋېت يېرىدە چاپماقتا. بوۋاينىڭ بىز بىلەن خوشلاشقاندا يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلاشلىرى، يېڭى زېلاندىيەلىك يىگىتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى، قاقاھلاپ كۈلگەندە قىزارغان چىرايى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي ئادەملەر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى چۈشىنەلەيدۇ، دوست بولالايدۇ.

... زېمادىن ئۆتۈپ نىژنېيۇدېنىسىك ئىستانسىسىدا توختىغاندا، كۆمۈر بېسىپ كېتىۋاتقان پويىزلارنى كۆرۈپ بۇ يەرنىڭ ئېگىز ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىگە چىقىپ يىراق تاغلار ئارىسىغا قارىدىم. بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى ماڭا تونۇش. بۇ يەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى رۇس سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى، ئىدېئولوگ، ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە يازغۇچى نىكولاي گاۋرىلوۋىچ چېرنىشېۋسكىي 1863 ـ يىلىدىن 1871 ـ يىلىغىچە سۈرگۈن ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ «سىبىر كانلىرىنىڭ چوڭقۇر تېگىدە» ئەمگەك قىلغان ... مەن خۇددى بۇ ئۇلۇغ كىشىنى كۆرمەكچى بولغاندەك تۇمانلار ئىچىدىكى يىراق تاغلارغا، قويۇق ئورمانلارغا قارىدىم. ئۈستىنى تۇمان باسقان قويۇق ئورمانلار ماڭا ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىدىكى سىبىرىيە توغرۇلۇق يېزىلغان تەسۋىرلەر، لېنىن ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەردىكى بايانلار، فادىيېفنىڭ «تارمار» ناملىق كىتابى، ماركوفنىڭ «ستوگوفلار ئائىلىسى» ناملىق رومانىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى. ماڭا خىيالەن تونۇش بولغان قارا چىلان تۈپراق، سازلىق جىلغىلار، قويۇق ئورمان، ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يوللار ئەمدى كۆز ئالدىمدا ئۆز قىياپىتى بىلەن تۇرماقتا. مەن 9 ـ ئۆكتەبىر كېچىسىنى خىيال ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن كۈتۈۋالدىم.

— كراسنو يارسكىغا كەلدۇق. يۈرۈڭ، تۆۋەنگە چۈشىمىز، — دېدى ۋالېنتىنا بىزنىڭ «ئۆي» گە كىرىپ. ۋالېنتىنا ئەللىك

ياشلارغا كىرگەن ئايال بولۇپ، بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلى-دىكەن، ئۇنىڭ يولدىشى يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە خەلقئارالىق تىرېنېر ئىكەن. ئوغلى ياپونىيەدە (ئۇنىڭ ئايالى ياپونىيەلىك ئىكەن)، ئانىسى بىلەن ئىنىسى ئالمۇتادا ئىكەن. ۋالېنتىنا بۇ-گۈن ئايرىلغىنىغا يىگىرمە ئالتە يىل بولغان ئانىسى بىلەن ئى-نىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ياش قىزلاردەك تېتىكلى-شىپ قېلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىكەن.

— بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچ دۆلەتتە ياشايمىز. ئۈچ دۆلەتكە پۈقرا بىز، — دەيدۇ ئۇ ياپونىيەلىك نەۋرىسىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ سۆزلەپ، — بۇ چوڭ بولغۇچە يەنە قانچە دۆلەتكە تارىلارمىزكىن تېخى؟

نوۋى سىبىر مەن كۆرگەن ھەممە شەھەردىن چىرايلىق، چوڭ كۆرۈندى. ۋالېنتىنا ئىنىسى بىلەن ئۇن سىلىپ يىغلاپ كۆرۈشتى. بىز نۇرغۇن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكلەر ئۇنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردۇق. ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن قۇچاقلاشقى-نىنى تەبرىكلىدۇق.

پويىز موسكۋاغا قاراپ قويۇق ئورمانلار ئىچىدە كېتىپ بارىدۇ. قاچانلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ دېرىزىدىن قارىسام، قويۇق ئورمانلىق. نېمىدېگەن تۈگىمىگەن قېيىنزار، قارىغايلىق بۇ ـ ھە؟! نەچچە سوتكا مېڭىپمۇ تۈگىتەلمىدۇققۇ؟ تيومېن، سۋېردلو-ۋىسكىي ... سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا كىرگەندىن بۇيان سۋېردلوۋىسكىيغىچە يىگىرمە يەتتە شەھەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. ما-نا ئەمدى ئورالدا كېتىپ بارىمىز. بۇ يەردە ئاسىيا ـ ياۋروپا چېگراسىغا ئورنىتىلغان قىتئە بەلگىسى — ئىككى مېتىردەك ئېگىزلىكتە ئاق مەرمەر بەلگە تېشى بار ئىكەن. بۇ تاش بىلەن موسكۋانىڭ ئارىلىقى بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە كىلومېتىر ئىكەن. ئورال تاغلىرى، ئورال دەرياسى مانا شۇ ئەتراپتا. بۇ يەر-دىن يەنە سەككىز شەھەرنى بېسىپ ئۆتسەك موسكۋاغا بارىمىز.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا بۈيۈك رۇس شائىرى لېرمونتوفنىڭ «موسكۋا» ناملىق شېئىرىنى يادلىغانىدىم. بۇ شېئىر ھېلىمۇ

ئېسىمدە. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن ل. تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىنى ئوقۇغان. ناپو- لېئون ئەسكەرلىرى تالان - تاراج قىلغان بۇ شەھەرگە باللىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا قەلبىمدە ھۆرمەت - مۇھەببەت پەيدا بولغان، بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا 1942 - يىلى 1 - ئايلاردىكى موسكۋانى قوغداش جېڭى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر، گىتلېر ئارمىيەسىدىن ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ ئەسكەرنىڭ نەق مۇشۇ موسكۋا بوسۇغىسىدا يوقىتىلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنىڭ بولغانلىقى بۇ شە- ھەرنىڭ قەلبىمدىكى سىيماسىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلىغانىدى.

مەن موسكۋا، لېنىن توغرىسىدىكى خېلى جىق كىتابلارنى، شېئىرلارنى ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن، موسكۋاغا يېقىنلاشقانسېرى ھاياجانلانماي تۇرالايتتىمۇ؟ ! مەن دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەستىن سېرىق يوپۇرماقلار يەر بېتىنى قاپلىغان ئورمانلىقلار، كۆز ئاپ- تىپىدا يول چېتىدىكى ئورۇندۇقلاردا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنى تاماشا قىلىپ ماڭماقتىمەن ...

بۇ كېچە تۈزۈك ئۇخلىمىدىم. ئاخىرقى شەھەرلەردىن ئۆت- مەكتىمىز: مانا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتتۇق. دەريا تىنچ، ئاستا ئاقماقتا. ۋولگا — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پۇقرالار ئۇرۇشىنىڭ گۇۋاھچىسى، ۋولگا بويلىرىدا بولغان جەڭلەر سوۋېت ئەدەبىيا- تىدا شۇنچىلىك كۆپ يېزىلغانكى، غوپۇر غۇلامنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئىختىيارسىز يادىمغا كەلدى:

«تېخى ئورال لېۋىدە مەرد چاپايېفنىڭ
قانلىرى تومۇرىدا سوۋۇپ پۈتمەستىن،
تېخى سىبىردىكى ئۇر، يىقىت، چاپنىڭ
ساداسى قۇلاقلاردىن نېرى كەتمەستىن.
تېخى ئاتلىرىنى ئىركەش ئۆلتۈرگەن
پەرغانە يېتىملىرى بويىغا يەتمەستىن.»

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا سوۋېت خەلقىگە ئارقا سەپ بولۇپ، ئالدىنقى سەپنى ھەربىي لاۋازىمات، قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن، فىرانسىيە شائىرى «ئورال ياشىسۇن!» دەپ مەدھىيە شېئىرى يازغان قەھرىمان ۋە گۈزەل ئورال بىز بىلەن خوشلاشتى. ئاخىرقى شەھەر ياروسلاۋل كەينىمىزدە قالدى. ئەمدى چىرايلىق، رەتلىك يېزىلار كۆرۈنۈشكە باشلاندى. ئوچۇق ھاۋادا كۆز يوپۇرماقلىرى بىلەن قىزارغان باغ دالالار تولىمۇ گۈزەل.

— گۈزەل، تولىمۇ گۈزەل ئىكەن! — دېدىم مەن ئەتراپىمدىكى ۋەتەنداشلىرىمغا ئۆز ھاياجانلىرىمنى بايان قىلىپ.

— سىز سوۋېت يېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

بۇ سوئالنى سورىغۇچى پۈتۈن يول بويى ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن، تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياش، جۈڭسەنچە چاپان كىيگەن سۇرلۇك ئادەم ماڭا سىناق نەزەرىدە سىڭار يان قارىدى.

— شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن!

— جۈڭگونىچۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدىم. بىزدە سىياسەت بىلەن ئادەملەرنى، تەبىئەتنى، ھەتتا ھاۋانى ئارىلاشتۇرۇۋالغان ئاشۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر بار. ئۇلار گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك توغرىسىدىكى بارلىق چۈشەنچىلەرنى بىرلا ئۆزى ياقتۇرىدىغان، قاتمال سىياسەت سۆيىدە پىشۇرۇۋالغان كۆزقاراشلىرى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلارچە بولغاندا قىرىم، كاۋكازمۇ بىزنىڭ قاقاس تاغلارچىلىك مەنزىرىلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ جۇڭگو تۇپرىقى ئەمەس. ئۇلارچە چەت ئەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىشمۇ ساپ بولمىغان ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى، مەن ئىنسانلارنى ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشكە ئۈندەش بىلەن ھاياتتىن لەززەت ئالىدىغان بۇ خىل ئادەملەردىن تولىمۇ بىزار. مەن ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم.

موسكۋا ئەتراپى — گۈزەل ئورمانلىق باشلاندى. ئارچا قارىغاي، قېيىنزارلىق، توق قىزىل رەڭلىك مېۋىلەر شاخلىرىدا تۇرماقتا، ئۇ نېمە؟ جىنەستىمۇ ياكى باشقا مېۋىمۇ؟ ياغاچ ئۆيلەردىن، ئىللىق ھاۋالىق باغلاردىن باللار چىقىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىزگە ئاق يول تىلىمەكتە. سۈزۈك موسكۋا ئاسمىنىدا كەپتەرلەر ئۇچماقتا. مانا ئېگىز بىنالار، پويىز ئاستىلاپ ياروسلاۋل ۋوگزالىغا كىرمەكتە. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئۆتكەندە بىز پويىزدىن چۈشتۇق. بەش سوتكا بىللە ماڭغان دوستلار خوشلاشتۇق. شياۋجاڭ مۇشۇ يەردىن باشقا پويىزغا چىقىپ يۇگوسلاۋىيەگە ماڭىدۇ. بىز شياۋخې بىلەن بىللە بۇ ۋوگزالدىن بېلارۇسىيە ۋوگزالىغا بارىمىز. ئۇ يەردە ئالتە - يەتتە سائەت تۇرىمىز. بۇ مەزگىل ئىچىدە موسكۋانى ئوبدان كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موسكۋانىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا تاكسى بىلەن ئۆتتۇم. خىيالىمدىكى شەھەرنىڭ ئوچۇق ھاۋالىق كۆز مەنزىرىسىنى كۆرمەكتىمەن، ئاياغلىرىم ئاستىدىكى تۇپراق، بۇ موسكۋا. ئەتراپىمدىكى ئالدىراش ئادەملەر كىنولاردىكى ئادەملەر ئەمەس، ئۇلار بۈگۈنكى موسكۋانىڭ پۇقرالىرى.

مەن تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ، ئالدىن يېزىۋالغان نومۇرلار بويىچە موسكۋادىكى تونۇشلىرىمغا تېلېفون بەردىم.

## موسكۋالىق دوستلار

مەن تېلېفون بېرىشنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. ئاخىر يۈك توشۇغۇچى ساغلام يىگىتنى «فوماگايت» ① قا تەكلىپ قىلدىم. ناھايىتى تۇرسۇن سادىق ئاكىنىڭ ئايالى پاشا ھەدە بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن شېرىپنىڭ ئايالى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشەلىدىم.

---

① فوماگايت (رۇسچە) — ياردەم.

تۇرسۇن سادىق ئاكا بۇرۇن شىنجاڭدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ئۇ كىشى موسكۋادا نۇرغۇن يىل خىزمەت ئىشلەپ، هازىر پېنسىيەگە چىقىپتۇ.

تۇرسۇن ئاكىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوغلى رەپقەتجان ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە مەن ئىككى سائەتتەك ۋوگزال ئالدىدىكى چوڭ كوچىدا تۇرۇپ موسكۋالىقلارنى كۆزەتتىم، نېرى - بېرى ئايلاندىم. خاتىرجەم قولتۇقلىشىپ يۈرۈشكەن، قىسقا پەلتو كىيىشكەن قېرىلار، ياسانچۇق، مەغرۇر قىز - يىگىتلەر بىلەن كۆپكۆك كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، هەممىگە قىزىقىدىغان ئوماق باللار موسكۋادىكى تىنچ، خاتىرجەم هاياتنىڭ سىمۋولى. مەن دوپپا كىيگەن ئۆزبېكلەرگە، بۆرتمە شال سالغان ئەزەربەيجان ئاياللىرىغا سالام بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم، لېكىن، ئۇلار خالىمىدى. هەر خىل چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگەن مىڭلىغان ئادەملەر ئىچىدىن بىرەر تونۇش چىراي ئىزدەيمەن. لېكىن، بۇ ئامەت ماڭا نېسىپ بولمىدى. موسكۋانىڭ كەڭرى كوچىلىرىدا ئۈزۈلمەي چېپىشىپ يۈرگەن ماشىنىلار بىلەن گۈمبەزلىك، چىرايلىق پەشتاقلىرى ئوچۇق هاۋادا چاقناپ تۇرغان مىللىي پاسوندا ياسالغان بىنالارنىڭ ئۈستىدە غوڭۇلدىشىپ يۈرگەن كەپتەرلەر بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن بۇ شەهەرنىڭ بۈگۈنكى تىنچلىقى ئۈچۈن قانچىلىك ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى تۆكۈلگەنلىكىنى ماڭا ئەسلەتتى:

«موسكۋا، موسكۋا،
ئوغلۇڭدەك سۆيىمەن سېنى.
سۆيىمەن رۇستەك قايناق ئەركە ۋە كۆركەم،
سۆيىمەن چاچلىرىڭنىڭ ئەزگۈ ئېقىنى،
چىشلىق تاملىق، مەغرۇر كرېملنى هەم.»

شائىر لېرمونتوف بۇ مىسرالىرىدا رۇس خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ شەھەرگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. مەن كرېمىل ئالدىدا ئىختىيارسىز بۇ مىسرالارنى ياد ئوقۇدۇم. «موسكۋا» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ:

«خام خىيال قىلغانىدى ئۇ، يات ھۆكۈمدار ...»

دېگەن مىسرالىرى يادىمغا كەلگەندە، مېنىڭ خىيال ئېكرانىمدىن كۆيۈۋاتقان بىنالار، ئوت ئىچىدە بالىلىرىنى قۇچاقلىشىپ، ئالاقزەدە بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئاياللار، پېشانىسىدىن قان ئېقىپ تۇرغان، ئوقدىسىغا ياتقان ساقاللىق سولداتلار ... ئۆتتى. بۇ مەنزىرىنى مەن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىن ئوقۇغانمەن. «رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» بولغان ئۇلۇغ يازغۇچى لېف. تولستوي ئۆزى تۇغۇلغان ۋاقىت (1828 ـ يىلى) تىن ئون ئالتە يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن موسكۋا پاجىئەسىنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك يازغان. مانا مەن بۈگۈن تىنچ، بەختلىك مىنۇتلاردا موسكۋانىڭ ھازىرقى گۈزەل ھۆسنىنى خىيالىمدىكى موسكۋانىڭ بۇنىڭدىن بىر يۈز توقسان بەش يىل بۇرۇنقى يانغىن ئىچىدىكى مەنزىرىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپتىمەن. مانا بۇ ھال ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئاۋازسىز ھالدا سۈرەتكە ئالغۇچى ئۇلۇغ بىر پائالىيەت ـــ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ رولى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» يېزىلمىغان بولسا، مەن موسكۋانى مۇشۇ ھالەتتىلا چۈشەنگەن بولاتتىم. ھاياتىمۇ بۈگۈنكىدەك قىزغىن سۆيمىگەن بولاتتىم.

موسكۋانىڭ بۈگۈنكى قىزىل يوپۇرماقلار ئىچىدىكى مەنزىرىسى ماڭا بۇ تۇپراقتا چوڭ بولغان سانسىز ئەزىمەتلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە تونۇش بولغان ئەدىبلەرنى، قەھرىمانلارنى بىرمۇبىر ئەسلەتتى. ئەپسۇسكى، تارىخ بىگۇناھ ئادەملەرنى بىر ـ

بىرىگە دۇشمەنلەشتۇرگۇچىلەرنى يادىدىن چىقارمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇقۇشماستىن بىر ـ بىرىگە دۇشمەنلىك قىلغۇچى ئۇلۇغلارنىمۇ ئىسىدە چىڭ ساقلايدۇ. 1812 ـ يىلى ناپولېئون موسكۋاغا بېسىپ كىرگەندە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچى ستېندال ناپولېئون قوشۇنىنىڭ بىر ئوفىتسېرى سۈپىتىدە موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگۈچىلەر قاتارىدا بولغان. شۇ چاغدا ستېنداللار ئوت قويغان شۇ شەھەردە ئىككىنچى بىر ئۇلۇغ ئەدىب ــ ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ گىرتسىن دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. بۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئە. بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى باسىدىغان قەلەمداشلار، ۋەتەنداشلار، ھەتتا قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. بۈگۈنكى موسكۋانىڭ تىنچ، گۈزەل مەنزىرىسى ھېچقاچان بىزگە بۇ خىل دۇشمەنلىكنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەلمەيدۇ.

ناپولېئون مەغلۇپ بولدى، لېكىن تەلۋىلىك ئاخىرلاشمىدى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1942 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ بېلارۇسىيە ۋوگزالىنىڭ ئەتراپىدا يەنە موسكۋانى قوغداش جېڭى بولدى. گىتلېر 1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كرېمىل ئاسمىنىدا لەپىلدەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن، موسكۋا ئۈنچىلىك ئاسان تىز پۈكمەيدىكەن. ئىككىنچى قېتىملىق تەۋەككۇلچىلىك تاجاۋۇزچىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى ...

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئالدىمغا قاراپ قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقان يىگىت شۈبھىسىز رەيقەتجان ئىدى. مەن كۆرۈشۈشتىن كېيىن بۇ يىگىتكە دىققەت قىلىپ قارىدىم. ئۇ ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا چىرايلىق سۆزلەيدىكەن (گەرچە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ)، ئۇ ھازىر

موسكۋانىڭ سىرتىدىراق ساقلىق قازان زاۋۇتىدا سېخ باشلىقى ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى رۇس ئىكەن. ھازىر ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇ مېنى ئۆيىگە قاتتىق تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى.

كەچرەك، تۇرسۇن سادىق ئاكا، شېرىپجانلار كەلدى. شېرىپجان ئىنژېنېر ئىكەن. ئۇ شۇ ئاخشىمى خىزمەت بىلەن ئۇكرائىناغا ماڭماقچى ئىكەن. بىز ئۇزاققىچە كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆتكەن ۋە ھازىرقى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. رەپقەتجانغا مېنى تەكلىپ قىلغۇچى، غەربىي گېرمانىيەلىك جۇڭگوشۇناس توماس ھاپپى ئەپەندىنىڭ ئادرېسىنى بېرىپ، مېنىڭ شەرقىي بېرلىن ۋوگزالىغا يېتىپ بارىدىغان ۋاقتىمنى ئېيتىپ بەردىم. رەپقەتجان ئالدىراپ تېلېگراممىا بەرگىلى يۈرۈپ كەتتى ...

پويىز بېلارۇسسىيە زېمىنىدا ئالغا كېتىپ بارىدۇ. مەن تۇرسۇن ئاكا، شېرىپجانلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىمنى ئەسلەپ، دېرىزىدىن قاراڭغۇ دالاغا قاراپ ئولتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەندىن كۆپرەك بەھرىمەن بولالايدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى، بىزنىڭ خەلقلىرىمىزنىڭ سابىق بوۋايدەك ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىپ، سىرت دۆلەتلەرنى كۆرۈپ بېقىشىنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلدىم.

خىيالدىن رېئاللىققا قايتتىم. بېلارۇسسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باي ۋە چوڭ جۇمھۇرىيىتى. بۇ ماكان رۇسسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھاياتىدا نۇرغۇن ئۆچمەس ئىشلارنىڭ شاھىتى بولغان. ناپولېئون ۋە گىتلېر ئارمىيەسى مۇشۇ دالالاردىن ھەيۋە بىلەن گۈركىرەپ بوراندەك شەرققە ئۆتكەن، ئوخشاشلا مۇشۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ مىڭلىغان جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ، ھارغىن، ئالاقزەدە، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز غوجايىنلىرىنى قارغىشىپ غەربكە قاراپ قېچىشقان.

مانا، نۇرغۇن شائىرلارغا شېئىرىي ھېسسىيات، چوڭقۇر

پىكىر ھەدىيە قىلىپ ئۆز قوينىدا قابىل شائىرلارنى يېتىشتۈرگەن مىنىسىپىك. ئۇ ئۆزىنىڭ يارقىن چىراغلىرى بىلەن مېنىڭمۇ قەلبىمدە ھېسسىيات - لىرىكا پەيدا قىلدى.

موسكۋا ئۆزاقتا قالدى، ئەمما ئۇ يەردىن ئالغان تەسىرات، ئۇ يەردىكى دوستلار مەڭگۈ قەلبىمدە.

## پولشا زېمىندا ئويلىغانلىرىم

13 - ئۆكتەبىر ئەتىگەنلىكى شۇ يەر ۋاقتى سائەت 13 تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، پويىز ۋارشاۋا ۋوگزالىغا كىرىپ كەلدى. ۋارشاۋا كوچىلىرى كەڭ، بىنالىرى مىللىي تۇستە سېلىنغان، دەل - دەرەخكە چۆمۈلگەن شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەر 1596 - يىلىدىن باشلاپ پولشانىڭ پايتەختى بولغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئەمما، شەھەرنىڭ ھازىرقى قىياپىتىدىن قىلچە ۋەيرانچىلىق ئىزناسى تېپىلمايدۇ. ۋىسلا دەرياسى شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. پويىز دەريادىن ئۆتۈپ تونېلغا كىردى ۋە كەڭ چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان مەيداندا توختىدى. مەن بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان ساقچىدىن سورىدىم:

— بۇ يەر مېترومۇ؟

— ياق، ۋوگزال.

مەن ئۇنىڭ بىلەن رۇس تىلىدا سۆزلەشتىم. بۇ يەرنىڭ ئەرلىرى بەستلىك، بۇرۇت قويغان، ئاياللىرى گۈزەل ئىكەن. فىرانسىيە يازغۇچىسى بالزاكنىڭ پولشالىق بارىنەگە ئاشىق بولغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

دەريا بويلاپ مېڭىشقا بولسىدى، ئۇ چاغدا كراكۇ شەھىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردە كوپېرنىك كوچىسى بار. بۇرۇن سان ئاننا دەپ ئاتالغان بۇ شەھەردە كوپېرنىك ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرى تەلىماتى» ناملىق ئەسىرىنى شۇ

يەردە يازغان. ئىنسانىيەتكە ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن زور ئۇتۇقلارنى ھەدىيە قىلغان بۇ شەھەرنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلېر گېرمانىيەسى قان بىلەن بۇلغىغان. ئۇنىڭ يېنىغا قۇرۇلغان ئوسۋېتسىن لاگېرىغا ئون سەككىز دۆلەتنىڭ مەھبۇسلىرىنى قاماپ، 4 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن.

ھازىر 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا 10 مىليوندەك ئادەمدىن ئايرىلغان بۇ دۆلەتنىڭ كۆز يېشى قۇرۇغان. ۋارشاۋا شۇنچىلىك جىمجىت. ئىللىق، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ياشىرىپ تۇرغان چىمەنلەر خۇددى ھاياتىدا قان ئىزى كۆرمىگەندەك پاكىز ...

ۋارشاۋادىن قوزغالدۇق. كەڭرى، قوناقلىرى ئورۇلمىغان ئېتىزلار، سارغايغان باغلار — مانا بۇ — پولشا زېمىنى. 10 - ئەسىردە دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان بۇ زېمىندا 18 - ئەسىرگە كەلگۈچە نۇرغۇنلىغان شائىرلار، يازغۇچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇلار پولشا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا داڭ چىقارغان نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. ناروشىۋىچ (1733 — 1796)، تىلونىبىسكى (1739 — 1812)، كراشىسكى (1735 — 1801)، ۋېنگرىسكىي (1755 — 1787) قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى.

1795 - يىلى پولشانى چارروسىيە، پىروسىيە، ئاۋستىرىيە دۆلەتلىرى بۆلۈشۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ پولشا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى بولۇپ قالدى. شۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ۋىبىسكىنىڭ (1747 — 1822) «پولشا پولەك ناخشىسى» كېيىن پولشانىڭ دۆلەت گىمنى بولۇپ قالغان ...

پويىز پولشا ئېتىزلىرى ئارىسىدا كېتىپ بارىدۇ. كەڭ ئېتىزلار، ئىھاتە ئورمانلىرى مېنىڭ پولشا ئەدىبلىرى ئۈستىدىكى خىياللىرىمنى سەزگەندەك مىدىرلايدۇ، ئاللىقاچان كەينىمدە قالغان ۋارشاۋا: «ھە، قېنى، بىلگەنلىرىڭنى يەنە ئويلا» دەپ مېنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ ...

... 1863 - يىلى مېنىڭ يۇرتۇم غۇلجىدا زۇلۇمغا قارشى

دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغان يىلى، مۇشۇ پولشادىمۇ يانۋار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، كاپىتالىزم تېز تەرەققىي قىلىپ پولشا پىرولېتارىياتى دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر پولشا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، گۈللىنىش دەۋرى بولغان. بولۇپمۇ پروزا تېز تەرەققىي قىلغان. ئەدەبىياتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى مىللەتنىڭ ئويغىنىشى، يېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئورەيىشكاۋا (1841 — 1910)، سېنكىۋېچ (1846 — 1916)، فىروسىس (1847 — 1912)، كانوپونىسكايا (1842 — 1910)لار شۇ چاغدا يېتىلگەن يازغۇچىلار. ئورەيىشكاۋانىڭ «مارتا»، «نىمان دەرياسى بويىدا» ناملىق رومانلىرى، سېنكىۋېچنىڭ «ئوت ۋە قىلىچ»، «كەلكۈن»، «لىۋۇدىيېۋسكىي ئەپەندى» ناملىق تىرىلوگىيەسى... مانا شۇ پولشا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق مىساللىرى.

پولشا 1918 - يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. لېكىن، 1926 - يىلى بىسويىسكى تەختكە چىقىپ، فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن دېموكراتىك كۈچلەرنى قاتتىق باستۇردى. ئۇ گىتلېر گېرمانىيەسىگە قارىتا تەسلىمچىلىك سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن 1939 - يىلى 9 - ئايدا بۇ دۆلەتنى گېرمانىيە فاشىزمى تامامەن يوقاتتى. رېئالىست يازغۇچى دونبورووۋسكىينىڭ (1889 — 1965) «قاراڭغۇ تۈن ۋە يورۇق كۈن» ناملىق رومانى، ناۋۇكوۋسكايانىڭ (1885 — 1954)، ۋىكتور (1890 — 1967)، مورچىنىك (1891 — 1963)... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى خەلق كۈرىشىنىڭ جەريانى ۋە جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەن. كلوچكوۋسكىينىڭ «كاردىيان ۋە سەھرالىق» ناملىق رومانى، ۋاسىلىسىۋسكايانىڭ «ۋەتەن» ناملىق رومانلىرى ئەركىن پولشا ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىشچى - دېھقان ئەمگەكچىلەرنى تەسۋىرلىگەن ...

پويىز كېتىپ بارىدۇ، ئېتىزلار، يېزىلار جىمجىت. سىم -

سىم يامغۇردا يۇيۇلغان داللار ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىگە زوق ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. بىر چاغلاردا بۇ يەردە قانلار ئاققان، پولشا خەلقى ئورمانلاردا مىڭلاپ، تۈمەنلەپ، يۈز مىڭلاپ قىرىلغان. گىتلېر: «پولشالىقلار بىلەن رۇسلارنى دۇنيادىن مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش» شوئارىنى توۋلاپ، ئون مىليوندەك پولشالىقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. قورال ۋە زەھەرلەنگەن قول بىلەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىكەن، لېكىن بىر مىللەتنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بار بىر مىللەتنى يوقاتقىلى بولمايدىكەن.

پولشا 1944 ـ يىلى ئازاد بولدى. لېكىن، پولشا مەسىلىسى 1943 ـ يىلى باشلانغان يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىسى بولۇپ قالغانىدى. روزۋېلت، ستالىن، چېرچىل — بۇ ئۈچ كاتتىباش بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قانچىلىك تالاشتى، قانچىلىك قىزىرىشتى، قانچىلىك ئەقىل ئىشلەتتى؟ بۈنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ساۋاتلىق جامائىتى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ: ناۋزكوۋسكايانىڭ «زىننەت بۇيۇمى» ناملىق ئوچېرىكلار توپلىمى، بىراندىسنىڭ (1916) «تىز پۈكمەس شەھەر» ناملىق رومانى، ئاندىرژېسكىينىڭ «كۈل ۋە ئالماس» ناملىق رومانى ۋە «كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «مارىيە بىلەن خەيرلىشىش»، «رېئاللىق» قاتارلىق ئەسەرلەر پولشا خەلقىنىڭ ئەنە شۇ ئالدىنقى سەپ ۋە فاشىستلار بېسىۋالغان مەزگىلدىكى ئېغىر، جاپالىق ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. مانا بۇ ئەسەرلەر بىزگە پولشا خەلقىنىڭ دۆلەت، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پولشانىڭ ئاخىرقى شەھىرى كونوبېتسى شەھىرىدە پولشا توغرىسىدىكى خىيال ۋە بىلىدىغانلىرىم ئاخىرلاشتى. ھازىرقى پولشا توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەنمەن. مانا مۇشۇ ئىش تولىمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. بۇ سەۋەبى چۈشىنىشلىك بولغان

ئىش ھەتتا مېنى ئازابلىدى. مەن بۈيۈك سوۋېت قازاق يازغۇ-چىسى مۇختەر ئەۋىزوفنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەسلىدىم: «ياز-غۇچى ئۈچۈن خەلقلەر دوستلۇقىدىن، خەلقلەر ئەۋلادىنىڭ دوستلۇقىدىن قىممەت تۇيغۇ بولمىسا كېرەك. ئادەم روھىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇ تۇيغۇدىن باشلىنىدۇ.»

## بېرلىندا زىيارەت

رەپقەتجانغا رەھمەت. ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى كېچىدە فرانكفورتقا ئىلمىي دوكلاتقا مېڭىش ئالدىدا تاپشۇرۇۋالغان تو-ماس ئەپەندى مېنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا بېرلىندىكى دوستى دېرىك ئەپەندىگە تېلېفون بەرگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقتى. دېرىك تەمبەل، ساغلام، خۇشخۇي يىگىت ئىكەن. ئۇ شۇ كېچىسى فىرانسىيەدىكى دەم ئېلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تېخى ئەمدىلا ئۆيىگە كەلگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ خەنزۇ تىلىدا يۇقىرىقىلارنى مەلۇم قىلدى. بۇ چاغ 1987 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر بېرلىن ۋاقتى سائەت 21 دىن 58 مىنۇت ئۆتكەنىدى. بىز شەرقىي بېرلىن ۋوگزالىدىن مېترو ئارقىلىق غەربىي بېرلىنغا ئۆتتۇق.

مەن بېرلىن شەھىرى توغرىسىدا يۈزەكى بىلىمگە ئىگە ئى-دىم. بۇ قېتىم غەربىي گېرمانىيەگە زىيارەتكە مېڭىش ئالدىدا ئانچە ـ مۇنچە «ساۋاتلىق» بولۇۋېلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە — بېرلىن توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردىن بىرنەچچە پارچە ئوقۇدۇم.

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى بېرلىن بىلەن بۈگۈن مەن كوچىلىرىدا تاماشا قىلىپ يۈرگەن بېرلىن ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ چوڭ پەرق بار ئىدى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەر كۈنى بۇ شەھەرنى ئۈچ ـ تۆت مىڭ ئايروپىلان بومباردىمان قىلغان. يېزىلغان خاتىرىلەردە دېيىلىشىچە، بىرمۇ ساق بىنا قالمىغان. لەنت ۋىيا قانىلىنىڭ قاپقىسى ئېچىلىپ شەھەر

سۇغا باستۇرۇلغاندىن كېيىن، كوچىلاردا يېرىم مېتىر قېلىنلىقتا لاي يېتىپ قالغان. گىتلېر بېرلىننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارىژدىكى ئەڭ چىرايلىق بىنا، دەرۋازىلاردىن نۇسخا ئېلىپ، كوچا، شەھەر پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئارختېكتورانىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بېرلىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بېرلىننى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرگە ئايلاندۇرماقچى بولغان («3 - ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى سىرى»دا شۇنداق يېزىلغان). لېكىن، «ئاخىرقى يۈز كۈن»دە يېزىلىشىچە، بۇ شەھەر تەسلىم بولۇش ئالدىدا نەچچە ھەپتىلەپ ئوت، ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالغان، دەھشەتلىك ھاۋا ھۇجۇمى، ئوت يالقۇنى بۇ شەھەرنى مەڭگۈ ھوشىنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان... لېكىن، مەن ھازىر كوچىلىرى ئازادە، ياپيېشىل، بىنالىرى پۈتۈنلەي مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئاۋات شەھەرنىلا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسى — كوپېستىندام كوچىسىدا قاپقارا بولۇپ ئۆرتەنگەن تاش بىنا فرىدرىخ ئىبادەتخانىسىدىن باشقا بىرمۇ خارابە كۆرۈنمىدى. يىگىرمە بىر قەۋەتلىك «ياۋروپا سودا مەركىزى»نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۈتۈن بېرلىننى تاماشا قىلدىم. شەھەر قويۇق ئورمان ئىچىدە تولىمۇ كەڭرى، يېپىلاڭغۇ كۆرۈندى. شەھەر ئوتتۇرىسىدا كۆللەر، قانال - دەريالارمۇ بار، نەچچە يۈز مو يەردە يېيىلىپ ياتقان ئورمانلىقلارمۇ بار. ھايۋانات باغچىسى يېقىنلا تۇردۇ. «ئاخىرقى يۈز كۈن»دە يېزىلىشىچە، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى مۇشۇ ھايۋانات باغچىسىنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە، گىتلېر ئۆز پاناھ جايىدا ئايالى بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇنى ئايالى بىلەن قوشۇپ بېغدىكى گوداڭغا تاشلاپ، ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ، ئوت قويۇپ جەسىتىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ...

— گىتلېرنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى قەيەردە؟

— پوتىستام ئاپىلاتس، ئەنە، چىگرا تامنىڭ يېنىدا، — دەپ قولى بىلەن ئالىيېشىل بويالغان بېرلىن چىگرا تېمىنى كۆرسەتتى دېرىك، — ئاپىرايمۇ؟ بىراق ھازىر قوماندانلىق ئىشتاب بىناسى يوق. ئۇنىڭ شىپالىق تاشلىرىنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى براندىن بوگىستوغا كونسۇلخانا ياسىدى. قوماندانلىق ئىشتاب ئورنى، ھىپپىر (تەشۋىقات مىنىستىرى) نىڭ ئىدارىسى، يەنە باشقا فاشىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئورۇنلار شەرقىي بېرلىن تەۋەسىدە، ئاۋۇلار شۇ!

مەن ئۇ قولىدا كۆرسەتكەن ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك كۆلرەڭ بىنالارغا قارىدىم.

— رىخستاگ، چەكپە ئېنت چارىلى، شتابىنبۇرگ شتارشى لەنت ۋىيا قانىلى بۇ ياقتا بولسا كېرەك؟

— بۇ يەرلەر غەربىي بېرلىندا. سىز 2 - دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا بىرنېمە يازماقچىمۇ؟ نېمىشقا ھە دېسىلا ئۇرۇش توغرىسىدىلا سورايسىز؟

— مەن بىر يازغۇچى. يازغۇچى بولغان ئادەم ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا كۆپرەك باش قاتۇرىدۇ، بۇنى سىز بىلىسىز.

— لېكىن، گىتلېر توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەش بىز گېرمانىيە ياشلىرى ئۈچۈن ئازابلىق!

— سىز شۇنى ئۇنتۇماڭ، مۇشۇ شەھەردە پەيدا بولغان بۇ ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز نەچچە مىليون ئادەم جېنىدىن ئايرىلغان. گېرمانىيەمۇ ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە مىليوندەك ئادىمىدىن ئايرىلدى. جەمئىي ئەللىك نەچچە مىليون ئادەم يوقىتىلدى دېگەن سۆز. بۇنى ئويلىغاندا ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ. سىلەر ئۈچۈن ئازابلىق بۇ ئىشنى بىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

— ياق، ياق، ئۇنداق بولغاندا بىز قانداقمۇ دوست بولالايتتۇق؟ يۈرۈڭ، مەن سىزگە بېرلىننىڭ مەشھۇر جايلىرىنى

تولۇق كۆرسىتەي.

بىز ماشىنىمىزنى توختىتىپ قويغان شەھەر مەركىزىدىكى جايغا كەلگۈچە (ماشىنا توختىتىش ئورنى تېپىش بۇ يەردىكى چوڭ قىيىنچىلىق) ئۆز ۋاقتىدىكى گېرمانىيە تۇغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. فرىدرىخ خاننىڭ ئاتلىق قاتۇرۇلغان ھەيكىلى، بۇرۇتلۇق، تەمبەل، يوغان قورساق بىسماركنىڭ ھاسا تۇتۇپ، شلەپە ئاستىدىن سۇرلۇك قاراپ تۇرغان پۈتۈن قاتۇرۇلغان ھەيكىلى جايلاشقان كەڭرى سەيناغا كەلگەندە، مەن:

— كۆردىڭىزمۇ، گېرمانىيەنى بىنا قىلغان مۇنۇ مويسىپىتلارمۇ خاپا. بۇلارنىمۇ گىتلېر خاپا قىلغان، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— راست، — دېدى دېرىك كۈلۈمسىرەپ، — بىر شەھەرنىڭ، بىر مەملىكەتنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەملىكەت زېمىنىدا قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى تۆت غالىب دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرۇۋېلىشى بىزنىڭ خەلقىمىز، ھەتتا ئۆلگەن داڭلىق ئادەملىرىمىز ئۈچۈن قاتتىق ھاقارەت، قاتتىق ئازاب! مانا بۈگۈن بىزنى مۇشۇنداق يەرگە قارايدىغان قىلىپ قويغانمۇ ئاشۇ تەلۋە گىتلېر، ناتسىستلار ئەمەسمۇ!؟

بىز زىيارەتتىن بۇرۇن شەھەرنىڭ چېتىدىكى تۈركلەر ياشايدىغان رايون — ئۆزبېرىك كوچىسىغا غىزالىنىشقا كەلدۇق. بىز پىيادە كوچا ئايلاندۇق. تۈرك دۇكانلىرى، ئاشخانا، قاسساپخانا، كۆكتات دۇكانلىرى، دورا دۇكانلىرىنى ئارىلىدۇق. تاملارغا ھەر خىل شوئار، ئېلانلار يېزىلغانىدى. بۇ تۈرك مەھەللىسىنىڭ بىنالىرى بېرلىننىڭ باشقا كوچىلىرىدەك ھەيۋەتلىك بىنالار بىلەن تولغان ئەمەس، بىنالار كونا، ئاددىي، ئۈچ ـ تۆت قەۋەتلىك، كوچىلارمۇ باشقا كوچىلاردىن تار، تازىلىقى ناچار ئىكەن، مەن بىر چوڭ خەتلىك شوئارغا قارىدىم. دېرىك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ:

— «تۈركلەر گېرمانىيەدىن يوقىلىڭلار. گېرمانىيە

سىلەرنىڭ ئېمىپ ياتىدىغان ئاناڭلار ئەمەس !» دېگەن شوئار ئىكەن، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ، — بۇ پانكىلارنىڭ ئىشى. پانكىلار دېگەن نېمە دەمسىز؟ ئۇلار، غەلىتە كىيىنىپ يۈرىدىغان، دەۋرگە نارازى ياشلار. ئۇلار شەرقىي گېرمانىيەگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك، يەھۇدىيلار بىلەن تۈركلەرنى قىرىش كېرەك، دەپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرايدۇ. لېكىن، ئۇلارنى خەلقمۇ، ھۆكۈمەتمۇ قوللىمايدۇ. بىرئازدىن كېيىن مەن سىزگە ئۇلارنى كۆرسىتىمەن.

— 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئالتە مىليوندىن كۆپ بىگۇناھ يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلدى، — دېدىم مەن خاپا بولۇپ، — بۇ پانكىلار بۇ ساننى ئاز كۆرسە كېرەك !

بىز لاتىن يېزىقىدا «رېستائورانت ياشار بورېكچىسى» دېگەن ۋېۋىسكا يېزىلغان تۈرك ئاشخانىسىدا غىزالاندۇق. كۆۋەيچ (يېرىمى قورداق، يېرىمى گۈرۈچ تاماق)، يۇمشاق پىدە (بولكا)، تەملىك پىۋا ماڭا ياقتى. مەن ياشار بىلەن ئوقىتى، ئائىلىسى، تۈركلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتىم. بېرلىندا بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ تۈرك بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مىللىي مەكتىپى، مەسچىت، بانكا، خارجى ئىشلار ئىدارىلىرى بار ئىكەن. بۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ تولىسى ئىشچى، ئاز قىسمى ئوقەتچى سودىگەر، دۇكاندارلار ئىكەن. ياشار چىرايلىق يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە يەتتە جان بار ئىكەن. بەش ئېغىزلىق ئۆيىدە تۇرىدىكەن. ئائىلىق كىرىمى بەش مىڭ ماركقا بارىدىكەن. ئۈچ كىچىك ماشىنىسى، بانكىدا نۇرغۇن پۇلى (بۇ مەخپىي) بار ئىكەن. ئۇلار تۈركىيەگە قايتىپ كېتىشنى خالىمايدىكەن. تۈرك ئىشچىلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي گېرمانىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. ھازىر گېرمانىيە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان ئىككى مىليونغا يېقىن تۈركلەر بۇ يەرگە مېھمان ئەمەس، بۇ يەرنىڭ مۇناسىپ ئىگىسى. ئۆزبېرىك كوچىسى ئۇلارنىڭ. ئۇلارنى ھېچكىم بۇ يەردىن قوغلىيالمايدۇ.

مانا بۇلار ياشارنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى.

مەن ياشار بىلەن بىللە سۇرەتكە چۈشتۈم. كوچىدا ئۇچرىغان تۇرگۈچە كىيىنگەن چىرايلىق ئاياللار، قارا كۆز، بۇدۇر چاچ باللار مېنىڭ سالاملىرىمغا تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بېرىشتى. ئۇلار مېنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى. ئۇلاردىكى ئوچۇق كۆڭۈللۈك، مېھماندوستلۇق ماڭا ئۆز يۇرتۇمدىكى ئۇيغۇرلىرىمنى ئەسلەتتى. بىز بېرلىن ساياھىتىنى باشلىدۇق.

مانا، ئالىيېشىل رەسىملەر سىزىلغان «بېرلىن چېگرا تېمى» يېنىدا توختىدۇق. بېرلىن شەھىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا بۆلۈپ تۇرىدىغان بۇ سېمونت ۋە تاش بىلەن قاتۇرۇلغان تام تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن ئېگىزرەك. تامغا ساياھەتچىلەر خىلمۇخىل رەسىملەرنى سىزىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىققا بولغان ئۇمىد ـ ئارزۇلىرىنى بايان قىلىشقان. تام يېنىغا ئالاھىدە كۆزىتىش مۇنبەرلىرى ياسالغانىكەن. بىز مۇنبەرگە چىقىپ، شەرق تەرەپنى كۆردۇق. ئۇ تەرەپ كەڭلىكى ئون مېتىردەك كېلىدىغان ئوت ـ چۆپسىز، تاقىر بوشلۇق ئىكەن. شەرق تەرەپ يەنە تام. ئىككى تام ئارىسىدا ئەسكەرلەر مېڭىپ يۈرىدىكەن. بۇلار چېگرا قاراۋۇللىرى.

— قاراملىق قىلىپ بۇياققا قاچقۇچىلاردىن نەچچىسى ئاشۇ بوشلۇقتا ئېتىلغان، — دېدى دېرىك ھەسرەت بىلەن، — بۇ بىر ئۆلۈم بەلبېغى. ئاۋۇ شەرقتىكى ئۇچ قەۋەت ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدا كوچا بويىدىكى پۇقرا ئۆيلىرى ئىدى. مۇنۇ بوشلۇق بىر ئاۋات، چوڭ كوچا ئىدى. بۇ چېگرا تېمى 1961 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پۈتتى. شەرقىي گېرمانىيە بۇ تامنى ياساتتى، قاراۋۇللارمۇ شۇلارنىڭ. ئۇرۇش بىزنى مانا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى لاگېرغا ئاجرىتىپ قويدى. بىلمىدۇق، قانچىنچى ئەۋلادىمىز بۇ تاملارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ تاشلايدىكىنتاڭ؟

چېگرا تېمى بويلاپ ماشىنا بىلەن بىرئاز مېڭىپ ئۆز ۋاقتىدىكى گىتلېر فاشىست ھۆكۈمىتىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى بولغان ئورۇن پوشىستام ئاپلاتسقا كەلدۇق. بۇ يەر ھازىر چۆل، خارابە ئورۇن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە گىتلېر ئارمىيەسى ھەر كۈنى ھەربىي مەشىق قىلاتتىكەن. مەن تاملاردىكى رەسىملەرگە سىنچىلاپ قارىدىم. بوز ئات مىنگەن تەلۋە گىتلېرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا سول قولىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان رەسىمى كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر جايدا تۇرۇپتۇ. مەن بۇ خەلق دۈشمىنىگە تىكىلدىم.

— بۇ تەلۋىنى سېغىنىدىغان، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھازىرمۇ بار بولسا كېرەك؟ — مەن دېرىكتىن سورىدىم.

— ئەلۋەتتە بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار بىزدە يوق ئەمەس. ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاۋۇ پىۋىخانىلاردا بىر ـ بىرىگە ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىدۇ.

جىمجىت، سۈرلۈك كوچىنىڭ چېگرا تېمىغا يېقىن جايىدا بىرنەچچە دۇكان، قەھۋەخانىلار بار ئىكەن. دېمەك، ئۆز ۋاقتىدا ۋەھىمىلىك تۇيۇلغان بۇ جاي ھازىر ياشلىقىنى يامانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قېرىغىنىدا جۇلمەرەپ كوچىدا قالغان ناچار ئادەمگە ئوخشاش ھەسرەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئىنسانىيەت بۇ يەرنىمۇ ئۆز نەزەرىدىن نېرى قىلمىغانىكەن.

بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئالدىغا بېرلىنغا ھۇجۇم قىلغان تانكا، زەمبىرەكلىرى خاتىرە ئۈچۈن قويۇلۇپتۇ. بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىل بۇرۇن ياسالغان تۆت ئات قېتىلغان ھارۋا ئۈستىدە بايراق تۇتۇپ ئولتۇرغان ئايال — غالىبىيەت ئىلاھى ھەيكىلى ئورنىتىلغان. مىستىن ياسالغان بۇ زور ھەيكەل

سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسى ئۇستىگە مەقسەتسىزلا قويۇلغان ئەمەس. 1788 ـ، 1791 ـ يىللىرى ياسالغان بۇ دەرۋازا گېرمانىيە تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىنىغان. 1810 ـ يىللاردا ناپولېئون گېرمانىيەنى بېسىۋالغاندا، بۇ ھەيكەلنى بېرلىندىن پارىژغا ئەكەتكەن. 1940 ـ يىلى گىتلېر گېرمانىيەسى فىرانسىيەنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، پارىژدىن بۇ ھەيكەلنى يەنە بېرلىنغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. تارىخ ھەممىنى يازىدۇ. غەلبە — يېڭىش ـ يېڭىلىش تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەيكەلنى مەڭگۈلۈك غەلبىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ياسىغۇچىلار ۋە بۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار نېمىلەرنى كۆزلىدىكىن؟ بۇنى ھېچ بىلەلمىدىم.

رېخستاگ بىناسى ھازىر كۆرگەزمىخانا ئىكەن. بېيجىڭدىكى خەلق چوڭ سارىيىغا ئوخشاشراق (رېخستاگ كۆپ كىچىك) ياسالغان بۇ بىنانىڭ پەلەمپەيلىرى پۇچۇلغان. ئۇستىدىكى گۇمبىزى ئۇرۇشتا بۇزۇلغاندىن كېيىن، قايتا رېمونت قىلىنماپتۇ. بۇ پارلامېنت بىناسى 1894 ـ يىلى بېسمارك ۋاقتىدا ياسالغانىكەن. بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيەنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قىلىپ چىقىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ھۆكۈمەت باشلىقى بېسمارك قىلىچ بىلەن سەھنىگە چىقىپ نۇرغۇن يىغىنلارنى ئېچىپ، نۇرغۇن قارارلارنى قوبۇل قىلغان. 1931 ـ يىلى ئامېرىكىلىق روزۋېلت، ئىتالىيەلىك مۇسسولىن بىلەن بىر يىلى تەختكە چىققان گىتلېرمۇ مۇشۇ پارلامېنت بىناسىدا ئەسەبىيلەرچە ھەيۋە بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، دۇنيانى ئۆزىگە تىز پۈكتۈرۈشنىڭ پىلانلىرىنى قاراردىن ئۆتكۈزگەن !

بۈگۈن بۇ جايدا بىز خاتىرجەم ئېكسكۇرسىيە قىلماقتىمىز. بىزدە تارىخنى توغرىراق بىلمەكتىن باشقا ئىستەك يوق. رېخس-تاگ — تاجىدىن ئايرىلغان بۇ بىنا ماڭا مۇكچەيگەندەك، ئۇستىگە

قادالغان ھەررەڭ بايراقلاردىن بىزار بولۇپ، يەرگە قارىغاندەك بىلىندى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان جاي — چەكپە ئېنىت چارلى ماڭا سۇرلۇك بىلىندى. گەرچە ئەسكەرلەر ماڭا كۇلۇپ، باش لىڭشىتىپ، يېقىنچىلىق قىلىشقان بولسىمۇ، بۇ قىلىدىغان ئىشى يوق ياش ئەسكەرلەر ماڭا يېقىملىق تۇيۇلمىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلىشىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يات بىر ئەلنىڭ زېمىنىدا نائىلاج تۇرۇۋاتقانلار. ئۇلارنىڭ ئىللىق چىرايلىرى تېگىدە يوشۇرۇن غەملىرى باردەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تىنچلىقتا تەشنا يىگىتلەر تۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى بولۇپ قالغىنىغا رازى ئەمەس.

تىنچلىق، بولۇپمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق كىمگە زۆرۈر ئەمەس ئىكەن؟ تۆمۈر دەرۋازىلىق، ئۈچ قەۋەتلىك ستاففېنبېرگ سارىيىنىڭ ئالدىغا مۇشۇ سوئال بىلەن يېتىپ كەلدىم. ھويلىسى تاپتاقىر، بىرلا يالىڭاچ جەڭچىنىڭ ھەيكىلىدىن باشقا ھېچنېمە يوق بۇ بىنا ھازىر گېرمانىيە خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنى نامايان قىلغۇچى كاتتا مۇزېي ئىكەن. ھويلىدىكى تام تۈۋىگە گۈللەر (چەمبىرەك، رەستىلەر) قويۇلغان، تامدىكى بىر قارا سېمونت تاختىغا نېمىسچە خەت ۋە 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دېگەن رەقەملەر يېزىلغان. بۇ نېمە خەت؟ دېرىك ماڭا خەتنى ئوقۇپ بەردى. بۇ بىنا گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قوماندانلىق ئىشتابى ئىكەن. گۈللەر قويۇلغان جاي شۇ يىلى گىتلېرغا قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان بەش نەپەر گېنېرالنىڭ ئېتىلغان جايى ئىكەن. مەن مۇزېيغا كىرىپ بۇ گېنېراللارنىڭ ئىشخانىلىرى، گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش پىلانى، قوراللىرى،

كىيىملىرى، رەسىملىرى قاتارلىقلارنى كۆردۈم. قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللىرى فاشىزمغا قارشى خەلق كۈرىشىنىڭ سېپىدىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ئالالىغان. ئۇلار فاشىزمنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن، ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن مىسلىسىز زور زىيانلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. 1943 ـ ، 1944 ـ يىللىرى گىتلېرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقىملاشقان مەزگىلدە ئۇلار گېرمانىيەنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش، خەلقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گىتلېرنى ئۆلتۈرۈشتەك خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلالىغان ...

مۇزېيغا قويۇلغان فاشىزمغا قارشى كۈرەش پاكىتلىرى نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: كوممۇنىستلار (پارتىيە رەھبەرلىرىمۇ بار)، ئىلغار زاتلار، زىيالىيلار، ئالىملار، سىياسەتچىلەر، يازغۇچىلار، ھەربىيلەر، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار بولۇپ، بىرنەچچە مىڭ كىشىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا قەتل قىلىنغانلىقى رەسىملەر، بۇيۇملار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن، لېكىن شۇنچە قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە گېرمانىيە خەلقى مەغلۇبىيەتتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن ...

مانا، بىز لەنت ۋېيا قانىلىنى بويلاپ ماشىنا بىلەن ئاستا كېتىۋاتىمىز. قانال سۈيى جىمجىت، سۈكۈتتە. بۇ قانال 1919 ـ يىلى دۇنيا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن بولغان روزالوكسۇنبۇرگ، كارىل لېبكىنىخلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغانىدى. شۇ چاغدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋالغان ئوڭچى ھەربىيلەر يۇقىرىقى ئىنقىلابچىلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى مۇشۇ قانالغا تاشلىۋەتكەنىكەن. مەن جىمجىت ئېقىۋاتقان قانال سۈيىگە قارىدىم. فاشىستلار زامانىدا دەريامۇ، قانالمۇ فاشىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قان ئىچكەن، ھازىر بۇ دەريا خىجالەتتىن ئۆكۈنۈۋاتقاندەك بىلىنىدى. دوستۇم دېرىك، سەن نېمىشقا ئازابلىنىسەن؟ دۆلىتىڭنى، مىللىتىڭنى فاشىزم نامى بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ «گىتلېر گېرمانىيەسى» دەپ ئاتىغانلىقىمىز ئۇچۇنمۇ؟ ياكى ئىنسانىيەت دۈشمىنى سېنىڭ ۋەتىنىڭدىن چىققانلىقى ئۇچۇنمۇ؟ مېنىڭچە، ھەر ئىككى ھالدىمۇ سەن ئەيىبلىك ئەمەس، بىز سېنىڭ مۇنبەت گۈزەل تۇپرىقىڭ بىلەن، ئۇرۇش خارابىلىرى ئۈستىدە ئەمگەك قىلىپ ۋەتىنىنى دۇنيادىكى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئىلىم - پەن، زامانىۋىلىشىشتا ئۈلگە يارىتىۋاتقان خەلقىڭنى خۇددى ساڭا ئوخشاشلا سۆيىمىز، ھۆرمەت قىلىمىز. ماركس، ئېنگېلس، گېگىل، فېيېربباختەك پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرى، گيۇتى، شېللىر، بېتخوۋىن، مۇزاتتەك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرى، ئېينشتېيندەك تۆھپىسى ئۆلمەس ئالىملار سېنىڭ مۇشۇ تۇپرىقىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن گېرمانىيە ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بىلەن تەقدىم قىلغان دۆلەت. سەن گېرمانىيە بىلەن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ.

ماشىنىمىز كۆل بويلاپ، ئاندىن قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا مېڭىپ شەھەر سىرتىدىكى بېرلىن مۇزېيى ئالدىدا توختىغاندا، دېرىك خۇشال بولۇپ مېنى يېنىك قۇچاقلىدى. بىز باياتىن ئۇن - تىنسىز مۇڭداشقانىدۇق.

— بېرلىن مۇزېيى دۇنياغا داڭلىق! — دېدى ئۇ مېنى چىمەنلىك سەينا بىلەن باشلاپ كېتىۋېتىپ، — بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرەلەيدىغان نەق ماتې-رىياللار بار. جۇڭگو بۆلۈمىنى كۆرىمىزمۇ ياكى پۈتۈن ئاسىيا بۆلۈمىنىمۇ؟

— ھىندى — بۇددا بۆلۈمىنى كۆرەيلى، — دېدىم مەن شىنجاڭ توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە قىزىقىپ.

تۇرپان بېزەكلىكتىن كەلگەن بۇددا تام سۈرەتلىرىدىن

كەسىملەر، ئىدىقۇت ـ قوچۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئەينەن مودېلى. كۇچا ـ باي مىڭئۆيلىرىدىن ئېلىنغان رەسىملەر، تاش ۋە مېتال ئەسۋابلار، كىيىم، ئۆي جابدۇق، ھەتتا ئادەم ئىسكىلىتىدە بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن يىڭنە سانجىلىدىغان نېرۋا تۈگۈنلىرى، پىل چىشىدىن ياسالغان داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان يىڭنىلەر ... ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى يۇكسەك ئورنىنى ئىسپاتلاپ، پاكىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆز خۇشاللىقىمنى بايان قىلدىم:

— گېرمانىيە ئالىملىرىغا رەھمەت. بىزگە ھۆرمەتلىك جايدىن ئورۇن بەرگىنىڭلەرگە رەھمەت. گېرمانىيە ئالىملىرى بىزنىڭ قەدىمكى تىل ـ مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. لېكىن، بىز بۇ ئالىملارنى نۇرغۇن تىللىدۇق، ئەيىبلىدۇق، ھەتتا بىر ئالىمنى دۈشمەن ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. پارلاق مەدەنىيەت تارىخىمىزنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئىدى. لېكىن، بىز قىلالمىغان بۇ ئىشنى گېرمانىيە ئالىملىرى قىلالىدى، سىلەرگە كۆپ رەھمەت!

سۈرەتلەر، ماددىي نەرسىلەر گىلەم سېلىنغان، پاكىز، تىنچ ئۆيلەردە ئەينەك ئىچىدە ساقلانغان. ئۆيلەرگە كىرگەن ھامان چىراغلار ئۆزلۈكىدىن ياندىكەن. مەن ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى ئالدىدا ئۇزاق توختىدىم. قەدىمكى شەھەر شۇنچىلىك ئېنىقلىق بىلەن ياسالغان، مەن بۇ تامدىكى كۆرۈنۈش ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى تۇرپان ئاستانىدە ھېس قىلدىم.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى دېرىك ماڭا ئوقۇپ بەردى. چۈشەندۈرۈشلەرگە «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئېنىق يېزىلغان.

— نېمىشقا بىزنى ھىندى — بۇددا بۆلۈمىگە قويۇپ قويدۇڭلار؟

— قەدىمكى دىنىي - مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقنى ئاساسەن شۇنداق قىلىنغان. بىزمۇ ھىندىستاندىن كەلگەن، ئا-تالمىش ھىندى - ئارىيانلاربىز. دېمەك، سىلەر بىلەن بىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدە ئورتاقلىق بار ئىدى.

دېرىكنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرا. ئاتىلا باشلاپ كەلگەن ھۇنلارنىڭ بۇلغارىيەدە، ۋېنگرىيەدە، گېرمانىيەنىڭ باشقا جاي-لىرىدا بىزگە تونۇش بولغان بەزى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ھېلى-مۇ ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

بېرلىننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەنزى كۆلى بېرلىن خەلقىنىڭ ساياھەت ئورنى. ئۇ يەردە قولۋاق ۋە كىچىك پاراخوتلار بىلەن كۆڭۈللۈك تاماشا قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، ئۆكتەبىرنىڭ سو-غۇق كۈنلىرىدە بۇ يەرلەر چۆلدەرەپ قالغان. كۆلنى بويلاپ جە-نۇبقا ماڭدۇق. قويۇق، قەدىمىي ئورمانلىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. ئاخىر بىز غەربىي - شەرقىي بېرلىن چېگراسى ھې-سابلانغان كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ توختىدۇق.

— بۇ كۆۋرۈك، — دېدى دېرىك يەرگە چۈشۈۋېتىپ چاقچاق قىلىپ، — بىر سىياسىي كۆۋرۈك. ئامېرىكا - سوۋېت ھۆكۈ-مەتلىرى مۇشۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇتقۇنلارنى ئالماشتۇرغان.

خابىل دەرياسى ئاستا ئاقماقتا. ئۇ بېرلىننى ئىككىگە بۆ-لۈپ تۇرىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ ساياھەت كۆللى-رىمۇ مۇشۇ خابىل دەرياسى ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تۇ-تىشىپ تۇرىدۇ.

— ھېنرىش ۋون — كلائىستنىڭ قەبرىسى مۇشۇ دەريا-نىڭ بويىدا، كۆرۈشنى خالامسىز؟

— كۆرەيلى، — دېدىم مەن دەرھال. كلائىست 1777 - يىلى بېرلىندا تۇغۇلۇپ، 1811 - يىلى ۋاپات بولغان تالانتلىق، ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، درا-مىلارنى يازغان. لېكىن، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇپ، ئۈمىد-

سىزلىككە بېرىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. مەن بۇ شائىرنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىنى ئاڭلىغان: ئوتتۇز تۆت ياشلىق بۇ ئەدىبنىڭ كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈشكەن، لېكىن مۇرادى ھاسىل بولالمىغان ئاشنىسى بار ئىكەن. ئاشنىسىنىڭ ئېرى، بىر بالىسىمۇ بار ئىكەن. ناپولېئون گېرمانىيەنى بېسىۋالغان يىلى كلائىست ئۆلۈۋېلىشنى ئېلان قىپتۇ، ئاشنىسىمۇ بىللە ئۆلمەكچى بوپتۇ. ئاشنىسىنىڭ ئېرى كلائىستقا يېلىنىپ: «ئۆلمە، ئايالىم بىلەن بالامنى ئال، بەختلىك بول. مەن چەت ئەلگە كېتەي!» دەپتۇ. لېكىن، كلائىست ئاشنىسى بىلەن بىللە ئاشۇ دەريا بويىغا كېلىپ، بىر - بىرىنى تاپانچا بىلەن تەڭلا ئېتىشىپ بىللە ئۆلۈۋاپتۇ.

بىز دەريا بويىدىكى ئورمانلىققا كىردۇق. قويۇق قەدىمىي ئورمانلىق ئىچىدە ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

كلائىستنىڭ ئۆلۈۋالغان يېرىگە سېمونت بىلەن خاتىرە تېشى قاتۇرۇلغان. مەن نېمىسچە خەتلەرنىڭ ئاستىدىكى «1777.10.18 — 1811.11.21» دېگەن رەقەملەرنى كۆرۈپ بۇ شائىر مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئۆلگەن ئەمەس، ئۇ ۋەتەننىڭ يات ئەلگە تەسلىم بولۇپ، ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكىنىگە چىدىيالمىغان، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، كلائىست مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلگەن بولسا، بۇرۇنراق ئۆلگەن بولاتتى. ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى زېۋېگمۇ ۋەتىنىنى گېرمانىيە بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەلەمگە چىدىماي جەنۇبىي ئامېرىكىغا بېرىپ ئايالى بىلەن بىللە ئۆلۈۋالغان ئەمەسمىدى؟ كلائىست ھەربىي بولغان. ئۇ ۋەتىنىنىڭ ئار - نومۇسىنى ھاياتىدىن ئۈستۈن بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسپاتلىغان.

دېرىك ماڭا كلائىستنىڭ تاشتىكى شېئىرىنى قارا سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن بۇ سۆزنى قايپىيەلەشتۈرۈپ

يېزىۋالدىم:

«ئەنسىرىمەڭلەر نامەردلەر،
ئۇستۇڭلاردىن كۇلمەيمەن.
دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم،
ئەمدى ھەرگىز ئۆلمەيمەن!»

راست شۇنداق، باشقىسىنى بىلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ قەلبىمدە ئۇ مەڭگۇ ھايات.

بىز شۇ كۇنى ئاخشىمى بېرلىن بىلەن خوشلىشىپ، گېرمانىيەنىڭ شىمالىغا پويىز بىلەن يۇرۇپ كەتتۇق.

## ھېنرى توماس ۋە توماس ماننىڭ تۇغۇلغان شەھرى

مېنى غەربىي گېرمانىيەگە تەكلىپ قىلغان دوستۇم توماس خاپپى تېخى قىرىق ياشقا كىرمىدى. لېكىن، بومبا ساقىلى بىلەن تاقىر بېشى ئۇنى ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلىق بوۋاي قىلىپ كۆرسىتەتتى. گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ساقال قويۇشى زىننەت، تەبئىيلىك، رومانتىكا، ھۇرۇنلۇققا ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەردىن بولىدىكەن. توماس بولسا، ئۈچ ياشلىق، بەش ياشلىق قىزلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ساقال قويۇپتۇ (بۇ يەردە بالىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن خېلى چوڭ ئىشلارمۇ قىلىنىدىكەن). توماس بىلىملىك، بېيجىڭدا ئىككى يىل خەنزۇچە ئوقۇغان، مۇلايىم، خۇشخۇي ئادەم. ئۇنىڭ بالىلارنىڭكىدەك كۆپكۆك كۆزلىرى كۇلۇپلا تۇرىدۇ. ئۇ بېرلىن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرغاق رايونلارنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى بولسىمۇ، ئۆزى ئايالى بىلەن بالتىق دېڭىزىغا يېقىن ھىلسھوپ يېزىسىدا تۇرىدىكەن. بۇ يېزا ليوبەك شەھىرىگە قارايدىكەن. دېمەك، بىز بېرلىندىن

توماسنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىمىز.

بېرلىن شەھىرىنىڭ ئۇچ تەرىپىنى شەرقىي گېرمانىيە زېمىنى قورشاپ تۇرغاچقا، بېرلىندىن پويىز بىلەن شىمالدىكى هامبۇرگ، ليوبەك شەھەرلىرىگە ياكى جەنۇبتىكى فرانكفورت قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىش ئۇچۇن شەرقىي گېرمانىيە زېمىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. پويىزدا پاسپورت تەكشۈرۈلىدۇ.

شەرقىي گېرمانىيەگە تېگىل بولغان بۇ يەرلەر ياپيېشىل يايلاق، قويۇق ئورمانلىق، شىمالغا ماڭغانسېرى هاۋا ئىللىق، مەنزىرە گۈزەل بىلىنىشكە باشلىدى. پاكار - پاكار بۈك قارىغايلىق تۆپىلىكلەر، كۆپكۆك كۆللەر، چۆرىسى باغىۋاراڭلىق ئىككى - ئۇچ قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيلەر، ئېتىزلاردىكى سىلوس ئۇچۇن تېرىلغان، تېخى ئورۇلمىغان كۆممىقوناقلىقلار ماڭا يۇرتۇمنىڭ ياز پەسلىنى ئەسلەتتى.

مەن ئۆز ۋاقتىدا قانلار تۆكۈلگەن، هازىر قايتىدىن ياشارغان زېمىننىڭ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنى ئەسلەشنى خالىمايمەن.

مەن شائىردەك هاياجانلانغان، تۇنجى قېتىم كەڭ دالانى كۆرگەن گۆدەكتەك ئالاقزەدە، ھەممىلا نەرسە ماڭا ناتونۇش، يېڭى. سائىتىگە بىر يۈز يىگىرمە - بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىر تېزلىك بىلەن كېتىپ بارغان، ئازادە، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق پويىزدا ئولتۇرۇپ يېنىمدىكى شەرقىي گېرمانىيەلىك، پولشالىق ۋە غەربىي گېرمانىيەلىك ياش، خۇشخۇي يىگىتلەر بىلەن تېزلا دوستلىشىپ قالدىم. ئۇلار ماڭا ھەربىر بېكەت، شەھەر، ئورمانلىق، كۆللەرنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇرماقتا. پىۋا - قەھۋە ساتقۇچى خادىم ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ھۆرمەت، سىلىقلىق، كۆيۈمچانلىق مېنىڭ غەرب ئادەملىرى توغرىسىدىكى قاتمال چۈشەنچەمنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن غەربلىك ناتونۇش ئادەملەردىن بىر شەرقلىق ئاددىي ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەمسىتىش، سوغۇقلۇق قىلىش قاتارلىق مەن ئىدىيەدە تەييارلىق

قىلغان ناچار نەرسىلەرنى قىلچە سەزمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلار مېنى ھۆرمەتلىمەكتە، مېھمان قىلماقتا، ماڭا يېقىنلاشماقتا.

— گەنبى ! — سېمىز، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بوۋاي ھېلىدىن ـ ھېلىغا بىزنىڭ خانىمىزغا پىۋا كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ تۇرپانغا بارغانىكەن، شۇ چاغدا ئۆگىنىۋالغان بىر جۈملە «گەنبى» دېگەن سۆزىنى ماڭا ئىشلىتەتتى. ئۇ ماڭا پىۋا تۇتىدۇ. مەن تارتىنماي ئۇنىڭ رومكىسىنى قوبۇل قىلىمەن.

— پوئۇست! ①، — دەيمەن.

— گەنبى !

تۆت سائەتتىن كېيىن ليوبەك شەھىرىگە كەلدۇق.

ليوبەك — غەربىي گېرمانىيەنىڭ قانال ئارقىلىق بالتىق دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىغان، قاتناش، سودا تەرەققىي قىلغان بىر قەدىمىي شەھىرى. شەھەر قەدىمىي پىرۇسىيە چوڭ سودىگەرلىرىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مال ئالماشتۇرىدىغان شەھىرى ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا دەرەخ ئاز، ئۆيلەر زىچ، كوچىلار تار ئىكەن، ئۆيلىرى گېرمانىيەنىڭ داڭلىق قىزىل خىشى بىلەن ياسالغان. ليوبەك قانىلى شەھەرنى ئوراپ تۇرىدىكەن، قانالنىڭ چوڭقۇرلۇقى يەتتە ـ سەككىز مېتىر ئىكەن.

توماس بىر ھەپتە ئىلگىرى كوچىغا «تاشلاپ» قويغان كىچىك ماشىنىنى تېپىپ كەلدى. بىز شەھەرنى ئايلاندۇق. بۇ شەھەردە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە، ئاكا ـ ئۇكا يازغۇچىلار ھېنرى توماس، توماس مانلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولدى. بۇ فاشىزمغا قارشى ئاكا ـ ئۇكا يازغۇچى، جامائەت ئەربابلىرى توغرىسىدا مەن يۈزە بىلىمگە ئىگە ئىدىم. مەن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلار تۇغۇلغان ئۆينىڭ 2 ـ

① پوئۇست — قەدەھ سۆزى؛ بىزچە خوشە دېگەن مەنىدە.

دۇنيا ئۇرۇشىدا پۇتۇنلەي ئىزناسى يوقالغان خارابىسى ئورنىغا قاتۇرۇلغان ئاق مەرمەر خاتىرە تېشى يېنىدا توختىدىم. توماس ماڭا خاتىرە تاشتىكى خەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. خاتىرە تېشىغا: «... توماس مان 1882 - يىلىغىچە مۇشۇ يەردىكى ئۆيدە ياشىغان» دېگەن خەت يېزىلىپتۇ. ئۇنىڭ تېگىگە يازغۇچىنىڭ مەشھۇر سۆزلىرى يېزىلغان: «ئالما ئۆز دەرىخى ئەتراپىغا چۈشىدۇ. مەن ليوبەك دەرىخىدىكى بىر تال ئالما ئىدىم. لېكىن، بۇ يەرگە يات بولۇپ ياشىدىم. كېيىن بىلدىم، مەن مۇشۇ يەردىكى ئۆزۈم ئەسەرلىرىمدە تەنقىد قىلغان ئادەملەردىن ئىكەنمەن»، «... مەن ھاياتنى، ئۆگىنىشنى سۆيىمەن. خەلقىمدىن بۇ پەزىلەتنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئازابلاندىم. مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئەسىرىمگە قانداق باھا بېرىشىنى بىلمەيمەن. لېكىن، مەن خەلقىمدىن ئۆز باھاسىغا مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قېتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن: مەن ھاياتنىڭ دوستى». توماس ماننىڭ بۇ سۆزلەرنى يېزىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئەسىرى — «بودىنبۇرگ ئائىلىسى — بىر ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن رومانىدا ئوخشىمىغان ئىككى كاپىتالىست ئائىلىسىنىڭ رىقابەتلىشىپ ئاخىرىدا مونوپولىيە كاپىتالىزمى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى يازغان. بۇ ئەسىرىدە ليوبەك سودىگەرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ليوبەك بايلىرى يازغۇچىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. لېكىن، يازغۇچىمۇ قېرىغاندا «ئۆزۈمنى تەنقىد قىپتىمەن» دەپ ئۆكۈنگەن. ليوبەك خەلقىمۇ ئۇنى كەچۈرۈپ، مەخسۇس خاتىرە ئۆيىنى ياساپ، ئۆز يازغۇچىسىغا بولغان كاتتا ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

ھېنرى توماس، توماس مان مۇزېيى ليوبەك خەلقىنىڭ غۇرۇرى، خۇشاللىقى ئىكەن. شەھەر مەركىزىدىكى بۇ قەدىمىي بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىققان ئادەم ئاكا - ئۇكا يازغۇ-

چىلارنىڭ نيۇ يورك ئايرودۇرۇمىدا قول تۇتۇشۇپ، قىزغىن كۆرۈشۈۋاتقان چوڭقايتىلغان رەسىمنى كۆردۇ. بۇ رەسىمنىڭ تېگىگە ھېنرى توماسنىڭ: «مەن نەدە بولسام، گېرمانىيە مەدەنىيىتى شۇ يەردە» دېگەن سۆزى يېزىلغان.

بۇ ئاكا ـ ئۇكا يازغۇچىلار ئەلۋەتتە شۇنداق دېيىشكە مۇناسىپ. ھېنرى توماس ھاياتىدا ئون توققۇز توم رومان، ئەللىك بەش پارچە پوۋېست، ھېكايە ۋە نۇرغۇن دراما، سىياسىي، پوبلىستىك ماقالىلەرنى يازغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە گېرمانىيە فاشىزمىنى، ئەزگۈچىلەرنى قاتتىق سۆككەن. فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنى، ئەمگەكچىلەرنى، بولۇپمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكىشى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. ئۇ ۋەتىنى (مىيۇنخېن)دا، فىرانسىيەدە، ئاخىرىدا ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ سىبونكا شەھىرىدە خەلقئارا تىنچلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بۇيۇك ئەرباب. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنى دۆلەت سەنئەت ئىلمىي ئاكادېمىيەسىنىڭ رەئىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك دۆلەت مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلىغان. يازغۇچى گېرمانىيەگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەتمىش توققۇز يېشىدا ۋاپات بولغان.

مۇزېيغا يازغۇچىنىڭ 1935 — 1938 ـ يىللىرى فىرانسىيەدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە يازغۇچى رومانلىرىدىن «پادىشاھ ھېنرى IV نىڭ ياشلىق دەۋرى»، «پادىشاھ ھېنرى IV نىڭ تاماملىنىشى» قاتارلىقلارنىڭ كۆپ تىللاردىكى نەشرى، «پىپو. سىفانو»، «يۈرەك»، «مۇھەببەت ھېكايىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى، پوبلىستىك ماقالىلىرىدىن «زولا توغرىسىدا»، «ھوقۇق ۋە ئادەم»، «تەپەككۇر زوراۋانلىقى»، «روھ ۋە كەسپىي ئىش» ناملىق ماقالىلىرى بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللار قويۇلغان.

مۇزېيدىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئىچىدە ئاكا ـ ئۇكا يازغۇ-چىلارنىڭ بىر مەزگىل 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ئۆزئارا كۈرەشلىرى مېنى قىد-ىزىقتۇردى. ئاكىسى ھېنرى توماس 1918 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش سىياستىنى تەنقىد قىلىپ، «زولا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندا، ئىنىسى توماس مان ئاكىسىنى تەنـ-قىد قىلىپ، «بىر سىياسەت بىلەن كارى يوقنىڭ قاراشلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ئاكىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن قېرىنداشلىقتىن ۋاز كېچىشكىلى تاسلا قالىدۇ. لېكىن، 1942 ـ يىلى ئاكىسىنىڭ يەتمىش بىر ياشقا توشقانلىقىنى تەبرىكلەپ يازغان خېتىدە توماس مان ئۆز خاتا-لىقىنى ئىقرار قىلىدۇ.

يازغۇچىلار ئارىسىدا، قېرىنداشلار ئارىسىدا پىكىر ئىخ-تىلاپلىرىنىڭ بولۇشى نورمال ھادىسە. لېكىن، بىز بۇ نورمال-لىققا تېخى كۆنەلمىدۇق. ھە دېسىلا «دۈشمەن، ئىككى گۇرۇھ مەۋجۇت» دەپ ئارىغا كىرىپ زۇغۇيلۇق قىلغۇچىلار، قۇتراتقۇ-چىلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر شۇنى بىلىشى كېرەك-كى، پىكىر ئىختىلاپلىرىغا يول قويۇش كېرەك. ۋاقىت، ئەمە-لىيەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مۇزېينىڭ ئىسمى توماس مان مۇزېيى. لېكىن، ئۇ يەرگە ھېنرى توماس توغرىسىدىكى يۇقىرىقى نەرسىلەرمۇ ئالاھىدە قويۇلغان.

توماس مان ئاكىسىدىن تۆت ياش كىچىك. ئۇ 1875 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ليوبېك شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بايىقى خاتىرە تېشى ئورنىتىلغان جايدا چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1929 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچە بولغان ئارىلىقتا «تىلىستان»، «تونىئاۋ ـ كىلىگر»، «ۋېنس شەھىرىدە ئۆلۈش» قاتارلىق پوۋېستلارنى ۋە ئائاقلىق رومانلىرىدىن «بودىنبورگ ئائىلىسى —

بىر ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى» (ئىككى توم)، «بەگ ـ غوجام جانابلىرى» قاتارلىقلارنى يازغان. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ 1933 ـ يىلى گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ بېرلىن قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قېتىم فاشىزمغا قارشى نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1933 ـ يىلى بېرلىندا ۋاگنا ۋاپاتىنىڭ ئەللىك يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزى ئۇچۇن 1936 ـ يىلى ناتسىستلار ئۇنىڭ پۇقرالىق هوقۇقىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇ ئاۋۋال چېخوسلوۋاكىيەگە، شىۋېيتسارىيەگە، كېيىن 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكىغا پۇقرا بولۇپ، ئامېرىكا پولىنىسدۇن ئۇنىۋېرسىتېتىغا پىروفېسسور بولىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فاشىزمغا قارشى ئەللىك نەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ تۇنجى پوۋېستى «چۇشكۇنلىشىش» تىن (1894 ـ يىلىدىن) تارتىپ 1954 ـ يىلىدىكى تاماملانمىغان ئاخىرقى رومانى «ئالدامچى فىلىكس كرورنىڭ ئەركىنلىكى» (ئەسلىمىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاتمىش يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىدە ئون نەچچە داڭلىق رومان، يەتمىش نەچچە پوۋېست، دىراما ۋە نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. مۇزېيدا مەن توماس مان ئەسەرلىرىنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇندەرىجىسى، ئاۋۋال ماشىنىكىدا ئۇرۇلغان، كېيىن تەھرىرلەنگەن قول يازمىلىرىنى، ئۇستەل، ئورۇندۇق، كىيىم ـ كېچەك، دوست ـ ئاغىنە، بالىچاقىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ، بىر يازغۇچىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، خەلق ئالدىدىكى بۇرچى، ئۆز ئىشىغا بولغان مۇھەببەت مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. ئۇ ئاتمىش يىل توختىماي يازغان، توختىماي يېڭىلىققا ئىنتىلگەن. ئۇ سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە كىلاسسىكلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان هەم يېڭى سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن دەۋرنى ئەكس ئەتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى پېشقەدەم كىتابخانلارمۇ، يېڭىلىقتا ئامراق ياشلارمۇ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ رومانلىرىنى تەنقىدچىلەر: «گېرمانىيەنىڭ روھىي تارىخى»، «پۈتۈن ياۋروپا ئۇنى ئۆزىگە ئائالاقىدار دەپ قارايدۇ» دەپ باھالىغان. ئۇ نەسرچىلىكتە بىۋاسىتە بايان ۋە ۋاسىتىلىك بايان قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىش ياكى بايان بىلەن مۇلاھىزىنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە ئىچكى مونولوگ قاتارلىق ئۇسۇللارنى، شۇنداقلا ئاڭ ئېقىمى ۋاسىتىسىگە ياتىدىغان زامانىۋى ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان.

توماس مان مۇزېيى ماڭا بىر مۇھىم لېكسىيە، بىر مۇھىم كىتاب بولدى. مەن سۈرەت ۋە نەرسىلەر بىلەن تولغان ئۆيدىن ئۇنىسىز، شاۋقۇنسىز بىلىم ئالدىم.

لىيوبەكلىكلەر ئۆز ئەدىبلىرىنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. مۇزېيدا يەنە بۇ شەھەردە تۇغۇلغان ئايال يازغۇچى ئىدابويىت ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا قويۇلغان. گەرچە بۇ نامى مەشھۇر بولمىغان ئايال ئەدىب ئۇلۇغ گېرمانىيە شائىرى گيۇتىنىڭ شارلىتى فەن كەلپ ئىسىملىك ۋاپادار ئاشنىسى توغرىسىدا بىرلا ئەسەر يازغان بولسىمۇ.

شائىر گەيبىل (1884 — 1951) ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئايالىمۇ مۇشۇ شەھەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن بۇ مۇزېيدىن ئورۇن ئالالىغان.

ئۆز ئەدىبلىرى بىلەن پەخىرلىنىش بىر مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بولسا كېرەك. مەن گېرمانىيەدە يۈرگەن قىرىق نەچچە كۈن ئىچىدە شەھەرلەردە، يېزىلاردا شائىرلار، يازغۇچىلار نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك كوچىلارنى، ھەيكەللەرنى، مۇزېيلارنى كۆردۈم. مەسىلەن، فرانكفورتتىكى ئەڭ چوڭ كوچا دانتى كوچىسى، فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىغا كومېر بىلەن ئارىستوتېلنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇلغان، نيورنبۇرگ شەھىرىنىڭ بىر يېزىسىدىكى

كوچىلارنىڭ بېشىغا: «ھ. ھەينى، شىللىر، گېيۆتى ... كوچىلىرى» دېگەن ۋىۋىسكىلار قادالغان.

## ماڭا يوچۇن ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلغان گېرمانىيە جەمئىيىتى

مەن بارلىق مەدەنىيەتلىك شەرقلىقلەرگە ئوخشاش، غەربنى كىتابلاردىنلا بىلگەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز غەرب توغرىسىدا «پاش قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىنىمىزگە غەربنىڭ چىرىكلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئۆزگەرمەس قانۇندەك سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «چىرىتىش» كە قارشى «ئىدىيە تەييارلىقى» بىلەن بۇ جەمئىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم باستىم.

ئېزىش — ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، بۇلاش، ئالداش، ھىيلىگەرلىك قىلىش، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق يامان قىلىقلار بىلەن ۋەھشىيلىكلەر، بىزچە بولغاندا، غەرب ئۈچۈن ئومۇملاشقان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەر بىزگە يوچۇن، ئۇلارغا ئۆز. لېكىن، ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇچرىمىغانلىقى غەلىتە، يوچۇن تۇيۇلدى. مەن چوڭ كوچىلاردا ئۇچرىتالمىغان بۇ نەرسىلەرنى «خىلۋەت كوچا» ۋە «تۆۋەن قاتلام» لاردىن تاپارمەن دېگەن نىيەت بىلەن غەربىي گېرمانىيە جەمئىيىتىنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدۇم. مەن بىر يېرىم ئاي ئىچىدە دۆلەت مېھمانخانىلىرىدا بىر كۈنمۇ ياتمىدىم. زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ - قوپۇپ، ھەر خىل ئادەملەر: ئاددىي دوختۇرلار، رېمونتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئىشسىز زىيالىيلار، رىقابەتتىكى سودىگەرلەر، ئوقەتچىلەر ۋە دۆلەتنىڭ ئاددىي خادىملىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە، زىياپەتلىرىدە، ئىش ئورۇنلىرىدا بولدۇم، ئويۇن - تاماشا، سەيەر - سەيلىلەرنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم. ئۇلارنىڭ

تۇرمۇشى، كىرىمى، شەخسىي سەرگۈزەشت ـ تارىخى، پىلان ـ
ئارزۇلىرى، ھەتتا ھەۋەس ـ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشتۇم
ۋە بۇ جەھەتتىكى كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرىمنى
ئەينەن پېتى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. ماڭا يوچۇن ۋە قىزى-
قارلىق تۇيۇلغان بۇ جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئۇششاق ـ چۈش-
شەك ماتېرىياللار شەرقلىقلەرنىڭ غەربلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى
تۇرمۇشىنى بىلىۋېلىشىدا ئاز ـ تولا پايدىسى بولار دەپ ئويلاي-
مەن.

تۇماسنىڭ ئۆيى ئىككى قەۋەتلىك (يەر ئاستىدىكى بىر قە-
ۋەت بىلەن جەمئىي ئۈچ قەۋەتلىك)، ئەتراپى باغ ـ چىمەنلىك
ئۆي. ئۇ تۇرۇۋاتقان ھېلىس ھوپ يېزىسى ئىككى يۈز نەچچە
ئاشۇنداق قورۇ ـ جايلاردىن قۇراشتۇرۇلغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ
ھەممىسىلا ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك، ئۈستى چېدىرلىق، چەت ـ
چۆرىسى باغۋاراڭلىق، يوللىرى ئاسفالت، يېزا ئەتراپى ياپيې-
شىل. قويۇق ئورمانلىقلار بۇ يەردىن يىگىرمە كىلومېتىر نېرى-
دىكى بالتىق دېڭىزىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەتراپىدىكى تۆپىلىك-
لەردە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىي قىل-
غان. يەر مۇنبەت، ھاۋا ئىللىق، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغاچقا،
زىرائەت ئاينىيدىكەن، مال سەمرىيدىكەن، ئالما، نەشپۈت، يا-
ڭاق، ئۈزۈملىرى تەملىك، سۈلۈق بولىدىكەن. ھاۋا، يېمەك ـ
ئىچمەك ياخشى بولغاچقا، شەھەرلەردە خىزمەت قىلغۇچى نۇرغۇن
ئادەملەر مۇشۇ يېزىلاردا ئۆي ـ ماكان تۇتۇشۇپ يۇقىرى سۈر-
ئەتلىك يوللار بىلەن ئۆز ماشىنىلىرىدا قاتناپ يۈرۈپ خىزمەت
ئىشلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىس ھوپ ئىككى يۈز نەچچە
ئۆيلۈك يېزا ئاتالسىمۇ، بۇ يەردە پەقەت بىرنەچچە ئۆيلۈكلا دېھ-
قان بار. قالغانلىرى بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك شەھەردە
ئىشلىگۈچىلەر. تۇماس ئاشۇلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان بۇ
ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى قوشنىسى — سودىگەر بەرگۈلتىنىڭ ئۆ-
يى ئىكەن. ئىجارە ھەققى مىڭ ماركقا (ھەر ئايلىقى) بارىدىكەن.

توماس ئايالى، ئىككى قىزى بىلەن بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىلى خېلى
يىللار بوپتۇ. بىز كەلگەندە بۇ ئۆيدە ئايالى بالىلىرى بىلەن يوق
ئىدى (ئۇ دوستى بىلەن بالىلىرىنى ئېلىپ گېرمانىيەنىڭ جە-
نۇبىغا ئاتا - ئانىسىنى كۆرگىلى كەتكەنىكەن).

گېرمانىيە دۇنيادىكى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى، دېھقانلار
ئومۇمىي ئاھالىنىڭ بەش پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. سانائەت
تەرەققىياتى بۇ دۆلەتنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا نۇرغۇن
ئوڭايلىقلارنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن، يېمەك - ئىچمەك
دۇكانلىرىدا ھەممە نەرسە تەييار: كۆكتاتلار يېپيېڭى، ھەر خىل
گۆشلەر ھازىر سويۇلغاندەك، ئۇن، گۈرۈچ، ھەر خىل خېمىر
تاماقلار (لەڭمەن، سۇيۇقئاش خېمىرلىرى كېسىكلىك پېتى)،
نان - بولكىلار، سېرىق ياغ، ھەسەل، ھەر خىل ۋارىنىلەر
بولاقلىق، باھاسى يېزىقلىق ھالدا تىزىقلىق تۇرىدىكەن.
خېرىدار مەخسۇس تەييارلانغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ
كىرىپ نېمىنى خالىسا ئۆزى ئارىلاپ يۇرۇپ ئېلىۋېرىدىكەن،
چىقىش ئىشىكىدە مەخسۇس قاچىلارغا سېلىنغان بۇ نەرسىلەر
ئاپتوماتىك ھالدا ھېسابات ئورنىدىن ئۆتىدىكەن. كىچىك
ئېكراندا ھەربىر مالنىڭ باھاسى يېزىلىپ تۇرىدىكەن، ئاخىرىدا
ئومۇمىي پۇل مەلۇم قىلىنىدىكەن. خېرىدار پۇل تۆلەپ
نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. پۇتۇن سودا جەريانىدا
خېرىدار بىلەن مال ساتقۇچى زادىلا بىۋاستە ئۇچراشمايدىكەن.

بىز توماس بىلەن ئەنە شۇنداق تەييار نەرسىلەرنى ئۆيگە
ئېلىپ كەلدۇق.

— بىزدە ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئېلىش بولىدۇ. بەش
كۈن ئىشلەپ ئىككى كۈن دەم ئالىمىز. ئىككى كۈننى دېڭىز
بويلىرىدا، مېھماندارچىلىقتا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىز ھەممە
نەرسىنىڭ تەييار بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. خەلقنىڭ بۇ ئېھ-
تىياجىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت يېمەك - ئىچمەكنى مۇشۇنداق
تەييارلاشتۇرغان، لېكىن بىز تەييار نەرسىنى ياخشى كۆرمەي-

مىز، ئۆزى ياساپ يېگەن غىزانىڭ تەمى بولىدۇ.

توماس «لېكىن»دىن كېيىنكى بۇ گەپنى ھەممىلا نېمىنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ يەيدىغان ماڭا ئوخشاش شەرقلىكنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۇچۇن ئېيتتى دەپ چۈشەندىم. كېيىن مەن نۇرغۇن ئۆيلەردە مېھمان بولدۇم. ساھىبخانا تاماق ئۇچۇن ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مېھمان بىلەن سىردىشىشقا كۆپ ۋاقىت چىقىرالايدىغان، ماشىنىلىرى بىلەن دانىيە، ئاۋستىرىيە، گوللاندىيە، شىۋېيتسارىيە دۆلەتلىرىنىڭ ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىدا تاماشا قىلغاندا، ئوڭاي غىزالىنالايدىغان شارائىتقا ئىگە بولۇشتا، بۇ تەييار تاماقلارنىڭ پايدىسى كۆپ ئىكەن.

توماسنىڭ ئايالى ئەلىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن، دوستى بىلەن ئىككىسى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئاكتىپ ئوقۇرمەنلەر ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ «كەسپىي يازغۇچى» ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ماڭا تولىمۇ قىزىقتى.

— مۇقىم مائاشىڭىزدىن باشقا قەلەم ھەققى ئالىدىكەنسىز، ئەجەب ئەتىۋارلىنىدىكەنسىلەر. سىلەردە يازغۇچىلار ھۆرمەتلىك ئىكەن، — دېدى ئېگىز بوي، قوي كۆز، چاچلىرى ئاقۇچ ئەلىن.

— بىزنىڭ مائاشىمىزمۇ، قەلەم ھەققىمىزمۇ تۆۋەن، — دېدىم مەن ئۆز ئەھۋالىمىزنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — سىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىككى يېرىم مىڭ ياكى ئۈچ - تۆت مىڭ مارك ئايلىق ئالىدىكەن. ئۈچ مىڭ مارك جۇڭگو پۇلىغا ئالتە مىڭ يۈەن دېگەن سۆز. بىزدە بۇ پۇلنى ئىككى يىلدا ئاران ئالالايمىز.

— لېكىن سىلەردە مال باھاسى ئەرزان.

— شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەمىز خېلىلا تۆۋەن. بىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتىمىز ئارانلا ئىككى يۈز ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدا. سىلەردە

بولسا سەككىز مىلىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن، بىزنىڭكى-
دىن قىرىق باراۋەر يۇقىرى دېگەن سۆز. لېكىن، مال باھاسى
ئىككى - ئۈچ باراۋەرلا يۇقىرى ئىكەن. مەسىلەن، بىزدە بىر
يۈەنگە ئۇرۇمچىدە تۆت تۇخۇم كېلىدۇ. سىلەردە بىر ماركقا
ئىككى تۇخۇم كېلىدىكەن. خەلقئارا بازاردا بىر مارك ئىككى
يۈەنگە تەڭ.

— بىزدە قەلەم ھەققى بىلەن باي بولماق تەس، — دېدىم
گەپ قەلەم ھەققىگە يۆتكەلگەندە، — مەسىلەن، سىلەردىكى
گونتاگىراستەك① باي يازغۇچىلار بىزدە ناھايىتى ئاز ياكى
يوق.

— لېكىن گېرمانىيەدە كىچىك يازغۇچىلارغا قەلەم ھەققى
بېرىلمەيدۇ. نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە، كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى
پۇل تۆلەپ كىتابلىرىنى باستۇرىدۇ. داڭلىق يازغۇچىلارغا
يۇقىرى قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. گونتاگىراس سوتسىيال دې-
موكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، ئۇ دېموكراتىك ئىسلاھات
تەرەپدارى، سابىق زۇڭلى بىرلىيارتنىڭ دوستى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇنىڭ گېرمانىيەدە ئورنى يۇقىرى. مەرھۇم ھېنرىخ بولمۇ
يۇقىرى قەلەم ھەققى ئالىدىغان يازغۇچى ئىدى. لېكىن ئۇ
داڭلىق يازغۇچىلارمۇ ياش مەزگىللىرىدە قەلەم ھەققى ئالالمى-
غان. ئىشتىن سىرت يېزىپ، پۇل تۆلەپ ئەسەرلىرىنى باستۇ-
رۇپ يۈرۈپ كېيىن داڭ چىقارغان. يازغۇچىلار پۇل تېپىشنى
ئۆزىگە مەقسەت قىلمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. سىلەردە
قانداق؟

— يازغۇچىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس، بىزدە مۇت-
لەق كۆپچىلىك يازغۇچىلار پۇل - مەنپەئەت سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

— نېمىشقا «مۇتلەق كۆپچىلىك» دەيسىز؟ — ئەلىنىڭ
دوستى سورىدى.

---

① گونتاگىراس — ھازىرقى زامان گېرمانىيە يازغۇچىسى. ئۇ بەكمۇ باي.

— دېمەك، پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلىدىغانلارمۇ بار دې-
گەن سۆز - دە بۇ، شۇنداقمۇ؟ — ئەلىن سورىدى.
— شۇنداق، ناھايىتى ئاز ساندا ئىقتىسادىي مەنپەئەت
ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغان ئادەملەرمۇ بار.
— قەلەم ھەققىنى ئويلىماي، قىيىن شارائىتتا ئەسەر يې-
زىپ، دۇنياغا داڭ چىقارغانلار بىزدىمۇ بولغان، — دېدى ئەلىن
مەن بىلەن بەسلەشكەندەك ئۆز خەلقىنى ماختاپ، — مەسىلەن،
فونتانا 1870 - يىلىغىچە① مۇخبىرلىق قىلغان. كافكا
ئىستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ ئاددىي خادىمى ئىدى. ھولدەرلىن
تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇلار ئىشى ئال-
دىراش بولسىمۇ كېچىلىرى ئەسەر يازغان، لېكىن قەلەم ھەققى
ئالغان ئەمەس. ئۇلار نامرات ئۆتكەن، لېكىن ھازىر دۇنياغا
داڭلىق يازغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. مۇزات گېرمانىيەنىڭ پەخرى،
ئۇلۇغ مۇزىكانتى. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان كىنونى
كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ ئايالى بىلەن يالغۇز ئوغلىنىمۇ باقالمىغان،
لېكىن تولا ئىشلەپ چارچاپ ئۆلگەن. بۇلارنى نېمە دېيىش
مۇمكىن؟ ئىجتىمائىي بۇرچ كۆزقارىشى دېسە توغرا بولامدۇ
ياكى قارىلىغاچنىڭ ئۇۋا ياسىغىنىغا ئوخشاش ئىستىخىيەلىك
ھەرىكەت دېسە بولامدۇ؟
ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان، مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك
گېرمانىيە ئاياللىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلە-
شىش كۆڭۈللۈك، لېكىن ئاقىلانە ئەمەس.
— ئۆز ئىشىغا مۇھەببەت باغلاش، ئۆز - ئۆزىنى سۆيۈش، —
دېدىم يازغۇچى بولغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىپ، — بارلىق
ئىلىم ئىگىلىرىگە خاس پەزىلەت. قەدىمىي ئىندىيانلارنىڭ
«ئۆزۈڭگە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئاشىق بول، ئاندىن باشقىلار
ساڭا ئاشىق بولىدۇ» دېگەن بىر داڭلىق سۆزى بار ئىكەن،

① فونتانا 1819 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1898 - يىلى ۋاپات بولغان.

مۇتلەق كۆپچىلىك يازغۇچى بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

— يەنە مۇتلەق كۆپچىلىك! — دېدى ئەلىنىنىڭ دوستى كۈلۈپ. ئۇلار قاقاھلىشىپ كۈلۈشتى.

پۇلدىن ئىشنى، ئادەمنى ئۈستۈن بىلىدىغان ئادەملەر ھەممىلا يەردە بار. لېكىن، پۇل بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئادەم يوقنىڭ ئورنىدا. غەربىي گېرمانىيە پۇقرالىرىنىڭ شەرقتىكى كىچىك، كەمبەغەل مىللەتلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارغا قىزىقىشى، ھەتتا ئالىي مەكتەپ ياكى پەنلەر ئاكادېمىيەلىرىدە بۇ مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىشتا بىرەر سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان بولۇشى ناھايىتى ئېنىق. لېكىن، ئۇلار مەقسەتسىز ئىش قىلمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ مەقسىتى: ھازىر ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىساد، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان بەزى رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن، گېرمانىيە جەمئىيىتىدە ھەر خىل ئاپتوماشىنىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى (ھەتتا بالا باقىدىغان ئۆي خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ مەخسۇس كىچىك ماشىنىسى بار ئىكەن)، يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىي بولماسلىقى (توخۇلار، تۇخۇملار زادى كۈن نۇرى كۆرمەيدىكەن)، سۇ ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى بىلەن بەزى قەدىمىي دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى (مەسىلەن، 1987 - يىلى قارىياغاچلار ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇغان) قاتارلىق ئىشلار نۇرغۇن ئادەملەرنى ئويلاندۇرغان. ئۇلارنىڭ خىيال ۋە ئارزۇلىرى توغرىسىدا «ليوبەك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى — قىزىل ساقاللىق يىگىت مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە شۇنداق دېدى:

— سىزگە بىزنىڭ ئېلېكترلەشكەن، ماشىنىلاشقان، ياشىماق ئاسانلاشقان جەمئىيىتىمىز قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. لېكىن، بىز نۇرغۇن ئىشلاردىن نارازى. مەسىلەن، بىزدە ھەر يىلى

يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئادەم قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرايدۇ.
غەربىي گېرمانىيەنىڭ كىچىككىنە زېمىنىدىكى يۇقىرى
سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللاردا ھەر كۈنى يەتتە ـ سەككىز
مىلىيون چوڭ ـ كىچىك ماشىنا چېپىپ يۈرىدۇ. ئۇلار
نېمىلەرنى تارقىتىدۇ، بىلەمسىز؟
— چاقىدىن كادمىي، ئارقىسىدىن چىققان ئىس بىلەن
قوغۇشۇن ماددىلىرىنى تارقىتىدۇ.
— دۇرۇس، شۇنداق. بۇ زەھەرلىك ئېلېمېنتلار ھاۋا تەر-
كىبىدە مىلىياردتىن، تىرىللىياردتىن بىر ئۈلۈش بولۇشىمۇ
مۇمكىن. لېكىن ئەللىك ياكى يۈز يىلدىن كېيىنچۇ؟ بىزدە تې-
خى بۇ ۋەھىمىدىن مۇداپىئەلەنگۈدەك ئىشەنچلىك ئامال يوق.
گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدىكى سۆھبەت، مۇلاھىزى-
لىرىم ھەممىلا جايدا ئېلىپ بېرىلىدى. بۇ مۇلاھىزىلەر بىرەر
تېمىغا يىغىنچاقلانغان ئەمەس. ئۇ خۇددى «ئاڭ ئېقىمى» ئۇسلۇ-
بىدا يېزىلغان ئەسەردەك بىر باغدىن، بىر تاغدىن ئېلىنغان
مىساللار بىلەن تولغان. لېكىن، بۇ پاكىت ۋە مۇلاھىزىلەر مې-
نىڭ بۇ يوچۇن جەمئىيەتنى كۆزەتكەنلىكىمنىڭ مەھسۇلى. مەن
سائىتىگە بىر يۈز يىگىرمە ـ بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىر تېز-
لىك بىلەن ماڭىدىغان كىچىك ماشىنىدا كېتىپ بارغىنىمدا
ئۆز يۇرتۇم توغرىسىدا ئويلايمەن. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا قولتۇ-
قىغا بىر توخۇ ياكى مانتا كاۋىنى قىسىپ، تۆت بالىسىنى ئە-
گەشتۈرۈپ يېزا بازىرىغا كېتىپ بارغان يالاڭ ئاياغ، ئۇستىبېشى
چاڭ دېھقان كېلىدۇ. ئۇ دېھقانىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى شۇ توخۇ يا-
كى كاۋىدا. بىزدە بۇنداق دېھقانلار تېخى خېلى بار. مۇشۇنداق
چاغلاردا خىيالىم غەربىي گېرمانىيەلىك دېھقان ئېرىكنىڭ ئۆ-
يىگە يۆتكىلىدۇ.
ئېرىك ئوتتۇز سەككىز ياشلىق، ئېگىز، ساقاللىق يىگىت.
ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇ بىزنى ئۆيىگە «كۈزلۈك ھوسۇلدىن
كېيىن خۇداغا رەھمەت ئېيتىش چېيى»غا چاقىرغانىدى. مەن

ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ دالىنىدا مېھمانلار ئۈچۈن تاتلىق ھاراق قاي-نىتىۋاتقان يېرىدە كۆرگەن. ئۇنىڭ شېرىكى قىرىق بەش ياشلىق چىرايلىق قىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقانىكەن، ئۇلار مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. شۇ ئىككى قەۋەتلىك، يېنىدىلا مال بوردايدىغان ئېغىللىرى، يەم - خەشەك ئىسكىلاتى، ئاشلىق قا-چىلايدىغان (ھەربىرىگە ئوتتۇز نەچچە تونىنا ئاشلىق سىغىدى-غان) پولات ئامبارلار ئورنىتىلغان ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى بار كاتتا ئۆيدە ئېرىك ئاشۇ قىز بىلەن يالغۇزلا تۇرىدىكەن. ئۇلار نىكاھلانمىغان قىز - يىگىتلەر ئىكەن، لېكىن بىر ئۆيدە تۇرۇ-دىكەن. ئۇلار ئىككىسى يىگىرمە بەش گېكتار يەرنى بىللە كۆك-لىتىپ، توڭگۇز، كالا بورداپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئېرىك بۇ قېرى قىزغا ھەر ئايدا ئىككى مىڭ ماركتەك ھەق تۆلەيدىكەن. بىز زىياپەت تەييارلانغان جاي — ئۈستى چېدىرچىلاپ يېپىلغان ئات - كالا بوردايدىغان ئېغىلغا كىردۇق. پەنلەردىن ئۈستەل، پىرېسلانغان پاخاللاردىن ئورۇندۇق ھازىرلىنىپتۇ. مېھمانلار ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇلارغا ئىسسىق ھاراق بىلەن توڭگۇز گۆشى كاۋىپى تارتىلىدىكەن. سۆھبەت، مۇزىكا، تانسا بولۇپ تۇرىدىكەن. باللار پانۇسلىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتتىن تى-زىلىپ «بىز ئاي، بىز كۈن، بىز يۇلتۇز» دېگەن باللار ناخ-شىسىنى ئېيتىپ زالغا كىرگەندە، زالدا چىراغلار ئۆچۈرۈلدى، چاۋاكلار چېلىندى. كېيىن چوڭلار باللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ تانسا ئويناشتى. بۇ يەردە باللار تولىمۇ ئەتىۋارلىق، ئۇلار قاد-چىلىك بەڭباشلىق قىلىشسىمۇ ئۇلارغا يول قويۇلىدىكەن.

مەن بۇ دېھقان بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ماڭا بوردىلىۋاتقان ماللىرى، پولات ئامبارلاردا ساقلىنىۋاتقان يۈز نەچچە تونىنا ئاشلىقى (بۇغداي، ئارپا، قىچا)، ھەر خىل ئىشلارغا سېلىنىدى-غان ئون سەككىز خىل ماشىنىسىنى كۆرسەتتى. بۇ ماشىنىلار-نىڭ ئەڭ قىممىتى ئەللىك بەش مىڭ مارك، ئەڭ ئەرزىنى بىر مىڭ سەككىز يۈز مارك ئىكەن. يەر تېرىش، يىغىش، سۇغى-

رىش، مالغا يەم بېرىش، مال ئايىغىنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا بىلەن بولىدىكەن. پۈتۈن ماشىنىلارنى ئېرىك ئۆزى ئاشۇ قىز بىلەن ئىشلىتىدىكەن. مەن ئۇنىڭ يىللىق كىرىمىنى سورىدىم.

— نەچچە يۈز مىڭ مارك پۇل خەجلەپ دېھقانچىلىق قىلدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — لېكىن كىرىم ئاز. گېرمانىيەدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بەك ئەرزان، ھەرقانداق ئاشلىقنىڭ بىر كىلوسى بىر ماركقا يەتمەيدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ بىر كىلوسى 0.41 مارك، ئارپا 0.8 مارك، قىچا 0.35 مارك. توڭگۇزلارنى دەمسىز؟ بىر توڭگۇز كۈنىگە بىر مارك ئۆسىدۇ. يۈز كىلوگىرام كېلىدىغان توڭگۇز ئاران ئىككى يۈز يىگىرمە مارك پايدا بېرىدۇ. لېكىن، ئىش قاتىلاڭ چاغلاردا ئەمگەك كۈچى ياللايمەن. ياللانما ئەمگەكچىنىڭ بىر سائىتى يىگىرمە مارك. ھۆكۈمەت بىزگە ياردەم قىلمايدۇ. گېرمانىيەدە ھەر يىلى ئاشلىق، گۆش، سېرىق ياغ تاغلىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ھۆكۈمەت بۇ تاغلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زىيىنىغا چەت ئەللەرگە ساتىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئەرزان بولغاچقا، دېھقانلار يەرلىرىنى سېتىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گېرمانىيەنىڭ يەر مەيدانى ئىككى يۈز قىرىق سەككىز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ مەيدانى بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئاتمىش مىليون ئادىمى بار. ھەربىر جانغا ئىككى مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. لېكىن، گېرمانىيە دېھقانلارنى قەدىرلىمەيدۇ. بىر كىلو توڭگۇز گۆشى 14.5 مارك، بىر كىلو ئۇن 0.6 مارك. توپ ئالساق 0.3 ـ 0.4 ماركقا بېرىدۇ، نېمىشقا ئۇنداق؟ سەۋەبى، گېرمانىيە نېفىت، مال بوغۇزى، گۆش قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئەرەبىستان، بىرازىلىيە، يېڭى زېلاندىيەدىن ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ھەر يىلى چەت ئەللەرگە نۇرغۇن مىقداردا پۇل قەرز بېرىدۇ. بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن بىرازىلىيەنىڭ ئەرزان يەم ـ

خەشىكى، يېڭى زېلاندىيەنىڭ يېڭى سويۇلغان، ئەرزان پاقلان گۆشى (ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يېڭى گۆش)، ئەرەبىستان نېفى-تىنى سېتىۋالىدۇ. بۇنداق بولغاندىكىن، بىزدەك يىگىرمە ـ ئوتتۇز گېكتار يېرى بار ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ئىگىلىكى نېمە بولماقچىدى؟

— سىلەر قانداق يوللار بىلەن پۇل تاپىسىلەر ئەمىسە؟

— چارۋىچىلىقنى بىللە ئېلىپ بارىمىز.

— دېھقانلارنىڭ پېنسىيە، ئىشسىزلىق مائاشى بارمۇ؟

— يوق. ئورمان بىنا قىلساق ياكى يېرىمىزنى تېرىماستىن ئاق قالدۇرساق بىر گېكتار يەرگە بىر مىڭ ئىككى يۈز ماركتىن پۇل بېرىدۇ.

مەن بۇ بىر جۈپ دېھقاننىڭ شۇنچە جىق نەرسىلەرنى بىل-گىنىگە ھەيران بولدۇم. مەن ئۇلارنىڭ مەلۇماتىنى سورىۋىدىم، ئېرىك سۆزلەپ بەردى:

— مەن توققۇزىنچى سىنىپنى تۈگىتىپلا دادامدىن قالغان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا غوجايىن بولدۇم. ئىككى يىل ئىشتىن سىرتقى تېخنىكومدا، بىر يىل دېھقانچىلىق كۇرسىدا ئوقۇدۇم. ھەممە ماشىنىلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن، ئۆزۈم ئىشلىتىمەن، ئۆزۈم رېمونت قىلىمەن. بۇ قىز ھەمراھىمنى دەمسىز؟ ئۇ ئالىي مەكتەپتە تىل فاكۇلتېتىنى تۈگىتىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ماڭا ياردەمچى بولدى. پۇل ئۈچۈنمۇ دەمسىز؟ ياق، ئۇنداق بولمىسا كېرەك. قېنى، ئۇ ئۆزى سۆزلەپ باقسۇن.

— ياق، بۇ يەردە مەكتەپتىن جىق پۇل تاپالمايمەن. مەن ھەۋەس ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. مەن مۇسابىقە ماشىنىسى، موتوسىكلىت ھەيدەيدىغان تەنتەربىيەچى. ئوقۇتقۇچىلىق ماڭا يارىمىدى. ھازىر بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە پېداگوگىكا ئىلمى بويىچە بالا ئوقۇتمايدۇ. ئەقلىي تەربىيەنىلا كۈچەيتىدۇ، ئەخلاقىي تەربىيە، گىگىېنا بىلىملىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ.

— يېقىندا ھامبۇرگ قىرائەتخانىسىدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنى رومان ئوقۇدى. دېمەك، سىلەر گېرمانىيە دېھقانلىرى تەتقىقات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىكەنسىلەر، سىلەردىمۇ سىناق قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ئىشلار يوق ئەمەستۇر - ھە!

ئېرىك مېنىڭ سوئالىمغا كۆلۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن بېسىلىپ ياتقان ئاشلىقىمنى پۇل قىلىۋېلىشنىلا ئويلايمەن. خۇدادىن ئاشلىق باھاسىنىڭ ئېشىشىنى تىلەيمەن. لېكىن، مېنىڭ پۈتۈن ھەۋىسىم ماشىنىلاردا. ماشىنىلارنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ، بەزىدە قوشۇپ يۇغۇرۇپ باقىمەن. راستىنى ئېيتسام، ئىشلىنىشى ئاددىي، كۆپ خىل ئىشقا يارايدىغان ماشىنا لايىھەسى ئۈستىدە تولا باش قاتۇرىمەن.

ماشىنا كېتىپ باردۇ، بىز بالتىق دېڭىزى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئېرىك توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

بالتىق تىنچ، كۆپكۆك چايكىلار ئادەمنىڭ بېشىغا قونىدۇ. ساياھەت پاراخوتلىرى، قەدىمكى يەلكەنلىك كېمىلەر ئۈزۈپ يۈرىدۇ. دېڭىز قىرغىقى بۈك ئورمان، بىرلىرى ئېگىز، بىرلىرى يېڭىلاڭغۇ خوتىللار (سارايلار) كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇپۇقنىڭ نېرىسىدا باشقا دۆلەت — دانىيە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— سىلەردە قوشنا ئەللەرگە بېرىش قىيىن بولمىسا كېرەك؟

— ئىختىيار، — دېدى توماس مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ، — پاراخوت، ماشىنا، ۋېلىسىپىت بىلەن خالىغان ۋاقىتتا، ئەتراپىمىزدىكى خالىغان دۆلەتكە توسالغۇسىز چىقىپ كىرەلەيمىز. پاسپورتقا قاراپلا قويىدۇ، خالاس.

— خالىسىڭىز، مەن سىزنى يەلكەنلىك كېمە بىلەن دانىيە ياكى فىنلاندىيەگە ئاپىرىپ كېلەلەيمەن. ئازراق رەسمىيەت ئۆتىسەكلا بولدى. بىزدە بۇ ئىش ئۆچۈن بەش - ئالتە مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدۇ.

دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا «خوتىل» ئىكەن.

پىۋا ـ قەھۋەخانىلارمۇ تولا ئىكەن. ساياھەتچىلەرنىڭ تولىسى بوۋاي ـ مومايلار، ئۇلار دېڭىزنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگە ياسالغان ساياھەت سۇپىلىرىدا رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ھەمراھى بىلەن مۇڭداشقاچ چايكىلارغا بولكا، مېۋە چېچىپ، چايكىلارنىڭ ئوزۇق ئۈچۈن قىلغان «كۆرەش» لىرىنى تاماشا قىلىشىدىكەن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىلا گېرمانىيەلىك ئەمەس، — دېدى توماس ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، — بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئوقەتچىلەر، ساياھەتچىلەر كېلەلەيدۇ. ئەرەب سودىگەرلىرى، تۈرك ئىشچىلىرى، ھەتتا تايلاند يېزىلىرىدىن كەلگەن پاھىشە ئاياللار بۇ يەرگە كېلىپ باي بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىز پاناھسىز ياشلارغا، ئۇ قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇشىنى سورۇشتۇرمەيلا، ئوقۇش پۇرسىتى، تاماق پۇلى، ياتاق پۇلى ۋە قوشۇمچە ئەمگەك قىلىپ (ئاشخانا، مېھمانخانىلاردا) پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

مېنىڭ ھەمراھىم پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ ماختانغىلى تۇردى. مەن چىدىمىدىم.

— ھەر كۈنى گېزىتتە نەچچە يۈز ھۆرەئى (پاھىشە ئاياللىرى) ئېلان چىقىرىدىكەن. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى چەت ئەللىكلەر ئىكەن. بۇمۇ چەت ئەللىك مۇساپىرلارغا قىلىنغان غەمخورلۇقمۇ؟ — دېدىم ئاخىر.

— شۇنداق. ئۇلارمۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسىپىي كىنىشكىلىرى، كوچا ـ رايونلىرى بار. قانۇن ئۇلارنىمۇ قوغدايدۇ. بىز بۇ خىل «كەسىپ» نى نومۇسلۇق دەپ بىلىشكە ئادەتلەنگەن.

مەن دوستۇمنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، بۇ گەپنى قىلغىنىدىن ئوڭايسىزلاندىم.

— غىپپا پاك كوچىلىرى ئۇلارغا تېگىل. ئۇ يەر ھامبۇرگنىڭ بىر ئاۋات جايى. بۇ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە كەسىپنى ئېتىراپ قىلماي نېمە ئامال؟

ئۇ مېنىڭ ئوڭايسىزلانغىنىمنى سېزىپ قوشۇمچە قىلدى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم، مۆڭدىشىۋاتقان بوۋاي ـ مومايلار، قۇچىقىدىكى يۆگىلۈك ئىتلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئالتۇن، بىرلىيانت بېزەكلىك ئاياللار، سۆيۈشۈۋاتقان يىگىت ـ قىزلار ... ماڭا يوچۇن، چۈشىنىكسىز بىلىنىشكە باشلىدى. مەن نېگىر ئايال بىلەن بېشىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىپ ئولتۇرۇپ مۆڭدىشىۋاتقان سېمىز گېرمانىيەلىكنى شەرەت قىلدىم:

— ئاۋۇ نېگىر ئايالمۇ ھۆرەئى بولسا كېرەك؟

— ياق، ئۇنداقلار چەكلەنگەن كوچىلاردىن چىقمايدۇ. ئۇ يەردىن چىقسا، ساقچىلار ئۇلارنى قامايدۇ. مۇنۇلار ئەر ـ خوتۇن. بىز گېرمانىيەلىك ئەرلەر ئاسىيالىقلاردىن ئۆيلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز. ھەبەشلەر، ئافغانلار، خەنزۇلار، ۋيېتناملىقلار، ياپونلار، ئەرەب، تۈركلەردىن ئۆيلەنگەنلەر نۇرغۇن. ھېلىقى گىتلېر ئەتىۋارلايدىغان «سان ئارىيان» ئىرقى قالمىدى ياكى ناھايىتى ئاز، ئارىيانلار فىرانسۇزلار، سىلاۋيانلار، يەھۇدىيلار، گوللاندىيەلىكلەر، ئىسكاندىناۋىيەلىكلەر، ئىتالىيانلار، ئاۋسترىيەلىكلەر، شىۋېيتسارىيەلىكلەر ۋە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ھازىرقى گېرمانىيەلىكلەرنى پەيدا قىلغان. سىز بىلىدىغان تۈركولوگ، ئالىم گاباىئىنمۇ تېگى فىرانسۇز، ھازىر گېرمانىيەلىك. مېنىڭمۇ تېگىم يەھۇدىي.

مەن كەچقۇرۇن بىر ساغلام گېرمانىيەلىكنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. ئۇ توماسنىڭ قوشنىسى (ئۆي خوجايىنى) بەرگۈلت. بەرگۈلت پاكىز، يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، ئېگىز، ساغلام ئادەم. ئۇ دائىم قىسقا، قويۇق چاچلىق بېشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن تىك تۇتۇپ، سوغۇق ئۆكتەبىر كۈنلىرىدە سىرتتا كۆڭلەكچان يۈرەتتى. مەن ھەر دائىم ئۇنى ئالدىراش ماشىنىغا چىقىۋاتقان ياكى ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان ھالدا كۆرەتتىم. ئۇ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، كۈلۈمسىرەپ، بې-

شنى سەل ئېگىپ «گوتىن تاڭ①» دېيىشنى ئۇنتۇمايتتى.
بۈگۈن ئۇ ئۆيدە ئايالى ۋە بىردىنبىر ئۇچىنچى ئائىلە ئەزاسى بولغان ئون ئالتە ياشلىق يۈكلۈق پىستە بىلەن بىزنى تولىمۇ خۇشال ھالدا كۈتۈۋالدى. مەن بۇ گېرمانىيە سودىگىرىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭدىن يەككە تىجارەتچىلەر توغرىسىدا بىر ياخشى ماتېرىيالغا ئىگە بولماقچىمەن. مەن سىنچى كۆزلىرىم بىلەن سودىگەر ئۆيىدىكى خاسلىقنى ئىزدىدىم. بەرگۈلت ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن سائەت تاقالغان سول قولىنى ئېگىنىگە تىرەك قىلىپ، گۈزەل چىرايىنى تاماشا قىلدۇرماقچى بولغاندەك، كۆل رەڭ موۋۈت قاپلىق دىۋاندا كۆك رەڭلىك، تولىمۇ چىرايلىق ئىران گىلىمى ئۈستىدىكى پۇتلىرىنى رىتىملىق مىدىرلىتىپ ماگا قاراپ ئولتۇراتتى.
— سىزنىڭ تېلېفونىڭىزمۇ ئالاھىدە ئىكەن، — دېدىم پىستە ئۇچۇن دۇخاۋا تاش، مامۇقلار بىلەن ماشىنا چاقىدەك قىلىپ ياسالغان «كارىۋات» يېنىدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئاجايىپ شەكىللىك تېلېفوننى شەرەت قىلىپ، — قىممەتمۇ؟
توماس ماگا خەنزۇ تىلىدا:
— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى سوراشنى مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلايدۇ، — دېدى.
— بۇ تېلېفون مەرمەر، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئېسىل مېتاللاردىن ياسالغان، باھاسى بىرنەچچە تۈمەن مارك!
مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە سىنچىلاپ سەپسالدىم. بۇ ئۆيمۇ باشقا گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئۆيىدەك رۇسچە « Γ » («گ») ھەرپى شەكلىدە ياسالغان. پۈتۈن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى بىرلا چوڭ ئۆي. بۇ ئۆينىڭ باغقا قارىغان تېمى ئەينەك. يەرگە تاپىسىدىن باشلاپ گۈلسىز يېشىل گىلەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئىران، ئەرەب، تۇنىس، ئىتالىيە، فىرانسىيە، گىرېتسىد-

① گوتىن تاڭ — ياخشىمۇسىز.

يەنىڭ دۇنياغا داڭلىق ھەر خىل ئېسىل گىلەملىرى سىپلىن-
غان. «Γ»نىڭ بۇ بېشىدىكى دۈگىلەك شەكىلدە جايلاشتۇرۇل-
غان مووۋۇت، سوكنا تاشلىق دىۋانلاردا بىز ئولتۇردۇق. «Γ»نىڭ
يەنە بېشىمۇ، ئوتتۇرىسىمۇ ھەر خىل دىۋانلار، ئاجايىپ نەپىس،
ياغاچ ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مېتال جاھازلار بىلەن بې-
زەلگەن. لېكىن بۇ ئۆيدە مەن كۆرگەن گېرمانىيەلىك زىيا-
لىيلارنىڭ ئۆيلىرىدەك پۈتۈن - پۈتۈن تاملارنى ئىگىلىگەن
كىتابلار بىلەن تولغان كىتاب جازىلىرى يوق. گۈللەر، نەپىس
بۇيۇملار ھەممىلا ئورۇننى ئىگىلىگەن.

— ئۆي قانداق ئىكەن؟ — توماس مەندىن خەنزۇ تىلىدا
سورىدى.

— بىز شەرقلىكلەر ئۆيلىرىمىزنى تۆت بۇرجەك ياساشقا
ئادەتلەنگەن. لېكىن، ئۆينى ئالتە بۇرجەك، سەككىز بۇرجەك،
ھەتتا توققۇز - ئون بۇرجەك قىلىپ ياسىسىمۇ كۆركەم بولى-
دىكەن. مەن ئۈچ بۇرجەك، بەش بۇرجەك، يەتتە بۇرجەك ئۆيلەر-
نىمۇ كۆردۈم، بۇ ئۆيلەرمۇ ئالاھىدە بىلىنىدىكەن.

مەن ئۆزۈمنى ھەشەمەتكە قىزىقماي، غەلىتىلىككە قىزىققان
قىلىپ كۆرسەتتىم.

— مەن سىزگە قانداق خىزمەت بىلەن ياردەم بېرەلىشىم
مۇمكىن؟ — بەرگۈلت زەنجىرلىك، ئالاھىدە پۇرۇپكىلىق پىۋا
بوتۇلكىسىنى بىر ئاجايىپ ئەسۋاب بىلەن ئېچىۋېتىپ مەندىن
سورىدى. ئۇنىڭ پاكار، خۇشخۇي ئايالى مېۋە - چېۋە ئېلىپ
كەلدى. يەنە بىر پەتنۇستىكى «گوللاندىيە ھارىقى»نى ئاپپاق
قىرووۋ قاپلىغانىدى.

— ماڭا گېرمانىيە سودىگەرلىرى بىلەن چوڭ سانائەتچى-
لىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلەمسىزكىن؟

— چوڭ سانائەت شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدىن بىر-
نەچچە دوستۇم بار. مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇلار بى-
لەن بىۋاسىتە سۆزلىشىڭ، بىۋاسىتە كۆرۈشۈڭ. ئۆز ئەھۋالىم

توغرىسىدا مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مەن ئوتتۇرا ھال سودىگەر. ئومۇمىي سەرمايەمنى سوراپ قالدىڭىز، بىزدە بۇ خىل سوئاللارغا ئادەتتە جاۋاب بېرىلمەيدۇ. سىز بۇ مىللىي ئادەتنى توغرا چۈشىنەلەيسىز. ئەمدى مېنىڭ تىجارىتىمگە كەلسەك ...

ئۇ ماڭا ئۆز ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

بەرگۇلت ليوبەك شەھىرىدە بەش كىشى ئىشلەيدىغان بىر ماشىنا زاپچاسلىرىنى ھەم توپ، ھەم پارچە ساتىدىغان چوڭ دۇكاننىڭ غوجايىنى ئىكەن. ئۇ چوڭ ماشىنا زاپچاسلىرى زاۋۇتلىرىنىڭ غوجايىنلىرى بىلەن توختام ئارقىلىق مال ئالىدىكەن. ئالغان زاپچاسلىرىنى كىچىك دۇكانلار (بۇ خىل دۇكانلارنىڭ كۆپلىرى ماشىنىلارنى ماي بىلەن تەمىنلەيدىغان پونكىتلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ) غا توپ باھادا، شەخسلەرگە پارچە باھادا ساتىدىكەن. بۇ ئىشتا رىقابەت ناھايىتى كۈچلۈك بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇچۇر ۋە خەۋەرلىشىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بازار باھاسى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ئورتاق بازاردىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۇكانلار خېرىدارلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئالدامچىلىقمۇ قىلىدىكەن. مەسىلەن، «پالانى مالنىڭ باھاسى مۇنچە پىرسەنت چۈشتى، چاپسان سېتىۋېلىڭلار» دەپ ئېلان چىقىرىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ خېرىدارلار ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىغا ئولىشىدىكەن، شۇ باھانىدە دۇكاندىكى باشقا ماللارمۇ سېتىلىدىكەن.

— كۆپ ئوبوروت بولغاندا كۈنىگە قانچىلىك پايدا تاپالايسىز؟

— ئوخشاش ئەمەس، شارائىتقا باغلىق. مەسىلەن، تۇيۇقسىز قار ياغقان بىر كۈنى مەن ماشىنا چاقىغا باغلايدىغان زەنجىردىنلا ئۈچ كۈندە ئوتتۇز نەچچە مىڭ ماركىلىق ساتتىم.

— سانائەتچىلەر ۋەيران بولسا، ھۆكۈمەت ياردەم قىلامدۇ؟

— يۆلەيدۇ. مەسىلەن، قەرز بېرىدۇ، تەتقىقات تېمىلىرى ئۈچۈن دۆلەت پۇل بېرىدۇ. بىر سانائەتچى بىر شەھەردە يېڭى زاۋۇت قۇرماقچى بولسا، شۇ شەھەر ئۇنى ئەرزان يەر، ئەمگەك

كۆچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— سەۋەبى ئىككى: بىرىنچىدىن، ئۇ زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارنى ئىشسىز قويماسلىق. ئىشسىز قالغان ئىشچىلارغا دۆلەت ئىشسىزلىق مائاشى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە زاۋۇتلارغا پۇل ياردەم قىلسا دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق. ئىككىنچىدىن، بۇ سانائەتچىلەر خەلقئارا رىقابەتكە يارايدۇ. بىزنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رەقىبىمىز ياپونىيە، گېرمانىيە سانائەتچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ بۇ رەقىبىگە تاقابىل تۇرىدۇ، ھۆكۈمەتمۇ سانائەتچىلەرنى قوللايدۇ.

— لېكىن، ياپونىيە بوش كەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «تويوتا» ماشىنا شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى يوق ئىكەن. ماشىنىلار زاۋۇتتىن بىراقلا بازارغا چىقىدىكەن.

— بىزنىڭ «بىنىز»① چۇ؟ ئىككى ئاي بۇرۇن زاكاز قىلىنىدۇ. دېمەك، ياسالماي تۇرۇپ بازارغا چىقىدۇ. «تويوتا»نىڭ بىزدە سېتىلىشى سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، لېكىن «بىنىز»نىڭ ياپونىيەدە سېتىلىشى سان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتسە، سېتىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. خەلقئارادا بىزنى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى دەپ ئاتايدۇ. بىز ياۋروپادا بىرىنچى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا)، ئەمەلىيەتتە غەربىي گېرمانىيە ياپونىيەدىن تۆۋەن ئەمەس.

— ياپونىيە پولات ئىشلەپچىقىرىشتا يۇقىرى، — دېدىم كۈلۈپ قويۇپ، — ئاسىيالىقلارمۇ بوش ئەمەس.

— راست، راست، بۇمۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن، ئۇ كەلگۈسىگە باغلىق.

— سىز ئەمگەك قىلالمىسىز ياكى غوجايىنلىق قىلىپلا ئولتۇرامسىز؟

---

① «بىنىز» — گېرمانىيەنىڭ داڭلىق پىكاپى.

— مەن ئەسلىي بىر كىچىك خىزمەتچى ئىدىم. ھازىرمۇ خىزمەتچى. دۇكىنىمدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت ئون سەككىزگىچە خىزمەتچىلىرىمگە ئوخشاشلا خىزمەت قىلىمەن. چۈشلۈك تاماقنى دۇكاندا يەيمىز. ئايالىم بىلەن ئەتىگەنلىكى چىقىپ كەتسەك، كەچتە بۇ ئۆيگە ئۇخلاش ئۈچۈنلا كېلىمىز. بىر يىلدا ئارانلا بىر ھەپتە دەم ئالىمەن.

— شۇنچە پۇلدار تۇرۇپ نېمىشقا پۇلنىڭ راھىتىنى كۆر-مەيسىلەر؟

بەرگولت مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— راھەت ئىش. مەن پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز قا-بىلىيىتىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. مەن تېخى چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق سودى-گەرلىرى بىلەن بەسلىشىمەن. بىلەمسىز، بىزنىڭ غەربىي گېر-مانىيە رىقابەتلەشمىگەن بولسا تەرەققىي قىلالمىغان بولاتتى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە خەلقئارا رىقابەتتىن بىرمەھەل ئۆزىنى ئازراق تارتىۋىدى، چېكىندى، ھازىر بىزدىن نۇرغۇن ئارقىدا، ھالى خېلىلا خاراب.

— سىلەر سودىگەرلەر دۆلەتىڭلارنىڭ خەلقئارا ئورنىنى ئويلايدىكەنسىلەر - دە؟

— دۆلەت، مىللەت ھەممىدىن ئەلا. بىز ھەرقانداق جايدا بۇ ئىككى مۇقەددەس ئاتالمىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

مەن بۇ تەكەببۇر، ياسانچۇق غەرب سودىگىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ خىل گەپلەرنى چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. غەرب سودىگى-رىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ماڭا بىزدىكى ئايرىم سودىگەرلەرنى ئەسلەتتى. ئۇلارمۇ ئۆزى قىلىۋاتقان سودىنى ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىمەيدۇ. لېكىن، ئايرىملىرىمۇ بار، ئۇلار ئۆمرىدە بىر قېتىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس نامالارنى ئويلاپ قويمىغان ھەم ئويلىمايدۇ.

ئالدىراش سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن پىۋا بىلەن مېھمان بولۇپ قايتىپ چىقتۇق. بىزدە بۇ خىل مېھماندارچىلىق پۇچەكلىك

ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، رىقابەت، پايدا ـ زىيان، مىنۇت ـ سېكۇنت بىلەن ھېسابلىشىش، پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئايلانغان غەربلىكلەر يېرىم كۈنلەپ ياكى نەچچە سائەتلەپ مېھمان قىلىش، مېھمان بولۇشلارنى ئەيىب ھېسابلىسا كېرەك. ئۇلار سىزنى پىۋا ياكى چاي بىلەن مېھمان قىلىپ، تەكەللۇپ بىلەن بولسىمۇ «تاماق يەپ كېتىڭ» دېگەن سۆزنى ئېيتمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى شەكىللەندۇرگەن تۇرمۇش ئادەتلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يوچۇن ۋە غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

مەن ئەتىسى توماس ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىدىغان خانىم ھەيدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتىم. مېنىڭ قارىشىمچە، ھەيدى گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ توماسنىڭ ئۆيىدە ئۆي ئىشى قىلىپ، سىرتتا ساتىراشچىلىق قىلىدىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايلىق كىچىك ماشىنىسى بار. ئۇ توققۇزىنچى سىنىپقىچىلا ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭ ئېرى توكچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. ھەيدى توماسقا يىغلاپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى. توماس ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: ھەيدىنىڭ ئېرى بىر زاۋۇتتا توختام بىلەن ئىشقا كىرگەنىكەن. توختامغا، قاچانكى بۇ توكچى ئىشتىن ھەيدىلىدىكەن، زاۋۇت غوجايىنى ئۇنىڭغا ئون مىڭ مارك تۆلەيدۇ، دەپ يېزىلغانىكەن. ھەيدىنىڭ ئېرى ھاراق ئىچىپ ئىشقا بارغانلىقى ئۈچۈن غوجايىن ئۇنى ئىشتىن ھەيدەپتۇ. توكچى ھەقلىق ھالدا بىر تۈمەن مارك تەلەپ قىپتۇ. غوجايىن: «ئون مىڭ مارك بېرىمەن، لېكىن ئارخىپىڭغا (ھاراقكەش) دېگەن سۆزنى يازىمەن» دەپتۇ. ھەيدى مۇشۇ ئىشقا يىغلىغانىكەن. مەن: «ئون مىڭ ماركنى ئالسا بولمىدىمۇ، يازسا يازمامدۇ» دېدىم. توماس قايغۇرۇپ: «ياق، ئۇنداق قىلسا، توكچىنى ھېچكىم ئىشقا ئالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئازراق پۇل خەجلەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش كېرەك» دېدى.

— بۇ ئىش ئۈچۈن ئادۋوكاتقا قانچىلىك پۇل تۆلەشكە توغرا كېلەر؟
— ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ يۈز مارك.

گېرمانىيە جەمئىيىتىدە ئادۋوكاتلار ئەتىۋارلىق ئىكەن. خېلمۇخىل دەۋالار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىكەن. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ يېزىدا ئادۋوكاتلار ئارىلاشقان ئىشلاردىن يېقىندىلا بىرى بوپتۇ. بۇ بىر كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ، بۇ ئىش مېنى قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدا يېزىلغان بۇ خاتىرەمدىن ئورۇن ئالالىدى: دېھقان ئۆز يېرىنى بىر كارخانىچىغا ئىختىيارى بىلەن سېتىپتۇ. كارخانىچى بۇ يەرگە زاۋۇت قۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قولۇم ـ قوشنىلار زاۋۇت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا مۇزاكىرە قىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئالتە كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇپ كارخانىچى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

— ياق، قۇرغۇزمايمىز، — دەپتۇ بىر قىسىملىرى، — زاۋۇت ھاۋانى بۇلغايدۇ، تەبىئەتنى سەتلەشتۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ باشلىقى پېنسىيەگە چىققان بىر دورىگەر ئىكەن.

— كىشىلەرنىڭ ئۆز يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، بۇنىڭغا ئارىلىشىش يولسىزلىق، — دەپتۇ يەنە بىر قىسىملار. بۇلارنىڭ باشلىقى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياش مۇئەللىمى ئىكەن.

بىر كۈنى مۇئەللىم تۇيۇقسىزدىن: «كۆزقارىشىڭنى ئۆزگەرت، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەن قان بەلگىسى بار خەتنى تاپشۇرۇۋالىدىكەن. مۇئەللىم بۇ خەتنى خىمىيەلىك ئانالىز قىلىش يولى بىلەن قانۇن ئارقىلىق ھېلىقى دورىگەرنىڭ خېتى دەپ ئىسپاتلايدىكەن. دورىگەرمۇ خۇددى شۇ يول بىلەن بۇ خەت ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىكەن. بۇ چىگىش ماجىرا ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشىدىكەن.

گېرمانىيەلىكلەر تەبىئەت، مۇھىت بۇلغىنىشىغا قارشى دائىم كۈرەش ئېلىپ بارىدىكەن. بۇ كۈرەشلەردىمۇ ئادۋوكاتلارنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىدىكەن. بەزىدە ئۇلار دۆلەت ياكى ئىشتات

رەھبەرلىرىنى بىۋاسىتە پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە قىستايدىكەن.
مەسىلەن، قاتناش ئىدارىسى بىر قېتىم يول ئۈستىدىكى بىر
تۈپ دۈپ دەرىخنى كەسمەكچى بوپتۇ. مەھەللە ياشلىرى بۇنىڭ-
غا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ھەيئەت قۇرۇپتۇ. مەھەللە خەلقى قاچا
گۈللىرىنى دېرىزىلەرگە مەلۇم بەلگىلەر بويىچە تىزىپ①
ياشلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ياغاچ كەسكىلى كەل-
گەنلەر خەلقنىڭ قارشىلىقىنى كۆرۈپ كېسەلمەپتۇ. ئىككى
تەرەپ شەھەر باشلىقىغا خەت يېزىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى
تەلەپ قىپتۇ. شەھەر باشلىقى كېلىپ دەرەخنى كۆرۈپ:

— ياشلارنىڭ پىكرى ئورۇنلۇق. بۇ ئىككى يۈز نەچچە يىل-
لىق دەرەخ كېسىلسە ئەتراپ سەتلىشىپ كېتىدۇ. يول بۇ دە-
رەخنى ئەگىپ ئۆتسە بولىدۇ، — دەپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈ-
رۈپتۇ.

ئاتوم، راكېتا قوراللىرى بازىلىرىنى قۇرۇشقا قارشى
تۇرۇش كۈرىشىمۇ بەزىدە ئەنە شۇ خىل مەھەللە ئاكتىپلىرى-
نىڭ ئۆزئارا ياكى خەلققە يېزىشقان خەتلىرى ئارقىلىق شەكىل-
لىنىدىكەن. مەن غەربىي گېرمانىيەدە زىيارەت قىلىپ يۈرگەن
كۈنلەردە، غەربىي گېرمانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر
ئىشتاتى② شىلىسۋىك ھولىشتاتىنىڭ زۇڭلىسى بارشەل شى-
ۋېيتسارىيەگە دەم ئالغىلى بېرىپ مېھمانخانا مۇنچىسىدا ئۆلگە-
نىدى. بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ئىشىغا پۈتۈن
مەملىكەتتىكى رادىيو - تېلېۋىزىيە، گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى
دىگۇدەك قاتناشتى. زۇڭلى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر كاتىپى
كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمىي سايلام ھارپىسىدا سۆز
سۆزلەپ، زۇڭلىنىڭ بەزى ئەيىبلىرىنى پاش قىلغان. زۇڭلى
ئۆزىنى ئاقلاپ تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىگەن. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ
ئۆلۈم خەۋىرى تارقالغان. بۇ توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ھەممە ئا-

① بۇ، گېرمانىيە ئادىتى.
② جەمئىي 11 ئىشتات بار.

ئىلىلەردە دېگۈدەك بولۇپ تۇردى. بىر ئايغا قالماي خۇلاسە چىد-
قىرىلدى: ئۇ ئەسلىي سابىق گېرمانىيە زۇڭلىسى، تاشقى
ئىشلار مىنىستىرى بىسماركنىڭ (1815 - يىلى تۇغۇلغان،
1862 - يىلى زۇڭلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان،
1890 - يىلى تەختتىن چۈشكەن، 1898 - يىلى ۋاپات بولغان)
نەۋرىسىگە ئۆيلەنگەنىكەن. ئۇ توي مۇراسىمىدا بىسماركقا سادىق
بولۇشقا قەسەمياد قىلغانىكەن. ئۇ گەرچە كاتىپ پاش قىلغان
ئەيىبلىرىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
ئەيىبلەر زۇڭلى بارشەلىنىڭ بىسمارك شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىد-
كىنى ئاقلىيالماپتۇ. ئۇنى ئايالى ۋە ئايال تەرەپ تۇغقانلىرى
ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاپتۇ. دېمەك، زۇڭلى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر
بوپتۇ. بۇ مەسىلىنى ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ تەھلىل قىلىپ
يۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. غەربىي گېرمانىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ
مىللىي غۇرۇرىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن.
قەھرىمانلارنى، ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى قوغداش جېڭىدە قۇربان
بولغانلارنى دائىم خاتىرىلەيدىكەن. مەن ليونەبۇرگ شەھىرىدە بۇ
مىللىي روھنى ئويغىتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆپ كۆر-
دۈم. ئۇنىڭ ئىچىدە، ھېنرىخ ھېينى 1823 - يىلى بىر يىل
تۇرغان ئۈچ قەۋەتلىك ئۆي (يالغان دېرىزىلىرى بىلەن ئالتە
قەۋەت) نىڭ ئۆز پېتى ساقلانغانلىقى، بۇ شەھەرنىڭ (بۇ قەدى-
مىي تۇز كانى 980 - يىلىدىن باشلاپ شەھەر بولۇپ قۇرۇل-
غان) تۇرك ئىشچىلىرى ئولتۇرىدىغان تار، ئارقا كوچىلىرىدىكى
ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا 1813 - يىلى ناپولېئون ئىستېلاسىغا
قارشى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ مۇشتۇم سۈرەتلىرى مەرمەر
بىلەن ياسالغانلىقى ۋە تېگىگە خاتىرە سۆز يېزىلغانلىقى ئادەم-
گە تەسىر قىلىدۇ. ئېلبا دەرياسى بويىدىكى بىسمارك يېزىسىمۇ
ئەينەن ساقلانغان. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوۋچىلىق قىلغان ئور-
مانلىقىنى دۆلەت قوغدايدىكەن (ئەينەن ساقلانغان)، ئۇنىڭ
مۇزېيى (قەبرىسىمۇ شۇ يەردە) يېنىدىكى ئاشخانىغا بۇغىلارنىڭ

مۇڭگۇزلىرى، ئارقار باشلىرى، ئېيىق، كېيىك تېرىلىرى، ئىۋۋ مىلتىقى، ئوقيالار ئالاھىدە ئورۇنغا ئېسىلغان.

بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۈچۈن مىللىي غۇرۇردىن ئۈستۈن نەرسە بولمىسا كېرەك. بىر ئادەمنىڭ قىممىتىمۇ ئۇنىڭ ۋەتەن خەلقى (مىللىتى) ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئادەملەر بۇ تۆھپىسىنى ھەر خىل ئىش، ھەر خىل يوللار بىلەن يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئۇلۇغ، بىرلىرى ئاددىي بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ۋەتەن، خەلقنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ھەسسە قوشالىسىلا قەدىرلىك، خائىنلىق ـ ساتقۇنلۇق قىلسىلا، قارا يۈز بولۇپ قالىدىكەن. غەربىي گېرمانىيەدە دۇنيانى چاڭگىلىغا ئېلىش ئۈچۈن غالجىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، گېرمانىيە-نىڭ يۈزىنى تۆككەن گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھېچ-قانداق يەردە نام ـ نىشانى قالماستىن، ئۆز ۋاقتىدا مەشھۇر بولمىغان، خارلانغان، ھەتتا ھېچكىم كۆزىگە ئىلمىغان جەڭچى-لەرنىڭ نامى بىلەن مۇشتۇمنىڭ ساقلانغانلىقى، مۇزاتتەك، «يارامسىز ئەر» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى مۇزىللادەك ئاۋسترى-يە سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەيكەل مۇزېيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ-نىڭ مىسالى ...

مەن «ليوبەك گېزىتى» مۇخبىرى بىلەن گېرمانىيە جەم-ئىيىتى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتىم. مەن: «گېرمانىيەدە كۆرگەن ۋە ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىلا بىز ئۈچۈن ئۈلگە بولىۋەرمەيدۇ. مەن تۇزۇمى ئوخشاش بولمىغان ئىككى دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس، پىسخىك ئادىتى، تۇرمۇش شارائىتى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، خەلقلەر توغرىسىدا ئۆز خەلقىمگە سۆزلەپ بېرىشنى خالايمەن» دېدىم. ئۇ:

— گېرمانىيەدە سىز قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلار كۆپ. مەسىلەن، گېزىتلىرىمىزدە يالىڭاچ ئادەم سۈرەتلىرى، پاھىشە ئاياللىرىنىڭ ئېلانلىرى، بىمەنە مۇسابىقىلەردىن: چىراي مۇسا-بىقىسى، كۆكرەك مۇسكۇلى مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىلىرى بې-

سىلىپ تۇرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، بىزدە بۇلاڭچىلىق، قاتىل-
لىق مەۋجۇت. بانكىلارنىڭ ناچار ئەپت - بەشىرىسى بىلەن يا-
رىماس ئىشلىرى، پاھىشىخانىلار، كوچىلاردا پۇل تىلەپ ئېلان
قەغەزلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان دىۋانىلەردىن باشقا، يەنە بىز-
لەرگە يات تۇيۇلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار مەۋجۇت. لېكىن، بىز-
نىڭ خەلقىمىز ياخشى. ئۇلار ئەمگەكنى، مەدەنىيەت، ئىلىم -
پەننى، گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ناچار نەرسىلەرنى
تۈگىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز.

— سىلەردە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان،
تۇرمۇش زامانىۋىلاشقان. مەسىلەن، ھەممە ئۆيدە دائىم ئىسسىق
سۇلۇق مۇنچا بار ئىكەن، پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئىس
چىقىدىغان يېقىلغۇلار ئىشلىتىلمەيدىكەن، تۈرخۇن، ئىس يوق
شەھەرلەرنى مەن مۇشۇ دۆلەتتىلا كۆردۈم. تېلېفون، كىچىك
ماشىنا ھەممىلا ئادەمدە بار ئىكەن، قاتناش، پوچتا، بانكا
ئىشلىرى يۈرۈشلەشكەن، ئۆچرەت جىددىيلىكى يوق ئىكەن.
ئاپتوبۇس، پويىز، ئاشخانىلاردا بىر - بىرى بىلەن
تونۇشمايدىغان ئادەملەر سالاملىشىدىكەن، قېرىلار بىلەن بالىلار
ھۆرمەتلىنىدىكەن. ئاممىۋى مۇلازىمەت بىزنىڭكىدىن كۆپ
ياخشىكەن. ماگىزىن، كىنو - تىياتىرخانا، قىرائەتخانا،
كىتابخانا، كۆرگەزمىخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى
خېرىدارلارنى تولىمۇ ياخشى كۈتىدىكەن. ئېلېكتىرلىك مېڭە،
ئېلېكتىرلىك ھېسابلاش ماشىنىسىدىن كەڭ
پايدىلىنىدىكەنسىلەر. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ مائارىپى بەك
تەرەققىي قىپتۇ. مەسىلەن، فرايبۇرگ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي
نوپۇسى يۈز مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. لېكىن ئۇ يەردە ئوتتۇز بەش
مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن (چەت ئەللىك،
باشقا شەھەرلىكلەر كۆپ). ئىشلەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان،
تەرەققىي قىلغان، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت گۈللەنگەن، خەلق
تۇرمۇشى ياخشىلانغان - ئوڭايلاشقان. مۇشۇنداق بىر دۆلەتتىمۇ

كىشىلەر خالىمايدىغان بەزى ناچار نەرسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەت مۇكەممەل، توققۇزى تەل بولالمايدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولغان دۆلىتىمىزدىمۇ بىز خالىمايدىغان ئىشلار بار (بەزى ھاللاردا كۆپ). لېكىن، بىر جەمئىيەتكە پەقەت نىسپىي باھا بېرىشكىلا بولىدۇ. مەن غەربىي گېرمانىيە جەمئىيىتىنى تېخى تولۇق بىلىپ كېتەلمىدىم. ماڭا بۇ جەمئىيەتنىڭ بەرگەن بىرىنچى تەسىرى بايلىق ۋە پاراۋانلىق!

مېنىڭ سۆزلىرىم گېزىتكە بېسىلدى. توماسنىڭ ئايالى ئۆز ئۆيىدىكى مېھمانىنىڭ سۈرىتى بىلەن سۆزلىرى گېزىتكە بېسىلغانلىقتىن بەك خۇشال بولدى. ئۇ:

— لېكىن، سىز ئۆز دۆلىتىڭىزنىڭ بىزنىڭكىدەك بولۇشى-نى ئارزۇ قىلماڭ. بىز بۇ خىل زامانىۋىلىشىشتىن نارازى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، ھەممىنى سىلەرنىڭكىدەك قىلىشنى بىزمۇ خا-لىمايمىز. بىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىمىزنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆز شەكلى بولىدۇ. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ھا-زىرقى ئورنىدىن رازى ئەمەس. بىز تېخى كەمبەغەل، نۇرغۇن جە-ھەتتە ئارقىدا ئىكەنمىز. بىز ئورنىمىزنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز.

## بىزگە قىزىقىدىغان، لېكىن بىزنى بىلمەيدىغان ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا

غەربىي گېرمانىيە ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇيغۇرنى چۈشى-نىشكە قىزىقىدىغان ئۈچ خىل ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلار: جۇڭگوشۇناسلار، شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار. بۇلار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە خىلمۇخىل تەتقىقات تېمىلىرى بويىچە ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-

غۇچىلار ياكى ھەۋەسكارلار.

توماس ئەپەندى ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلارغا مېنى تونۇشتۇرغانىدى. ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا مېنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى ۋە باشقا تېمىلاردا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تېلېفون، باغاق ۋە خەتلەر كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا، بولۇپمۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا غەربىي گېرمانىيە زىيالىيلىرىغا سۆزلەپ بېرىشكە رازى بولدۇم. مەن بۇ بىر سائەتتىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن (دوكلات يېرىم سائەت، سوئال ـ جاۋاب يېرىم سائەت) سۆزلىنىدىغان سۆزۈمنى خەنزۇچە تەييارلىدىم. توماس ئەپەندى ئىككىمىز نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق. توماس ئەپەندى بۇ دوكلاتنى ماشىنكا بىلەن بىرنەچچە نۇسخا قىلىپ تەييارلىدى.

مەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى سۆزلەش ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە گەپ قىلىشىم كېرەك. بۇ ئىشتا مەن فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، توماس ئەپەندىنىڭ ئائىلە قىرائەتخانىسىدا بار بولغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇرخۇن ـ رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھازىر بار بولغان يازما ئەدەبىيات، قاراخانىيلار دەۋرى، 13 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە (موللا بىلال، شاكىرلارغىچە) بولغان ئاتالمىش «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (بىز بۇ ئاتالمىنى توغرا قوللانمىغان ئوخشايمىز)، ئازادلىققىچە بولغان يېڭى ئەدەبىيات، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات قاتارلىق دەۋرلەر بويىچە ۋەكىللىك ئورنى، سالاھىيىتى بار دەپ تونۇغان ئەدىبلەر بىلەن ئەسەرلىرىمىزنى ساناپ ئۆتۈپ، ئۇلارغا قىسقىچە ئىزاھاتمۇ بەردىم. مۇشۇ يول بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولدۇم. 3 ـ

ئومۇمىي يىغىندىن بۇرۇنقى گۈللىنىشنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى ئەلۋەتتە بىزنىڭ مول ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى. ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدە رول ئوينىيالىشىمۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇرۇنقى توغرا سىياسەتنىڭ مەھسۇلى. مانا بۇ نۇقتا مېنىڭ ئېيتماقچى بولغان ئاساسىي گېپىم. بۇ گېپىمنى ھازىرقى كۈندە خەلقىمىز ئالقىشلاۋاتقان ئاپتورلىرىمىز ۋە ئەسەرلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلىدىم.

مېنىڭ بىرىنچى دوكلاتىم بېرلىن «ئەركىن ئۈنىۋېرسىتېتى»دا بولدى. مانجۇشۇناس پىروفېسسور ماندې مېنى دوكلات تىڭشىغۇچىلارغا تونۇشتۇردى. ئۇ مېنىڭ تەرجىمىھالىم، ئەسەرلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز دوكلاتىمىزنى ئوقۇدۇق (نېمىسچىسىنى توماس ئەپەندى ئوقۇدى، مەن سوئاللارغا جاۋاب بەردىم). دوكلاتقا غەربىي گېرمانىيەلىك زىيالىيلاردىن باشقا، ۋەتىنىمىزدىن بېرلىنغا بېرىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ئاسپىرانتلارمۇ قاتناشتى. تونۇشتۇرۇش ۋە دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن كۆپچىلىك بارماقلىرى بىلەن ئۈستەللىرىنى چېكىپ (بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن) قىزغىن قوللىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكلات ئۇلاردا قىزىقىش قوزغىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ سوئاللىرى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى، ئېتنوگرافىيەسى، تارىخى توغرىسىدىكى سوئاللار مېنى ئوبدانلا تەرلەتتى. بولۇپمۇ سېمىز، تاقىر باش، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان (ئۇلارنىڭ يېشىنى سوراش ھۆرمەتسىزلىك بولىدىكەن) ئادەم ئۆزىنىڭ مۇھىم، ئادەمنى قىينايدىغان سوئاللىرى بىلەن مېنى ھودۇقتۇردى. ماڭا ئۇ مېنىڭ بىلىمىمنى سىناش ئۈچۈن ئەتەي قىيىن سوئاللارنى سوراۋاتقاندەك، مېنى مەسخىرە ـ كۈلكىسىگە قويماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ئۇ ئايالى بىلەن چىرايلىق ئايال شاگىرتىنى باشلاپ،

سۇرلۇك كىرىپ كەلگەندى. لېكىن، مەن مەسخىرە ـ كۈلكىگە قالمىدىم، ئەكسىچە ھۆرمەت ـ ئالقىشقا ئىگە بولدۇم.

دوكلاتتىن كېيىن ھېلىقى تاقىر باش ئادەم مەن بىلەن كۆ ـ رۈشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، تۈركولوگ ۋە ئىرانشۇناس فېرانگىر ئىكەن.

ئۇ تۈرك تىلىدا تولىمۇ راۋان سۆزلەيدىكەن. پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى پۇختا بىلىدىكەن. ئۆزبېك تىلى بىلەن ئەدەبىياتىنىمۇ خېلى ياخشى بىلىدىكەن. پىروفېسسور فېرانگىر شۇ ئاخشىمى بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايالى، شاگىرتى بىلەن ئالاھىدە كېلىپ مېنىڭ دوكلاتىمنى ئاڭلىغانلىقى ۋە قىيىن سوئاللار بىلەن مېنى مەڭدەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم: ئۇ ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىكەن، لېكىن بىزنى بىلمەيدىكەن.

كېيىن پىروفېسسور ماندېنىڭ، دېرىكىنىڭ ئۆيىدە پىرو ـ فېسسور فېرانگىر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ماندېنىڭ ئايالى رەنا خانىم (ئۆزبېك) بىلەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەش ـ كىنىنى ئاڭلىدىم (ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشتى).

— ئۇيغۇرلار بىلەن سىلەر ئۆزبېكلەر تېخى يېقىنغىچىلا بىر مىللەت ئىدىڭلار، — دېدى فېرانگىر رەناغا قاراپ، — مۇقىمى، فۇرقەتلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمەن. ئۇلار پەرغا ـ نە، بۇخارا، قوقەند، تاشكەنت، قەشقەر، يەكەنلەرنى ئۆز يۇرتۇم دەپ ئاتىغان.

نەۋايىنىمۇ بۇ كىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىل قىلىپ سۆزلىدى، مېنىڭچە بۇنداق دېيىش ئورۇنلۇق.

— لېكىن، مەن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى رەنا خانىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، — چىرايىمىزدىمۇ ئوخشاشلىق بار ئىكەن. مەن بۇ كىشىنى (مېنى دېمەكچى) كۆرۈپلا ئۆزبېك ئىكەن، دەپ ئويلىغاندىم.

— بۇ تاماقنى نېمە دەيسىلەر؟ — مەندىن سورىدى فېراۋ-گىر رەنا خانىمنىڭ بىر خىل تامىقىنى كۆرسىتىپ.
— چۆچۈرە.
— چۆچۈرە. مانا بۇ گەپ پارسچە. پارسچە گۆشۈرە، گۆش-بارەدىن ئۆزگەرگەن. بۇ تاماقنى پارسلار بادىغان دەيدۇ.
ئۇلار مەندىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئادىتى، تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تولىمۇ قىزىپ ھەۋەسلىنىپ سورىدى، خاتىـ-رىلىرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىۋالدى. ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ تۈركولوگىيە پىروفېسسورى كاپپارت خانىم، فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە - تارىخ ئىنستىتۇتىنىڭ پىرو-فېسسورى، ئامېرىكا، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىقىنى شەرقنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ئالىم كەللىنە خانىم، فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېس-سورى، جەمئىيەتشۇناس گودولىن خانىملار مەخسۇس مېنى تو-نۇشتۇرۇش ئۇچۇنلا سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇردى. ھەر قېتىمقى سۆھبەتكە خىلمۇخىل تېمىلار بويىچە شەرقنى تەتقىق قىلىۋاتـ-قان ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، ئوقۇغۇچىلار، جۇڭگو - شىنجاڭغا بارغان ساياھەتچى قېرىلار قاتناشتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر توغرىسىدا تولىمۇ قىزغىن سوئاللارنى سوراشتى، ئۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىـ-مىز، ئادىتىمىز، مەدەنىيىتىمىز، مائارىپ ئىشلىرىمىز توغرىـ-سىدا ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنىڭ راست - يالغان ئىكەنلىكى، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ گېرمانىيە خەلقى توغرىسىدا چۈشەنچىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تولىمۇ قىزىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نېمىس تىلىدا، بىرلىرى تۈرك، پارس تىللىرىدا، بىرلىرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا دۇدۇقلاپ بول-سىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بىرەر كىشىمۇ ماڭا يولۇقمىدى. «ياخ-شىمۇ سىز؟»نى بىلىدىغان بىرنەچچە ساياھەتچىنى كۆردۈم.
فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن بەمبەرگ ئۇنىۋېرسىتې-

تىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئىنگە (بورگ) ئىسىملىك ئايال بىلەن
ئۈچ سائەت سۆھبەتلەشتىم. ئۇ ئايال ئۆزبېك تىلىدا تولىمۇ
راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئافغانىستاندا ئىككى يىل تۇرغانىكەن.
ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىدىغان-
لىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشتا مەندىن ياردەم سورىدى. مەن بارلىق
كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردىم ۋە ئۇيغۇرچە كى-
تابلارنى ھەدىيە قىلدىم. فرايبۇرگ يۈز مىڭ نوپۇسلۇق كىچىك
شەھەر بولغىنى بىلەن، ئۇ يەردە ئوتتۇز ئالتە مىڭ ئالىي مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. ئىجتىمائىي پەن بىناسىنىڭ
ئالدىغا گومىر بىلەن ئارىستوتېلنىڭ ئافېنا ئىسسىقىغا چىداپ
ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يېرىم
يالىڭاچ، قەلەم، قەغەز تۇتقان ھالەتتىكى ھەيكىلى قاتۇرۇلغان.
بۇ ھەيكەلدە ئىپادىلەنگەن ئىلىمگە بېرىلىش روھىنى مەن شۇ
ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئەينەن كۆردۈم. مەن تۈرك
تىلى ئوقۇتقۇچىسى شارلىق ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ
يەردە بىر ھەپتە تۇردۇم. شارلىق ئەپەندى «ئۇيغۇر تىلى گىرام-
ماتىكىسى» ناملىق كىتابى بىلەن غەربىي گېرمانىيەدە نام
قازانغان ئادەم. تۈركچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىق-
قان بۇ كىتابىدا ئۇ گېرمانىيەلىكلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ تۈنجى ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىگەن.
ئۇ مېنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزدى ۋە كېچە - كۈندۈز بىللە بولۇپ
ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندى. ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر تىل - ئە-
دەبىياتىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ تۈركچە رومانلار-
دىن ئىككىسىنى (تۈرك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن) نې-
مىس تىلىغا تەرجىمە قىپتۇ. مەن شارلىق بىلەن بولغان كۈن-
لەرنى تۈرك تىلى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بىلدىم. ئۇ
دەرسكە چىقىپ كەتكەندە، مەن فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ھەرقايسى دۆلەتلەر، مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى مول كى-
تابلىرى بىلەن تولغان، ئۈنلۈك پاراڭلىشىش قاتتىق مەنئى قى-

لىنغان قىرائەتخانىسىغا كىرىمەن ـ دە، نەچچە سائەتلەپ كىتاب
ئوقۇيمەن. «بابۇرنامە»، «زەپەرنامە» (شەرەفۇددىن ئەلى يەزدىنىڭ
ئەمىر تۆمۈرگە بېغىشلانغان كىتابى) نى مەن شۇ كۈنلەردە ئو-
قۇدۇم. بۇ كىتابلارغا بېرىلگەن ئۆزبېكچە، تۈركچە ئىزاھاتلار-
نىمۇ شۇ يەردە كۆچۈرۈۋالدىم. «چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرى»
نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى توملىرىنىڭ تۈركچە نەشرىنى ئوقۇپ
«تۈرك تىلى سەۋىيەم»نى ئۆستۈردۈم. مەن شارلىق ۋە ئۇنىڭ
ئۆيىنى، فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بىناسى-
نى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى گومىر، ئارىستوتېللارنىڭ كىشىگە ئىل-
ھام ۋە غەيرەت ھەدىيە قىلىدىغان ھەيكەللىرىنى ئۆمۈر بويى
ئۇنتۇمايمەن. بولۇپمۇ تۈرك ـ پارس تىل ـ ئەدەبىيات قىرائەت-
خانىسىدا دائىملا قارىسام كىتابقا قادىلىپ ئولتۇرىدىغان ھەر
خىل مىللەتتىن بولغان قىز ـ يىگىتلەر مېنى ئۈمىد ۋە ھە-
ۋەس بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ياشلار ئى-
چىدە بىرەر ئۇيغۇر بالىسى ياكى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى بى-
لەن شۇغۇللانغۇچى ياش ئىستۇدېنتلار يوق.

ئۇيغۇرلارغا قىزىققۇچىلارنىڭ كەسپلىرى ھەر خىل بو-
لۇش بىلەن مىللەتلىرىمۇ ھەر خىل. پىروفېسسور گۇدولىك
ئۆز ئۆيىدە ئۇيۇشتۇرغان سۆھبەتكە يەتمىش نەچچە ياشلىق مو-
ماي مەخمە، رۇسچە سۆزلەيدىغان جەمئىيەتشۇناس پىروفېسسور،
تەيبېيدە خەنزۇچە ئۆگەنگەن ياش قىز (بۇلارنىڭ مىللىتى نې-
مىس)، كانادالىق (يېرىم قارا تەن) ئايال، ياپونىيەلىك ئىستۇ-
دېنت، جۇڭگولۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جيەن قاتار-
لىقلار قاتناشتى. بۇ يىگىرمىدەك ئادەمنىڭ بىرلىرى نېمىس
تىلىدا، بىرلىرى رۇس تىلىدا، بىرلىرى خەنزۇ تىلى، تۈرك تى-
لى، پارس ـ ئەرەب ئارىلاشما تىللاردا سوئال سورىدى. بۇلارنىڭ
ھەممىسىگە تەرجىمان تېپىلىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا
ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشلىرىنى شۇ تىللاردا ئىپادىلىدى.

فرانكفورتتىكى سۆھبەتكە قاتناشقۇچىلار ئىچىدە تۈركىي

تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار كۆپ بول-دى. قازاقچە ئۇبدان سۆزلىيەلەيدىغان ئېگىز يىگىت، قىرغىزچە بېيىتلارنى يادلىۋالغان سېمىز ئايال، تۈركچە تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەيدىغان دوكتور ئايال بىئارت رىكىس (ۋېنگىرىيەلىك)، ئۇنىڭ يولدىشى، مەسئۇت (تۈرك) لار ماڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇتقۇزۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ زوقلاندى. مەن ئۇلارغا «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ماناس»، «ئالدار كۆسا» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق تىللىرىدا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ ئاۋازىمنى لېنتىغا ئېلىۋالدى.

— ئاۋازىڭىز بىز بىلەن قالىدۇ، سىز كەتسىڭىزمۇ بىز سىز بىلەن سۆزلىشىۋېرىمىز، — دەپ چاقچاق قىلدى پىروفېسسور كەللىنە.

مېيۇنخېندىكى سۆھبەتتە مەن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، تۈركمەن، ئەزەبەيجان، تۈرك، ئۇيغۇرلار ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى (ئىناقلىشىشى) دىن پەيدا بولغان ھەر خىل قانلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ھەر خىل، قىزىقارلىق ئىدى.

— 1941 - يىلى قوقەندتىن سوۋېت ئەسكىرى سۈپىتىدە جەڭ مەيدانىغا كەلدىم، — دەپ ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى باشلىدى ئاتمىش يەتتە ياشلىق ئىلمىي خادىم قادىرقۇل ھاياجانلىنىپ، — شۇ يىلى پولشادا نېمىسلارغا ئەسىر چۈشتۈم. مەن بارمىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قالمىدى. بايمۇ بول-دۇم، راھەتمۇ كۆردۈم، لېكىن قوقەندتىكى كىچىككىنە يېزام بىر كۈنمۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىدى. مەن ئاسىيانى، ئۇ يەردىكى پاك دىل خەلقنى تولىمۇ سېغىنىمەن، لېكىن بارالماي-مەن. نېمىشقا دەمسىز؟ بارالمايمەن. ئەسىرگە چۈشكەنمەن. بى-لەمسىز، ھازىرغىچە ئەسىرمەن. ئەركىن يۇرۇۋاتقان تۇتقۇنمەن!

ئۇلارنىڭ بىزگە ھۆرمىتى تولىمۇ چوڭ ئىكەن. مەن ئۇلارغا 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى زور ئۆزگىرىشلەرنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن، راۋاجلانغانلىقىنى مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى بىلمەيدىكەن، بەزى ئەھۋاللارنى خاتا ئاڭلاپ قالغان، بەزى ئىشلارنى، ئەھۋالنى بۇرمىلاپ سۆزلىگۈچىلەردىن ئاڭلاپ، خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. مېنى ئاسىيالىقلارغا خاس بولغان مېھماندوستلۇقى بىلەن ئۆيلىرىدە، ئاشخانىلاردا قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى.

بېرلىنلىق جۇڭگوشۇناس ياش تەتقىقاتچىلاردىن ئەر - ئايال ماغەيلە بىلەن ئىنگولار مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز تولۇق يېرىم كۈن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلار جۇڭگو ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىغا قىزىقىدىكەن. ئۇلار ماڭا جۇڭگو ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى، ئۇلار ئىچىدىكى قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولغان ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ياش ئاپتورلاردىن جاڭ جيېنىڭ «ئېغىر قانات» ناملىق ئەسىرى بۇ يەردە ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. بۇ ئەسەر نېمىس تىلىدا تۆت قېتىم نەشر قىلىنغان. كىلاسسىك ئەسەرلەردىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «جىن پىڭمېي»لارنى ساۋاتلىق گېرمانىيەلىكلەر تولۇق دېگۈدەك بىلىدىكەن. «يىپەك يولىدىكى رىۋايەتلەر»، «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»مۇ نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنىپ ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. لاۋشېنىڭ «شياڭزى تۆگە»، «چايخانا»سى، گومورونىڭ «ئۆسمۈرلۈك چېغىم»، «بالىلىقىم» ناملىق ئەسەرلىرى، بېيداۋ، شۇتىڭلارنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ماقالىلەر يېزىلىپ ماختىلىپتۇ.

ھازىرقى زامان شەرق يازغۇچىلىرىدىن چىڭغىز ئايتماتوف

غەربىي گېرمانىيەدە تولىمۇ يۇقىرى باھاغا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق دېگۇدەك نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان. 1987 ـ يىلى فرانكفورتتىكى خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە ئايتماتوف تەكلىپ بىلەن كېلىپ قاتناشقان. غەربىي گېرمانىيە زۇڭتۇڭى ۋەيىت سەككار مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ «مەن ئايتماتوف ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن. ئايتماتوف: «مېنىڭ ھەرقاچان چەت ئەلگە چىقسام بىللە ئېلىپ چىقىدىغان ئىككى ئېسىلىم بار. بۇلار ‹ماناس› بىلەن مۇختەر ئەۋىزوف. بۇ ئىككىسى يېنىمدا بولسا، مەن ھېچ يەردە خىجىل بولمايمەن» دەپ ئېيتقان. مەن ئايتماتوف بىلەن خۇشاللاندىم، ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندىم. مەن بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزدىن ياۋروپادا، دۇنيادا تەسىر قوزغىيالايدىغان ئادەملەرنىڭ چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بولۇپمۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بۇ خىل تەقەززالىق تېخىمۇ كۈچەيدى.

ماغەيلە، ئىنگولار دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مانجۇ، چاۋشيەن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇلار ئۆز ئىلمىي ئەمەـ گەكلىرىدە ياش سۇلۇن يازغۇچىسى ئورۇلتۇ ئۇستىدىمۇ ئىزدەـ نىۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتۇشتى.

ئۆزى كۆرمىگەن، لېكىن چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان مىللەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇنداق ياشلارنى گېرمانىيەنىڭ ھەرقانداق شەھىرىدىن تېپىش مۇمكىن. بۇنداقلار بىرنەچچە ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە مىڭ، ھەتتا تۇمەنـ مىڭ. غەربىي گېرمانىيە ئاشۇنداق زور بىر قوشۇن بىلەن شەرقنى تەتقىق قىلماقتا. مەن ئۇچراشقان گېرمانىيەلىكلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ قوشۇننىڭ ئادەملىرى. ئۇلار شۇنچىلىك قىزـ غىن، شۇنچىلىك ئالدىراش، ئەستايىدىل ئىشلىمەكتىكى، ئۇلار

مەندە، ئۆز دۆلىتىنىڭ، خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئادەملەر مۇشۇنداق ئىشلىشى لازىم ئىكەن، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدىن ئۆزىنىڭ دۆلەتىگە، خەلقىگە، ھەتتا ئۆزىگە تېگىدىغان پايدا ئۈنچىلىك زور ئەمەس. مەن بىزدىمۇ مۇشۇنداق زور، قىزغىن، ئىلمىي، ئەستايىدىل قوشۇننىڭ شەكىللىنىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق شەھەرلىرىمىزدە غەربىي گېرمانىيەدىكىدەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. خەلقىمىزنىڭ مىللىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ خىل ئارزۇ مەندە ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك كۈچەيگەن ئەمەس ئىدى.

غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى تەتقىقاتنى دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق مەقسىتى، ئىنسانىي بۇرچى قىلىپ تاللىۋالغان. مەن بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرى — قۇرغاق رايون تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى پىروفېسسور فۇلماننى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ مېنى ئىلمىي سۆھبەتتىن كېيىن ئۆيىگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى بېرلىن بايلىرىنىڭ بۈك ـ باراقسان باغلار ئىچىگە جايلاشقان خۇسۇسىي ئۆيلىرىدىن تۈزەلگەن سېلىندوروف رايونىدا ئىكەن. بۇ رايون كوچىلىرىنىڭ دەرەخلىكى بىلەن باشقا رايونلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك غەربچە چېدىرلىق ئۆيلەر قارىغاي، ئارچىلار ئارىسىدا خۇددى زىننەت بۇيۇمىدەك كۆرۈنىدىكەن. بېرلىننىڭ قۇملۇق تۇپرىقى چىمەن، قارىغاي ـ ئارچا ئۈچۈن تولىمۇ ئەپلىك ئىكەن. فۇلمان ئاتمىشتىن ئاشقان، ساغلام، پاكىز كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ يېنىدا بېرلىن قارىغايلىرىنىڭ ئانىسى — يۇقىرىدا سۆزلەنگەن موڭغۇلىيەدىن كەلتۈرگەن قىزىل قوۋزاقلىق قارىغاي بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ياسىداق ئۆيىدە سىمىز، پاكىز قېرىغان، خۇشخۇي ئايالى بىلەن بىزنى ئۆردەك كاۋىپى، سالات ۋە داڭلىق

هاراق، پۈبلار بىلەن مېھمان قىلىنۋېتىپ، ئۆزىنىڭ جۈڭگو ـ شىنجاڭ زېمىنلىرىدا قىلغان سەپەرلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ ھەممىلا جاينىڭ ئاجايىپ ئىشلىرى بولىدۇ. بالتىق بويلىرىدا، مەسىلەن، فىنلاندىيەدە 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر سوتكا تۈن بولمايدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر سوتكا تاڭ ئاتمايدۇ. دوستويېۋسكىينىڭ كىتابىدىكى «ئاق كېچە» نىۋا بويىدىلا ئەمەس، ئىلبا بويىدىمۇ، بالتىق قىرغىقىدىكى شەھەرلەرىمىزدىمۇ بولىدۇ. مانا بۇلار ئاجايىپ ئىشلار. لېكىن، ئاجايىپ ئىشلار شىنجاڭدا تولا. تەكلىماكاندا تىك قۇم تاغ چوققىسىدا ئۆمۈر بويى يامغۇر كۆرمەستىن كۆپكۆك ياشىرىپ تۇرىدىغان توغراق، قومۇشلار، تاغ پېتى كۆچۈپ تۇرىدىغان قۇملار، تېمپېراتۇرىسى يەتمىش گىرادۇسقا يېتىدىغان تۇرپان قۇملىرى، قارلىرى ئېرىمەيدىغان تەڭرىتاغ، كوئېنلۈن. بۇنداق مۆجىزىلەر ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە يوق. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ياۋروپادا يېشىللىقتىن باشقا نېمە يوق. ئالىقاندەك تۆپىلىق يوق. تاغ ـ ئېتىز، دەرەخلىرىنىڭ قوۋزاقلىرىمۇ ياپيېشىل. بالتىق بويلىرىدا كۈن كەمدىن ـ كەم ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ توخۇلىرىمىز كۈن نۇرى كۆرمەي تۇرۇپلا گۆشكە ئايلىنىدۇ. مەن سىلەر ياشاۋاتقان يەرلەرگە قىزىقىمەن. چۆل ـ جەزىرە، تەكلىماكان بىزگە تولىمۇ گۈزەل بىلىنىدۇ. ئۇ يەرلەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھاۋا تەڭشىگۈچ. دۇنيادا بۇنداق تەڭشىگۈچلەر بولمىغان بولسا، ھازىرقى ھاۋا بۇلغىنىشىنىڭ دەستىدىن ئىنسانىيەت ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى!

فۇلمان ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن يەنە شىنجاڭغا ساياھەتكە بېرىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى:

ــ سىلەرنىڭ مېھماندوستلۇقۇڭلارغا قايىلمەن. بىز گېرمانىيەلىكلەر مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن، تاماق

يەمسىز، دەپ سورايمىز. سىلەرچۇ؟ مېھمان ئۆيۆڭلارغا كېلىش بىلەن گەپ ـ سۆز قىلمايلا قوي سويىسىلەر.

— قوينىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ، پىچاق بىلەن بوينىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدىكەنسىلەر، بۇ راستمۇ؟ — فۇلماننىڭ ئايالى سورىدى، — بۇنداق سويۇلغاندا قوينىڭ جېنى قىينىلىدۇ، بىز سىلىق، ئالداپ، توك كالتىكى بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن سويىمىز.

— بىز قان ئېقىتمىساق ھارام دەپ يېمەيمىز، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

ئۇلارمۇ كۈلۈشتى. فۇلمان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز پاراڭنى، سىردىشىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىز. سىلەر يەپ ـ ئىچىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىسىلەر. مەن سىلەرنىڭكىنى ياقتۇرىمەن. ئايالىم بۇ ئۆردەك كاۋىپىغا تولۇق بىر يېرىم كۈن ئىشلىدى. يەڭ، تەمى بېيجىڭ ئۆردەك كاۋىپىنىڭكىگە ئوخشاپتۇمۇ؟ ھە، شۇنداق قىلىپ سىز ياۋروپاغا قىزىقىسىز، بىز ئاسىياغا. سىز زامانىۋىغا قىزىقىسىز، بىز قەدىمكىگە. ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ پەندىن ئالىدىغان ھوزۇر ـ ھالاۋىتىدىن تەبىئەتنىڭ ساپ مېۋىلىرى، ساپ ھاۋا، ساپ كۆڭۈلدىن ئالىدىغان ھوزۇر ـ ھالاۋىتى زور بولسا كېرەك دەيمەن. ئىنسانىيەت ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن بارغانسېرى كۆپرەك مەھرۇم بولماقتا. مانا بۇ ئىنسانىيەت ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى. لېكىن، سىز يازغۇچى، بۇ خىل راست گەپلەرگىمۇ قايىل بولمايسىز. سىز: «ياق، ئىنسانىيەت ئۈمىدۋار !» دېگەندەك جاراڭلىق سۆزلەرنى ياقتۇرىسىز. ئەمما، سىز بىلەن بىز كېلىشەلەيدىغان بىر مۇھىم گەپ بار: ھەممىمىز ئىنسان بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

— ئىنسانىيەت — نۇرغۇن دۆلەت، نۇرغۇن مىللەت، نۇرغۇن سىنىپ، تەبىقە ـ گۇرۇھلاردىن تەشكىللەنگەن بىر كول-

لېكتىپنىڭ نامى. بۇ كوللېكتىپنىڭ ئىچىدە ھەر خىل مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇشى، كۈرەش، ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت. لېكىن، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ھېچقانداق بىر دۆلەت، مىللەت، سىياسىي كۆزقاراشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەنمۇ ھەرقانداق مىللەت، ئىرق، دۆلەت بەربات بولۇۋېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن فۇلمان ئېيتقان «ئىنسان بەختى» دېگەن سۆزنى مەن بۈگۈنكى ھەربىي ھازىرلىقلار كۈچەيگەن، كائىناتتا نەچچە يۈز مىڭلىغان سۈنئىي «سەييارە»لەر زەھەرلىك گازلارنىڭ ياردىمى بىلەن «ساياھەت» قىلىپ يۈرگەن ۋە باشقا يۇقىرى سۈرئەتلىك سانائەت تەرەققىياتى بىلەن ھاۋادا، يېمەكلىكتە، بۇيۇم ـ نەرسىلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىنسانىيەتكە زۆرۈر بولغان تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى كۈچىيىۋاتقان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز، دەپ چۈشەندىم. بۇ مەنىدىكى سۆزنى ئەلۋەتتە قوللاشقا تېگىشلىك سۆز دەپ قارايمەن.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئويلاش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس. بەزىلەر بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلىسا تەنە قىلىپ كۈلىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ گەپنى قۇرۇق گەپ، ئومۇمىي شوئار، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ھاياتىدا مۇشۇ ئىشتىن باشقىنى قىلمىغان ئادەملەرمۇ ئۆتكەن. ئۇنداقلار ھازىرمۇ بار. ئۆزىدىن ئاجىز، قالاق بولغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان ۋە شۇ خىزمىتى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغان ئادەملەرنىمۇ مەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار قاتارىدا ھېسابلايمەن. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەنە ئاشۇنداق كونكرېت مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرى غەربىي گېرمانىيەلىك تۈركـو-لوگ گابائىن خانىم. مەريەم ئانا — گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەدەنىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، بۇ ئىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ شەخ-سىي بەختى — ئائىلىلىك بولۇشتىنمۇ ۋاز كەچكەن ئالىم. مەن پەقەت نامىنىلا ئاڭلىغان بۇ ئالىمنى سەيپىدىن ئەزىزى ئاكى-نىڭ تاپشۇرۇشى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىمگە ئاساسەن زىيارەت قىلماقچى، ئۇ كىشىگە خەلقىمىزگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ سالام بەرمەكچى بولدۇم.

بىز — مىجىت ئەپەندى، ئوغلى تەلئەت، كېلىنى پەرىزە تۆت كىشى گابائىن خانىمنى يوقلاش ئۈچۈن 1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەندە مىيۇنخېندىن يولغا چىقتۇق. مى-يۇنخېندىن شەرقىي جەنۇبقا — غەربىي گېرمانىيە - ئاۋستىرى-يە چېگراسىغا قاراپ يايپېشىل تۆپىلىكلەر ئارىسىدا ئون ئالتە كىلومېتىر يول ماڭغاندا گابائىن خانىمنىڭ يېزىسى — ئانگى يېزىسىغا بارغىلى بولىدىكەن. يول بويى ئىككى قاسىنىقى بۇك قارىغايلىق، چىمەنلىك تۆپىلىكلەر، چىدىرچىلاپ يېپىلغان ئۆي-لەر، چىرايلىق كۆللەرنى بېسىپ ئۆتتۇق.

ئانگى يېزىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ شەرقىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقانىكەن. بۇ يېزىنىڭ غەربىي (ئالدى) دا ئۇس-تى قارلىق شتاۋفىن تېغى بار بولۇپ، ئەتراپىمۇ مەنزىرىلىك ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنى قولىمىزدىكى ئادرېس بويىچە ئوڭايلا تېپىۋالدۇق. مومايغا ئالدىن تېلېفون بېرىلگەچكە، ئۇ بىزنى ئۆيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىن، خۇشال. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى شادلىقتىن نۇرلانغان، سەل مۈكچەيگەن، ۋىجىكرەك (نېمىسلارغا نىسبەتەن)، لېكىن ساغلام گەۋدىسى تېتىكلەشكە-نىدى. ئۇ بىزنى بىرىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىسىغا، كېيىن

ئىككىنچى قەۋەتتىكى قىرائەتخانىسىغا باشلىدى. ئۇ ئىككى قە-ۋەتلىك، سەككىز ئىبىزلىق تاختاي بىلەن ياسالغان ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇرىدىكەن. مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئۆيدە خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەك راھەتلەندىم. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى:

— مۇنۇ قىزىم، — دىدى ئۇ پەرىزەنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇ-تۇپ، — تىپىك ئۇيغۇر ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق قوڭۇر (سارغۇچ) چاچلىق، قوي كۆزلۈك (ياكى كۆك كۆز) ئىدى. مۇنۇ قىزىمنىڭ لەۋلىرى تۇرپان تام رەسىملىرىدىكى ئايالالارنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئەينى ئۆزى: تۇماچە، پەرمۇدىدەك ئوماق. مەن جۇڭ-گوغا زىيارەتكە بارغاندا، مەن قىياس قىلغاندەك سېرىق چاچ، كۆك كۆز ئۇيغۇرلارنى جىق كۆردۈم. لېكىن، قارا چاچ، قارا كۆزلەر كۆپ ئىكەن. هازىرقى ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇي-غۇرلار. بۇلارغا قاراپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىياسەن رەسىمىنى سىزغان ئەھۋالمۇ بار ئىكەن. مەن سىلەر تەرەپتە مۇشۇنداق خاتا سىزىلغان رەسىملەرنىمۇ كۆردۈم.

ئۇ تىنماي سۆزلەيتتى، خۇددى بىز هازىرلا كېتىپ قالى-دىغاندەك، كېتىپ قالسا ئويلىغانلىرىنى ئېيتالماي قالىدىغان-دەك ئالدىراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ موماي لارغا خاس ئۇمچەيگەن لەۋلىرى تىنىمسىز مىدىرلايتتى. ئۇ بىزنى غىچىرلاپ تۇرىدى-غان، گۈللۈك پاياندازلار سېلىنغان پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا باشلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ، قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. بىز هازىر ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن بولۇپ قال-دۇق، لېكىن سىلەرنى تېخى ياۋروپالىقلار بىلمەيدۇ. سىلەر ئۆ-زۈڭلارنى ئۆزۈڭلار دۇنياغا تونۇتۇشۇڭلار لازىم. مەن سەكسەن ئالتە ياشقا كىردىم، ئەمدى چوڭ ئىش قىلالمايمەن. لېكىن، سىلەرنى تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش قولۇمدىن كېلىدۇ.

ئۇ بىزگە پىۋا قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، ئۆز كۇتۇپخانىسىدىكى

كىتاب ئىشكاپىدىن بىرگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى، ئۆزىنىڭ يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەسەرلىرىنى كۆرسەتتى.

— مانا بۇلار ھەقىقىي ئۇيغۇرلار. تۇرپان بېزەكلىكتىكى رەسىملەر ئەينەن، كۇچا مىڭئۆيدىكى رەسىملەر ئارىلاشما. ئۇلارغا ھىندى، ئىران ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرلىرى ئارىلاشقان. بۇنىڭ سەۋەبى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلمىغان، قوشنىلىرى بىلەن دوستلىشىپ قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۆتكەن. مۇنداق مىللەتلەر ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، مېنى ئالساق، مېنىڭ ئۈچ يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاتا - بوۋام فىرانسۇز ئىدى، مەن ھازىر گېرمان.

ئۇ مەندىن سورىدى:

— سىلەر فامىلە ئىجاد قىلىشنى ئويلىشىۋاتامسىلەر؟

— بۇ توغرىدا ئىزدىنىۋاتقانلار بار.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئۇلارغا مېنىڭ مەسلىھەتىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ: سىلەر ئەرەبچە، رۇسچە ئىسىملاردىن ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسىملىرىدىن فامىلە ياسىساڭلار ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىسىملار كونا يازمىلاردا بار. سىلەر ھازىر مەدەنىيەتتە ئارقىدا. بۇ دېگەنلىك ئەزەلدىن ئارقىدا ئىدىڭلار، دېگەنلىك ئەمەس. ئۆز مەدەنىيىتىڭلارنى ئۆگىنىڭلار، ساقلاڭلار، راۋاجلاندۇرۇڭلار. يازغۇچىلار بۇ ساھەدە كۆپ خىزمەت قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ دېھقانلارنى ئەينەن يېزىش، كۆپلەپ يېزىش كېرەك. سەۋەبى، ئۇلار مىللەتكە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇلار ئاساسىي خەلق، بىر مىللەتكە خاس بولغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر دېھقانلاردا ساقلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئاستا بولىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئادەت، يەرلىك تىل، مىللىي مەدەنىيەتكە ئامراق. مەن سىلەرنىڭ ھازىرقى زامان تىلىڭلاردا يېزىلغان نەرسىلەرنى ئوقۇپ باقتىم. تىل ئادىتىڭلار، تىلدىكى مىللىي خۇسۇسىيەتلەردە ئۆزگىرىش كۆپ ئىكەن. سىلەر ئۆز تىلىڭلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە جۈملە

تۇزۇشۇڭلار كېرەك.

بىز ئۇنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى هاياتى، تىلى ۋە تېررىتورىيە، ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر نۇرغۇن بۇيۇم، رەسىم، يازمىلارنى كۆردۇق. موماي ماڭا «تىيانشان» تېغىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ تاغنى هازىر «تەڭرىتاغ» دەيسىلەر. بىلەمسىز، قاچاندىن باشلاپ «تەڭرىتاغ» دەپ ئاتىدىڭلار؟ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ تاغنى نېمە دەيتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

مەن بۇ سوئالغا تۇزۇك جاۋاب بېرەلمىدىم. ئۇ تاماقنا كېتىۋېتىپ ئالدىدىكى قارلىق تاغقا قاراپ:

— شەرقنى تەتقىق قىلغۇچى غەرب ئالىملىرى كۆزگە ئوڭاي كۆرۈنىدىغان هىمالايا تېغىنىلا كۆرىدۇ. ئېگىز تاغلارنىڭ نېرىدىكى پاكار تاغلار ئىچىدە نۇرغۇن خىسلەتلەر بار. سىلەر ئۆزۈڭلار نۇرلانىسۇڭلار باشقىلار سىلەرنى ئوڭاي كۆرەلمەيدۇ! — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىدىن: سانى ئاز، ئورنى تۆۋەن مىللەتلەر ئىچىدە نۇرغۇن بايلىقلار بار. ئاسىيادىكى چوڭ مىللەتلەرنىلا تەتقىق قىلماستىن، ئۇششاق مىللەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى چۈشەندىم.

ئارقىدىنلا ئۇ چىڭغىز ئايتماتوفنى ماختاپ سۆزلىدى:

— «ئەلۋىدا، گۈلسارە ...» ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان، پىكىرلىرى چوڭقۇر. يازغۇچى بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرىپىگە، ئومۇمىي خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. «ئاق پاراخوت» تىكى پىكىر قانداق ياخشى. ئۇ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا هەقىقەتەن ماهىر ئىكەن. بۇ ئەسەردىكى بالا ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۈ هايات، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ. مانا بۇ «ئاق پاراخوت»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. سىز خەلقىڭىزنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالىسىڭىز، دۇنيا خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېگە

بولالايسىز. لېكىن، بۇنىڭغا ئېرىشىش تولىمۇ مۇشكۇل.

ئۇ بىزنى پاكىز ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۈستەلدە خىلمۇخىل گۆشلەرنىڭ تىزىملىكى بار ئىكەن. مىجىت ئىككىمىز كېيىك گۆشى بىلەن، موماي چۈجە، غاز گۆشى بىلەن، بالىلار توخۇ گۆشى بىلەن غىزالاندۇق. مومايىنىڭ ئىشتىھاسى ياخشىكەن.

سەكسەن ئالتە ياشقا كىرىپ بىز بىلەن ئوخشاش غىزالىنىۋاتقان، تېنى، زېھنى خاتىرىسى ساغلام مومايىنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ 1930 ـ يىلى بېيجىڭغا بارغان. ئۇ چاغلاردا ياپونىيە ئالىملىرىمۇ شىنجاڭ توغرىسىدا تەتقىقات ئىشلىرىنى باشلىغان. 1927 ـ يىللىرى گابائىن خانىم ياپونىيەگە بېرىپ بىر يىل دەرس ئۆتكەن. ئۇ چاغدا ياۋروپا تۈركولوگىيەگە قىزىقمايتتىكەن. بىرلا بېرلىندا تەتقىقات ئورنى بار ئىكەن. تۈركولوگىيەگە دائىر كىتابلارنى ھېچكىم ئالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ مائاشى تۆۋەن، لېكسىيە پۇلى، قەلەم ھەققى دېگەنلەر يوق ئىكەن. گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئىشنى تاللىغىنىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى نارازى بولىدىكەن. «ئۆمۈرنى زايە قىلىش»، «ئىستىقبالسىزلىق» دەيدىكەن ئۇلار گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئىشنى تاللىغىنىدىن خاپا بولۇشۇپ. خانىم ئۇ چاغلاردا (1930 ـ يىلى) دا يىگىرمە توققۇز ياشلىق قىز ئىكەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى پۇل تۆلەپ باستۇرىدىكەن، بىرمۇ قېتىم قەلەم ھەققى ئالماپتۇ. ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپ ئىستراخوۋانىيە شىركەتلىرىگە پۇل تۆلەپ كەلگەنىكەن، ھازىر شۇ ئورۇنلاردىن ئېيىغا ئۈچ مىڭ مارك پۇل ئالىدىكەن. بۇ پۇل ئۇنىڭ پېنسىيە پۇلى ئىكەن.

— ھازىرقىلار ياخشى، ھازىر تۆت ئۇنىۋېرسىتېتتا بۇ ساھەدە دۇنياغا تونۇلغان تۆت پروفېسسور بار. ئۇلار يۇقىرى ئىش ھەققى، لېكسىيە ھەققى، قەلەم ھەققى ئالىدۇ. مېنىڭ تۇغقانلىرىم ھازىر ماڭا چاقچاق قىلىپ، سەن بالدۇر تۇغۇلۇپ

قالغانسەن، دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ مەن كىتابلىرىم ئۈچۈن قەلەم ھەققى ئالمىدىم. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ خېرىدارلىرىمۇ ئاز ئىدى. ھازىرچۇ؟ بەزىدە ئىلمىي لېكسىيە قىلىپ تۆت ـ بەش يۈز مارك تاپىمەن. لېكىن، ئارقىدىنلا باجخانا خادىملىرى باج ئالغىلى يېتىپ كېلىدۇ!

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىپ قاقاھلاپ كۈلدى، بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

ئۇ تۆۋەندىكى ياتاقخانىسىدا ئون مىنۇت ئۇخلىۋالدى. بىز ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى قىرائەتخانىدا ئۇنىڭ كىتابلىرى بىلەن بولدۇق. ئۇ ئاخىرىدا بىزنى ياۋروپا ئادىتى بويىچە تورت، قەھۋە چاي بىلەن مېھمان قىلدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى. بىز بىللە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. ئۇ بىز بىلەن تەستە خوشلاشتى ...

مەن شۇنىڭدىن كېيىن مىيۇنخېن، فرانكفورت، بېرلىنلاردا بولدۇم. ھەممىلا جايدا، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ پايتەختى شەرقىي بېرلىندا يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بىزگە بېغىشلىغان مەريەم ئانا ــ گابائىن خانىمنىڭ خۇشخۇي چىرايى مەن بىلەن بىللە بولدى.

ھايات شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى كەشىپ قىلغان: تەمەسىز، ھالال ئەمگەك بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغانلار ھامان ئۆلمەيدۇ.

1988 ـ يىلى 1 ـ ئاي

بېرلىن ـ بېيجىڭ ـ ئۈرۈمچى

# ئەرەب يېرىم ئارىلىدا

(زىيارەت خاتىرىسى)

قەشقەردىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىققۇچى يالغۇز مەنلا ئەمەس. يۈز نەچچە يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ يولدا ئات ـ ئېشەك بىلەن پىيادە، ماشىنىدا نۇرغۇن قېتىملاپ ماڭ- دى. ھازىر يول قىسقاردى، مۇشكۇل ئازايدى. لېكىن، جاپا ـ مۇشەققەت، ۋەھىمە، ئەندىشە يوقالمىدى. بولۇپمۇ پاكىستان زې- مىنىدا گانگ دەرياسىنى بويلاپ ئۈستى تەرىپى قورام تاشلار ساڭگىلاپ تۇرغان نەچچە يۈز مېتىرلىق تىك تاش قىيا، ئاستى تەرەپ يۈز مېتىردەك تىك ھاڭ ئاستىدا بۇژغۇپ ئېقىۋاتقان پا- كىستاننىڭ ئەڭ چوڭ دەرياسىنى بويلاپ ئەگرى ـ بۈگرى يول بىلەن، پاكىستانلىق شوپۇرلار قارامىلىق بىلەن تېز ھەيدىگەن ماشىنىدا سەپەر قىلغان ھەربىر يولۇچى ھەر مىنۇت ـ ھەر سېكۇنتتا ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ ماڭىدۇ. گېلگىتتىن ئىسلامئا- بادقىچە بولغان تۆت يۈز ئاتمىش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خە- تەرلىك يولنى بېسىپ بولۇپ، ئىسلامئاباد ھەرەمخانىسىدا سۇ- نايلىنىپ ياتقان يولۇچى راستتىنلا ئۆزىنى غالىب، تەلەيلىك ھېسابلايدۇ، ھاردۇق چىقىدۇ، ۋەھىمە تۈگەيدۇ. ئايروپىلاندا (ئاجايىپ چوڭ، ھەربىر قۇرى ئون بەش كىشىلىك چوڭ ئايرو- پىلان) ئىسلامئابادتىن كاراچىغا، كاراچىدىن جىددەگە قاراپ ئۇچقاندا كىشى ۋۇجۇدىدا خۇشاللىقتىن باشقا نەرسە قالمايدۇ.

مەن ئەنە شۇنداق سەپەر خۇشاللىقى بىلەن مەككە مۇكەرە- مەگە كېلىپ، بەيتۇللانىڭ يېنىدىكى «فىندۇق مەككە» (مەككە

مېھمانخانىسى) دىن ئورۇن ئالدىم. بەش كۈندىن بېرى نۇرغۇن جايلارنى كۆردۈم، ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۈگۈن مەندە يې-ڭىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مانا قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

قانداق يازاي؟ ئىسلام دىنىنىڭ بۆشۈكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى، بۈگۈنكى كۈندە بايلىق ۋە پاراۋانلىقتا ئالدىنقى قا-تاردىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ نەزىرى قادالغان بۇ جاينى ھەج قىلغۇچى مىليوندىن كۆپ چەت ئەللىكنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېھمان سۈپىتىدە ماختايمۇ ياكى بۇ دۆلەتكە باھا بېرىش ھوقۇقىنى ئوقۇرمەنلەر-گە تاپشۇرۇپ، بىر رېئالىست ئاپتورنىڭ قەلىمى بىلەن كۆر-گەن، ئاڭلىغان ۋە توپلىغانلىرىمنى ئەينى پېتى خاتىرىلەيمۇ؟ مەن كېيىنكىسىنى تاللىۋالدىم.

مەن ھەرەمنىڭ يېنىدىكى «فىندۇق مەككە»نىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ياتىقىمنىڭ ھەرەمگە قارىغان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن يۇقىرىقىدەك سورىدىم: مەن قاراپ تۇرغان بەيتۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارنىڭ كەچكى مەنزىرىسى كىشىنى ھاياجانغا ۋە ئويغا سالماي قالمايتتى. ئېھرام كىيگەن ئەرلەر، قارا پۈركەنجە ئىچىدىكى ئاياللار بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىدىكى قارا يوپۇق يېپىلغان «كەبە» ئەتراپىدا «لەببەك» (مەن كەلدىم) سۈرىسىنى ۋارقىراپ ئوقۇپ ئايلانماقتا. ئۇزۇنغا سوزۇلغان «سافا - مەرۋە» ئىچىدە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ساناقسىز ئادەملەرمۇ كۈچلۈك چىراغلار بىلەن يورۇغان زالدا ئاشكارا كۆرۈنمەكتە. چىراغلار شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك نۇرلۇقكى، قۇياشمۇ بۇ يەرگە ئۇنچىلىك گۈزەللىك جەۋلان بېرەلمەيدۇ. بەيتۇللا ئەتراپىدا يەردىن ئەللىك - ئاتمىش مېتىر ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يەتتە مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى چىراغلارنىڭ ئالماس ئېقىمىدەك گۈزەل نۇرلىرىنى مەن تېخى ھېچ يەردە كۆرگەن ئەمەسمەن. بەيتۇللاغا ياندىشقان مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان: ئۇ يەردە ئىبادەت قىلغۇچىلار،

ئوقەتچىلەر، قارا ئىش بىلەن جان باقىدىغان تىنىمسىز نېگىر باللار، قوللىرىدىكى كىچىك خالتىلارغا قاچىلانغان كەپتەر دانلىرىنى كىشلەرگە تەڭلىشىپ يۈرۈشكەن نېگىر ئاياللار، زەمزەمگە چىلانغان داكىلارنى قۇرۇتۇپ يۈرۈشكەن، ئارام ئېلىپ يېتىشقان، سەيلە قىلىپ يۈرۈشكەن، ھەر خىل كىيىملىك، ھەر خىل چىراي ۋە تىل - زۇۋانلىق، ياش - قېرى، ئەر - ئايال ئادەملەر رىتىمسىز، تىنىمسىز قىمىرلىشىدۇ. ئۇ ئادەم ھەرىكىتى كىشىگە گويا بىردە لۆمشىپ ئېقىۋاتقان چېچەك سۈيىنى، بىردە شامالدا دولقۇنلىنىۋاتقان بولۇق بۇغدايلىقنى ئەسلىتىدۇ ...

— ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ مىليون ئادەم سىرتتىن ھەج قىلغىلى كېلىدۇ. مەككىنىڭ بىر مىليون تۆت يۈز مىڭ ئادىمى قوشۇلسا تۆت - بەش مىليون ئادەم بۇ شەھەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. تۆت - بەش مىليون ئادەم نە ياتاق، نە قورساق، نە قاتناش قىيىنچىلىقى تارتماستىن خاتىرجەم ئىبادەت قىلىدۇ، ئوقەت قىلىدۇ. سىز يازغۇچى ئەپەندىم، ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ خاتىرجەملىك ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ ۋە پەم - پاراسەت، ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ؟

ماڭا ھەمراھ بولغۇچى ئەرەبىستانلىق ئۇيغۇر يىگىت مەندىن سورىدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن پەخىرلىنەمەكتە. مەندىكى ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن ھوزۇرلانماقتا. ئۇ بۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. چۈنكى، بۇ سەلتەنەتلىك، كۆركەم، قوينى ئىللىق ماكان ئۇنىڭ ۋەتىنى!

زامانىۋى يوللاردا كېتىۋاتقان، يۈرۈۋاتقان سانسىز ماشىنىلار، گىياھسىز تاغلارنى تېشىپ ئۆتكەن غول - غولدا پەيدا بولغان زامانىۋى شەھەرلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى تونېللار، ئۆتتۇشمە كۆۋرۈكلەر، قەۋەت - قەۋەت بىنالار (زىچ)، تاغلارنىڭ چوققىلىرى، ھەممە جاي نۇر بىلەن تولغان. مەن بۇ نۇرلار ئىچىدە

تۇرۇۋاتىمەن، ھەمراھىمغا نېمىمۇ دەيمەن؟

— سىلەرگە رەھمەت، ھەممىلا ئادەم قايىل، سىلەر تولىمۇ مېھماندوست، مېھرىبان، سېخىي !

ھەمراھىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ئوشۇقنى يا-پىدىغان، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن. بېشىغا ئاق يوللۇق قى-زىل غوترا سېلىۋالغان. ئۇنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق، مەمنۇن-لۇق قاپلىدى. ئۇ:

— ئەلھەمدۇلىللا، بۇ خۇدانىڭ نېمىتى، قۇرئاننىڭ ساخاۋىتى، — دېدى كۈلۈپ قويۇپ، — قۇرئان بىزنى باي قىلدى، بىلەمسىز، قۇرئاننى ياخشى كۆرگەن ئادەم زادى خارلانمايدۇ. بىر ئىنگلىز قۇرئان تەرجىمە قىلماق بولۇپ ئوقۇۋېرىپتۇ. ئاخىر ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا خۇدايىم ئىمان بىلەن بىلىم بېرىپتۇ. ئۇ مۇسا جارۇللادىن قېلىشمايدىغان ئىلىملىك ئادەم بولۇپ قاپتۇ. قۇرئانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ھەرقانداق ئادەمگە خۇدايىم تىلىگىنىنى بېرىدۇ. ئابدۇلئەزىزلەرنىڭ ئاتىسى سەئۇدىخان خۇدادىن ئەۋلادلىرىغا بەخت - سائادەت، مەرتىۋە، بايلىق تىلىگەن - دە، شۇڭا بۈگۈن ئۇنىڭ خەلقى بەختلىك !

ئۇ ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستانى خەلقىنىڭ پاراۋانلىقىنى تو-نۇشتۇرۇشقا باشلىدى: سەئۇدى ئەرەبىستانى ھازىر دۇنيادا باي-لىقتا، پاراۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تۆت دۆلەتنىڭ بىرى. پۈتۈن شەھەر ياۋروپادىكى ئەڭ زامانىۋى شەھەرلەردەك قۇرۇلۇش، ئېلېكتىر، يوللار، ماشىنىلار ۋە ماللار بىلەن تەمىن-لەنگەن. بۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر دۇنيانىڭ ھېچ يې-رىدە يوق. بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇ-يالايدىغان، باياشات، سۇ ۋە شامالدۇرغۇچ بىلەن تەمىنلەنگەن مەسچىتلەر يەنە نەدە بار؟ بۇ دۆلەتتە تىجارەت شۇنچە ئەركىن، ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق سودا بىلەن توسقۇنسىز شۇغۇللى-نالايدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا باي بولالايدۇ. قولنى سېلىپ بۇ

يەرگە پىيادە كېلىپ، ناۋايلىق، ياماقچىلىق، يايمىچىلىق، قارا ئەمگەك بىلەن ئىش باشلاپ هازىر نەچچە قەۋەتلىك بىرنەچچە بىنانىڭ خوجايىنى، نەچچە يۈز مىڭ، هەتتا نەچچە مىليون دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) نىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان ئۇيغۇر بايلىرى بۇنىڭغا مىسال، ئوتتۇز نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كەمبەغىلى يوق. ئۇلارنىڭ ئەڭ كەمبەغەللىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەن ـ مەن دېگەن بايلىرىدىن كەم ئەمەس، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرى تېخىچە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پۇقراسى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار باي !

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى هەقىقەت. ئۇ ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلىگەندە، مەن ئىختىيارسىز هالدا ئۆزۈم ئۆيلىرىدە مېهمان بولغان ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مەن تۇنجى قېتىم تونۇشقان مەككە مۇكەررەمە پۇقراسى ئابدۇقادىر هاجىم، سەكسەن ئۇچ ياشقا كىرگەن بۇ قىزغىن، مېهماندوست، ئاق كۆڭۈل بوۋاي قەشقەر يېڭىساردىن بۇ يەرگە چىققىلى قىرىق بىر يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ شۇنداق دېگەن: «قەشقەردىن تاشقورغانغا ئون ئۇچ كۈندە، ئۇ يەردىن هەرەمگە ئون بىر ئايدا يېتىپ كەلگەندۇق. لاداق يولى تولىمۇ مۇشكۈل، خەۋپلىك ئىدى. مىڭتېكە (هازىرقى قونجىراپ) دىن پاكىستانغا كەلگۈچە قولۇمدىكى بارىم تۈگىگەن. مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى. مەن ناۋايلىقنى تاللىۋالدىم. بۇ ئىش هالال ئىش. ئەرەبىستاننىڭ ئىسسىقىدا (يازدا ئەللىك گىرادۇس ئەتراپىدا، قىشتا ئوتتۇز نەچچە گىرادۇس) قانچىلىك تەرىمىز ئاقتى، تەر تۆكمىگەن، ئوتتا كۆيمىگەن بىرمۇ كۈنىمىز بولمىدى. قولدەك ئىشلەپ هەربىر رىيال پۇلنى تېجەپ يۇرۇپ بۇگۈنكى كۈنىمىزنى ياراتتۇق، بالام. ئاققان تەرىمىزگە خۇدانىڭ رەهمى كەلدى».

ئۇنىڭ بۇگۈنكى كۈنى قانداق؟ ئۇ هازىرمۇ باي بولۇشىغا قارىماي چامادان دۇكىنىدا سودا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كاكى دېگەن

يەردە ئالتە قەۋەتلىك جايى بار. ھەربىر قەۋەتتە ئىككى يۈرۈش ئۆيى بار ئىكەن. ئۆيلەر قىممەتلىك گىلەم، زامانىۋى دىۋان ۋە باشقا جاھازلار بىلەن بېزەلگەن. ئەللىك ئېغىزدەك ئوخشاش بېزەلگەن ئۆيدە بوۋاي يالغۇز قىزى، كۈيۈ ئوغلى ۋە بىرلا نەۋرىسى (قالغانلىرى خىزمەتتە ئىكەن) بىلەن تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بازار ئىچىدە مۇشۇنداق جايىدىن يەنە بىرى بار ئىكەن. نەۋرىسى ئۇنى ۋە كۈيۈ ئوغلى غوپۇر ھاجىمنى ھەر كۈنى دۇكانغا ئاپىرىپ - ئەكېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ماشىنىسى بار ئىكەن. نەۋرىلىرى ئوقۇتقۇچى، ھەربىي، دوختۇر ۋە باشقا خىزمەتلەردە ئىكەن.

— بىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ كەمبەغىلى، — دېدى ھاجىم ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — ئالدىراش بولۇپ قالساق بىر - ئىككى ئادەم ياللايمىز، بولمىسا ھەممىنى ئۆزىمىز قىلىمىز. ئۆيىمىزدە بىر ھىندونېزىيەلىك ئايال خىزمەتچى بار. لېكىن، بىزنىڭ بايلىرىمىزنى كۆرسىڭىز، ئۇلار كاتتا. ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ قانچىلىك دۇنياسى بارلىقى نامەلۇم. لېكىن، بىر جاينىڭ بىر يىللىق ئىجارىسىلا ئۈچ يۈز مىڭ رىيال، ھەر يىلى بېرىدىغان زاكات پۇلىلا ئۈچ مىليون دوللار (ئامېرىكا دوللىرى). ئۇ كىشىمۇ قىرىق يىل ناۋايچىلىق قىلغان. ھالال تەرگە خۇدايىم بەرىكەت بېرىدۇ، بالام.

راست، كېيىن بىلدىم، ئابدۇقادىر ھاجى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەمبەغىلى ئىكەن. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئادەم يۇرتىدىكى (شىنجاڭدىكى) ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نەچچە ئون مىڭ دوللار پۇل ئەۋەتىپ، ئۇلارنى باي قىلىپ قويۇپتۇ.

مەن ھەمراھىمنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالغىنىغا خۇشال بولدۇم. چۈنكى، مەن بۇلارغا قىزىقىمەن.

— سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ بېيىپ كەتكەنلەر يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، مىسىرلىقلار، تۈركلەر، يەمەنلىك، سۈرىيەلىك، ئىراق، پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال، ھىندونېزىيە-

لىكلەر، ھەتتا ياۋروپالىقلار. ئافرىقا نېگىرلىرىمۇ بار. ھازىر بۇ
يەردە قارا ئىش قىلغۇچىلار. مەسىلەن، كوچا تازىلىغۇچىلار،
مېھمانخانا خادىملىرى، ياللانمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بېند-
گاللىقلار بىلەن يەمەنلىكلەر. كۆرۈپ قالىسىلەر، بىرنەچچە
يىلدىن كېيىن بۇ سېرىق كىيىملىكلەرمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ.
بۇ يەر كەمبەغەللەر باي بولىدىغان جاي. قاراڭ، ئاۋۇ زەمزەم
قاچىلايدىغان تۇڭلارنى ماشىنىلاردىن تالىشىپ ئېلىۋاتقان نې-
گىر باللىرىنى. ئۇلار بىر تۇڭ زەمزەم ئۇچۇن بەلكى بىر ياكى
ئىككى ريال ھەق ئالار. ئەمما، ئەللىك گىرادۇسلۇق ئىسسىقتا
بىز بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. ئۇلار بىر - ئىككى ريال
ئۇچۇن بۇ ئىشنى خۇشال - خۇرام قىلىدۇ. چۈنكى، بىر ريال-
غا بىر نان كېلىدۇ. بىر كۈندە ئۇلار كەم دېگەندە يىگىرمە نان
كەلگۇدەك پۇل تاپالايدۇ. كۆرۈپ قالىسىز. ئۇلارمۇ ئون - يىد-
گىرمە يىلغا قالمايلا باي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنى باشقا دۆ-
لەتلەرنىڭ كەمبەغەللىرى ئىگىلەيدۇ.

— سىلەردە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوقەت قىلىشىنى چەك-
لەيدىغان قانۇن يوقمۇ؟

— نېمىشقا بولمىسۇن، بىزدە مۇكەممەل قانۇنلار بار. بۇ
يەردە قىرىق - ئەللىك يىل ئوقەت قىلىپمۇ سەئۇدى پۇقراسى
بولالمايدىغانلار كۆپ. ئۇلارنى قانۇن چەكلىگەن، قانۇن بويىچە
تابە ئالالمىغان (نوپۇسقا كىرمىگەن) ئادەملەرنىڭ مىراس قال-
دۇرۇش، ئۆي - جاي سېتىش، ھەتتا تىجارەت قىلىش ھوقۇقى
بولمايدۇ. قانۇن ئۇلارنى قاتتىق چەكلەيدۇ. لېكىن، بۇ دۆلەت
يەنىلا ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق، قۇرۇلۇش، تازىلىق ئىش-
لىرى تولىمۇ زۆرۈر. كۈندە قۇرۇلۇش، تازىلىق بولۇپ تۇرمىسا
بولمايدۇ. بىنالارنى مىسىرلىقلار، تۈركىيەلىكلەر پىلانلايدۇ، يا-
سايدۇ. بۇ يەردە بىناكارلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئۇيۇشمىلىرى بار.
ئۇلار نەچچە 100 مىڭ ھەتتا مىليونلىغان ئىشچى كۈچىگە
موھتاج. بۇ ئىشچى سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەرەبىستان بايلىرى كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئىبادەت، جاھان
سەيلىسى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆز ئىگىلىكلىرىنى چەت
ئەللىك خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق پۈتكۈزىدۇ. بۇ خىل زۆرۈر
بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈنمۇ قانۇندا يول بار.

ھەمراھىم ماڭا دۆلەتنىڭ شەخسلەرگە قىلىدىغان غەمخور-
لۇقىنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى: بۇ يەردە باج
ئېلىنمايدىكەن (پەقەت سىرتتىن كىرگەن ماللىغىلا باج ئالىدى-
كەن). سېلىق يوق ئىكەن. مائارىپ پۇلسىز. ئالىي مەكتەپ ئو-
قۇغۇچىلىرىغا ئىش ھەققى بېرىلىدىكەن. دىنىي مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرىغا ئايدا سەككىز يۈز رىيال، پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىلىرىغا مىڭ رىيال ئايلىق بېرىلىدىكەن. ئوقۇش راسخوتى،
تاماق پۇلى دېگەنلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىلمەيدىكەن. ئالىي مەكتەپ
پۈتكۈزگەن ياشلارغا ئەللىك مىڭ رىيال پۇل ئىنئام بېرىلىدى-
كەن. ئۇلار توي قىلسا يەنە قىرىق - ئەللىك مىڭ رىيال بېرى-
لىدىكەن. بىر كىشى ئۆي سالسا دۆلەتتىن يىگىرمە بەش يىلدا
قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۈچ يۈز مىڭ رىيال قەرز بېرى-
دىكەن. بۇ پۇلنى بۇرۇنراق تۆلىسە دۆلەت بۇ پۇلنىڭ توقسان
مىڭ رىيالىنى كۆتۈرۈۋېتىدىكەن. يىگىرمە بەش يىل توشقاندا
تۆلىسە ئوتتۇز مىڭ رىيالنى دۆلەت پاداركا قىلىپ بېرىۋېتىدى-
كەن. دۆلەت دېھقانلارغا تولىمۇ كۆپ ياردەم قىلىدىكەن. دۆلەت
بويىچە سۇ پۇلى، تازىلىق پۇلى دېگەنلەر يوق، دۆلەت قىزىل
دېڭىزدىن تازىلانغان سۇنى ئەكىلىپ خەلقنى پۇلسىز تەمىنلەي-
دىكەن (گەرچە بۇ دۆلەتتە بىرمۇ دەريا ياكى كۆل بولمىسىمۇ).
چارۋىچىلارغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىكەن. قوي باقسا
قويىنىڭ بىر كۈنىگە بىر رىيال، بىر كالىغا بەش رىيال، تۆگى-
گە ئون رىيال ياردەم پۇل بېرىلىدىكەن. مال دوختۇرلىرى مال -
چارۋىلارنى ھەقسىز داۋالايدىكەن. مال بېجى يوق ئىكەن (دېمەك
بىر قوي ئۈچۈن ئېيىغا دۆلەت تەرىپىدىن ئوتتۇز رىيال، كالى-
غا بىر يۈز ئەللىك رىيال، تۆگىگە ئۈچ يۈز رىيال ياردەم پۇلى

بېرىلىدىكەن).

ھەربىيلەرگىمۇ ئېيىغا تۆت مىڭ رىيال ئايلىق بېرىلىدىكەن. زىيالىيلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلىدىكەن، ئوقۇتقۇچىلار يەتتە ـ سەككىز مىڭ رىيال، دوختۇرلار ئون مىڭ رىيال ئەتراپىدا ئايلىق ئالىدىكەن. مەملىكەت بويىچە يەتتە ئۇنىۋېرسىتېت بار ئىكەن. بۇ مەكتەپلەردە ئىككى يۈز مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئىككى مىليون ئىكەن. پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆز ئالىملىرى بار ئىكەن. مەسىلەن، تېببىي ساھەدە بۆرەك، يۈرەكلەرنى يەڭگۈشلەش ئوپېراتسىيەسىنى ئۆز دوختۇرلىرى قىلىدىكەن. يالغۇز ئۇيغۇرلاردىنلا دوكتوردىن يۇقىرى پەن خادىملىرى يىگىرمىدىن ئاشىدىكەن. دوختۇر ئابدۇقادىر تاش بۇنىڭ بىر مىسالى ئىكەن. بۇ يەردە قاتناش تولىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سەكسەن مىڭ كىلومېتىر ئاسفالت يول بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز بەش مىڭ كىلومېتىرى قوش قاناللىق، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئىكەن، بۇ يوللار پۈتۈن مەملىكەت شەھەرلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. مەملىكەت بويىچە بەش يېرىم مىليون ماشىنا بولۇپ، ھەر 2.8 كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن (ئامېرىكىدا يەتمىش بەش مىليون ماشىنا بار. ھەر ئۈچ كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدۇ). جىددەدىكى ئابدۇلئەزىز ئايرودرومىدىن ھەر كۈنى مىڭدەك ئايروپىلان ئۇچىدىكەن. ھاۋا يولى تولىمۇ راۋان. جىددە پورتىدىن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە پاراخوت قاتنايدىكەن ...

ھەمراھىم ـــ قىزغىن، تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر يىگىتتى (لېكىن ئەرەبلىشىپ كەتكەن) ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەققىدە بىلگەنلىرىنى توختىماي سۆزلەپ بەردى. ئۇ كەچ قايتتى، مەن ئەتىگەنلىككە بۇ يەردىن مىنادىكى مېھمانخانىغا يۆتكەلمەكچى. مىنا بۇ يەردىن يىگىرمە كىلومېتىر نېرىدا، مەن ھەمراھىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دېرىزىدىن كەچكى مەنزىرىگە

ئۇزاق قاراپ ئولتۇردۇم. ھەممىلا يەر نۇر ۋە ئادەمگە تولغان. ئاپپاق كىيىم كىيگەن مىليونلىغان ئادەم بۇ يەرگە — بەيتۇللا تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا. ئىھرام ئىچىدىكى بۇ ئادەملەر نە - نەلەردىن — ياپونىيە، فىلىپپىن، يېڭى زېلاندىيە، ئامېرىكا، برازىلىيەدىن ... ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىن كېلىشكەن. «ئەل رىيازۇ گېزىتى»گە يېزىلىشىچە، زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى ئاللانىڭ بىر مىليوندىن كۆپ مېھمىنى ھەج پەرھىزىنى ئادا قىلغىلى ھەرەمگە كەلگەن.

مەن كەچ بولغاندا تېلېۋىزورنى ئاچتىم. تېلېۋىزوردا كەبە-نىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى مەشھۇر ھېكايىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە فىلىمى بېرىلمەكتە. قاينام - تاشقىنلىق ئېلېكتىر نۇرلىرى، قەۋەت - قەۋەت بىنالار بىلەن قورشالغان ھازىرقى بەيتۇللا ھەرەمنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى مەنزىرىسى ئېكراندىن ئۆتمەكتە.

... قارايغان گىياھسىز تاش تاغلار، قۇملار ئۇچۇپ يۈر-گەن، ئادەمزات ئىزى چۈشمىگەن جىلغىلار ئېكراندىن ئۆتتى. تاغلار ئارىسىدىكى بۇ كىچىككىنە بوشلۇقتا ئاتلىق ئادەم ئۆزد-گە مىنگەشكەن، پۈركەنجىلىك ئايالنى يەرگە چۈشۈردى.

— سەن مۇشۇ يەردە تەۋەللۇت قىلىسەن (تۇغىسەن)، — ئەر ئاتتىن چۈشمەيلا ئايالغا قاراپ قويۇپ شۇنداق دېدى. بۇ كىشى قويۇق ساقاللىق، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، بەدىنى قوپال، سارغۇچ ماتادىن يېپىنچا ئارتقان ھالدا ئايالغا قاراپ قويۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى.

— ھەي ئىبراھىم! — دېدى ئايال يوغان، قارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — بۇ سىنىڭ ئىشىڭمۇ؟ خۇدانىڭ ئەمرى - بۇيرۇقىمۇ؟

— ئەي ھاجەر، — دېدى ئەر كىشى كەينىگە قاراپ قوي-ماستىن، — بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

بۇ ئەر كىشى نوھ ئەلەيھىسسالامدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز

يىل كېيىن ئۆتكەن پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىدى.
ئېكراندا ھاجەرنىڭ چىرايى كۆرۈنىدۇ: ئۇ مەمنۇن ۋە قانائەت بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاجەر بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىكەن. قىز تولىمۇ ياخشى بولغاچقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە ئۇنى ئۆز ئېرىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىدىكەن، لېكىن ھاجەر ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا «بۇ ئايالنى كۆزدىن يوقىتىسەن» دەپ بىشەملىك قىلىدىكەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاخىر خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بۇ كىچىك ئايالنى مۇشۇ چۆلگە ئەكېلىپ تاشلايدىكەن.
ئېكراندا ئۇچۇۋاتقان قۇم، ھۇۋلىغان بوران، تۇمانلىق جىلغىلار، چاڭ ـ توزانلىق ئاسمان كۆرۈنىدۇ، ئاندىن بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئارقىدىن يالىڭاچ بالا، ئۇنىڭ ئاچچىق بىلەن قۇمغا ئۇرۇلغان ئاياغلىرى، ئالاقزەدە بولۇپ سۇ ئىزدەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئانا كۆرۈنىدۇ.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاجەر ئانىمىز شۇ چۆللۈكتە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تۇغىدىكەن. بالىنى چۆمۈلدۈرۈپ زاكىغا ئېلىش ئۈچۈن، ئانا سۇ ئىزدەپ يۈرگىنىدە، بالىنىڭ پۇتلىرى تەگكەن قۇملۇقتىن بۇلاق چىقىدىكەن، ھاجەر ئانا سۇنى كۆرۈپ ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئالدىنى قۇم بىلەن توراپ، «زەمزەم، زەمزەم» (توختا، توختا) دەيدىكەن. زەمزەم سۈيى ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردىن چىققان بۇلاق ئىكەن. كېيىن بۇ يەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاغدىن تاش ئەكېلىپ تام تۇرغۇزۇپ كەبە قىلىپ ياسايدىكەن. ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان كەبە، ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى: ئانا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن ئارىلىق سافا ـ مەرۋە. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ تۇنجىسى قايزارنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد پەيغەمبەر تۇغۇلغان. ھازىر ھەج قىلغۇچىلار ئاشۇ ئىسمائىل

ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى — كەبىنى يەتتە ئايلىنىدۇ. سافا - مەرۋىدە ئۇ باشتىن بۇ باشقا ھاجەر ئانىمىزنى ياد ئېتىپ يەتتە قېتىم يۈگۈرىدۇ، ھەج قائىدىسىدە كەبىنى تاۋاپ قىلماق پەرز، سافا - مەرۋىنى يەتتە قېتىم ئايلانماق ۋاجىپ، دەپ بېكىتىلگەن. ھەج قىلغۇچىلار ئېھرام باغلاپ، بۇ پەرز بىلەن ۋاجىپنى چوقۇم ئورۇنلىشى لازىم.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇن، بىر بوۋاق ئىڭراپ ياتقان، بىر ئانا يۈگۈرۈپ سۇ ئىزدەپ يۈرگەن قۇملۇق جىلغا ھازىر بىر مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلماننىڭ قىبلىگاھى. ھازىر بۇ يەرگە بىرنەچچە يۈز مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان، زامانىۋى ئۇسكۇنىلەر، ئېسىل گىلەم - جاينامازلار بىلەن بېزەلگەن، سالقىن، پاكىز، سىلىق مەرمەردەك ئەرەب تېشى ياتقۇزۇلغان ھەيۋەتلىك بەيتۇللا ياسالغان. بەيتۇللا جامە ئۆزىنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى، چوڭ - ئازادىلىكى بىلەن دۇنيادا بىرلا. مىسىر ئىنژېنېرلىرى، بىناكارلىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن قايتىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. جامەگە ئادەمنىڭ كىرسە كىرگۈسى كېلىدۇ، سىلىق - پارقىراق تاشلىرىدا ياتسا ياتقۇسى، مۇزدەك، جانغا ئارام سۇلىرىنى ئىچسە ئىچكۈسى كېلىدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز، مەيلى كېچەيۇ كۈندۈز بولسۇن، بۇ يەردە مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرىسىز. بىرلا ئايال سۇ ئۈچۈن ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرگەن جاي — ھازىر كاتتا شەھەر، مۇقەددەس جاي. بىر بالا تېپىرلاپ ئىڭراپ ياتقان جاي — ھازىر قىبلىگاھ، بىر مىلياردتىن كۆپ ئادەمنىڭ تەلپۈنىدىغان جايى. مانا بۇ ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن يول — تارىخ — تەرەققىيات.

## مىنا مېھمانخانىسىدا

مەن «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى»نىڭ ھەج ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان مىنا مېھمانخانىسىغا كۆچۈپ چىقتىم. بۇ يەرگە

ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كەلگەن مېھمانلاردىن باشقا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەج ئۆمەكلىرى جايلاشقان. مەن «جۇڭگو ھەج ئۆمىكى»گە قوشۇلدۇم. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ۋاجىدى باشلىق بولغان بۇ ئۆمەكتە ئون تۆت ئادەم بار ئىكەن. بىز ئون بەش ئادەم ھەج پائالىيىتىمىزنى مۇشۇ مېھمانخانىدىن باشلىدۇق.

بۇ يەردىكى ھەج پائالىيىتى: ھارپا (ئايەم) كۈنى ئەرەپاتقا چىقىش، ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇپ (ناماز ئوقۇپ) خۇدادىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلار ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ پاكلىنىش. كېچىدە مۇز تەلپىگە قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە بىر كېچە تۈنەش، تاڭغا يېقىن مىناغا قايتىپ كېلىپ شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە ئاخىرىدا ھەرەمگە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، كەبىنى يەتتە، سافا ـ مەرۋىنى يەتتە ئايلىنىپ بولۇپ چېچىنى ئالدۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغىلى كەلگۈچىلەر جەزمەن ئورۇنلىشى لازىم بولغان پائالىيەت. بۇ پائالىيەت ئۈچۈن دۇنيادىكى ئاتمىش دۆلەتتىن كەلگەن بىر مىليوندىن كۆپ ئادەمگە مۇشۇ مىنا ئەتراپىدىكى بوش يەرلەر، تاغ قاپتاللىرى، ھەتتا قاقاس تاغنىڭ چوققىلىرىغا نەچچە يۈز مىڭ چېدىرلار تىكىلگەن. بۇ چېدىرلار شامالدۇرغۇچ، مۇزدەك سۇ، تېگىگە سېلىنىدىغان سېلىنچا بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

مىنادىكى چېدىرلاردا ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە مۇددەت بىلەن ئىبادەت ئۈچۈن كۆچۈپ چىققان مىليونلىغان خەلقنى تاماق، ئۇسسۇزلۇق، داۋالاش، قاتناش بىلەن تەمىنلىمەك ئۈنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى نەچچە مىڭلىغان ئىشچى كۈچى (بېنگال، يەمەن ئىشچىلىرى)، ساقچى ـ ھەربىيلەر، ماشىنىلار، دوختۇرخانىلار (سەييارە)، ئاشخانا، تەرەتخانا، نەچچە مىليون دوللارلىق خىراجەت بىلەن بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى تېزلا پۈتكۈزگەن. مەن مىنا

مېھمانخانىسىنىڭ سالقىن ئۆيىدە ھېچقانداق مۇشەققەت كۆرمە-
دىم. لېكىن، ئەتراپىمىزدىكى ئىسسىق تاشلىقتا ئېھرام بىلەن
ماكان تۇتۇپ يېتىشقان نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەملەر (قېرىلار،
ئاياللار، باللارمۇ بار) ئەللىك گىرادۇس ئەتراپىدىكى ئىسسىق،
چاڭقاش، قاتتىق يەردە يېتىش، پىيادە مېڭىش قاتارلىق مۇش-
كۇلاتلارغا چىداشلىق بەرمەكتە. مەن مېھمانخانا ئالدىدىكى
سەھنىدە تۇرۇپ، مىنادا ھەر يان مېڭىشىپ قىمىلداپ يۈرگەن
ئوخشاش كىيىملىك (ئېھرام ئىچىدە، يەنى يالىڭاچ بەدەنگە بەل-
نىڭ تۆۋىنى ۋە يۇقىرىسىغا ئورالغان ئاق رەخت)، يالاڭباش ئا-
دەملەرگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇرىمەن. بۇ قاراپ تۇرۇشۇم
تاماشا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش ئۈچۈن. ئېتىقاد
ئىنسانغا روھ، ئىرادە ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىكەن. ئىنسان ئېتى-
قاد يولىدا ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىكەن. ئېتى-
قاد يولىدا تارتقان مۇشەققەت ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك ۋە بەخت بې-
لىنىدىكەن. ھەرقانداق بىر ئىنسان بىر ئېتىقاد بىلەن ئۆزىگە
روھىي ئوزۇق، خۇشاللىق ۋە بەخت تاپىدىكەن ...

مىنا ئاسمىنىدا يەردىن ئىككى يۈز مېتىردەك ئېگىزلىكتە
بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان چارلاپ يۈرمەكتە. تاشلىق تاغلارنىڭ
قاپتاللىرى، ھەتتا تاغ ئۈستىمۇ چېدىرلار بىلەن تولغان.
ھۆپۈلدەپ تۇرغان تومۇزدا ئادەملەر تاشلىق ساي، تاغ قاپتاللى-
رىدا تەرگە مىلىنىپ چاڭقاپ، ھاسىراپ تۇرۇشماقتا. تىك ئۇ-
چار ئايروپىلانلار، نەچچە يۈزلىگەن دوختۇر ماشىنىلىرى بۇ ئا-
دەملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۇياقتىن - بۇياققا
ئۈچۈپ، يۈگۈرۈپ يۈرمەكتە. ھوشسىزلانغان ياكى سەكراتتا
چۈشكەن نىمجان ئادەملەر ئۆزلىرىنى بەختلىك، مۇرادىغا يەتكەن
ھېسابلايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەپ چارچىغان ئەرەبىستان
خادىملىرىمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداقلا بەختلىك ۋە تەلەيلىك ھې-
سابلايدۇ. بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ ئېتىقاد ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

مەن مىنا مېھمانخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، ئەتراپىم-

دىكى قىمىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ يۈقىرىقىلارنى ئويلىدىم. مىنا ــ مەككە شەھىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى بىر جىلغا، ھازىر بىر كىچىك شەھەر. ئۇ ئەمەلىيەتتە مەككە شەھىرىنىڭ بىر پارچىسى. ئۇ يەرگە مەككىدىن بارىدىغان نۇرغۇن راۋان، كەڭ، زامانىۋى يوللار بار. بۇ يوللار ئىستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر، تاش تەشمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەتراپى قارا تاشلىق پاكار تاغلار بىلەن قورشالغان بۇ قاقاس ساي زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى (كونىچە 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) دىن بىر كۈن بۇرۇن (يەنى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن باشلاپ) ئاۋات تاۋاپ ـ ئىبادەت، سودا ـ سېتىق مەيدانىغا ئايلىنىدۇ. مەككىدىن مىناغا قاتنىغۇچى ماشىنىلار شۇنچىلىك تولىكى، كېچىسى بىر ئېگىزدىن يوللارغا قارىسىڭىز، ماشىنا چىراغلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، ئاسماندىكى سامانيولى ياكى بىر ئوت يولىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

مەن شۇ كۈنى كەچتە «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى»نىڭ مىنادىكى مېھمانخانىسىنىڭ يولغا قارىغان ئېگىز سۇپىسىدا تۇرۇپ نەچچە يۈز مىڭ ئادەم مىغىلداپ تۇرغان كەڭ سەيناغا قاراپ ئۇزاق تۇردۇم: بۇ يەر ئادەم دېڭىزى، لېكىن بۇ يەردە باشقا سەيلە ـ بايرام ئورۇنلىرىدىكىدەك ناخشا، ساز، كۈلكە ـ ماجىرا يوق. ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا قارىماققا غەمكىن، جىددىي، سۈرلۈك. گويا بۇ ئادەملەر مۇسىبەتتىكىدەك، خۇشاللىقنى ئۇنتۇشقاندەك ... لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ قەلبى بەخت ۋە رازىلىق ئىلكىدە. ئۇلار مۇلايىم، سىلىق ـ يۇمشاق، ئۇلار ئۆزئارا ئىناق ـ مېھرىبان. بۇ چىرايلارنى كۆرگەن ئادەم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھاجىلار توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ جاۋابىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالىدۇ:

ــ ھاجىلارنىڭ نىشان ـ بەلگىسى قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ بىرى مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزدىن.

— ھاجىلارنىڭ نىشان بەلگىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەيغەمبىرىمىز، — كىيىملىرى جۇل - جۇل، قورسىقى ئاچ، ھېرىپ - چارچىغان، چاچلىرى ئۆسكەن، كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلغان، قەلبى پاكىز ئادەمنىڭ ئەينى ئۆزى.

سەپ تارتىپ قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان ھەر خىل رەڭلىك بىر خىل كىيىملىك (ئېھرام ئىچىدە) ئادەملەر توپىدا كىملەر يوق دەيسىلەر؟ پالەچ قېرىلار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ سايىۋەنلىك نوسىلكىلىرىدا، نارەسىدىلەر ئاتىلىرىنىڭ يەلكىلىرىدە، يېڭى تويى بولغان قىزلار ئۆز يىگىتلىرىنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ... توپ بىلەن بىللە يولدىن ئۆتمەكتە.

مەن مىنادىكى بۇ مېھمانخانىدا ئاتمىش نەچچە دۆلەتنىڭ ھەج ئۆمەكلىرىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە. لېكىن، ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمەيمەن. پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن شەمەشىدىن ئەپەندى باشلىق بولغان يىگىرمە بەش كىشىلىك ھەج ئۆمىكى، كۆپىنچىسى تۈركلەردىن بولغان بۇلغارىيەلىك ئالتە كىشىلىك ھەج ئۆمىكىدىكىلەر بىلەنلا سۆزلىشەلەيمەن. شەمەشىدىن ئەپەندى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، بىرقانچە خىل تىل بىلىدىغان خۇشخۇي ئادەم. مەن كۆپىنچە شۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇ كىشى ئەرەبلەر، ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى دۇنيا توغرىسىدا ماڭا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەج ئۆمىكىدىكى قالغان ئەزالار ئۆزبېك، قىرغىز، ئەزەربەيجان، تاتار، تۈركمەنلەرمۇ ماڭا ئۆز بىلگەنلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىشتى. مەن ئۇلارنىڭ يارىدىمى بىلەن ئۆز بىلىمىمنى خېلى كۆپەيتتىۋالدىم.

ياپونىيە ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى (دابەن دىنىي مەھكىمە باشلىقى) شەنكۇجۇڭجاۋ ئەپەندى (ئەرەبچە ئىسمى ئابدۇلرەخىم ياماگوچ) بىلەنمۇ خەنزۇچە خەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرالدىم. مەن ئۇنىڭدىن خەنزۇچە خەت بىلەن:

— ياپونىيەدە قانچىلىك مۇسۇلمان بار؟ — دەپ سورىۋى-

ـدىم، ئۇ ئوخشاشلا خەنزۇچە خەت بىلەن:
— دابەندە قىرىق مىڭ مۇسۇلمان بار، — دەپ جاۋاب يازدى.
— سىلەر نېمىشقا ئىسلام دىنىغا كىردىڭلار؟
— ئىسلام دىنىدا نۇرغۇن ھەقىقەت بار، — دەپ يازدى ئۇ.
ئىتالىيەلىك ياش گېئولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىلىق بىر پىروفېسسور، بىرازىلىيەلىك بىر باي، فىرانسىيەلىك بىر كىـ ـنو شىركەت خادىمى ھەم مېنىڭ بۇ خىل سوئاللىرىمغا شەـ ـكۇجۇڭجاۋ ئەپەندىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. شەمشىدىن ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك دۆلەتتە چوڭ بولـ ـغان. بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىمىزمۇ ئوخشىشىدىـ ـكەن. ئەرەب يېرىم ئارىلى — بۇ قەدىمىي چۆللۈك، ئىجتىمائىـ ـيەتتە زوراۋانلىق قۇللۇق دەۋرنى بېشىدىن جىق كەچۈرگەن، خەلقى تەبىئەتتىن تولا ئازار يېگەن بۇ جايدا بۇنىڭدىن بىر مىڭ تۆت يۈز سەككىز يىل ئىلگىرى (يەنى 622 ـ يىلىدىكى ھىجـ ـرەتنىڭ 1 ـ يىلىدىن باشلاپ) ئىشغالىيەت باشلىغان ئىسلام دىنى بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك نامايەنـ ـدىسى بولغان دۆلەتلەردە، زامانىۋى ئىلىم ـ پەن ئەھلى ئاردـ ـىسىدا تەسىر پەيدا قىلماقتا. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىز شەمشىـ ـدىن ئەپەندى بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق ۋە مەنىلىك پاراڭلاشتۇق. بىز دۇنيادىكى ھەر خىل ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد، پەلسەپە ئېقىملىرى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشتۇق. لېكىن، يۇقىرىقى مەسىلىگە قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك جاۋاب تاپالمىدۇق. ئاددىي جاۋابلار ئەلۋەتتە تولا. لېكىن، جاۋاب چوڭـ ـقۇر پەلسەپە، ئىلىم ئاساسىدا بۈگۈنكى ئەمەلىيەتكە باب بولۇشى لازىم ئىدى.
زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى سەھەردە (بىزچە ئايەم كۈنى) بىز مىنادىكى بۇ مېھمانخانىغا جايلاشقان مېھمانلار نۇرغۇن ماـ ـشىنا بىلەن ئەرەپات تېغىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ئەرەپات — مىنادىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر
تۈزلەڭلىك. ھەج قىلغۇچىلار مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە ئەتىگەنلىكى
كېلىپ كۈن پاتقۇچە تۇرۇشى شەرت. بۇ يەردە قۇرئان تىلاۋەت
قىلماق، ئەرەپاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى قوشۇپ قەسىدە قىد-
لىپ بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ناماز ئوقۇماق — ھەج
پائالىيىتىدىكى ئۈچ پەرزنىڭ بىرى. ئەرەپات تۈزلەڭلىكىدىكى
جەبەلى ئەرەپات تېغى مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەج قىلغۇچىلارغا
ئاخىرقى قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەن جاي ئىكەن.

ھەج پائالىيىتىنىڭ پەللىسى بولغان بۇ كۈن تولىمۇ ھەيۋ-
ۋەتلىك، دەبدەبىلىك بولىدىكەن. مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھەر
تەرەپتىن بۇ تۈزلەڭلىككە قاراپ ئاقىدىكەن. بىز سالقىن شا-
مالدۇرغۇچلۇق، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ماشىنىدا، ئەتراپىمىزدى-
كى پىيادىلەر توپى بولسا سەپ - سەپ بولۇپ، قولتۇقلىشىپ
ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قوللىرىغا
كۈنلۈك، دولىسىغا چايدان ئارتىپ «لەببەيك» سۈرىسىنى ئوقۇپ
كېتىپ بارماقتا. مانا شۇ سەپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھايات بىلەن
خوشلىششىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىغان نىمجان
قېرىلار، دۇنيانىڭ ھەممىلا ئىشىنى قىزىقچىلىق بىلىدىغان با-
لىلار، ھاياتىدا مۇشۇ كۈننى ئەڭ مۇقەددەس بىلىپ ئۆمۈر بويى
شۇ كۈننى تەقەززا بولۇپ كۈتۈشكەن ساددا دىل ئادەملەر، يەنە
بۇ كۈندە خۇدادىن ئۆزگە باقىي ئالەم سەپىرىنى تىلەيدىغان
مۇرىتلار بىلەن، بۇ كۈننى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس كۈن سۈ-
پىتىدە ئېسىدە ساقلايدىغان ئىخلاسمەنلەر ... ھەر خىل پىكىر-
لىك، ھەر خىل كۆزقاراشتىكى ئەر - ئايال، ياش - قېرىلار
بار. بۈگۈنكى دەبدەبىلىك پائالىيەت ھەممىلا ئادەمنىڭ دىلىدا
ئېتىقاد قىلىنغۇچىغا كۈچلۈك ئىشەنچ، سېغىنىش، بېقىنىش
تۇيغۇسى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئادەملەر مۆلايىم، لېكىن
جىددىي؛ ئىرادىلىك، لېكىن چارچىغان؛ مىسكىن، لېكىن غەيۇر
كۆرۈندۇ.

بىز سالقىن، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ماشىنىدا كېتىپ بارد-ىمىز. ئەتراپىمىزدا ئېقىۋاتقان ئادەم ئېقىمى بىزنى ئۆز ئېقىمىدا ئەكېتىۋاتىدۇ. بىز شۇ ئېقىمنىڭ بىر پارچىسى، لېكىن بىزدە مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىنى قىلغان ھاجىلارنىڭ سۈپىتى يوق. بىز ماشىنىدىكىلەر ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جاما-ئەت ئەربابلىرى، ئىجادكارلار، دەۋرىمىزنىڭ پەيلاسوپلىرى (ھەر خىل كۆزقاراشتىكى)، ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە سادىق سىياسەتچىلەر بار. بىز «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى»نىڭ مىنادىكى مېھمانخانىسىدا ياخشى غىزا، سالقىن ئۆي بىلەن كۈتۈلۈپ، ئەتراپىمىزدىكى چېدىرلاردا، كۆۋرۈك ئاستى، تام تۈۋىلىرىدە يېتىشقان ھەج ئەھلىگە تاماشا ۋە كۆزىتىش نەزىرى بىلەن قا-رىغۇچىلار. بىزدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقادقا قارىغاندا سوئال ۋە مۇلاھىزە كۈچلۈك. بولۇپمۇ بىز جۇڭگو، سوۋېت، بۇلغارىيەلىك ھاجىلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئالاھىدىلىكىمىز روشەن. بىزنىڭ سۆھبەت، چاقچاق ۋە مۇئامىلىمىزدە بۇ ئالاھىدىلىكىمىز ئىپا-دىلىنىدۇ. بىز ماشىنىدا كېتىۋېتىپ مىسىرلىق ياۋروپالاشقان زىيالىيلارنىڭ ياكى سۇدانلىق قەددى - قامىتى تولىمۇ كۆركەم قارا تەنلىك ئەزىمەتلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، گۇمانلىق قاراشلىرىغا دۇچ كېلىمىز. ئۇلار كۆزلىرى بىلەن گويا: «سىد-لەر، ماركسىنىڭ ياۋروپادىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلماي، بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭلار؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مانا بۇ ئۆزئارا چۈشىنىشمەسلىك، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئۇزاق يىل ئىشكىنى تاقاپ ياشىغانلىقىمىزدىن پەيدا بولغان. مەن ئۇلارغا سۆزلەشنى، بۇ-گۈنكى ھاياتنىڭ نازۇك سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشنى تولىمۇ خالايتتىم، لېكىن مەن تىلسىز.

بىزنىڭ ئەرەپاتتىكى تۇرالغۇمىزمۇ توقۇما سىم بىلەن قورشالغان، دەرۋازىسى ئەرەبىستان ئەسكەرلىرى ساقلايدىغان، چېدىرلىرى شامالدۇرغۇچ، يۇمشاق گىلەم، ئۇسسۇزلۇق بىلەن تەمىنلەنگەن ئالاھىدە جاي. بىز بۇ يەردە ياخشى غىزا بىلەن

كۆتۈلدۇق. ئالاھىدە يوپۇق بىلەن ياسالغان، ئاستىغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان مەسچىت ۋە تاھارەت ئالىدىغان ئورۇنلار بىزگە راھەت ۋە ئۇڭايلىق بېغىشلايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئا-دەملىرىمىزنى پەرز ئادا قىلىۋاتىدۇ، دېگەندىن كۆرە، ساياھەت قىلىپ يۈرىدۇ، دېگەن تۈزۈكرەك، ئۇلار مەسچىتنىڭ سالقىن گىلەملىرى ئۈستىدە، ئۆز چېدىرلىرى ئىچىدە نامازلىرىنى ئو-قۇپ بولۇپ راھەتلىنىپ ئۇخلاشماقتا. مەن يېنىمىزدىكى چې-دىرغا جايلاشقان بۇلغارىيەلىك تۈركلەر بىلەن سۆزلەشمەكتى-مەن. ئۇلار ئۆزلىرىدىن سۇلايمانوف چىققانلىقى بىلەن ماختاندى ۋە بۇلغارىيەدىكى ئىككى مىليون تۈركنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش-تۇردى. ئۇلار بىز ئۇيغۇرلارنى زادىلا بىلمەيدىكەن. قىرغىزلار بىلەن قازاقلارنى ئايتماتوف، مۇختەر ئەۋېزوفلار ئارقىلىق بى-لىدىكەن. ئۆزبېكلەرنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. سەۋەبى، بۇ ئالتە كىشىلىك ھەج ئۆمىكى بۇخارادىكى ئىسلام ئىنستىتۇتى-نىڭ ياش تالىپلىرىدىن تەشكىللەنگەنىكەن. مەن ئۇلارغا بىزنىڭ شەھىرىمىزدىمۇ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم ئۇيغۇرلاردىن بەش يۈزگە يېقىن ئادەمنىڭ ھەج قىلغىلى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

كەچقۇرۇن بۇ يەردىكى بىر كۈنلۈك ئىبادەت ئاخىرلىشىش ئالدىدا، قۇرئان ئوقۇپ ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن خۇدادىن كەچۇ-رۇم سوراپ دۇئا قىلىش باشلاندى.

ئەرەپاتتىكى داغدۇغىلىق ئىبادەت توغرىسىدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇلغارىيەلىك ياشلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم. بىر فىرانسۇز يىگىت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە مەندىن:

— سىز ياپونغۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى. ئىنگلىز تىلىدىن ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلغۇچى شەمشىدىن ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى ۋە فىرانسۇز يىگىتكە بىزنى چۈشەندۈردى. فىرانسۇز يىگىت بىر كىنو شىركىتىنىڭ غوجايىنى ئىكەن. ئۇ ئىسلام

دىنىغا كىرگىلى بىرنەچچە يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەمەۋىلەر ياۋروپانىڭ غەربىدە، يەنى بىزنىڭ قوشنىمىز ئىسپانىيەدە تۇرلۇك ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى. 730 ـ يىلى پارچىلىنىشتىن بۇرۇن قۇرۇلغان بۇ ئەمەۋى ھۆكۈمەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى بوش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ سەككىز يۈز يىللىق ھاكىمىيەت بىر كاچات بىلەنلا قوغلاندى. ئۇ يەرلەردە مەن مۇسۇلمان، دېگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. نېمىشقا شۇنداق؟ سەۋەبى، ياۋروپالىقلار ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، ھەيۋىسىنى قوبۇل قىلىشقان. مانا بىز زورلۇق، ھەيۋە بىلەن ئەمەس، بىلىم، ئىزدىنىش، ئەقىل ئىشلىتىش بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇق. ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. قاراڭلار، شۇنچە ئادەم ئەرەپات كۈنى قوللىرىغا قۇرئان تۇتۇپ پاكلىنىش ئۈچۈن ياش تۆكمەكتە. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇگۈن ئىنسانىيەتنىڭ پاكلىق، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تەرجىمان ئۇنىڭ گېپىنى زوق بىلەن خۇددى شېئىر ئو-قۇغاندەك تەرجىمە قىلىپ بەردى. سېرىق چاچ، كۆك كۆز، قا-مەتلىك فىرانسۇز يىگىت تۆۋەندىكى كەلىمەنى ياد ئوقۇدى: ۋە خەلق نەلەكۇم، مافىل ئەرزى جەمىئە (تەرجىمىسى: زېمىننى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتتىم).

— شۇنداق، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — بىر ئەقىدىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش كېرەك. فە-ئىلەم ئەننەھۇ، لائىلاھە ئىللاھۇ (ئاۋۋال بىل، ئاندىن ئىمان ئېيت)، زېمىن بىزنىڭ نېمىتىمىز، لېكىن بىز بۇ نېمەتنى بۇلغاۋاتىمىز!

ئۇنىڭ ئېھرام ئىچىدىكى گەۋدىسى تىترىدى، كۆپكۆك

كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— ۋەجەدىلەھوم بىللەتى ھىيەئەھسەن، — دېدى ئەزەربەي-جانلىق چارساقال، بۇدۇر چاچ ئادەم بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇ كەلىمەنىڭ مەنىسى: سەن بىرى بىلەن سۆزلەشسەڭ ناتىق بول، دېگەن بولىدۇ. ئۇ كىشى تولىمۇ سۆزمەن، بىلىملىك ئىكەن. ئىسىت، بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلگەن بولسا سۆزىنى ئاڭلىساق بوپتىكەن.

فىرانسۇز ياپونىيەلىك مۇسۇلمانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشەركىن؟ مېنىڭ بۇنى بىلگۈم كەلدى، لېكىن ئامال يوق.

مۇزتەلپە — ئەرەپات بىلەن مىنا ئارىلىقىدىكى، مىنانىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر يېرىم كىلومېتىردەك ئۇزۇنلۇقتا سو-زۇلغان تۈزلەڭلىك. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئىچكىرىسىدە مەشەرىل ھەرەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار. ھەج قىلغۇچىلار كۈن پات-قاندىن كېيىن، ئەرەپاتتىن مۇشۇ مۇزتەلپە تۈزلەڭلىكىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ مەشەرىل ھەرەم تېغىغا يې-قىنراق جايىدىن ئورۇن ئېلىپ، بۇ تاشلىق تۈزلەڭلىكتە بىر كېچە ئىبادەت قىلىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار نامازشام بىلەن خۇپ-تەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇپ بولۇپ، خۇداغا سىغىنىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىبادەت تاكى تاڭ يورۇغۇچە داۋاملىشىدۇ.

بىزگە ئاتاپ ئالدىنئالا تاشلىق يەرگە گىلەملەر سېلىنغان، يازنىڭ ئىسسىقى بىلەن قىزىغان، قۇرغاق يەر ئۈستىدە كېچە-نىڭ سالقىن شامىلى بىلەن راھەتلىنىپ يېتىش ياكى ئولتۇ-رۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەتراپىقا قارىسى-ڭىز، سانسىز چىراغلار بىلەن يورۇغان چەكسىز تاشلىق كۆرۈ-نىدۇ. بۇ يەردە دۆلەت، مىللەت، جىنس، رەڭگى سورۇشتۇرۇل-مەيدىغان مىليوندىن جىق مۇسۇلمان تەبىئەتنىڭ ئىللىق قوي-نىدا ۋاجىپ ئادا قىلماقتا. پۈتۈن تۈزلەڭلىك شۇنچىلىك يو-

روْق، شوْنچىلىك قايىنام ـ تاشقىنلىقكى، بەلكى يەر يوْزىدىكى ھېچقانداق بىر چوْللوْك بوْنداق نوْر ۋە ئىنسان مېھرىدىن تېخى بەھرىمەن بولالمىغان بولسا كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز موْھەممەد رەسوْلىللا موْشوْ مەشەرىل ھەرەم تېغىدا توختىغان ۋە ئوْزىنىڭ: «ئەرەبلەر غەيرىي ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، غەيرىي ئەرەبلەرموْ ئەرەبلەردىن ئوْستوْن ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئوْستوْن ئەمەس، قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەردىن ئوْستوْن ئەمەس ... غوجايىنلار قوْللىرىڭلارغا مېھرىبان، ئادىل بولوْڭلار، چوْنكى ئوْلار سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى قىلىدوْ ...» دېگەن مەشھوْر ئاخىرقى نەسىھەتىنى بوْ يەردە تەكرارلىغانىكەن.

بوْ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن، باغرى ئىسسىق، جانغا ئارام بېغىشلايدوْ، ھوْزوْرلىنىپ ئوْخلىغوْڭ كېلىدوْ. لېكىن، مەن چەرخ يوْلتوْزلوْق ئاسماننى سوْرەتلەيدىغان بوْ ئەرەب زېمىنىدىكى مەنزىرىنى كوْز يوْمماستىن كوْرمەكچى، خىيال ۋە تەپەككوْر بىلەن تاڭ ئاتقوْچە جىمجىت ئولتوْروْپ مىليون خەلقنىڭ سىدىلىق، سوْرلوْك، ئاستا ئاۋازىدىن پەيدا بولغان كوْچلوْك شاۋقوْنىنى ئاڭلىماقچى. مەن بوْ شاۋقوْندىن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتقا، ياشاش ۋە ياشىتىشقا بولغان كوْچلوْك ئارزوْسىنى ئاڭلىماقتىمەن. ئىنسان بىر ئاتا، بىر ئانىدىن يارالغانوْ، يىللار ئوْتوْپ ئوْلار بىر ـ بىرىگە دوْشمەن، خوْددى ياۋايىلار توپىدەك بىر ـ بىرىنى ئوْۋلاش كويىدىكى دوْلەت، گوْروْھ، مىللەت، تەبىقىلەرگە بوْلوْنوْپ كەتكەن. ئەسلىدە قېرىنداش بولوْپ يارالغان ئادەملەرنى بوْنداق كېلىشكىلى بولمايدىغان ماجىرا ۋە قىرغىنلارغا باشلىغان زادى قانداق بىر كوْچ؟ مەن ئويلايمەنكى، بوْ كوْچنى تەبىئەت ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئوْزلىرى پەيدا قىلغان.

موْزتەلپەدىكى ئېلېكتىر نوْرلىرى، ئىنسان قەلبىدىن چىقىپ كوْچلوْك شاۋقوْنغا ئايلانغان ئوْلوْغ سادا ماڭا بوْگوْنكى ئىنسانلارنىڭ قاباھەتكە قارشى جەڭ باشلىغانلىقىنى ئاڭلاتتى:

دۇنيا باراۋەرلىك، پاراۋانلىق، مېھرىبانلىقتا قاراپ يۈزلەنمەكتە. لېكىن، ئىنسانىيەتنىڭ خېلى نۇرغۇن قىسمى تېخى بۇنى قارشى ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار مەنپەئەت، بايلىق ۋە ئۆز گۇرۇھىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن باشقىلارنى تالان ـ تاراج قىلىش كويىدا.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قارغايدىغانلارمۇ بار. مۇزتەلپەدىكى تۈنەك ماڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئەجدادىغا بولغان مۇھەببىتىنى چۈشەندۈردى. ئىنسان مۇھەببەتكە موھتاج بولغىنىدەك، سەمىمىي ـ ساداقەتكىمۇ موھتاج. رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي: «بىر ئادەم گۈزەللىككە قانچىلىك سەمىمىي بولسا ئىنسابتىن شۇنچە يىراق بولىدۇ» دېگەن سۆزنى قايسىبىر مەنىدە ئېيتىۋىدىكىن؟ «گۈزەللىك» بىلەن «ئىنساب» ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلسا خاتا بولارمۇ؟ دۇنيادا مەن چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر قانچىلىك كۆپ بولسا، مەن چۈشەنمەيدىغان گەپلەرمۇ شۇنچىلىك جىق ئوخشايدۇ. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، بۈگۈنكى ئىنسانىيەت گۈزەللىككە موھتاج. ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى يەر يۈزىدىكى ئەڭ زور گۈزەللىك. ئۇنىڭ ساختىلىق، رەڭۋازلىق، ۋەھشىيلىككە قارشى تۇرۇشى گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلالىغانلىقى. مەن ئەتىگەنلىكى مىنادىكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەيدانىدا بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

قائىدە بويىچە، ھەج قىلغۇچىلار مۇزتەلپەدىن شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن قويننىڭ مايىقىدەك تاشتىن يەتتە دانە تېرىۋېلىشى كېرەك (قالغىنىنى مىنادىن تەرسىمۇ بولىدۇ).

ھەج قىلغۇچىلار نېمە ئۈچۈن مىنادا شەيتانغا تاش ئاتىدۇ ۋە بۇ پائالىيەت ھەج قائىدىسىدە ۋاجىپ دەپ بېكىتىلگەن؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە: خۇدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى ئىسمائىلنى خۇدا يولىدا قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى باشلاپ مۇشۇ مىناغا كېلىدۇ. جەمرەتۇل ئەقەبە ئىسىملىك چوڭ شەيتان ئادەم سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى توسۇپ: «داداڭ يالغان ئېيتىدۇ، خۇدادىن ۋەھىي كەلگىنى يالغان، ئۇ سېنى ئالداپ ئۆلتۈرمەكچى» دەپ ئازدۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئالدانمايدۇ ۋە ئاللاتائالاغا بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاپ، دادىسىغا ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى ياتقۇزۇپ، ئىتتىك پىچاقنى تەكبىر بىلەن ئوغلىنىڭ بوغۇزىغا سۈركەيدۇ. لېكىن، پىچاق ئۆتمەيدۇ. يەنە سۈركىسە يەنە ئۆتمەيدۇ. شۇنچە بىلگەن ئىتتىك پىچاقنىڭ كىچىك بالا بوغۇزىغا زادىلا ئۆتمىگىنىگە خاپا بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى تاشقا ئۇرىدۇ. ئۇيۇلتاش پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا خۇدادىن: «ئىبراھىم، قۇربانلىقىڭ قوبۇل بولدى» دېگەن ۋەھىي كېلىدۇ ۋە ئاسماندىن پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كۆك قوچقار چۈشىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى قۇربانلىق ئۈچۈن قوي سويۇلۇپ كەلمەكتىكەن.

مانا بۇ ساداقەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان جاينى مۇھەممەد پەيغەمبەر تاۋاپ قىلغان ھەم مۇزتەلپەدىن يەتتە تال تاش تېرىۋېلىپ شەيتانغا ئاتقان.

مىنادىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان بۇ جاي شۇنىڭدىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاجىپ ئادا قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان. ساداقەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان جاي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساداقەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئېزىتقۇ شەيتانغا ئىنسانلارنىڭ غەزىپىنى ئىپادىلەيدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، مىنادىكى چۆرىسى ئاق تاش بىلەن توسۇلغان، ئوتتۇرىسىغا تاشلاردىن تۆت چاسا بەلگە قاتۇرۇلغان بۇ جاي قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە نەچچە 100 مىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا تاش، ئۇلار بىر ـ بىرىنى

ئىتتىرىشىپ توسۇق يېنىغا بېرىشىدۇ ۋە غەزەپ بىلەن شەيتان-
غا تاش ئېتىشىدۇ. ھەج قائىدىسىدە، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرى-
گە قوپاللىق قىلىشى، قىستىشىش، ئىتتىرىشىش، چوڭ
تاشلارنى ئېتىش قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، غەزەپلەنگەن
خەلق هامان بۇ چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ، ھەج قائىدىسىگە خىلاپ-
لىق قىلىشىدۇ؛ ئادەملەر بىر - بىرىنى قىستايدۇ، ئىتتىرىدۇ،
ھەتتا دەسسەيدۇ؛ يوغان تاشلارنى ھەتتا باشقا نەرسىلەرنى ئاتىدۇ.
مىنادا ئىككى - ئۈچ كۈن تۈرۈش ھەج قائىدىسى. بۇ كۈن
ئىچىدە ھەر كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن نەچچە مىڭلىغان
ئادەم سەپ بولۇپ ئۆز چېدىرلىرىدىن چىقىپ مىنادىكى شەيتان-
غا تاش ئاتىدىغان جايغا قاراپ ئاقىدۇ. قائىدە بويىچە، مەككى-
نىڭ ئەڭ يىراق تەرىپىدىكى بىرىنچى شەيتاندىن باشلاپ، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتان
جەمرەتۇل ئەقەبەگە تاش ئېتىش (ھەربىر شەيتانغا ئارقىمۇئارقا
يەتتە دانە تاشنى ئاللاھۇئەكبەر، دەپ ئېتىش) كېرەك. لېكىن،
ھاجىلار ئۆز غەزىپىنى باسالماستىن قائىدىنى بۇزۇپ، ئاۋۋال
چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. ئۇلار خۇددى مەككە - بەيتۇللادىكى
مەجرۇل ئەسۋەد تېشىنى سۆيۈشكە ئىنتىلگەندەك ياكى مەدىنە
ھەرەمدىكى رەسۇلىللانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا مەس-
چىتنىڭ تاملىرى، قەبرە ئەتراپىدىكى تۆمۈر رېشاتكىلارنى سى-
لىۋېلىشقا ئۆزىنى ئاتقاندەك، شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن
قورشاۋ يېنىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.
قارىماققا، بۇ ئىشلار بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلماننىڭ ئۆز
دىنىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئاددىي ھەرىكەت،
ھېسسىياتقا بېرىلىشنىڭ ئالامىتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن،
يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىساق، بىز بۇ ھەج پائالىيىتىدىكى بىر
باسقۇچ (ۋاجىپ) تىن ئىنسانلارنىڭ ساداقەت، گۈزەللىك دۇش-
مەنلىرىگە، بولۇپمۇ بۇ دۇشمەنلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىغا بولغان
غەزەپ - نەپرىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇگۈنكى يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتنى ساداقەتتىن، مېھرىبان-
لىق، ئۆزئارا مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىشكە قىستاۋاتقان ۋەھشىي
«شەيتان» لار يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئەڭ چوڭ «جەمرەتۇل ئەقەبە»
لىرى باردۇر - ھە؟ ئىنسانىيەت ئەلۋەتتە ئۆز دۈشمەنلىرى بى-
لەن كۈرەش قىلىشقا، ئۇلارنى غەزەپ - نەپرەت تاشلىرى بىلەن
كۆمۈپ تاشلاشقا قادىر. چوڭ - كىچىك شەيتانلار بىرمەھەل
ئۆزلىرىنى پەرىشتە، ئەۋلىيا، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى
بەلگىلىگۈچى «خۇدا» قىلىپ پەردازلاپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن،
ئىنسانىيەت راست بىلەن يالغاننى، گۈزەللىك بىلەن قاباھەتنى
پەرقلەندۈرۈشتە مول تەجرىبىگە ئىگە، ھامان بىر كۈنى بۇ يال-
غان «پەرىشتە»، «خۇدا»لار ئىنسانىيەتنىڭ غەزەپ - نەپرەت
تاشلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

مىنادىكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەيدانىدىن تاڭغا يېقىن
قايتىپ كەلدۇق. مەن شەمشىدىن ئەپەندىگە يۇقىرىدىكى مۇلا-
ھىزىلىرىمنى ئېيتتىم.

بىز تۆتىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىمىزغا ھېرىپ، ئۇيقۇسىراپ
چىققىنىمىزدا، تاغلارنىڭ بېشىنى قۇياش نۇرى ئالتۇن ھەل بى-
لەن بېزىگەنىدى. بۇگۈن بىر يىلدا بىر كېلىدىغان قۇربان
ھېيت كۈنى، مۇشۇ قۇياش يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىنىلا ئە-
مەس، ھەممىلا جاينى، مېنىڭ يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىمۇ ئۆز
نۇرلىرى بىلەن مۇبارەكلەيدۇ. چۈنكى، مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ بۇ-
گۈن قۇربان ھېيت!

## سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھەد بىن
## ئابدۇلئەزىز جانابلىرى ھۇزۇرىدا

1988 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 11 -
كۈنى) يەنى قۇربان ھېيتنىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەنلىكى مەن ما-
شىنىغا چىقىپ بازار (مەككە) غا ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا،

ماڭا ئەرەبچە كىيىنگەن چىرايلىق بىر يىگىت پادىشاھ ھۇزۇرى-
غا تەكلىپ قىلىنغىنىمنى ئۇقتۇردى. بىز جۇڭگودىن ھەج
قىلغىلى كەلگەن بىر مىڭ بىر يۈز نەچچە كىشىگە ۋاكالىتەن
ئىككى ئادەم، يەنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى، جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ۋاجىدى ئاكا
ئىككىمىز پادىشاھنىڭ مىنادىكى قەسرىگە — پادىشاھ ھۇزۇ-
رىغا كىرىش ئۈچۈن تەييارلاندۇق. بىز كاستۇم - بۇرۇلكا، گا-
لىستۇكلار، ئۇيغۇر دوپپىسى بىلەن ياساندۇق (گەرچە كۈن
ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولسىمۇ). ماڭا بۇ ياسىنىش كۆلكى-
لىك ۋە ئازابلىق تۇيۇلدى. تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىدىن ئۆتۈپ
سالقىن، ئازادە قوبۇل زالىغا كىرگەندىن كېيىن، مىللىي كى-
يىم بىلەن ياسىنىشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم. زالدا ھەر خىل
كىيىنگەن، ھەر خىل چىراي، ھەر خىل رەڭلىك ئادەملەر (تا-
مامەن ئەرلەر) ئولتۇراتتى. ئاق، قىزىل چېكىتلىك ئاق غوترا
(باشلىق ياغلىق) سېلىپ، ئۈستىگە ئېقال (چەمبىرەك) كى-
يىۋالغان، ئاق يېپەك تون (ئۇزۇن كۆڭلەك)، ئۈستىگە ياقا،
پەش، يەڭ ئۇچلىرىغا زەر كەشتىلەر تۇتۇلغان قارا، سېرىق،
ئەت رەڭ ئاباي (لىباس يېپىنچا) كىيىشكەن، قامەتلىك، قارا
بۇرۇت، قاش - كۆزى قارا، ئاق يۈزلۈك يىگىتلەر مېھمانلارنى
كۈتۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈشىدۇ.
سارغۇچ، قىسقا يەڭ ھەربىيچە كىيىنگەن، شاپ بۇرۇت، گەۋدى-
لىك يىگىتلەر ئۇزۇن قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۈرلۈك مې-
ڭىشىپ، كىچىك قەدەھلەردە مېھمانلارغا يېشىل رەڭلىك ئى-
چىملىك (ئالىي چاي) قۇيۇپ يۈرمەكتە. مەن مېھمانلارغا قارى-
دىم، سەھنىگە يېقىن جايدا پاكارراق، قارا بۇرۇتلۇق تۈركىيە
زۇڭلىسى تۇرغۇت ئۇزال كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا، ئۇ-
نىڭ يېنىدا تىك ئۆرە ياقىلىق قارا ئۈستباش كىيگەن بېنگال
زۇڭلىسى (بۇلارنى ماڭا باشقىلار تونۇشتۇردى)، مىسىر ۋە باشقا
ئەرەب دۆلىتىنىڭ رەھبەرلىرى، جامائەت ئەربابلىرى پادىشاھ-

نىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا. ئورۇندۇقلاردا دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەج ئۆمەكلىرىنىڭ مەسئۇللى-
رى، تەكلىپ بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن مەشھۇر زاتلار سەھنە يې-
نىدىكى يان ئىشىككە قاراشماقتا. نۇرغۇن تېلېۋىزور، سۈرەت
ئاپپاراتلىرى سەھنىگە كۆزلىرىنى توغرىلاپ جىمجىت قېتىپ
قېلىشقان ...

بىز سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، بۇلغارىيە ۋەكىللىرى
(سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەمشىدىن ئەپەندى، بۇلغارىيەدىن بىر
ئاز سانلىق مۇسۇلمان مىللەت ۋەكىلى) ئەڭ ئارقىدىن ئورۇن
ئالدۇق (بىزنىڭ يېنىمىزدا ياپونىيە، فىلىپپىن ۋەكىللىرى
بار). بىز ئۆزئارا پاراڭلىشالايمىز. ياپونىيەلىك شەنكۇ جۇڭجاۋ
(ئابدۇلرەخىم ياماگوچ) ياپونىيە مىللىي كىيىمى بىلەن
ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا تەمشىلىدۇ.
لېكىن، تەرتىپ ساقلىغۇچى سەئۇدى يىگىتلىرى (ھېلىقى
چىرايلىق، ئوخشاش كىيىنگەن يىگىتلەر) بەلگىلەنگەن
ئورۇندىن يۆتكىلىشكە ھېچكىمگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ياپونىيە
ھازىرقى دۇنيادا قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە،
شۇنداق تۇرۇپ ياپونىيە ۋەكىلى نېمىشقا تۇرغۇت ئۇزال زۇڭلى
بىلەن بىللە سەھنە ئالدىدىن ئورۇن ئالمىدى؟ دېگەن سوئال
ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۈچ
سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋەكىللىرىدە بۇ خىل نارازىلىق يوق.
چۈنكى، بىز سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت
ئورناتمىغان دۆلەتلەردىن (مەملىكىتىمىز ئۇ چاغدا تېخى
مۇناسىۋەت ئورناتمىغان) كەلگەن مۇسۇلمانلار.

— سىلەر ئۇيغۇرنىڭ، مەن ئۆزبېكنىڭ ۋەكىلى، — دېدى
شەمشىدىن ئەپەندى ئەخمەت ۋاجىدى ئاكا ئىككىمىزگە چاقچاق
قىلىپ، — ئاۋۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان نېگىرلار سۇدان، نېگىرد-
يە، ئېفىيوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى، لېكىن بىز

پادىشاھ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئاۋۋال دۆلىتىمىزنى،
ئاندىن ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرىمىز. مىللىتىمىزنى تونۇشتۇرۇش-
نى بېشىمىزدىكى دوپپىلىرىمىز ئۈستىگە ئالدۇ.

پادىشاھ كىردى، پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىمىزدىن تۇردۇق.
پادىشاھ بېشىغا بايىقى ئەرەب يىگىتلىرىدەك ئېقال بىلەن غوترا
كىيگەن، ئۈچىسىغا ئەت رەڭ ئاباي (يېپىنچا)، سۈتتەك ئاق تون
كىيگەن، چىرايلىق - كىچىككىنە ساقال قويغان، ئاق يۈزلۈك،
ساغلام - تىمەن پادىشاھ فەھەد بىن ئابدۇلئەزىز جانابلىرى تو-
لىمۇ خۇشال، خۇشۋاخ ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەئۇدى ئەرە-
بىستانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، يەنى ئابدۇلئە-
زىزخان ئائىلىسىنىڭ بۇ دۆلەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپى-
لىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلغان پەرزەنتلىرى، ھەرقايسى دۆلەت-
لەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مەشھۇر ئەربابلىرى بار ئىدى. تەب-
رىك، مەدھىيە، مىننەتدارلىق سۆزلىرى باشلاندى. ۋەزىر ئەزەم،
دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئۆ-
مەر تەسىف، مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر دوكتورى
ئۆز نۇتۇقلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پادىشاھ نۇتۇق سۆزلى-
دى. بىز ئەرەبچە بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ نۇتۇقلارنى چۈ-
شىنەلمىدۇق. لېكىن، بىلىدىغان ئاتالمىلار، ئومۇمىي كەيپىيات-
قا قاراپ سۆزلەرنىڭ تەخمىنىي مەنىسىنى پەرەز قىلدىم. سۆز-
لەر تەبرىك، مىننەتدارلىق ۋە مەدھىيەگە مەركەزلەشكەن بولسا
كېرەك.

ئەتىگەن سائەت ئون بىرلەر بىلەن قوبۇل قىلىش باشلان-
دى. پادىشاھ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار سەھنىدە (يەنى
ئالدىنقى قاتاردا) قاتارلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى. مېھمانلار قاتار
تىزىلىشىپ ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشتى. پادىشاھ ھۆرمەت-
لىك مېھمانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئىككى مەڭزىگە يېقىشىپ
كۆرۈشتى. ئادەتتىكى مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش-
تى، مەن ئەسلىي پادىشاھ سەپ بولۇپ تىزىلغان مېھمانلارنىڭ

ئالدىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتتىدۇ ۋە بىز بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشتى، دەپ ئويـ ـلىغانىدىم. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى. پادىشاھ ئىككى سائەتتەك ئۆرە تۇرۇپ، ھەربىر ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ بىرمۇبىر ئەھۋاللاشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا كۆرۈشكۈچىلەر قاتارىدا مەنمۇ پادىشاھ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ:

— چەينا، زوھورىدىن سابىر! — دېدىم. پادىشاھ كۈلۈپ كەتتى. ئەرەب تىلىدا زوھور (خىلھۇر) — گۈل دېگەن مەنىنىمۇ بىرىدىكەن، «دىن» قوشۇلغاندا مېنىڭ ئىسمىم «دىنىنىڭ گۈلى» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن. پادىشاھ شۇنىڭغا كۈلگەنىكەن.

يېشى يەتمىشكە يېقىنلاشقان، بايلىقتا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇۋاتقان بىر مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولغان ئادەمنىڭ ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ، ئاددىي ئادەملەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا يوق ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ئىلاجسىز رەسمىيەت يۈزىدىنلا كۆرۈشۈۋاتقان بولسا ئۇنىڭ چىرايىدىن زېرىكىش، رەنجىش ئالامەتلىرى بايقىلىدۇ، دېگەن نىيەت بىلەن پادىشاھنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئاق يۈزىدە، يوغان، خۇمار كۆزلىرىدە شادلىق ۋە قىزغىنلىقتىن باشقا ھالەت تېپىلمىدى. مەن خۇشاللىق ۋە مىننەتدارلىق بىلەن مېنى قوبۇل قىلىۋاتقان ساھىبخانىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆز گۇمانخورلۇقۇمدىن خىجىل بولدۇم.

پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان مېھمانلار مەمۇرىي ۋە ھەربىي ساھىبخانىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئەت رەڭ گىلەم ئۈستىدە مېڭىپ زىياپەت زالىغا كىرىشتۇق. پادىشاھ زالغا ئاخىرىدا كىردى، زىياپەت باشلاندى. ماڭا داستىخاندىكى غىزا ۋە زىياپەت رەسمىيەتلىرىمۇ ئۆزگىچە بىلىندى. بۇ يەردە

نه قەدەھ سۆزى، نـه ئـۆرە تۇرۇپ رومكـا ئـۇرۇشتۇرۇشـلار، نـه ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇلۇپ تۇرىدىغان خىلمۇخىل مەززىلىك قورۇما (سەي)، يېمەكلىكلەر، نه ھەر خىل شىشە ـ رومكىلار يوق، ھەممىلا غىزا ئۈستەلگە تىزىلغان: چوڭ ـ چوڭ لېگەنلەردە ئىسسىق پولۇ، ھەربىر لېگەندە پولۇ ئۈستىدە پۈتۈن پېتى قويۇلغان تونۇر كاۋىپى (پاقلان)، قوشۇمچە ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە، يېمەكلىكلەر ۋە قەھۋە، مۇزدەك سۇ ...

بىز تەكەللۇپسىز، ئەركىن ـ ئازادە، خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدىكىدەك غىزالاندۇق. غىزادىن كېيىن ئىختىيارىيچە تارقالدۇق.

پادىشاھ ھۇزۇرىدا بولغان تۆت ـ بەش سائەت ۋاقىت ئىچىدە، نه داغدۇغىلىق چاۋاكلار، نه ھېسسىياتلىق ناخشا ـ مۇزىكا، نه سۇرلۇك ـ داغدۇغىلىق ئامانلىق ساقلاش كۆرۈنمىدى. ھەممىلا ئىش تولىمۇ ئاددىي، تەبىئىي ۋە قىزغىن بېجىرىلدى. مەن قوبۇلدىن كېيىن بىر ئەرەبىستان پۇقراسىنىڭكىگە مېھمانغا بارغاندەك، ساھىبخانا تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتىن رازى بولۇپ قايتقاندەك تەبىئىي، يەڭگىل ۋە يېقىملىق ھېسسىيات بىلەن ياتاقىمغا قايتىپ كەلدىم.

— مۇسۇلمان پادىشاھلىرى تولىمۇ سۇرلۇك، تەكەببۇر بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. پادىشاھ فەھەد جانابلىرى ماڭا مۇنداق تەسىرات قالدۇرمىدىغۇ؟

— مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرى ئۆزىنىڭ قىرىق سەككىز ئوغلىغا باي بىر دۆلەت قۇرۇپ بەردى. بۇ دۆلەتنى ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتە يالغۇز بايلىقنىلا تاپشۇرۇپ بېرىپ قالماي، ئۆزىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇش، ئىسلامغا، دۆلەتكە، خەلققە سادىق بولۇشتەك ياخشى خىسلەتلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ بەرگەن. باللىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە سادىق. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قايسى ئوغلىنىڭ يېشى چوڭ بولسا، شۇ ئوغۇل پادىشاھ بولىدۇ، كىم پادىشاھ بولسا، قالغان ئو-

غۇللار ئۇنى قەتئىي ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇ-
نىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرى
1953 - يىلى ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ ئوغۇللى-
رىدىن سەئۇد، فەيسال، خالىت قاتارلىقلار ۋاپات بولدى. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى: «بىز ئىككى ھەرەمنىڭ خادىمى» دەپ
ئاتىدى. ھازىرغىچە خان جەمەتىنىڭ ھەممىلا ئەزالىرى ھۆكۈمەت
بەرگەن ئايلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. خەزىنىدىن خالىغىنىچە
پايدىلىنىش، خەلقتىن زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن بايلىق يۇ-
لۇۋېلىش بۇ يەردە يوق. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دۆلەت قانۇ-
نىدا: ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ خان جەمەتى ئۈستىدىن ئەرز -
شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بار، دەپ بېكىتىلگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پۇقراسى مۇھەممەد قاسىم ئەمىن
بۇخارى مېنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى توغرىسىدىكى
سوئالىمغا يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەردى.

مەن بۇ پادىشاھلارغا قىزىقىپ قالدىم، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز
بۇ دۆلەتتە يېقىنقى ئاتمىش - يەتمىش يىل ئىچىدىلا ئاجايىپ
زور ئۆزگىرىش بولغانكى، بۇ ئۆزگىرىشنى ياۋروپادىكى ئىلغار
سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ ياكى ئامېرىكىدەك، ياپونىيەدەك سانائەت
تەرەققىياتى تېز بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىككى يۈز يىللىق تەرەق-
قىياتىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. بەزىلەر: «ئەرەبلەر نېفىت بىلەن
ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. نېفىتى تۈگىسىلا ئۇ دۆلەتلەر تۈگەيدۇ» دېيىد-
شىدۇ. يەنە بەزىلەر: «ئەرەبلەردە پۇل جىق، لېكىن ئۇلار ئىلىم -
پەن، سانائەتتە يەنىلا قالاق» دېيىشىدۇ. مەن ئىگىلىگەن
ئەھۋاللار بۇ گەپلەرنىڭ خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلايدۇ. ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى: دۆلەت ئىقتىسادى
تەرەققىي قىلغان، ئالىي مائارىپ تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇر-
مۇشى يۇكسەك دەرىجىدە ياخشىلانغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق، بولۇپمۇ، يەرلىك سانائەت بىلەن سودا - سېتىق ياۋروپا
ئوتتۇرا بازىرىغا قاتناشقان دۆلەتلەردىن ئۈستۈن دېگۈدەك يۇك-

سەلگەن. شەھەرلىرى، يوللىرى، قاتناش، ھەربىي ئىشلىرى يۇ-قىرى دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان بىر دۆلەت. بۇ دۆلەتنىڭ پۇلى، بايلىقى بولۇپلا قالماي، يەنە مۇكەممەل دۆلەت قانۇنى، ئۆزىگە خاس دېموكراتىيەسى، خېلى قاتتىق تۈزۈم - تەرتىپلىرى بار.

مەن بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بىلىشكە قىزىق-تىم. بۇ دۆلەتنىڭ قايتا قۇرغۇچىسى بولغان مەلىك ئابدۇلئەزىز بىن ئابدۇراخمان سەئۇد (الملك عبدالزيز بن عبدالرحمن السعود) خۇددى مۇھەممەد پەيغەمبەردەك ساۋاتسىز ئادەم تۇرۇق-لۇق، بۇ ئەمەۋىلەرنىڭ ئاخىرقى ئادىل پادشاھى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز 719 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا بىرنەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپ، پارچىلىنىپ ئابباسىيلار، ئوسمان-لىلار تەرىپىدىن ئۇزاق يىللار مۇستەملىكە قىلىنىپ خارابلاشقان دۆلەتنى قانداق بىرلىككە كەلتۈرۈپ گۈللەندۈرەلىدى؟

مەن مۇشۇ مەسىلىدە ئىزدەندىم. بىلەرمەنلەرگە مۇراجىئەت قىلدىم ۋە ئانچە - مۇنچە بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالدىم. مېنى بۇ ئىشتا بىلىم ۋە ساۋاتقا ئىگە قىلىشتا زېرىكمەي ياردەم قىلغان ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد قاسىم ئەمىن بۇخارى ئاكىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

## سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قايتا تىرىلىش ۋە گۈللىنىشتە بېسىپ ئۆتكەن يولى

ھەرقانداق بىر مەملىكەت زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئار-قىلىق تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزى بىلەن ماڭغان پادشاھ ۋە دۆلەت باشلىقلىرى دۆلىتىدە ھېچقانداق زور ئۆزگىرىش قىلالمايدۇ ۋە تېزلا سەھنىدىن غۇلاپ چۈشىدۇ.

مانا بۇ تارىخ بىزگە ئۆگەتكەن ھەقىقەت.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تىرىلىش ۋە گۈللىنىش تارىخىمۇ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق يارىتىلغان. بۇ زور

ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرى ئەلۋەتتە مۇناسىپ ھالدا مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرىغا مەنسۇپ. مەلىك ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ قىرىق نەپەر باتۇرلىرى بىلەن كۇۋەيتتىن 1901 - يىلى رىياز ھاكىمىنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بۇ دۆلەت قانداق ئىدى؟ مەلىك ئابدۇلئەزىز زادى كىم؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلدى؟

گەپنى بىرىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن باشلايلى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەرەب يېرىم ئارىلى دەرياسىز، كۆلسىز، قىشۇ ياز ھاۋا ھۇپۇلدەپ ئىسسىپ كۆيىدىغان، تاش ۋە قۇملۇق يېرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بىر جاي. ئىسلام دىنى مانا مۇشۇنداق قۇرغاق، خەلقى نامرات بىر جايدا پەيدا بولغان. ئىجتىمائىيەتتە بۇ يېرىم ئارالدا زوراۋانلىق، قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن، 621 - يىلى پەيغەمبەرلىك ۋەھىي كەلگەن. 622 - يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەن، مانا بۇ يىل ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلدىن باشلاپ ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يۈز يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش، بۇ دىن ئارقىلىق چېچىلاڭغۇ تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن ئۆتتى. ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى بىر زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىدى. بۇ دىن ئۆز ۋاقتىدا زوراۋانلىقنى چەكلەش، باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىش، ئىنساب - دىيانەتنى قاباھەت ئورنىغا دەسسىتىش جەھەتلەردە زور رول ئوينىغان، بۇ دىن بىلەن پۈتۈن ئەرەب دۇنياسى جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا قوزغالغان ۋە بۇ دىنىنىڭ ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تەشەببۇسلىرىنى تارقىتىش، رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنالىغانىدى.

«ئىنناللاھە، لاغەييىرۇبىقاۋمىن، ھەتتا يوغەييىرۇ مابىئەن فۇسىھىن» (مەنىسى: بىر قوۋم (مىللەت) ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى ئۆزى قوزغىلىپ ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاتائالا ئۇ ئەيىبلەرنى

ئۆزگەرتمەيدۇ) دېگەن قۇرئان كەلىمەسى شۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ ئۆز شارائىتىنى، ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىدىكى شوئارى بولۇپ قالغاندى.

ئەمەۋىلەرنىڭ ئادىل پادىشاھى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز 719 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى بىلەن پەيدا بولغان تەرەققىيات توختاپ، ئەرەبلەر ھەممىلا جەھەتتە كەينىگە چېكىندى. ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ، ئەزگۈچىلەر ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئەمرىمەرۇپ، قائىدە ـ قانۇنلار پەيدا بولدى. ئادەملەر خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكۈپ پېتىپ مازارلارغا، پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىگە نەزىر ـ چىراغ قىلىپ سىغىندى. سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا ئىشىنىپ بۇ دۇنيادىن تەركىدۇنيا بولدى. نامراتلىق، بېقىندىلىق، ئۆزئارا قىرىش ـ چېپىشلارنىمۇ ئىسلام ئەقىدىلىرى ئېچىگە كىرگۈزۈۋېلىشتى. ئومۇمەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قاتتىق كەمبەغەللىك، مەنىۋى جەھەتتىكى ئۈمىدسىزلىك شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي بوھراننىڭ ماھىيىتى بولۇپ قالغاندى.

730 ـ يىلدىن كېيىن ئەمەۋىلەر پارچىلاندى. ئابباسىيلار (ھازىرقى ئىراق) ئابومۇسلىم خوراساننىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزدى. لېكىن، بۇ ھاكىمىيەت پۈتۈن سەككىز يۈز يىللىق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىش، باش ـ ئاخىرى يوق سوقۇشلار بىلەن خەلقنى قان تۆكۈش، بالايىئاپەتكە ئۆزىنى ئېتىشقىلا مەجبۇرلىغاندىن سىرت، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ھېچقانداق يېڭىلىق يارىتالمىدى. خەلق پالما يوپۇرماقلىرى بىلەن يېپىلغان، ئۆتمۈشتىكى ئۆيلەردە داق يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇ دۇنياغا بېغىشلاپ ئاچ ـ زېرىنلىق بىلەن ياشاۋەردى. ئاباسىيلار ئورنىنى ئوسمانلى ھاكىمىيىتى ئىگىلىگەندىن كېيىنمۇ، ئەرەب يېرىم ئارى-

لىدا ھېچقانداق يېڭىلىق بولمىدى. ھەتتا ياۋروپادا پەيدا بولغان
پار ماشىنىسى، ئىشچىلار سىنىپى، كاپىتالىزم قاتارلىق زور
ئۆزگىرىشلەرمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى.
بۇ ئارالدا نە ئوت كۈچى بىلەن ماڭىدىغان بىرەر زاۋۇت، نە ئې-
لېكتىر، نە ئىستانوك، نە دۇنگاتېل، نە شامال تۈگمىنى پەيدا
بولمىدى. ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەت، خىمىيە ئىلىم-
لىرىگە بۇرۇنلا ئاساس سالغان ئەرەبلەر دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆز-
گىرىشلەردىن بىخەۋەر ھالدا 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردىكى تۇر-
مۇش شەكلى بىلەن ياشاۋەردى.

ئەرەب دۇنياسىدىكى نادانلىق، قالاقلىق، نامراتلىق تاكى
مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە داۋاملاشتى. بۇ خىل ئۇزاققا سو-
زۇلغان ئىجتىمائىي ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئەرەبلەرنىڭ باتۇر
ئوغلى مەلىك ئابدۇلئەزىز بىرىنچى بولۇپ بەل باغلىدى.

مەلىك ئابدۇلئەزىز 1885 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى
رىياز شەھىرىدە قەدىمكى رىيازخان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. بۇ خاندانلىق ئابدۇلئەزىزنىڭ بەشىنچى بوۋىسى سە-
ئۇدنىڭ نامى بىلەن سەئۇد خانلىقى دەپ ئاتالغان. بۇ خاندانلىق
18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ھال بىر ھاكىمىيەت قۇرغان.
بۇ ھاكىمىيەتنىڭ دىيانەت ئىشلىرىغا شۇ چاغنىڭ ئىسلاھاتچى-
سى مۇھەممەد بىن ئابدۇل ۋاھاب دېگەن كىشى باشچىلىق قىل-
غان. بۇ كىشى ئىسلام دىنىغا يېپىشقان بارلىق ناچار نەرسى-
لەرگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان ۋە ئەرەبلەرنىڭ مەنىۋى
ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىسلاھات بايرى-
قىنى دادىللىق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ چىققان. مۇھەممەد بىن
ئابدۇل ۋاھاب (1803 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1891 ـ يىلى ۋاپات
بولغان) رىياز شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھويەينا دېگەن
يەردە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇل ۋاھاب شۇ يەرنىڭ قازى-
سى ئىدى. مۇھەممەد ئاتىسىنىڭ قولىدا، كېيىن مەدىنە شەھى-
رىدە ئوقۇپ يېتىلگەن. ئۇ ياش چاغلىرىدىلا ئىسلام دىنىغا يات

بولغان خوراپاتلارنى تەنقىد قىلىشقا پېتىنالىغان. ئۇ چاغدا مەدىنىدە قەبرىلەرگە، دەرەخلەرگە چوقۇنۇش، خۇدادىن باشقىغا نەزىر - چىراغ قىلىش، ئۆلىمالارنىڭ نامىغا سىغىنىش ئەۋج ئالغان. ۋاھاب بىرىنچى بولۇپ بۇ نەرسىلەرنى تەنقىد قىلغان، ھەتتا پەيغەمبەر قەبرىسىگە چوقۇنۇشنى توسقان. ئەرەبلەرنى خوراپاتلىقنى توگىتىپ يېڭىلىققا، ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىشكە تەشەببۇس قىلغان. لېكىن، ئۇ كۈچ ئېلىشالماي، بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىراققا بېرىپ يەنە ئوقۇغان. ئىراقتىمۇ خوراپىي كۈچلەر بىلەن توختىماي ئېلىشقانلىقى ئۈچۈن ئىراقتىن قوغلانغان. ئۇ دەھنە چۆلى بىلەن يالاڭ ئاياغ، يالاڭباش، ئاچ - زېرىن ھالدا پىيادە مېڭىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقان ۋە دېرىئىيە دېگەن جايدا بىر كىچىك ھاكىمىيەتكە سىغىنغان. بۇ ھاكىمىيەتمۇ سەئۇدى ھاكىمىيىتىگە قارايتتى. ئۇ شۇ جايغا ئازراق سىڭگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ تىنچ تۇرمىغان ئۇ خەلقنى قايمۇقتۇرغۇچى مازار - ماشايىخلارنى چېقىپ، قېرى دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىغان. بۇنىڭ بىلەن خوراپىي كۈچلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ، بۇ كۈچ ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. كىچىك ھاكىمىيەت ئۇنى قوغداپ قالالمىغان. لېكىن، ھۆكۈم ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلەر ئۇنى چۆلگە ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈش ئورنىغا، ئىلىمىنى ھۆرمەت قىلىپ قويۇۋەتكەن. جاڭگالدا ئۇ ئاچارچىلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كەلگەندە، ئۇنى بىر سەھرالىق يولۇچى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. ئۇ ھوشىغا كېلىپ يەنە بىر ھاكىمىيەتكە سىغىنغان. ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ پادىشاھى مۇھەممەد بىن سەھۇد ئەلكەبىر دېگەن ئادەم ئۇنى ھاكىمىيىتىنىڭ دىن، دىيانەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تەكلىپ قىلغان، ئىسلاھاتچى ۋاھاب بۇ ھاكىمىيەتتە خوراپاتلىققا قارشى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ ھاكىمىيەت بۇنىڭ بىلەن جانلانغان، روناق تاپقان. رىياز، ئەھسا ئۆلكىلىرىمۇ بۇ ھاكىمىيەتكە قوشۇلغان. مۇھەممەد بىن ئابدۇل ۋاھاب بۇ سەئۇدى ھاكىمىيە-

تىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ 1891 ـ يىلى ۋاپات بولغان. مەلىك ئابدۇلئەزىز مانا شۇ ئىسلاھاتچى ياشىغان دۆلەتنىڭ بىر كىچىك شەھىرىگە ھاكىملىق قىلغۇچى ئابدۇراخمان سەئۇدنىڭ ئائىلىسىدە 1885 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئابدۇل ۋاھاب ۋاپات بولغاندا ئالتە ياشلىق گۆدەك بالا بولغىنى بىلەن تولىمۇ ھوشيار، ئەقىللىك بالا بولغانلىقى ئۈچۈن كىچىكىدىنلا مۇھەممەد بىن ئابدۇل ۋاھابنىڭ ئەقىدىسىنى تاللىۋالغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئىسلاھات روھى، قەيسەرلىك خىسلىتى بىلەن تەسىرلەنگەن.

شۇ چاغدا ئوسمانلىلارغا بېقىنغۇچى ئىبنى رەشىد ئائىلىسىدىكى ھاكىمىيەت كۈچىيىپ، سەئۇد ئائىلىسىنى رىيازدىن قوغلىۋەتتى. سەئۇد ئائىلىسى كۇۋەيتتە باشپاناھلىق ئىزدىگەن. ئۇ چاغدا كۇۋەيتتە تەلىم ـ تەربىيە يوق، ئۇلار ئاڭسىز ياشىماقتا ئىدى. ئابدۇلئەزىز ساۋاتسىز قالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئېڭىدىكى ھاكىمىيەت، قىساس، ئىسلاھات ئۈچۈن پەيدا بولغان ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇر يېشى چوڭايغانسېرى ئۆسۈۋەردى. ئۇ ئاخىر مۇھەممەد بىن ئابدۇل ۋاھابنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق، خۇددى ئۇنىڭدەك ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن جاندىن كېچىپ كۈرەش قىلالايدىغان يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئون سەككىز يېشىدا ئۆيلەندى. بىرنەچچە كىشى بىلەن رىيازغا كەلدى. سەلق توقۇنۇشىدا ئىبنى رەشىد غالىب بولۇپ، ئابدۇلئەزىز يەنە كۇۋەيتكە قېچىپ كەلدى ۋە رىيازنىڭ ئەھۋالى بىلەن ياخشى تونۇشۇپ، تەييارلىق كۆرۈپ، 1901 ـ يىلى قىرىق كىشى بىلەن رىيازغا قاراپ ئاتلاندى ...

ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ قېتىمقى قەھرىمانلىقى توغرىسىدا مەن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. خۇددى كىنولاردىكى توقۇلمىلاردەك كىشىگە تەسىر قىلىدىغان بۇ ۋەقەلەردىن پەقەت بىرىنىلا ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلماقچىمەن:

تىنچىق تۈن، ئابدۇلئەزىز رىيازغا يېقىن جايدىكى قارا

تاشلىق تاغ يېنىدا ئۆزىنىڭ قىرىق نەپەر باتۇر يىگىتى بىلەن توختىدى. ئۇ يىگىتلەردىن ئۇچلا يىگىتنى يېنىغا ئالدى ـ دە، قالغانلىرىغا:

— تۆت سائەتكىچە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانمىسا بىزنى ھالاك بولدى دەپ ھېسابلاڭلار ۋە كۇۋەيتكە قايتىپ كېتىڭلار. ئەمما، مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئوردىغا بېسىپ كىرىڭلار، — دەپ جېكىدى.

يىگىرمە ئىككى ياشلىق باتۇر يىگىت ئابدۇلئەزىز ئۆز يىگىتلىرى بىلەن تاڭ ئالدىدا ئوردىغا كىردى ۋە بارلىق مۇھاپىزەتچىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆلتۈردى. تاتلىق ئۇيقۇدىكى رىياز ھاكىمى ئىبنى ئەجلاننى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ساقلاپ تۇرغان يىگىتلىرىگە مۇددەتتىن بۇرۇن بەلگە بەردى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئوردىنى ئىگىلىدى. ناماز بامداتنى ئوردىدا ئوقۇپ ئۆزى خانچە كىيىندى ۋە پۈتۈن رىيازغا: «يۇرت ھاكىمىيىتى خۇدا يولىدا ئابدۇلئەزىزنىڭ!» دەپ جاكارلىدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1319 ـ يىلى روزى ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىگە توغرا كېلىدۇ ... ئۇ چاغدىكى رىياز بەش كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى ئۆيلىرى پالما يوپۇرمىقى، قاڭالتىرلار بىلەن يېپىلغان، كوچىلىرىدا قۇم ئۇچۇپ تۇرىدىغان كىچىك شەھەر ئىدى. مەلىك ئابدۇلئەزىز ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، 1925 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ شەھەر تۆت يۈز ئەللىك مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق چوڭ شەھەرگە ئايلاندى. مەلىك ئابدۇلئەزىز ھاكىمىيىتىگە تەۋە ئاھالە سانىمۇ ئىككى مىليوندىن ئېشىپ ئەللىك يەتتە شەھەر، قىشلاق ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى بوران ـ چاپقۇندىن ساقلاپ قالالىدى. بۇ چاغدا دۇنيادا، ئەرەب زېمىنىدا نېمىلەر بولمىدى؟ 1909 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوسمانلىلاردىن بولغان خەلىپە ئابدۇلئەھەدنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، رۇسىيە كېسەل خەلىپە دەپ ئاتاشتى ۋە ئۇنى

ئىستانبۇلدىن ھەيدىدى. 1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. 1917 ـ يىلى چاررۇسىيە ئاغدۇرۇلدى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولدى. 1922 ـ يىلى بۇخارا خانلىقى يىقىلدى، ياۋروپا، ئاسىيادا زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن، مەلىك ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ ئوقۇمىغانلىقىغا قارىماي، دۇنيادىكى زور ۋەقەلەردىن ئۆزىگە پايدىلىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ دۆلەتنى كۈچەيتىش، خەلقنى باي قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۈزۈكسىز ئىزدىدى. دۆلەتنى قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ بىرىنچى شەرتى — باشقىلارنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مەلىك ئابدۇلئەزىز ئەرەبلەرنى ئوسمانلىلارنىڭ ئاسارىتىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان شەرىپ فايسال ناملىق زاتنىڭ قوماندانلىقىدىكى مىللىي ھەرىكەتنى قوللىدى. لېكىن، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىككى مۇھىم شەھىرى بولغان ئىككى ھەرەم جايلاشقان مەككە بىلەن مەدىنە شەرىپ فايسال خانلىقىدىن بولغان شەرىپ ھۈسەن ناملىق ئادەمنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەت ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يۈرگۈزمەكچى بولغان زور ئىسلاھاتلىرىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىدى. مانا بۇ چاغدا، مەلىك ئابدۇلئەزىز يىراقنى كۆرەر، پاراسەتلىك رەھبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى: يەنى ھەربىي يول بىلەن ئىككى ھەرەمنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي قابىلىيەتتە شۇ چاغدىكى ئوسمانلى مۇشاۋىرلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ھەربىي يۈرۈشلەردە كۆپ ئادەم ئۆلدى. لېكىن، مەلىك ئابدۇلئەزىز يېتىشكەن زىيالىيلار، قازى ـ مۆپتىلارنىڭ ئورۇنلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا ساقلاپ قالدى. مەككە

مۇكەررەمدە تۇنجى قېتىم ئىسلام ئەنئەنىسىگە باغلىق بولغان خانىدانلىقلار مەجلىسى چاقىردى ۋە ئەرەب دۇنياسىدا تۇنجى دېموكراتىيە ئاۋازىنى جاراڭلىتىپ: «مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە، مەلىك ئابدۇلئەزىزگە بىۋاسىتە پىكىر بېرىش ئەركىنلىكى بار!» دەپ جاكارلىدى ۋە ئۆزى خەلق ئارىسىدىكى بىر ئاددىي قورۇدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇ ئاخشاملىرى كوچىلاردا يۈرۈپ خەلق بىلەن ئۇچراشتى، پىكىرلەشتى. پادىشاھنىڭ ئولتۇراقلاشقان بۇ جايى ھازىرمۇ قارارە (مەركەز مەككە) دەپ ئاتىلىدۇ (بۇ جاي كەبىنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىكتە). مەلىك ئابدۇلئەزىز قۇرغان مىللەت ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا. ئەرەب تارىخىدىكى بۇ تۇنجى دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى مەككە شەھىرى ئىدى.

ئىسلام مىللەتلىرى مۇھەممەد بىن ئابدۇل ۋاھابنىڭ توغرا ئەقىدىسىنى چۈشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇچۇن ئىسلام دۇنياسىدا توسقۇنلۇق زور ئىدى. ئىككى ھەرەمنى قانداق ئىدارە قىلىش، ھاجىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، پۈتۈن دۇنيا ئىسلام ئەللىرى ۋە مىللەتلىرى بىلەن قانداق ئالاقىلىشىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەردە دۇنيا مىقياسىدا سۆھبەتلىشىش مەقسىتى بىلەن مەلىك ئابدۇلئەزىز 1926 ـ يىلى ھەج مەزگىلىدە تارىختا تۇنجى قېتىم دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايغا ئالتە يۈزدىن ئوشۇق دۇنيا ئىسلام ۋەكىللىرى، ئۆلىمالىرى قاتناشتى. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى مۇسا جارۇللا ئەپەندى ھەم قۇرۇلتايغا قاتناشقان. ئۇ كىشى خوتەنلىك زىيالىي قاسىمجان ھاجىم بىلەن مەككىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. قاسىمجان ھاجىم ئانىسى ۋە ھەمشىرىلىرىنى ئېلىپ ھەج قىلغىلى كەلگەنىكەن. ئۇلار 1918 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تونۇشقانىكەن. مۇسا جارۇللا قاسىمجان ھاجىمنىڭ بىلىمگە قاراپ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ تونۇپ، بۇ زاتنى مەلىك ئابدۇلئەزىزگە تونۇشتۇرىدۇ. قاسىمجان ھاجىم

ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ.
قۇرۇلتايدا مەلىك ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەل-گۈسىدىكى ئومۇمىي سىياسىتىنى ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇ-رۇپ بىلگەن، ھېس قىلغانلىرىنى ئىسلام ئالىملىرى بىلەن ۋە-كىللەرگە سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆز سۆزىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىن كېلىدىغان ھاجىلارنىڭ خىزمە-تىنى كۈچۈلدىكىدەك ئىشلىشىگە كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ يەنە مۇھەممەد بىن ئابدۇل ۋاھاب ئەقىدىسىنى شەرھلەپ: «بۇ بىر مەزھەپ ئەمەس، ئۇ كىشى مەزھەپچى ئە-مەس، ئۇ كىشى ئىسلام دىنىغا يېپىشقان ھەر خىل خۇراپات-لىقلارنى تۈگىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئېتىقادىدا توغرا بىر نىشانغا رەھبەرلىك قىلغۇچى !» دەپ چۈشەندۈردى.
ئۇ باي - پۇلدارلارنى تەلىم - تەربىيە ئورگانلىرىغا پۇل ھەدى-يە قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن باش تارتقانلارنى مەكتەپ قۇ-رۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە پۇل قەرز بېرىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ-نىڭ بىلەن 1927 - يىلى بىر مىليون ئۈچ يۈز مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىندا يۈزدىن ئارتۇق يېڭى باشلانغۇچ مەك-تەپ تەسىس قىلىندى.
تارىختىن بېرى ئىككى ھەرەمدە تۆت ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىككىسىنى ھىن-دىستان بايلىرىدىن سەۋلەتيە دېگەن ئايال قۇرغان، قالغان ئىك-كىسىنى زەينال ئائىلىسى قۇرغانىدى. ئۇ چاغدا ھىجازدىكى ئۈچ مىليون نوپۇس ساۋاتسىز ئىدى. گەرچە ئىككى ھەرەم ھا-جىلارنىڭ كېلىپ - كېتىشى بىلەن بىرئاز ئۆزىنى تەمىنلىيە-لەيدىغان بولسىمۇ، باشقا جايلاردىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھا-لىتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 1909 - يىلىدىن بۇرۇن، ئوسمان-لىلار ھاكىمىيىتى يۇرتنىڭ داخىلىق ئىگىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت خادىملىرىغا، ھالى خاراب نامراتلارغا ئاز - تولا پۇل ياردەم قىلاتتى. لېكىن، بۇ يېتىشمەيتتى. نامراتلىق سەۋەبىدىن يۇرتتا

چىرىكلىشىش، قاباھەت كۆچەيگەن: بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، پارىخورلۇققا ئوخشاش جىنايى قىلمىشلار نۇرغۇن ئىدى. مەلىك ئابدۇلئەزىز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىمۇ ئىقتىساد ئۈنچىلىك تېز راۋاجلانمىغان بولسىمۇ، پادىشاھ دېموكراتىك سىياسەت قوللىنىپ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئۇ ھۆكۈمەت نامىدا بايلاردىن قەرز ئېلىپ تۇرۇپ، بۇ پۇلنى جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلەتتى. لېكىن، بۇ ۋاقىتلىق چارە ئىدى.

مەلىك ئابدۇلئەزىز خەلقنى نامراتلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، مەملىكەتنىڭ شەرقىدىن بېترۇن (نېفىت) تېپىلدى. 1938 - يىلىغا قەدەر، ئىشلەپچىقىرىش (نېفىت ئېلىش) چەت ئەل شىركەتلىرىدىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. 1939 - يىلى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ چەت ئەل شىركەتلىرى چېكىندى. 1946 - يىلىدىن باشلاپ قايتىدىن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى، لېكىن نېفىت كىرىمىنىڭ يەتمىش بەش پىرسەنتى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ، يىگىرمە بەش پىرسەنتى سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ھېسابىغا بولدى.

مەلىك ئابدۇلئەزىز ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلمىسا ئۈزۈل - كېسىل قەد كۆتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، نېفىتتىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ مائارىپنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى. تۆت يىلدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، دارىلمۇئەللىمىن ۋە كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ سانى تۆت مىڭ ئالتە يۈزگە يەتتى، 1950 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى ئوقۇغۇچىلىرى ئالتە يۈز مىڭدىن ئاشتى. شۇ يىلدىن باشلاپ ھۆكۈمەت زامانىۋى ئىلىم - پەن تەربىيەسى ئۈچۈن چەت ئەلدىن مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى. 1980 - يىلىغا كەلگەندە بىرلا مىسىردىن كىرگەن مۇئەللىم-

لەر سانى يەتمىش مىڭغا يەتكەن. ئىيوردانىيە، سۇرىيە، لىۋان، ئىراقلاردىنمۇ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار كىردى، 1950 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە سىرتتىن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ مۇئەللىم كېلىپ، تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللاندى.

ئەرەب زېمىنىدا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر خىل خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچ-ىرىدى. لېكىن، مەلىك ئابدۇلئەزىز: «فەئىلەم ئەننەھۇ، لائىلاھە ئىللاھۇ» (ئاۋۋال ئىلىم ئال، ئاندىن ئىمان ئېيت) دېگەن كە-لىمە، «ئوۋ ئىتلىرىغىمۇ ئىلىم ئۆگەت» دېگەن ھەدىسلەرنىڭ كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە قارشى ئەمەسلى-كىنى ئىسپاتلاپ، ئومۇمىي خەلقنى نادانلىق، ئاڭسىزلىققا قار-شى كۈرەشكە دادىل يېتەكلەپ، توسقۇنلۇقلارنى ئۆزۈكسىز يەڭ-دى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن، قىزلار تەلىم ـ تەربىيەسى كېچىكتى، 1961 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئومۇمىي يۇرت بويىچە قىزلار تەلىم ـ تەربىيەسى يولغا قويۇلدى. ھازىر ھەر خىل بى-لىم يۇرتلىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىككى مىليوندىن ئار-تۇق ئوغۇل ـ قىزلىرى ئوقۇماقتا. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر مىليونى ئەرەب قىزلىرىدۇر. ھەر خىل قىزلار مەكتەپلىرىدە بۈگۈن ئون پەتتە مىڭ ئايال ئوقۇتقۇچى قىزلارغا دەرس ئۆت-مەكتە. بۇ ئاياللارنىڭ تۆت مىڭدىن كۆپى ماگىستىرلىق ئۇنىۋا-نىغا، ئۈچ يۈز يەتمىش نەپىرى دوكتورلۇق ئۇنىۋانىغا ئېرىشتى. قىزلار تەلىم ـ تەربىيە باش ئىدارىلىرىنى ئاشۇ ئاياللار باشقۇ-رىدۇ. ھازىر چەت ئەللەردە ئون بەش مىڭ قىز ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى بار.

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ـــ ئەرەب مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈ-رۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن سەئۇدى پادىشاھى 1960 ـ يىلى دۆلەتتە «مەلىك سەئۇد» ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇر-دى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتې-

تى قۇرۇلدى. مەملىكەتنىڭ شەرقىدە نېفىت ۋە يەر ئاستى بايلىقلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى، 1986 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ نامى «مەلىك فەھەد ئۇنىۋېرسىتېتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا يەتتە ئۇنىۋېرسىتېت بار، ئۇنىڭدىن سىرت، چەت ئەللەردە (سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگودىن باشقا) يۈز مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى ئوقۇماقتا، يالغۇز ئامېرىكىدىلا يەتمىش مىڭ ئەرەب ئوغۇل - قىزلىرى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ھەر خىل فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇماقتا.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا كەسپىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ئاتمىش مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلار ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن خىزمەتكە كىرىدۇ، خىزمەت قىلىشنى خالىمىسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كەسپىي تېخنىكوم ئېچىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت يۈز مىڭ رىيال قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ قەرز يىگىرمە بەش يىلدا تۆلىنىدۇ. شۇ قەرەلىدە تۆلىسە قەرزنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

بۈگۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مائارىپ تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۆلەت خەلقى يارامliq مىللەت بولۇپ يېتىشىپ، دۇنيادىكى ئىلگىرىلىگەن مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا.

مەلىك ئابدۇلئەزىزنىڭ قىرىق سەككىز نەپەر ئوغلىمۇ يۇقىرى ئىلىم - پەن بىلەن تەربىيەلەنگەن، ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئاجايىپ ئىتتىپاق، بىر - بىرىگە ئىنائەتمەن بولۇپ، ئاتا ۋەسىيىتى بويىچە دۆلەتنى باشقۇرماقتا.

مەلىك ئابدۇلئەزىز ئەللىك ئۈچ يىل ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بايلىقى، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى، مىللەتنىڭ ساپاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، 1953 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق

يارىتىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسى ئورۇنلاشقا ئۈلگۈ-
رەلمىگەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئورۇنلىدى ۋە ئورۇنلىماقتا. ئا-
تىسىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان سەئۇد، فايسال، خالىت،
فەھەد قاتارلىق ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى سادىقلىق بىـ-
لەن داۋاملاشتۇردى. 1901 - يىلىدىن ھازىرغىچە سەكسەن يەت-
تە يىل بولدى، سەكسەن يەتتە يىل ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى
قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ، ئۆز - ئۆزىگە خوجا، كۈچلۈك، 20 -
ئەسىرگە لايىقلاشقان بىر دۆلەتكە ئايلىنالىدى. مۇقىملاشتۇرۇش-
قا بولىدۇكى، بۇ ئۇلۇغ تۆھپە ئەرەب خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغ-
لى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۆجىزە ياراتقان قەيسەر ئىسلاھاتچى
مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرىغا مەنسۇپ.

## نېفىت ۋە ئۇنىڭ باشقا ساھەلەرگە تەسىرى

بىز جىددە شەھىرىدىن مەككىگە، مەككىدىن مەدىنەگە ما-
شىنا بىلەن ماڭدۇق، جىددەدىكى ئابدۇلئەزىز ئايرودۇرۇمىدا
بولدۇق. بىزگە يول باشلىغۇچى ماختىنىپ:

— بۇنداق ھاۋالەن (ئايرودۇرۇم دېمەكچى) دۇنيادا يوق،
كۆردۇڭلارمۇ، ھېلىدىن - ھېلىغا سەييارە (ئايروپىلان) ئۇچۇپ
تۇرىدۇ، سوتكىسىغا مىڭ سەييارە ئۇچىدۇ. بۇنداق كارامەت نەدە
بار؟ — دېدى. ئۇ سەئۇدىلىك ئۇيغۇر، لېكىن، ئۇ ئەرەب دۇنيا-
سىغا مەنسۇپ، ئۇ ئاشۇرۇپ سۆزلىدى. لېكىن، مەن ئىگىلىگەن
ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستاندا قاتناش تولىمۇ تە-
رەققىي قىلغان. جىددە ئايرودۇرۇمى ئۈچكە بۆلۈنگەن (خەلقئارا،
ھاجىلار، سەئۇدىنىڭ) ھەر ئىككى - ئۈچ مىنۇتتا بىر ئايرو-
پىلان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقى راست، مەملىكەتنى ھەر ياققا
كېسىپ ئۆتكەن سەكسەن مىڭ كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۈرئەت-
لىك زامانىۋى يوللار، ئۆتۈشمە كۆۋرۈك، ماي قاچىلاش پونكىت-
لىرى، چۆللەرنى كېچە - كېچىلەپ يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئېلېك-

تىر چىراغلىرى، جىددە پورتىدىكى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارالايدىغان پاراخوتلار ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دۆلەت-نىڭ بۇگۈنكى كۈنىگە مەنسۇپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەخسلەرنىڭ ماشىنا بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا دېيىشكە بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانى نېمە بىلەن بېيىدى؟ تەبىئىيكى نې-فىت بىلەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىككى مىليون تۆت يۈز مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر. ئۇ پاكىستان زې-مىنىدىن ئۈچ ھەسسە، ئافغانىستان زېمىنىدىن تۆت ھەسسىدەك چوڭ، بۇ كەڭرى زېمىنىنىڭ يەر بېتى قۇرغاق، تاشلىق، قۇملۇق بولغىنى بىلەن، يەر ئاستى بايلىقى ناھايىتى مول. بولۇپمۇ نې-فىت زاپىسى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېڭىز قاتنىشى راۋان بولغاچقا، ئىمپورت قىلىشقا ئەپلىك. مانا بۇ سەئۇدى ئە-رەبىستانىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تېزلا بېيىپ كې-تىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى.

سەئۇدىدا نېفىت ئېچىش ئىشى 1933 - يىلى مەلىك ئاب-دۇلئەزىزنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن باشلانغان. شۇ يىلى ئامېرىكا نېفىت شىركەتلىرى بىرلىشىپ قۇرغان «ئارامكو» ناملىق چوڭ شىركەت بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. كېلىشىم ئوتتۇز يىللىق مۇددەت بىلەن تۈزۈلگەن. «ئارامكو» يەتمىش پىرسەنتىنى، سە-ئۇدى يىگىرمە بەش پىرسەنتىنى ئېلىش شەرتى بىلەن تۈزۈل-گەن. بۇ كېلىشىم تۈزۈلۈپ يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن، سە-ئۇدى ئەرەبىستانى ئەللىك بىر پىرسەنتىنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالىغان. بۇ ھال شۇ چاغدا سەئۇدى تېخنىكلىرىنىڭ يې-تىشمەسلىكى، مەھسۇلاتنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن شۇنداق بول-غان. بولمىسا، سەئۇدى ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپ نىسبەتكە ئې-رىشىش غەرىزىدە ئىدى. كېيىنچە، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ قولىدىكى قىرىق تۆوقىقۇز پىرسەنتىنىمۇ ئالتۇن بېرىپ سې-تىۋالدى - دە، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا

بولالـدى. بۇ جەرياندا، «ئارامكو» شىركىتى سەئۇدى ئۈچۈن ئىككى يۈز مىڭدىن ئوشۇق نېفىت كادىرلىرى بىلەن تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ھازىر نېفىت كادىرلىرىنىڭ سەكسەن پىرسەنتى، تېخنىكلارنىڭ ئوتتۇز بەش پىرسەنتى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆز خادىملىرى. ھازىر كۈنىگە بەش يېرىم مىليون باك نېفىت ئىشلەپچىقىرىدۇ. لېكىن، بۇ دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىگىرمە مىليون باككا يېتىدۇ (ئەمەلىيەتتە سەئۇدى 1980 ـ يىلى ئون ئىككى مىليون باكتىن ئىشلەپچىقارغانىدى). 1983 ـ يىلى دۇنيا بازىرىدا نېفىتنىڭ باھاسى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيادىكى نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى يەتتە دۆلەت بىرلىشىپ بىر ئۇيۇشما قۇردى. بۇ ئۇيۇشما نېفىتنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈنىگە ئون يەتتە مىليون باك نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلىگەن، سەئۇدى بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتىنى تۆۋەنلىتىپ بەش يېرىم مىليون باككا چۈشۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىر مەھسۇلات جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكىدىن قالسا دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاھالىسى ئون بەش مىليونغا يەتمەيدىغان بىر دۆلەت ئۈچۈن بۇ خىل بايلىق تولىمۇ كەڭرى باياشاتچىلىق ئەكېلىدىغانلىقى تەبىئىي. نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن گۈللەنگەن دۆلەت ئىقتىسادى مەملىكەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە باياشاتچىلىق، مەمۇرچىلىق ئېلىپ كەلگەن.

دۆلەت مۇداپىئەسى، تاشقى سودا، سانائەت ـ قاتناش، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتلەرگە دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ھەممىلا ساھەدە دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيە بىلەن ئورۇن تالىشىش، ئەرەب خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى تولۇق قوزغىتىپ، ۋەتەن، خەلقى بىلەن پەخىرلىنىش،

ئۇنى سۆيۈش تۇيغۇسى ئەۋجگە چىققان.

مەن كىم بىلەنلا سۆزلەشمەي، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت بىلەن پەخىرلىنىش، ئۆز پادىشاھىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن باشقا سۆز ئاڭلىمىدىم. ئۇلار ھەقلىق ھالدا ئۆز بايلىقى، دۆلىتى، تۇرمۇشى بىلەن پەخىرلىنىپ سۆزلەيدۇ.

مەن تۆۋەندە مەككە شەھىرىدە نەچچە قەۋەتلىك بىنالاردىن بىرنەچچىسىنىڭ ئىگىسى، مال بىلەن تولغان دۇكانلارنىڭ غوجايىنلىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكىلارنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرەمدىن بۇ ماقالىگە كۆچۈرۈپ قويماقچىمەن.

— ياقۇپ ھاجىم ئىككىمىز بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئاۋۋال قەشقەردىن ئات، ئېشەك بىلەن سەككىز ئاي ئون ئۈچ كۈن مېڭىپ ھەرەمگە كەلگەنىدۇق. مەن ئون سەر ئالتۇن بىلەن يولغا چىققان، بىر سەر قانچە گىرام دەمسىز؟ مەن زەرگەر. سەر مىسقاللارنى تازا بىلىمەن: بىر سەر تۆت تىللا كېلەتتى، بىر تىللا ئىككى مىسقال. ھازىر بىر تىللا سەككىز يۈز سەكسەن رىيال، سەرراپ ئۈچ يۈز ئاتمىش رىيالغا يۈز دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) بېرىدۇ، ھە راست، گىرامغا چاقسا قانچە بولىدۇ دېۋىدىڭىزما؟ ئوتتۇز ئۈچ گىرامى بىر سەر كېلىدۇ. سەئۇدىدا ئالتۇننىڭ بىر سەرى جۇڭگو پۇلىغا ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز كويچەن، تۈركىيەدە ئەرزان، بىر سەرى ئىككى مىڭ ئالتە يۈز كويچەن، سىلەردە تۆت مىڭ بەش يۈز كويچەن ئىكەن، مەن زەرگەر بولغاچقا تازا بىلىمەن!

— گەپنى ئەپقاچىدىغان خۇيۇڭ ھېلىمۇ بار ئىكەن ـ دە، — دېدى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى ياقۇپ ھاجىم كۈلۈپ قويۇپ، — تۇرمۇشۇڭنى سۆزلە.

— نېمىسىنى سۆزلەيتتىم، مانا قارا، ئىككىمىز تەڭ، بىر تۆگىدە سېۋەتنىڭ بىر بېشىدا سەن، بىر بېشىدا مەن ئولتۇرۇپ مەككىدىن مەدىنىگە ئون ئىككى كۈندە بارغانىدۇق ـ ھە؟ ھازىر بىر كۈنلۈك يول، سالقىن ماشىنىدا بارىسىلەر. سەن يۇرتقا

كېتىپ ۋالىي بوپسەن، مەن بۇ يەردە قېلىپ زەرگەرچىلىك قىلدىم. ئەمما، قارا، سەن بوۋاي، مەن يىگىت. ماختىنىۋالاي. قىزىم مۇئەللىم، ئايدا يەتتە مىڭ ريال ئايلىق ئالىدۇ. ئوغلۇم دوختۇر، ئېيىغا ئون مىڭ ريال ئالىدۇ. بۇ جايىمنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىنى تۈركىيەلىك ھاجىلارغا يەتمىش مىڭ رىيالغا ئىجارىگە قويدۇم. نەچچىلىك ئالتۇنۇم بار، نەچچە يەردە جايىم بار، بۇنى دېمەيمەن. لېكىننزە، پۇل تاپتىم، بېيىدىم، لېكىن يۇرتقا ياردەم قىلالمىدىم. ياقۇپ ھاجىم ماڭا چاقچاق قىلىپ، ئۈچ خىل ئادەمنىڭ تامىقىنى يېگىلى بولمايدۇ، بۇلار: زەرگەر، قاسساپ، باجگىر، بۇلارنىڭ پۈتىنى چىشلىگەن ئىت جەننەتكە كىرىدۇ، سەن ئالداپ ـ سالداپ بېيىدىڭ دەيدۇ تېخى. ئوتتۇز بىر مىڭ ئۇيغۇر ئەرەبىستان يېرىدە كۆن كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باي، بەزىلىرى كاتتا باي، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەرەب بايلىرىنىڭ باللىرى بولىدۇ. بىزدەك قوڭالتاقتىن قىرىق نەچچە يىلدىن كېيىن ئەرەب بايلىرى چىقىدۇ. يەنە نېمىنى تونۇشتۇراتتىم؟

— ئۇيغۇرلاردىن ھازىر يىگىرمە نەپەر پەن دوكتورى بار، — دېدى يەنە بىر ياش يىگىت، — خىمىيە، تارىخ، تېببىي ساھەدە ئا-لىملار يېتىشتى، دوكتور ئابدۇقادىر تاش ھازىر رىيازدا تۇرىدۇ.

— مەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىن قۇرۇق قول بىلەنلا چىق-قان، — دېدى ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ داڭلىق بايلاردىن بىرى بولغان قۇربان ئابدۇللا ھاجىم ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇ-رۇپ، — قىلمىغان ئىشىم قالمىدى. ھالال ئىش بولسىلا قىل-دىم. يىغىپ يۈرۈپ ھازىرقى ھالغا يەتتۇق. ھازىرمۇ تىجارەت قىلىۋاتىمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم قىلىمىز.

دېھقانلارغا قاراتقان كەڭ ئېتىبار دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلى-نىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىلگىرى خورما بىلەن ئوزۇقلى-نىش ئاساس قىلىنىدىغان بۇ يېرىم ئارال دۆلىتى بۇ يىل

سىرتقا ئاشلىق سېتىپ بەرگەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە.

چارۋىچىلىققا بولغان ئېتىبار تېخىمۇ زور ئىكەن. بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۆگە ئاساسىي قاتناش قورالى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆگە ئۇ يەرنىڭ ئاساسلىق چارۋىسى بولۇپ قالغان. ئۇ چاغلاردا بۇ دۆلەتتە بىر مىليونغا يېقىن تۆگە بولغان. لېكىن، 1980 ـ يىلىدىن كېيىن تاشلىنىپ قالغان. بۇ چارۋا 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە ئازىيىپ ئىككى يۈز مىڭغا چۈشۈپ قالغان. 1970 ـ يىلى دۆلەت ئومۇمىي چارۋىنى كۆپەيتىش پىرىنسىپىنى تۈزۈپ چىققان. چارۋىچىلىقنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئۆلكىلىرىدە چاچما سۇ بىلەن يايلاقلار بىنا قىلىنغان. قەسىم ئۆلكىسىدىكى دەھنە چۆلىگە يېقىن جايلاردا مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق چوڭ يايلاقلار بىنا قىلىنغان. گەرچە ھازىرمۇ گۆشلۈك ماللار سىرتتىن سېتىۋېلىنسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ چارۋىسى ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

سۈت، قېتىق، قايماق گوللاندىيەدىن كەلتۈرۈلگەن سىيىرلار ئارقىلىق تەمىنلىنىدىكەن. بۇ سىيىرلار ئەرەب زېمىنىدا ياخشى بېقىلغاچقا، ھەربىرى ئۈچ ـ بەش چېلەككىچە سۈت بېرىدىكەن. ھازىر سەئۇدى تۇپرىقىدىكى ئوتتۇز ئۈچ مۇئەسسەسەسىدە بۇ خىل سۈتلۈك سىيىرلاردىن يەتتە مىڭى بېقىلغاچقا، پۈتۈن دۆلەتتە سۈت مەھسۇلاتلىرى تولىمۇ ئەلۋەك ئىكەن.

ئىنكۇباتورلاردا ھەر كۈنى بەش مىليوندىن يەتتە مىليونغىچە چۈجە چىقىرىلىدىكەن. توخۇ گۆشى (ئاق گۆشى) ئەرەبلەردە تولىمۇ ئومۇملاشقان. ھەر كۈنى بىر يېرىم مىليون توخۇ سويۇلىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئېلېكتىر كۈچى تولىمۇ مول ۋە ئەرزان بولغانلىقى ئۈچۈن (1953 ـ يىلى توك بار ئىكەن)، پۈتۈن دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئەمگەكلىرى ئېلېكتىر كۈچى

بىلەن پۈتىدىكەن.

— 50 - يىللاردا خېلىلا تەس ئىدى، — دەيدۇ داڭلىق بايلاردىن ئەيسا قارىھاجىم بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ئەسلەپ، — بۇ يەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا چىداپ، ھولۇلداپ تۇرغان تونۇرغا كەچ كىرگۈچە باش تىقىپ ناۋايلىق قىلماق، قاقشال تاشلىقتا كەچ كىرگۈچە تەرلەپ - پىشىپ ئولتۇرۇپ يايمىچىلىق قىلماق ئاسانمۇ؟ ناۋادا ئەرەبىستان نېفىت بىلەن باي بولمىغان بولسا، بىز ھەرقانداق قىلىپمۇ باي بولالمىغان بولاتتۇق. دۆلەت باي بولمىسا خەلق باي بولالمايدۇ. شۇڭا، بىز راست گەپنى قىلساق، يەر تېگىدىكى خۇدا ياراتقان نېمەت — نېفىت بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتىمىز.

بۇ گەپ راست، سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت دۆلىتى، ئۇنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى تەرەققىياتى نېفىت بىلەن پەيدا بولغان.

— «ۋە خەلق نەلەكۇم، مافىل ئەرزى جەمئىيە»، يەنى زېمىننى سىلەرنىڭ پايداڭلار ئۈچۈن ياراتتىم، دەپ يېزىلغان قۇرئاندا، — دېدى ماڭا سەكسەن ئىككى ياشلىق بوۋاي يېڭىدىسارلىق قادىر ھاجىم دۇئا قىلىپ تۇرۇپ، — ئابدۇلئەزىز پادىشاھلىرىمىزنىڭ بېشى ئامان بولسۇن، بۇ نېمەتنى ئۇلار ئاچتى، داستىخان ئۇلارنىڭ، بىز بۇ داستىخاننىڭ مېھمانلىرى. بۇ داستىخانغا كەلگەن ھەرقانداق مېھمان تويىدۇ، باي بولىدۇ، بالام.

دېمەك، سەئۇدى ئەرەبىستاننى باي قىلغان «نېمەت» نېفىت. لېكىن، بۇ بايلىقنى ئېچىش، خەلققە تەقدىم قىلىشتا سوپى - ئىشانلارنىڭ تەقدىرچىلىك سەپسەتىلىرىنىڭ زەھەرلىشىدىن ئۆز خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ياشاش ۋە ياشىتىش يولىغا باشلىغان مەلىك ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىغا سادىق ئوغۇللىرى، بۇ بىر جەمەت پادىشاھلارنىڭ ئىسلاھ قىلىشى، يېڭىلىق يارىتىش روھى بولمىغان بولسا، بۇگۈنكى گۈللەنگەن، باي،

گۈزەل سەئۇدى ئەرەبىستانى بولمىغان بولاتتى.

دېمەك، گۈللىنىش، كامال تېپىش ئىسلاھات — يېڭىلىق بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قانۇنىيەت دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدۇ.

## گېزىت - ژۇرناللار، ئالىي مۇكاپاتلار ۋە سەھىيە ئىشلىرى

بۇنىڭدىن سەكسەن يىل بۇرۇن، بۇ ئىككى مىليون تۆت يۈز مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىندا بىرمۇ گېزىت - ژۇرنال يوق ئىدى. مەلىك ئابدۇلئەزىز تەختىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، 1920 - يىلىدىن باشلاپ تۇنجى ئەرەب گېزىتى «ھېجاز ئاۋازى» ناملىق تۆت بەتلىك گېزىت چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال «ئۇممال قورا» (شەھەرلەر خوجىسى) ناملىق گېزىت چىققان. لېكىن، ئۇ بىر شەخسنىڭ گېزىتى ئىدى.

1925 - يىلى ئىككىنچى شەخسىي گېزىت — «ئەل مەدىنە» جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەدىنە شەھىرىدە 1925 - يىلى گېزىت چىقارغان غوجايىن ھاپىز ئائىلىسى ھازىر لوندوننى مەركەز قىلىپ «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنى چىقارماقتا، بۇ گېزىت ھازىر جىددە، رىياز، لوندون، قاھىرە، پارىژ، مەغرىپىستان، نيۇ يورك قاتارلىق سەككىز شەھەردە ئەرەبچە، ئىنگلىز، فىرانسۇزچە بىر خىل نۇسخىدا، بىرلا سائەتتە باسمىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ گېزىتنىڭ تەھرىر ھەيئىتى لوندوندا، پۈتۈن خەۋەر ئالماشتۇرۇش، تارقىتىش ئىشلىرى سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى «ئەل مەدىنە» گېزىتى، كېيىن «ھېجاز ئاۋازى» دېگەن نامغا، كېيىن «سەئۇدى ئەرەبىستانى شەھەرلىرى» دېگەن نامغا ئۆزگەردى، بۇ گېزىتلەر پۈتۈن دۇنياغا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ

شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرماقتا.
1950 ـ يىللارغا كەلگەندە گېزىتچىلىك ئىلگىرىلىدى، 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە، سەككىز گېزىت، بەش ژۇرنال تەسىس قىلىندى. 1925 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە چىقىپ تۇرغان گېزىتلەر ھەپتىلىك گېزىتلەر ئىدى. 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن گېزىتلەر كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەردى.
1982 ـ يىلى ۋاپات بولغان ھۆرمەتلىك زات ئابدۇل قۇددۇس ئەنسارىنىڭ «ئەل مەنھەل» (ئېقىن) ناملىق ژۇرنىلى ئىلىم، تارىخ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ باشقا ساھەلىرىنى مەزمۇن قىلغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، مەملىكەتتە ۋە چەت ئەللەردە داڭ چىقارغانىدى. ئۇ زات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى نەبى ئەنسارى ئەپەندىم ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «مەنھەل»نىڭ تىرازىنى ئاتىسى بار ۋاقىتتىكىدىن ئۈچ يۈز پىرسەنت ئاشۇردى.
1983 ـ يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن گېزىت ـ ژۇرناللارنى باشقۇرۇش ئىشىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھەربىر گېزىت ـ ژۇرناللارغا بىردىن مۇئەسسەسە قۇرغان. بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. بۇ مۇئەسسەسە شىركەت ھېسابلىنىدۇ. مۇئەسسەسەدە ئون بەش كىشى ئىشلەيدۇ. ئۇ شىركەتلەر گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆتۈرە ئالغان، كىرگەن كىرىمنى ئون بەش كىشى بۆلۈشۈۋالىدۇ. رەئىسلەر كۆپرەك ئالىدۇ. بەزى رەئىسلەرنىڭ ئايلىق كىرىمى بىر يۈز يىگىرمە مىڭ رىيالغىمۇ يەتكەن. بۇ خىل ژۇرناللاردىن «ئىقرار» (توقماق)، «يەماما» (كەپتەر)، «ئەل مەجەللە» (ئەل مەنھەل)، «ئەل ئەرەب»، «ئەل قاپىلە» قاتارلىق ھەپتىلىك، ئايلىق ژۇرناللار بار. بۇلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى يۇقىرىلىرى: «مەنھەل»، «قايناق»، «فەيسەل»، «ئەل مەجەلنە» ژۇرناللىرىدۇر.
ھازىر جەمئىيەتتە ئالقىشلانغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىن: «ئەلبىلات» (يۇرت)، «ئەل مەدىنە»، «يوم» (بۈگۈن)، «ئەل رى-

ياز»، «نەدىۋان» (يىغىن)، «ئەل جەزىرە»، «ئوكاز» (ھاسا)، «قە-
سىم» (يەر ئىسمى)، «ئەسىر»، «ئومال قورال» قاتارلىقلارنى ۋە
مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن چىقىرىلغان «سەيىدەتى» ژۇرنىلىنى
تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر خىل ئىل-
مىي ماقالىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا كىنو - تىياتىرخانىلار، دۆلەت سەن-
ئەت ئۆمەكلىرى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرى، نەشرىياتلار يوق.

ھەربىر شەھەردە يازغۇچىلار كۇلۇبلىرى بار، يازغۇچىلار
ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىلىپ سۆھبەتلىشىدۇ. ئۆز ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. لېكسىيە قىلىنىدۇ، كىتاب
تارقىتىلىدۇ.

كىتابلارنى ئاپتورلار ئۆزلىرى باسمىخانىلارغا پۇل تۆلەپ
باستۇرىدۇ، كىتابپۇرۇشلار بىلەن كىتاب دۇكانلىرىغا ساتىدۇ.
سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان
جەمئىيەتلەر بار. خەلق غەزەلخانلىرى يىغىلىشلاردا ناخشا
ئېيتىدۇ، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەسىلەن،
ناخشىچىلاردىن ئىپتىسان لۇتفى (ئايال، ئۇيغۇر). مۇھەممەد
ئامان (ئۇيغۇر) لارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
يېقىملىق ئەرەبچە ناخشىلىرى بىلەن ئالقىشقا ئىگە.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئانچە تەرەققىي
قىلمىغان. بۇ ھال بۇ دۆلەتنىڭ يۇكسەك ئىقتىسادىي ئاساسىغا
باب ئەمەس. لېكىن، دۆلەت ۋە پادىشاھ ئەدىبلەر، ئالىملارنىڭ
ئەسەرلىرىنى قەدىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەمگىكى كۆرۈن-
گەن كىشىلەرنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدۇ. شېئىرلار توپلاملىرى، رو-
مانلار، باشقا ئىلمىي ئەسەرلەر ئۈچۈن مۇكاپاتلانغان كىشىلەر-
دىن ئابدۇلئەزىز ئائىلىسىگە ئاتاپ يازغان مەدھىيە شېئىرلىرى
(بەش توپلام) «يېشىللىق مېۋىلىرى» (سىمرات ئالاۋراق) ئۈچۈن
دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئىبراھىم غەززاۋى؛ «كەلىمەتۇل ھەق»
(راست سۆز) ناملىق دىنىي ئەدەبىي كىتابى ئۈچۈن دۆلەت مۇ-

كاپاتى ئالغان ئەخمەت ئابدۇلغوپۇر ئەتتار؛ «تارىخى مەككە» ناملىق تارىخ كىتابى ئۈچۈن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئەخمەت سۇبائى؛ ئارخېئولوگىيە تەرەققىياتى ساھەسىدىكى ئەمگىكى ئۈچۈن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان، ئەللىك يىللىق ئىلمىي ئەمگىكى سىڭگەن «ئەل ئەرەب» مەجمۇئەسىنىڭ ئىجادكارى بولغان ھەمەدەل جاسىر؛ «ئەل مەنھەل» مەجمۇئەسىدىكى ئەدەبىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئابدۇل قۇددۇس ئەنسارىلەرنى سەئۇدى خەلقى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى داغدۇغىلىق سورۇندا بۇ بەش كىشىنى يۈز مىڭ رىيال نەق پۇل، ھاياتى بويىچە ئايلىق ھەق ئېلىش، قالغان ئۆمرىدە دەم ئېلىش شەرىپى بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارغا دۆلەت ئاكادېمىيە نىشانچىلىرى دېگەن ئالىي نامنى تەقدىم قىلغان. بۇ بەش كىشىدىن ئەخمەت سۇباھى بىلەن ئىبراھىم غەززاۋىلەر ۋاپات بولغان. قالغان ئۈچ كىشى ھازىر يۇقىرىقى ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن ئىكەن.

دۆلەت مۇكاپاتىدىن باشقا، مەرھۇم پادىشاھ فايسالنىڭ نامىدىكى «فايسال مۇكاپاتى» خەلقئارا ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات مۇكاپاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىكەن. مەرھۇم پادىشاھ فايسال مەملىكىتىنى گۈللەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى، ئەقلىنى تەقدىم قىلغان، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە ھۆرمىتى چوڭ، ۋەتەن، خەلقىگە مۇھەببىتى زور كىشى ئىدى.

«فايسال مۇكاپاتى»نى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن، مەلىك فايسال ۋە ئۇنىڭ ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

فايسال مەلىك ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇ 1906 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە ئون ئالتە ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ياردەملەشكەن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن شۇ يېشىدا دۆلەت ۋەكىلى بولۇپ سۆھبەتلىشىپ، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان. مەلىك ئابدۇلئەزىز بۇ ئوغلىنى كىچىك

ۋاقتىدىلا ئۆزىگە ياردەمچى، مەككە شەھىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن. مەلىك ئابدۇلئەزىز 1953 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى سەئۇد تەختكە ئولتۇرغاندا، ئاكىسىغا ئورۇنباسار بولۇپ ئولتۇرغان فايسال ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئىشلىرىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان. 1945 ـ يىلى سان فرانسىسكودا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىلا ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىلى بولۇپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان، بۇ ياش ئەرباب 1964 ـ يىلى ئاكىسى سەئۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۆلىتىگە مۇناسىپ ھالدا پادىشاھ بولۇپ، خەلقئارا ئىشلاردا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرىدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ زات نېمىلەرنى قىلغان؟ بۇ سوئال ھەممىلا ئادەمنى قىزىقتۇرىدۇ.

— فايسال ئاددىي ـ ساددا، قىزغىن، ئۆتكۈر، قەيسەر ئادەم ئىدى، — دېيىشتى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرگۈچىلەر (بۇلار ئەرەبلەر)، — ئۇ بىر ئايال بىلەن ئۆتكەن، ئالدىنقى ئايالى ئەرەب ئىدى. ئۇ ئايالىدىن بىر ئوغلى قېلىپ، ئۇ ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۈرك ئايال بىلەن توي قىلغان. ھازىر ئۇنىڭ بەش ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار. ئۇلارمۇ دادىسىدەك قەيسەر، سادىق، خالاس.

رەھمەتتى فايسال زور ئىشلارنى قىلغان. ئۇ دۆلىتى ئىچىدە، زامانىۋى ھەربىي قورال بىلەن قوراللانغان ھەربىي قوشۇن قۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، بازار ئېگىلەپ، سەئۇدىنىڭ خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي ئورنىنى كۈچەيتتى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سەكسەن مىڭ كىلومېتىرلىق ئاسفالت يول قۇرۇپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇردى، تائىف بىلەن مەككە ئارىسىدىكى قارا تاغنى كېسىپ سەكسەن كىلومېتىرلىق زامانىۋى يول بىنا

قىلدى. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاياللار بازىرى، ئاياللار بانكىسى قۇرۇش، ئاياللار مائارىپىنى گۈللەندۇرۇش ئىشلىرىدىكى تۆھپىلەر فايسال نامىغا مەنسۇپ، خەلقئارادىچۇ؟ پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئىتتىپاقى، دۇنيانىڭ ھۆرلۈكى، تىنچلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى. 1962 ـ يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنى، 1974 ـ يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ دائىملىق كومىتېتىنى قۇردى. بۇ كومىتېتقا ئاتمىش ئۈچ دۆلەت ئەزا بولدى. ئۇنىڭ رەئىسى فايسالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، تۆت يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىش يولى بىلەن سايلىنىدىغان بولدى. 1975 ـ يىلى دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنى قۇردى، ھازىر دۇنيادا بۇ بانكىنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شۆبىسى بار.

فايسال مۇكاپاتى ئەنە شۇ مەشھۇر پادىشاھنىڭ پۈتۈن شەخسىي بايلىقى بىلەن تەسىس قىلىنغان. فايسالنىڭ شەخسىي بايلىقىغا مىراسخورلۇق قىلىشتىن پۈتۈن باللىرى ۋاز كېچىپ، بۇ پۇلنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن جۇغلانما قىلىشقا تەقدىم قىلىشقان. بۇ مۇكاپاتنىڭ پەخرىي رەئىسى — ئىككى ھەرەم خادىمى، ھازىرقى پادىشاھ مەلىك فەھەد، رەئىسى — فايسالنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللا فايسال. تۈزۈم بويىچە مۇكاپاتقا سۇنۇلغۇچىلار ئالتە ئاي بۇرۇن پۈتۈن خىزمەت، پاكىتلىرى بىلەن تەييارلىنىدۇ. مۇكاپات ھەيئىتى تەكشۈرۈپ چىقىپ، مەلۇم كىشىلەرنى نىشانلايدۇ ۋە بېكىتىدۇ. ھەر يىلى 12 ـ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانى خانلىق مەركىزى رىيازدا مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەلىك فەھەدنىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇكاپات سوممىسى تۆت يۈز مىڭ رىيال نەق پۇل بىلەن (بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مىقدارىدا) بىر دانە ئالتۇن مېدال، مۇكاپات ئالغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان ھۆرمەتلىك شاھادەتنامە مۇكاپاتلانغۇچىغا تاپشۇرۇلىدۇ. دۇنيادىكى

يەھۇدىيلاردىن باشقا بارلىق مىللەتلەردىن، ئىرق ئايرىماستىن بۇ مۇكاپاتقا نىشان بولالايدۇ. لېكىن، مۇكاپاتلانغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى باشقىلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانمىغان بولۇشى شەرت.

ھازىر دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئەھلى بۇ مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى توغرىسىدا يېزىلغان قىممىتى بار ئەسەرلەرگىمۇ مۇكاپات بېرىدۇ. مەسىلەن، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا، جۇڭگولۇق ئەر ـ خوتۇن بىناكارلار (خەنزۇ) ئەرەب بىناكارلىقىنىڭ جۇڭگودىكى ئۆلگىلىرى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىپ، كىتابىنى ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتكەن ۋە كىتابى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا مېھمانغا چاقىرتىلغان. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن مېھمان بولغان، ئىككى يۈز ئوتتۇز بەتلىك كىتابى ئۈچۈن ئوتتۇز مىڭ دوللار مۇكاپات ئالغان. ئاخىرىدا ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانى باش مۇپتىسى ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز جانابلىرىنىڭ ئالدىدا ئىسلام دىنىغا كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئەنگە ئېلىنغان، ئەرگە ئەخمەت، ئايالغا لەيلە دېگەن ئەرەبچە ئىسىم قويۇلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى، پادىشاھ فەھەد جانابلىرىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشتە كەڭ قول بولۇشى، چوقۇمكى بۇ دۆلەتنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تېلېۋىزوردا تېببىي ئىلىمنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ھەر كۈنى كۆرسىتىلىدىكەن. بىز بىرنەچچە شىنجاڭلىق ساق ئادەمنىڭ كاردىن چىققان بۆرىكى ئورنىغا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ساق بۆرىكىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسىنى كۆردۇق. تېلېۋىزور كۆرۈپ شۇ يەرلىكلەردىن:

— چەت ئەل دوختۇرلىرى ئارىلاشقاندۇ ـ ھە؟ — دەپ سورىدىم. ئىسلام ھاجىنىڭ دېڭىز ئارمىيەدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلى ماڭا قاراپ تەنە بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— ھازىر ئۆپكە ـ جىگەرلەرنىمۇ ئالماشتۇرۇش سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبىستان پۇقرالىرى. بىزدە تېببىي ئىلىم تەرەققىي قىلغان. مەملىكەت بويىچە ئون يەتتە مىڭ دوختۇر (تېۋىپ دېيىلىدۇ) بار. باشقىلار ئەرەبىستاننى ياخشى بىلمەيدۇ. بەزىلەر: ئەرەبلەر ئاغرىقلارنى داۋالىمايدىكەن. «كېسەللىنىمۇ خۇدا بېرىدۇ، جاننىمۇ خۇدا ئالىدۇ» دەپ دورىمۇ بەرمەيدىكەن دېيىشكۈدەك. سەئۇدى خەلقى دىن بىلەن ئىلىم ـ پەننى قارىمۇقارشى قويۇۋالىدىغان دەۋرلەرنى يۈز يىللاپ كەينىگە چۆرۈۋەتتى. ئىسلام دىنى ئىلىم ـ پەننى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىنى قۇرئان كەلىمەلىرى بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

ئىلىم ـ پەن ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ئېڭىغا كۈندىن ـ كۈنگە سىڭمەكتە. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولغان يېرىدە ياشىماقتا. لېكىن، بۇ يەردە خۇراپات ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس. كىشىلەر يالاڭباش ناماز ئوقۇيدۇ، ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېرىدۇ. بىرى ۋاپات بولسا بىزدىكىدەك ئۇنى سېلىپ يىغلىمايدۇ. داغدۇغىلىق (نەچچە مىڭ باغاق تارقىتىپ) نەزىر قىلمايدۇ. ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قەبرىستان يوق. ئۆلگۈچىنى مېيىت ئىگىلىرى ھويلا ـ باغلىرىدا بىرنەچچە ۋاقىت ساقلايدىكەن ـ دە، مۇردا چىرىگەندىن كېيىن ئۆزلىرى بىر ياقلىق قىلىدىكەن.

ئەرەبلەردە توي نۇرغۇن ئىسراپچىلىق بىلەن بولاتتىكەن. بۇ ئەھۋالنىڭ يامان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنگەن. ئۇلار توي ـ تۆكۈنلەردە ئاشقان تاماقلارنى بىر ياقلىق قىلىش كومىتېتى ناملىق بىر مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇشقان. توي ياكى زىياپەت قىلغۇچى بۇ كومىتېتقا ۋاقتىنى تېلېفون ئارقىلىق

مەلۇم قىلىدىكەن. كومىتېت شۇ ۋاقىتتا مۇزلىتىش ماشىنىلىرى بىلەن ئاشقان گۆش، پولۇ، نانلارنى ياخشى پېچەتلەپ ئەكېتىدىكەن ۋە ھەر كۈنى كەچقۇرۇن سائەت تۆتلەر بىلەن بۇ تاماقنى قارنىشىپ تۇرغان نامراتلارغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. «توڭلاتقۇ» بولمىغان بولسا بۇنداق قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ يەنىچۇ؟ ئۆي كۆچۈش توغرا كەلگەندىمۇ، كۆچكۈچىلەر كۆچۈش، جايلىشىش ئەھۋالىنى «كۆچۈرۈش مۇلازىمەتچىلىرى»گە مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىر چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. كېلىشكەن ۋاقىتتا يېڭى ئۆيگە قۇرۇق قول بارىدىكەن. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە سەرەمجانلاشقان بولىدىكەن. ناۋادا زامانىۋى ماشىنا كىرانلار بولمىغان بولسا بۇنداق ئوڭايچىلىق نەدە بولاتتى؟

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن مېۋىلىرىدىن تولۇق پايدىلانماقتا. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ھەم جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ يېڭىلانماقتا. بۇ يەردە پەقەت بىرلا نەرسە كونىچە ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى.

«نامەھرەم» دېگەن سۆز «كۆرۈش چەكلەنگەن» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن. ئەرەب ئاياللىرى چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇپ ئىلىم - پەن ۋە يېڭىچە تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىدىكەن. ئۇلار ماشىنىلاردا ماڭىدىكەن. ئۇلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن (چەتئەللەردىمۇ ئوقۇيدىكەن)، خىزمەت قىلىدىكەن، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىكەن، لېكىن بۇ ئىشلارنىمۇ چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇپ قىلىدىكەن.

قىز - يىگىتلەر يۈز كۆرۈشمەي ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تويلىشىدىكەن، لېكىن ھازىر نىكاھدىن بۇرۇن بىر قېتىم يۈز كۆرۈشۈش، تېلېفوندا بىر قېتىم سۆزلىشىش، لايىق كۆرۈشكەندە نىكاھلىنىش، لايىق كۆرۈشمىسە زورلىماسلىق يولغا قويۇلغان. ئاياللار ئاياللار بانكىسى، ئاياللار

بازىرى قاتارلىق جايلاردىلا يۈزى ئوچۇق يۈرەلەيدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ سائەت ئۈچ ـ بەشلەرگىچە ئۆز مەھەللىلىرىدىكى مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇشى ئۆز ئىختىيارىدا ئىكەن. ئۇلار يەنە ئۆزناملىرىدا دۇكان ئېچىش، ئىچكى ـ تاشقى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، سانائەت، تىككۈچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇش ئەركىنلىكلىرىگە ئىگە ئىكەن، ھەتتا شىركەت قۇرۇش، بانكىلاردا ھېساب ئېچىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، ھەر يىلى چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىقىدىغان بىر مىليوندىن ئارتۇق ساياھەتچىنىڭ يەتمىش پىرسەنتىنى قىزلار بىلەن ئاياللار تەشكىل قىلىدىكەن.

ئاياللار مەسىلىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بۈگۈندىن كېيىن ھەل بولغۇسى مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ مەسىلىمۇ چوقۇمكى باشقا مەسىلىلەرگە ئوخشاش ئوڭۇشلۇق ھەل بولغۇسى.

# يوقالماس كۆلكە، ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم

—— مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم خوجىنى ئەسلەپ

لاپ قىلىپ ياندى گۇگۇت، ئۆلدى بىراق،
قالدى تۈن ئىلكىدە ئۇندىن شام چىراق.
كى ئۆمۈرنىڭ لەززىتى قىممىتى شۇ،
بولمىسا ھاجەت نېمە ياشاش ئۇزاق.

(«گۇگۇت»، 1980 ـ يىلى)

ئۆزىنىڭ يېقىملىق مىجەز ـ خۇلقى بىلەن باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ئادەملەر دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئۈزۈلگاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىسمى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىرەلىشىپ بارىدۇ ـ دە، ئاخىر كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، مىجەز ـ خۇلقى ۋە پەزىلىتىدىن قالغان بەلگىلەرچۇ؟ ئۇلار ئۆلمەيدۇ، كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاۋېرىدۇ.

ھەر قېتىم ھويلىمىزغا سىرتتىن كىرگىنىمدە سول تە-رەپتىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت دېرىزىلىرىگە قارايمەن، مېنىڭ كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ دېرىزىلەردىن بىر يې-قىملىق چىراينى ئىزدەيدۇ. ئېگىمدا دېرىزىنىڭ ئېچىلىشى، بىر يېقىن ئادىمىمنىڭ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، قىزغىن زوق، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن:

—— ھەي ئۇنسۇر، نېمە ئەكەلدىڭىز؟ —— دەپ چاقچاق قى-لىشى سۇرەتلىنىدۇ ـ دە، مەن ئورنۇمدا توختاپ دېرىزىگە تەل-

مۇرمەن. لېكىن، دېرىزە ئېچىلمايدۇ، مەن ئىزدىگەن ئىللىق چىراي كۆرۈنمەيدۇ. مېنىڭ خاتىرەمدە ھەر كۈنى كۈلكە، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان مېھرىلىك چىراي تەكرارلىنىدۇ. مانا بۇ مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئاكا. بۇ، ئۇنىڭ جىسمى ئەمەس، بەلكى ماڭا يالداما بولۇپ قالغان پەزىلەت بەلگىسى. مانا بىر يىل بولدى، مەن ھەر كۈنى شۇنداق قىلىمەن، ئۈمىدسىزلىنىمەن، مەيۈسلىنىمەن...

قەدىردان ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئەنە شۇنداق يوقالماس تەبەسسۇمى بىلەن ئۆز ئوبرازىنى يادىكار قالدۇرۇپ، ئارىمىزدىن كېتىپ قالغىنىغا مانا بىر يىل بولدى. بىر يىلدىن بېرى مەن ھەر قېتىم دېرىزە ئالدىدىن مەيۈسلىنىپ يانغىنىمدا ئابدۇكېرىم ئاكا ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ئەسلەيمەن. ئەلۋەتتە، ھەر قېتىم قىسقا، مەنىلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ. مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر يىغىلىپ مېنىڭ ئالدىمدا بىر بۈيۈك ئوبرازنى — ئۆز خەلقىگە، ۋەتىنىگە، ئەدەبىياتقا، گۈزەللىككە، ھاياتقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن بىر سادىق شائىرنىڭ ئوبرازىنى ياراتماقتا. مەن بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمەن: ھايات چېغىدا ئاددىي بىلىنگەن ئادەملەر ئارىمىزدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئاشكارىلايدىكەن. ئەلۋەتتە، ئادەملەرنى چۈشىنىش جەريانىمۇ ئىلىم - پەن قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىغا ئوخشاش يۈزەلىكتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىدىكەن. مانا بۇ يۈزلىنىش بىزگە بەزى ئاددىي ئادەملەرنى ئۇلۇغ قىلىپ چۈشەندۈرىدىكەن، ئوخشاشلا بەزى نامى چوڭ، ئۆزى سۈرلۈك «مەشھۇر» ئادەملەرنىمۇ ئاددىي، ھەتتا پۈچەك ئادەم قىلىپ چۈشەندۈرىدىكەن. ۋاقىت ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەنە شۇنداق ئېنىق كۆرسىتىدىغان ھەقىقەت ئەينىكى ئىكەن...

مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئاكىنى چۈشىنىشىم شۇ قانۇنىيەت بويىچە بولدى. چۈشەنگەنسېرى ئۇ ئادەم مېنىڭ ئېڭىمدا زورىيىپ

باردى. گويا ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدىمۇ راسا زورىيىپ، كامال تې-پىۋاتقىنىدا «كۆز تەگكەن»دەك تۇيۇقسىز كېتىپ قالغىنىغا ئوخشاش، مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئاكا ھەققىدە چۈشەنچەممۇ راسا چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭ ئوبرازى مېنىڭ ئېڭىمدا كۈندىن - كۈنگە زورىيىۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تۆت توپلام شېئىرلىرى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «لى زېچىڭ»، «قىزىل قىيا» رومانلىرىنىڭ ۋە لى بەي، دۇفۇ شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە سىڭدۈرگەن ئۆلمەس ئەمگىكى بىلەن نامىنى يادلاپ ئەپسۇس بىلەن شۇنداق دەيمەن: تېخى ۋاقتى ئەمەس ئىدى، ئاكا، بىز تېخى نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىرلىشەتتۇق!

— زوردۇن سابىر دېسە، چوڭ ئادەممىكىن دېسەم، بالىـ-كەنسىزغۇ، ھوي ئۇنسۇر!

مەن ئابدۇكېرىم ئاكىنى 1960 - يىلى لەنجۇدا — غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە، ئۇ مېنىڭ ئورۇق قوللىرىمنى سىقىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىشى ئىكەن. ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاكا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى، نامى مەشھۇر ئادەم ئىدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ نامىنىلا بىلەتتىم. ئۇ ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ماختىنىشقا ئېرىشىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ بەخت ئىدى. ئۇ ئادەم مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن «ئانا يۇرت» ناملىق تۇنجى ھېكايەمنى ماختىدى.

— ھېكايەم بېسىلىدىكەن - دە؟ — دېدىم ھاياجان بىلەن.

— بەزىلەر ھېكايىڭىزدە مۇبالىغىچىلىك بار دېسە، بەزىلەر ھېكايىدە سىميون بابايېۋسكىينىڭ «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالـ-رى»نىڭ تەسىرى چوڭ دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئا-كا كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇبالىغىچىلىك باركەن جۇمۇڭ!

— قىزىل بايراق قوشاقلىرىغا، سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزغا ئوخشاش يېزىلغان - دە، سىزمۇ بىر ھارۋىغا بېسىپ قايتتىم، بىر باش قوناق، تاغنى تام قىپ توسۇۋالدۇق، كۈننى شۇ كۈن... دەپ يازدىڭىزغۇ؟

— ھا - ھا - ھا... — ئۇ شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ كۈلدىكى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۈلكىسى مانا ھازىر يىگىرمە نەچچە يىلدىن كېيىنمۇ، مېنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە تۇرماقتا. ئۇ مۇرەمگە قولىنى قويدى:

— ھەي ئۇكام، ئاشۇنداق «ئىنقىلابىي رومانتىزم» بىلەن قەھرىمان بولۇپ بېيجىڭغا قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا باردىم، ئەمما ئۇكام سىلەر رېئالىزمنى كۆپرەك ئۆگىنىڭلار، ھەرگىزمۇ بىزدەك قەھرىمان بولۇشقا قىزىقماڭلار.

ھېكايەم بېسىلمىدى، مېنىڭ روھىم چۈشتى. لېكىن، مەن «رېئالىزم» ئۈستىدە راستتىنلا كۆپ ئىزدىنىدىغان بولدۇم. چۈنكى، بۇ گەپ شۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن مەشھۇر ئادەمنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى سوۋغىسى ئىدى.

1961 - يىلى (مەن ئۇ چاغدا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى ئىدىم) تىل پىراكتىكىسى بىلەن غۇلجا ناھىيەسىگە بېرىپ تۇرپانيۈزىدە ئاتاقلىق ئەدىب، تىلچىلىرىمىزدىن تېيىپجان ئېلىيوف، مەھمۇد زەيىدى ئاكىلار بىلەن تونۇشتۇم. بۇ ئادەملەر نامى مەشھۇر بولغىنى بىلەن تولىمۇ كىچىك پېئىل، يېقىشلىق ئادەملەر ئىكەن. مەن بۇ ئادەملەر بىلەن بىردەم بولسىمۇ ھەمسۆھبەت بولۇشنى ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ ئىش ھېسابلايتتىم. تېيىپجان ئاكىنىڭ، مەھمۇد زەيىدى ئاكىنىڭ مول بىلىم، ئىلمىي قاراشلىرىنى ئىپادە قىلغۇچى دوكلاتلىرىنىمۇ ئەنە شۇ چاغدا ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدىن ئۇستازلىق ھۆرمىتى بىلەن ئورۇن ئالغانىدى.

مانا شۇ چاغدا مەن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىلى رايونلۇق پارتكوم قورۇسىغا ئۇ كىشىنى ئىزدەپ باردىم. ئابدۇكېرىم ئاكا بىرقانچە خەنزۇ يولداش بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپلا تونۇدى ۋە ئىككىنچى قېتىم قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ مېنى ھەمراھلىرىغا خەنزۇ تىلىدا تونۇشتۇردى:

— زوردۇن سابىر، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. بۇ يىگىتتە ئۈمىد چوڭ. يېقىندا ماۋجۇشىنىڭ كېيىن ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە بىر تەنقىد ماقالىسى يېزىپ ئەۋەتكەنىكەن، ئوقۇپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ھە، راستلا «تارىم»دىكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ھېكايىلىرى ھەققىدىمۇ ئوبزور يېزىپ ئەۋەتتىڭىز - ھە، ئۇنىمۇ ئوقۇدۇم. ماقالىلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى، سەۋىيەسى خېلى يۇقىرى، لېكىن مەلۇم ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بىلەن يازغانلىرى تېخى ئېلان قىلىنمىدى !...

مەن خىجىللىقتا تۇرالماي قالدىم. خۇشاللىق ياشلىرىمنى يوشۇرالمىدىم: راست، مەن يۇقىرىقىلارنى يېزىپ ئەۋەتكەن، بىرىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە جاۋابمۇ ئالغانمەن، لېكىن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ بۇ ماقالىلەرنى ئوقۇپ چىققانلىقى، ماڭا بۇنچىلىك چوڭ ئۈمىد بىلەن قارىغانلىقى، مېنى ئۇ چاغدا ئەسەرلىرىم بېسىلغاندىن، مەتبۇئاتتا ماختالغىنىمدىن كۆپرەك خۇشال قىلغانىدى.

مەن ئەتىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدىكى بىر تۆمۈرچى تونۇشىمىزنىڭ ئائىلىسىدە ئۇستازلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ تەسلىكتە گۆرۈچ، ماي ۋە بىر بوتۇلكا «ئىلى داچۇ» تەييارلىدىم.

تېيىپجان ئاكا، ئابدۇكېرىم ئاكا، پەتتارجان ۋە بىرقانچە كىشىلەر مېنىڭ تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ،

مەن داستىخان تەييارلىغان ھېلىقى ئاددىي ئىشچى ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشتى.

ئۇ كۈنكى كۆڭۈلسىزلىك ھازىرغىچە كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرۇپتۇ: مەن مېھمانلارنى باشلاپ كەلگۈچە، ھاراقنى بىر ئاغىنەم دوستلىرىمغا قۇيۇۋېتىپتۇ. تاماقنىڭمۇ تولىسى تۆكەپ ھەربىر كىشىگە يېرىم سىركايدىن گاڭپەن قاپتۇ.

تېپىرلىدىم. نە ھاراق، نە گۆش، نە نان تېپىلمىدى. مەن يەرگە كىرگۈدەك بولدۇم. لېكىن، تېيىپجان، ئابدۇكېرىم ئاكىلار يېرىم پىيالە گاڭپەنگىمۇ خۇددى مال سويغاندەك رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ، چاقچاق، كۈلكىلىرى بىلەن مېنىڭ خىجالەتچىلىكىمنى تېزلا يوقىتىۋەتتى. ئابدۇكېرىم ئاكا پاراڭنى دەرھال ئەدەبىياتقا يۆتكىدى.

مەن كىتابلاردىكى ئادەملەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ ھايات ئادەملەر بىلەن ئانچە ئارىلاشمىغان «كىتاب خالتىسى» بولغانلىقىم ئۈچۈن ئادەملەرنى تەييار فورمۇلا بىلەن ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەنىدىم. شۇ كۈنى بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ، تېيىپجان ئاكىنىڭ تۇرپانغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىشكە چۈشۈپ ئادەملەرنى چۈشىنىش، ھاياتنى چۈشىنىشتە ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ئاڭلاپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ تەلىپى بويىچە پىكىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. مەن شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز پىكىرلىرىنى دادىل ئىپادە قىلالمىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرى خالىمىغان تېمىلاردىمۇ مەدھىيە شېئىرلىرى يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندىم.

مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەملىكىتىمىزدە شۇ چاغدا يالغۇز ماددىي يېمەكلىكلەر قەھەتچىلىكىلا ئېغىر بولۇپ قال-

ماستىن، مەنۋى ئوزۇق قەھەتچىلىكىمۇ ئېغىر ئىكەن.

ئابدۇكېرىم ئاكا بۇ خىل رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ قوش بىسلىق، شېئىرىي ھېسسىياتقا باي، ئەمما ئاددىي ئوخشىتىشلىرى بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ ھامان قىيىن، ئېغىر مۇشكۇلاتلارنىمۇ يۇمۇر، كۈلكە ـ تەبەسسۇم بىلەن ئىپادە قىلالايتتى.

يىللار بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر مۇشكۇلاتلارنى كەلتۈردى، بۇ مۇشكۇلاتنىڭ ئېغىرلىرى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ بېشىغا چۈشتى. مەن 1966 ـ يىلى «گېزەندە» بولۇپ يۇرگىنىمدىلا، سۆيۈملۈك شائىرلىرىمىزنىڭ نامىلىرىنى شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان «جەڭگىۋار» ماقالىسىنىڭ سەھىپىسىدە قاتتىق ئەيىبلەنگەن، قارىلانغان، جاۋابقا تارتىلغانلارنىڭ قاتارىدا كۆردۇم. شۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن زۇنۇن قادىرى ئاكىنىڭ ئاپپاق چاچ، قىزىل يۇزلۈك چىرايى، تېيىپجان ئاكىنىڭ تىزىغا ياماق چۈشكەن كۆك خادانى ئىشتان، خەي كىيىپ بىز بىلەن تۇرپانيۇزىدىن جىلىليۇزىگە پىيادە كېتىۋېتىپ:

«بەلبېغىمنى يۇدۇرۇپ،
يىپ تاناڭغا يايدۇرۇپ.
ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ،
مېنى مۇنچە قايدۇرۇپ؟»

دەپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشلىرى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ تېيىپجان ئاكىنى «ماۋۇ ئاداش» دەپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىپ كۈلۈشلىرى بىرمۇبىر ئۆتتى.

ــ مۇتەللىپ، تېيىپجان، خوجايوفلارنىڭ قارىلانغىنى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ قارىلانغىنى، ئەدەبىياتىمىز تۈگىدى، ئەدەبىياتسىز ھايات ــ ئەڭ لەززەتسىز ھايات!

مانا بۇ مېنىڭ «گېزەندە» ھەمراھلىرىمغا شۇ چاغدا قايناپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزۈم. كېيىن مەن بۇ سۆزۈمنى خوجايوف ئاكا بىلەن بىللە بولغاندا ئېيتىۋىدىم، خوجايوف ئاكا كۈلۈپ چاقچاق قىلدى:

— مەن ماختاپ قەھرىمان بولغان، سىز تىللاپ قەھرىمان بولاي دەپسىز - دە! — دېگەنىدى.

مەن ناۋادا ئوت يۈرەك ئەدىبلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ ھەمسۆھبەت بولمىغان بولسام، بەلكى ئەدەبىياتقا ھازىرقىدەك ئىشق - مۇھەببەت باغلىمىغان، يازغۇچى بولماستىمەن، بەلكى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆمرۈم ئۆتكەن بولار ئىدى. ئەدەبىياتنى سۆيۈش، ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلاش روھى ماڭا تېيىپجان، خوجايوف ئاكىلاردىن سىڭگەن. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ، ئەڭ قىزىق پاراڭلىرىمۇ ئەدەبىيات بىلەن باغلانغانىدى.

مەن 1972 - يىلىدىن كېيىن «ئىلى گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بىرقانچە ھېكايىلىرىم، يېزىلىۋاتقان «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىم ئارقىلىق جامائەت ئىچىدە ئاز - تولا نام - شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. مانا شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاكا تۇيۇقسىزلا غۇلجا شەھىرىدە پەيدا بولۇپ قالدى. مەن خۇشال بولۇپ مېھمانخانىغا يوقلاپ باردىم. خوجايوف ئاكا مېنى يولداش ۋاڭ يۈيخۇ، يولداش چىن سۇنلارغا:

— تالانتلىق، ياش يازغۇچى، — دەپ تونۇشتۇردى ئۈچىنچى قېتىم قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ، قېرىندىشىدەك چىڭ قۇچاقلاپ، — «شىنجاڭ گېزىتى»دىن «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم. بۇ يەرگە كېلىپلا «ئىلى گېزىتى»دىن بىرنەچچە ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم. بىزنىڭ ئۈمىدلىك ياشلىرىمىزنىڭ بىرى، بىلىمىمۇ ياخشى، خەنزۇچىسىمۇ...

مەن خىجىل بولۇپ ئۇنىڭ گېپىنى چاقچاققا ئايلاندۇردۇم:

— يەنە رومانتىزمغا قايتىپسىز ئاكا، هارۋىغا لىق كېلىدىغان بىر باش قوناققا ئوخشاپ قالماي يەنە !

ئۇ قاقاھلاپ كۈلدى ۋە كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ:

— ياق، ياق، ئەمدى رېئاللىققا قايتىمىز. ئۇ چاغدا راست، قوناققا شوتا قويغانىدۇق. ئەمدى باراڭدىكى قاپاققا① قويىمىز !...

بۇ گەپلەر خەنزۇ تىلىدا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يولداش ۋاڭ يۈيخۇ بىلەن چىن سۆنلارمۇ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

ئۆز نەتىجىلىرىنى باشقىلار ھۇزۇرلىنىپ ماختىغاندا راھەتلەنمەيدىغان ئادەم كەم بولىدۇ. مېنى خۇشال قىلغىنى ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ماختاشلىرى، تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى ئۇنىڭ مېنى كۆزەتكەنلىكى، ماڭا ئۈمىد باغلىغانلىقى ۋە مېنى رىغبەتلەندۈرگىنى بولدى. بىزدە ھازىرمۇ ئۆز ئۇتۇقلىرىدىن خۇشاللىنىدىغان، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان ئاق كۆڭۈل، قىزغىن ئادەملەر كۆپ، لېكىن باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى كۆرسە بىئارام بولىدىغان، غەزەپلىنىدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئورنىنى كولايدىغان «ئاتاقلىق»ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. مەن بۇ «پېشقەدەم»لىرىمىزگە ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەقدىم قىلىمەن: ياشلارغا بولغان ھۆرمەت ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ھۆرمەت، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن خۇشال بولۇش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن خۇشال بولۇش دېگەنلىك !

— بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭكىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

— ھە، ھېلىقى چاغدا يېگەن گاڭپەننىڭ ھارىقىنى بۈگۈن ئىچىمىزمۇ، بۇمۇ ياخشى، ئون ئىككى يىلدىن كېيىن ھارىقىنى

---

① خوجايوفنىڭ لەقىمى ئىدى.

ئىچسەك تەمى ياخشى بولىدۇ!

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇمايتتى، كۈلكە - چاقچاق بىلەن كىشىگە مەدەت، غەيرەت، تەسەللى بېرىشكە ماھىر ئىدى.

ئۇ كۈنى مەن ئۆيۈمدە، تېيىپجان ئاكا، خوجايوف ئاكا، ھۇسەنجان جامى ئاكا، يولداش ۋاڭ مىڭ، ۋاڭ يۈيخۇ، چىن سۇنلارنىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ناخشا - ئۇسسۇل، چاقچاق - كۈلكىدىن ھۇزۇرلانغىنىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولغانىدىم. يىللار ئۇ كۈنى نىمە يەپ، نىمە ئىچكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بۇ سۆيۈملۈك ئادەملىرىمىزنىڭ جەم بولغانلىقى، بىللە خۇشال بولۇپ، بىللە كۈلۈشكەنلىرىنى يىللار ھېچقاچان ئۇنتۇلدۇرالمايدۇ، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر كۈچ، ھېچقانداق بىر ئۇسۇل بىلەن ئۇ كۈنكى كۆڭۈللۈك سورۇننى تەكرارلىيالمايدۇ.

1975 - يىلى مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيۇشتۇرغان «ئاۋرال شاماللىرى» رومانى ھەققىدىكى پىكىرلىشىش، مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئۇ چاغدا ئەدەبىياتنىڭ يولى تار، يۈكى ئېغىر، ئىستىقبالى قاراڭغۇ ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش» دەيدىغان رامكىلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا ئىدى. يازغۇچىنىڭ ئۆز تالانتى ۋە كۆزقارىشىنى ئەركىن ئىپادە قىلىشىغا ئىمكان يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىز يىغىلىمىدەك ئەدىب ۋە رەھبەرلەر مېھمانخانىغا توپلىنىپ، رومانىنى بابمۇباب ئوقۇپ ئۆز ئالدىمىزغا پىكىر ۋە «لايىھە» تەييارلايتتۇق.

مەن باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ كۆپىنچە تىرىكىپ، سەكرەپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇكېرىم ئاكا مېنى ئۆيگە باشلاپ ئاپىرىپ، گۆھەرىيە ئاپپاينىڭ قورۇغان قورۇمىسى بىلەن هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلاتتى.

— ساقىلىڭىز ئاقارغان بىلەن بالىكەنسىزغۇ ئۇكام، — دەيتتى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇچنى گەۋدىلەندۈرمەپتۇ دېسە، ھە راست دېمەمسىز، قەلەم ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بىلگەنچە يازىۋەرمەمسىز! لېكىن، پۇرسەت غەنىيمەت، كەلگۈسىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئەسەر يازىدىغان شارائىت چوقۇم بولىدۇ. كۆپچىلىك ئاشۇنداق پىكىر بەرمەي قانداق پىكىر بېرەلەيتتى؟ قابىلىيەتلىك بولغىنىڭىز بىلەن سالماق ئەمەسكەنسىز...

مەن ئۇنىڭ تەنقىدلىرىنى تولىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايتتىم. ئۇ ئادەم مېنىڭ نەزەرىمدە، ئۆزۈم بىلەن پىكىرداش، مېنى ناھايىتى قوللايدىغان، ئاسرايدىغان ئۇستاز ئىدى.

كېيىنكى ئەمەلىيەت مېنىڭ بۇ قارىشىمنىڭ خاتا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن، نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىر ۋە كۆزقاراشتا تالاش - تارتىش قىلىشتىم، لېكىن ھەممىلا مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن ئەڭ ئاخىرغىچە بىر خىل قاراشتا بولۇپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ ئۇ كىشى بىلەن يېقىن بولغانلىقىم ياكى ئۇ كىشىگە قارىغۇلارچە چوقۇنغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ھايات، گۈزەللىك، ئىنسان توغرىسىدىكى كۆزقاراشلاردا بىر خىل خۇلاسىگە ئىگە بولغانلىقىمىزدا.

بىرنەچچە كۆڭلى تارتقان دوستلار جەم بولۇپ ئاددىي سورۇن تۈزۈپ، ھاراق ئىچكەچ پاراڭلىشىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك پائالىيەت. بۇ پائالىيەت سەنئەتنىڭ ھېچقانداق تۈرىگە كىرمىگەنى بىلەن كىشىگە ئېستېتىك زوق، مەنىۋى ئوزۇق بېرىشتە سەنئەتنىڭ ھەرقانداق شەكلىدىن قېلىشمايدۇ. رېئاللىق، ئىستىقبال توغرىسىدا سۆزلىشىش، ھايات توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ شېئىرلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەش ۋە ئىسپاتلاش، مۆرىتى كەلسە چاقچاقلىشىش، ناخشا ئېيتىشىش... بۇ سورۇندىن ئالىدىغان لەززىتىمىزنىڭ

قىممىتىنى ھېچقانداق ئوخشىتىش بىلەن ئىپادىلىيەلمەيمەن، شۇنداقلا بۇ خىل كۆڭۈللۈك سورۇننى ھېچكىم، ھېچقانداق يول بىلەن تەشكىللىيەلمەيدۇ.

مەن ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن مۇشۇنداق سورۇنلاردا كۆپ بىللە بولدۇم. بۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدە «ئەسەر ئۆزگەرتىش» بىلەن تۇرۇۋاتاتتىم. خوجايوف ئاكا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىدى. بىز خوجايوف، ۋاڭ مىڭ، جۇڭلو، خاۋ گۇەنجۇڭ، ئابدۇشۇكۇر تۇردى قاتارلىق بىر-نەچچىمىز نۇرغۇن قېتىم شۇنداق سورۇنلاردا بىللە بولۇپ، بىللە لەززەت ئېلىشقانىدۇق. خوجايوف ئاكا ئۆزىنىڭ پىكرى، چوڭقۇر رۇبائىيلىرى بىلەن قىسقا شېئىرلىرىنى زوقلىنىپ ئوقۇسا، يولداش ۋاڭ مىڭ ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئۇي-غۇرچىسىنى ئوقۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي بۇ شېئىرلارنى ماختايتتى.

مانا مۇشۇنداق سورۇنلاردا مەن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ شېئىر، ھايات، ئىنسان توغرىسىدىكى ئاجايىپ پىكىرلىرىنى ئاڭلايتتىم. ئۇ دۇفۇ، لى بەي، بەي جۈيى شېئىرلىرىنىمۇ، ئەي چىڭ، لى جى، ۋېن جيە، گو شاۋچۈەن شېئىرلىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تىكى شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا شۇنچىلىك زوقلىنىپ سۆزلەيتتىكى، پەقەت ئۇنىڭدىن لەززەتلىنەلەيدىغان ئادەملەرلا ئەنە شۇنداق سۆزلىيەلەيتتى. ئۇ خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شېئىر يازالايدىغان شائىر بولغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىدا كلاسسىك خەنزۇ شېئىرلىرىدىكى پىكىرنىڭ چوڭقۇر ۋە يوشۇرۇنلۇقى، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات بىلەن تىلنىڭ ماسلىشىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى مەتبەئەدە ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى، پىكىر، ئىنكاسلىرىمىزنى ئاڭلايتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان «ئەزرائىل

بىلەن سۆھبەت»، «ئىككى ھەيكەلنىڭ سۆھبىتى»، «ماشىنا ئادەم» قاتارلىق زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنى زوق بىلەن ئوقۇغاندا، مەن ئاپتور بىلەن بىللە ھاياجانلانغانىدىم.

شىنجاڭغا «ئىلىم - پەننىڭ باھارى» يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە ئۇ بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا، چېكىدىن ئاشقان «سول»چىللىقتا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگۈچى يالقۇنلۇق، گۈزەل پىكىرلىك شېئىرلىرىنى دائىم گېزىت - ژۇرناللاردىن ئىزدەپ - تېپىپ لەززەتلىنىپ ئوقۇدۇم. بىر قېتىم بېيجىڭدا بىر چوڭ سورۇندا ئۇنىڭ «تومۇزغا» ناملىق شېئىرى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇلغاندا پۈتۈن زالدا چاۋاك، قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئىدىيە ئازادلىقى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق چاۋاك چالغان، ئەڭ كۈچلۈك خۇشال بولغانلارنىڭ بىرى ئابدۇكېرىم ئاكا ئىدى دېسەم، خاتالاشمىغان بولىمەن. ئۇ، بۇ باھارنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەنىدى:

«كەتتى تۇنمۇ، كەلدى تاڭ ساھىبجامال،
قويىنغا تاڭنىڭ كىرىپ كەتتى خۇشال.»

1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىيەت يىغىنىدا، 4 - قېتىملىق جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپات يىغىنىدا بىز ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن بىللە بولدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتۇق، شېئىر ۋە سۆھبەتلىرىدە دائىم ئۆزىگە خاس بولغان جۈرئەت - دادىللىق، مۇھەببەت، قىزغىنلىق ۋە كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ - تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن ئالقىش - ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ تۇراتتى. بىر قېتىم مەن ئۇ يازغان:

«ئەمدى بەس، ماڭمايدۇ ئىش ئۇلى - سولىغا،
كۈچ، ئەقىل، ئۆتتى ئىلىم - پەن قولىغا.
ئەتىمىز خەزىنە بىلەن تولغاي چوقۇم،
چۈشتى تارىخ چەرخىمۇ ئۆز يولىغا».

دېگەن مىسرالىرىدىكى پىكىرلەرنى ماختىغۇدىم، ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ قويۇپ:

— «ئەمدى بەس، ماڭمايدۇ ئىش ئۇلى - سولىغا» دېگەن ھۆكۈمنى ئالدىراپ دەپ قويۇپتىمەن، ئۇكام. «قىشنىڭ توڭلىرى» تېخى تەستە ئېرىپ بولىدىكەن. نېمىشقا دەمسىز؟ «توڭ»نى خالايدىغان ئادەملەر تولىكەن ئەمەسمۇ ! — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە «سول لۇشيەن»نىڭ تېخى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ مەۋجۇدىيەت ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقانلىقىغا قارىتىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆھبەت، نۇتۇقلىرىدا «سول» خاھىشقا بولغان غەزىپىنى يۇمۇرلۇق ئوخشىتىش، چوڭقۇر مەنىلىك كىنايە بىلەن ئىپادىلەيتتى. ئۇ 4 - قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرە يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى:

— بىز يەنىمۇ چوڭ توساقلاردىن ئۆتىدىغان ئوخشايمىز. مەن ئەزرائىلنى يەڭگەن① ئادەممەن، توسالغۇلاردىن زادى قورقمايمەن !

كېيىنكى يىللاردا بىز بىر قورۇدا تۇردۇق. ياز ئايلىرى ھويلىمىز گۈللەرنىڭ پۇرىقى، بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، چاقچاق - كۈلكىلەر بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتەتتى. ئابدۇكېرىم ئاكا پات - پاتلا قولتۇقىغا چىرايلىق شاھمات

① راك كېسىلىدىن غالىب كەلگەن دېمەكچى.

تاختىسىنى قىستۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ كېلەتتى ـ دە، ماڭا:

— ھەي ئۇنسۇر، تانابىڭىزنى بىر تارتىپ قويايمۇ؟ — دەيتتى.

شاھمات ئوينىغاچ پاراڭلىشىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بىزنىڭ پاراڭىمىز يەنىلا ئەدەبىيات، ۋەزىيەت توغرىسىدا بولاتتى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇكېرىم ئاكا ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى زور ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە بېغىشلىغانىدى.

ئۇ سۈرىيە، مىسىرلارنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى شاھمات مەيداندا:

— ئۇكام، بىز يەنىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشساق بولغۇدەك. ئۆتمۈشكە قارىغاندا گۈللەندۇق، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدۇق، لېكىن دۇنياغا نىسبەتەن بىز يەنىلا بېكىنمە، نادان، قالاق ھالەتتىكەنمىز. بىزدە رامكىلار كۆپ ئىكەن، بىزگە بېسىممۇ چوڭ ئىكەن! — دېگەنلىكى يادىمدا.

ئۇ ئۆزىدىن قانائەتلەنمەيتتى. شۇنداقلا بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەزىيىتىمىزدىن قانائەتلەنمەيتتى:

— مەن خەنزۇچە ژۇرناللارنى كۆپرەك ئوقۇيمەن ۋە سىزنى ئۇلارغا سېلىشتۇرىمەن، — دەيتتى ئۇ ماڭا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، — سىزدە پىكىردە چوڭقۇرلىيالماسلىق، قورقۇش، قورقۇنچ بار، يازغۇچى، شائىرلار ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇلار رېئاللىقنىڭ ھەم كۈيچىسى، ھەم پاش قىلغۇچى ـ ئەيىبلىگۈچىسى. بىزدە ھازىر ئەدەبىياتنى چۈشەنمەسلىك، ئەدەبىياتنى قوللىماسلىق، ھەتتا يامان كۆرۈش خاھىشىمۇ بار. بۇ كونىدىن قالغان. تارىختىن قالغان فېئودالىزم كېسىلى. بۇ كېسەلگە قارشى تۇرمىساق قانداقمۇ ئۆزىمىزنى ئەدىب ھېسابلى-

يالايمىز؟

ماڭا ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن سۆھبەتلىشىش بىر خىل مەنىۋى ئىلھام، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايتتى.

مەن ئابدۇكېرىم ئاكىغا لۇشۈننىڭ «قەبرە» ناملىق زاۋېنلار توپلىمىدىكى ئەنگلىيەلىك كارلىلنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەردىم: ھاياتلىق ئۇچۇن جاسارەت بىلەن ئۆز كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئېنىق ۋە بىمالال كۆيلەپ بېرىش ھەربىر ئەل ـ خەلقنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى... ئارقىدىن لۇشۈننىڭ سۆزلىرىنى بىللە ئوقۇدۇق. شائىر دېمەك ـــ كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى چەككۈچى دېمەكتۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدە شېئىر بولماي قالمايدۇ، شائىر شېئىرنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن شېئىر شائىرنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلانمايدۇ... كىشىلەر كۆڭلىدە شېئىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، شېئىرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغان، شائىر ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئورنىدا ئېيتقان... لۇشۈننىڭ شائىر ۋە شېئىر توغرىسىدىكى بۇ پىكىرلىرى، كارلىلنىڭ پىكرى ئابدۇكېرىم ئاكىنى ھاياجانلاندۇردى. ئۇ قولۇمدىن «قەبرە»نى ئېلىپ ۋاراقلىدى.

ـــ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دەپ ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇدى ـ دە، كۈلۈپ كەتتى، ـــ شاياتۇن شائىرلار ھازىرمۇ زۆرۈر. جۇڭگولۇق لۇشۈن: شېئىر ئىقبالنىڭ بايانىدۇر دەپتىكەن. توغرا ئۇكام، مۇنۇ گەپمۇ توغرا: تىنچ كەيپىيات بۇزۇلغاندا، ئىنسانىيەت چوقۇم ئالغا باسىدۇ.

ئۇ ماڭا لۇشۈننىڭ بۇ سۆزىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ:

ـــ تىنچ كەيپىيات ـــ قاتماللىق. بىزنىڭ ياش شائىرلىرىمىز بۇ قاتماللىقنى بۇزغۇچى شاياتۇنلار. ئۇلارغا ئاپىرىن، مېنىڭ ئۇلارغا ھۆرمىتىم، ئىشەنچىم چوڭ!

مەن لۇشۈننىڭ مۇنۇ سۆزىنىمۇ ئوقۇپ بەردىم:

«مېنىڭ ئويۇمچە بولغاندا، ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىش، شۇنىڭ-

دەك باشقىلارنىمۇ بىرقەدەر پۇختا چۈشىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆزلۈكىدىن ئويغىنىش بارلىققا كېلىدۇ. ئويغىنىش ئاۋازى چىققان ھامان ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلب تارلىرىنى چەكمەي ئۆتمەيدۇ...»

— ناھايىتى ياخشى، ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارنىمۇ بىرقەدەر پۇختا بىلىش دېگەن سۆز تولىمۇ ياخشى قويۇلغان. بىزدە مۇشۇنداق ئادەملەر تولىمۇ ئاز. ئۆزىنى ياخشى بىلىدىغان، باشقىلارنى بىرقەدەر پۇختا بىلىدىغان ئادەملەر كۆپەيسە قانداق ياخشى بولاتتى. بىز ئۇنداق بولالمىدۇق. بولالىغانىمۇ بولاتتۇق، شارائىت يول قويمىدى. بىزدە ئورتودوكىسلار كۆپ. ئىسلاھاتچىلار ئاز، ئاشۇ ئازلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرەلىگەن بولسام ئىدىم...

مەن ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن يېزىقچىلىق ئۆيىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق بىللە ئولتۇراتتىم. ئابدۇكېرىم ئاكا توقۇما ئورۇندۇقىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، زور مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى، ئىستىقبال توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى.

ئۇ شىنجاڭدا 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنمۇ ياخشى ھەل بولمىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىگىنىدە: «مەن چوقۇم مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن سۆزلىشىمەن !» دەيتتى، لېكىن ئۇنىڭغا بۇ ئىش نېسىپ بولمىدى. ئۇ «ئىككى ھەيكەلنىڭ سۆھبىتى» توغرىسىدىكى بەزى ناھەق ھۇجۇملاردىن غەزەپلىنىپ: «ھەقىقەت ھامان غالىب. قۇرۇق، يالغان مەدھىيەگە ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەر ئاچچىق ـ تەنلىك تەنقىدنى يامان كۆرىدۇ. لېكىن، دورىنىڭ ئاچچىقىنى دەپ ئۇنى يېمىگەن ئادەم زىياننى ئۆزى تارتىدۇ» دەيتتى، ئۇ ئەدەبىياتتىكى «سول» خاھىشلارنىڭ ھەر خىل، ھەر تۈردىكى ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە دادىل ئىدى.

ئۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىك ئۆلچىمى توغرىسىدا كۆپ پى-

كىر يوركۈزەتتى. ئۇ سوتسىيالىزم باسقۇچىدا ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ، تىل، مەدەنىيەت ۋە پىسخولوگىيە جەھەتتىكى خاس-
لىقىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، ھەر-
گىزمۇ بۇ خاسلىقنى ئالدىراپ - تېنەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ
«بىر تىلدا يېزىلىدىغان ئەدەبىيات» دېگەنلەرنى يولغا قويماس-
لىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ بۇ تەلىپىنى 1 - قېتىملىق جۇڭگو
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىيەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغاندا
كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان: «مەن بۇرۇن ئۆز ئانا تى-
لىمدا ئەسەر يازالمايتتىم. خەنزۇ تىلىدا يازاتتىم، لېكىن مەن
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئىكەنمەن، ئۇيغۇرچە يېزىشىم كې-
رەك. مەن شۇ تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە يېزىشنى
قەدەممۇقەدەم مەشىق قىلىپ ھازىرقى سەۋىيەگە ئىگە بولالى-
دىم» دېگەنىدى ئۇ.

ئابدۇكېرىم ئاكا ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مىل-
لىي ساپاسى، ئەخلاق مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلى-
غان. ئۇ كادىرلاردىكى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردىكى ھەر
خىل ناچار نەرسىلەردىن كۆپ يىرگىنەتتى. ئۇ ئۆزىگىمۇ قات-
تىق تەلەپ قوياتتى:

«ئۆزۈمنى ناخشىچى دەپ كەلدىم، ناخشام
كىملەرنىڭ قەلبىگە ياققاندۇر چىراغ؟
ھەر مىسرا تېگىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم،
توچكىدىن كۆپرەك تۇرىدۇ سوراق.»

بۇ «سوراق» تەبئىيكى شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر
ئۈستىدىكى پىكىر - نازارىلىقلىرى ئىدى. مەن ئۇنىڭ تۆۋەن-
دىكى شېئىرىنى ئاچچىق تەنە دېگەندىن كۆرە قاتتىق نارازىلىق
دەپ قارايمەن:

«ئادەمنىڭ ئۆزگىنى تونۇشى ئاسان
ۋە لېكىن ئۆزىنى تونۇمىقى قىيىن.
سەۋەبى: شۇنداقمۇ كۆزلەر بار ئىكى،
كىر ئىزدەپ ئۆگەنگەن كىرسىز تىرناقتىن.
ئۆزىگە كەلگەندە كۆرمەيدۇ كۆزى،
يىرىڭنى يالاپ يۇرسىمۇ چىۋىن.
بەزىلەر تونۇيدۇ ئۆزىنى بالدۇر،
بەزىلەر تا قېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن».

بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بار، ئۇلار ئۆز ئەيىبلىرىنى كۆرۈشنى زادىلا خالىمايدۇ، ئەكسىچە ئۆز ئەيىبلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىدەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ ئەيىبلەرنىڭ بىر مىللەتنىڭ مىللىي ساپاسى ئۈچۈن چوڭ زىيان كەلتۈرۈشىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئابدۇكېرىم ئاكا دوستلار ئارا ئىناقلىقنى، ئۆزئارا ھۆرمەت، ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى دائىم تەكىتلەيتتى. بۇ كۆزقارىشىنى بەزىدە نەسىھەت، بەزىدە تەنقىد، كۆپرەك چاقچاق بىلەن ئىپادىلەيتتى. مەن بىرلىرىدىن رەنجىپ ھال ئېيتسام، ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ قويۇپ:

— باشقىلارنى تىل، كۆچ بىلەن يېڭىمەن دېيىش ئەخمەقلىق. ئەسىرىڭىز بىلەن يېڭىڭ، ئۇكام، دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كۆچلۈك بولغىنى ياخشى، شۇلار بىلەن قېرىشىپ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋېتىسىز، — دەيتتى.

ئۇ باشقىلارنىڭ قىلغان ئازغىنا ياخشىلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايتتى. 1981 ـ يىلى ئوسمانجان ساۋۇت، جاقىپ مىرزاقان ئۈچىمىز بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا، بىر كۈنى مىللەتلەر سارىيى زالىغا زىياپەتكە كىردۇق. زىياپەتتىن بىز گۆش، ھاراقلارنى ئېلىپ شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش سارىيىغا كېلىپ

تېيىپجان ئاكا بىلەن ئابدۇكېرىم ئاكىنى يوقلىدۇق. ئۇلار شىنجاڭدىن يېڭىلا كېلىپ تېخى تاماقمۇ يېمىگەنىكەن. بىزنىڭ زىياپىتىمىزگە ئۇلار تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

بۇ بىر كىچىككىنە ئىش. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئاكا بۇ ئىش ئۈچۈن مېنى نۇرغۇن ئورۇندا ماختىدى:

— بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ ھۆكۈمەتنىڭ زىياپىتى گېلىدىن ئۆتمەستىن، بىزگە ئېلىپ كەپتۇ. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل سەھرالىق بۇ!

غەمخورلۇقنى توغرا چۈشىنىش بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. بەزىلەر سېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلـ-غان ياخشىلىقىڭنى «خۇشامەت»، قىلىشقا تېگىشلىك «بۇرچى» دەپ تونۇيدۇ ئەمەسمۇ؟

مەن بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئاكىغا مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەنسەپ ئۈچۈن ئۇياق - بۇياققا قاترىغانلىقىنى ئېيتىپ بەر-دىم. ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇياققا - بۇياققا چاپقان بولسا ياخشى بوپتىكەن. «يازغۇچى»، «شائىر» بولۇپ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشتىنمۇ ئارتۇق مەنسەپ بارمۇ؟ مەن بىر ياخشى ئەسەرنى بىر خان تاجىغا بەرمەيمەن، — دېدى ۋە ماڭا ئۆزىنىڭ «تاج ۋە باش» ناملىق بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

«چوت ۋە يا كەتمەننى ساپلاش تەس ئەمەس،
كېتىدۇ ناھايەت ئاڭا ئىرغايلا بەس.
تاج ۋە يا كۇلا تىكىش ھېچ گەپ ئەمەس،
ئاڭا لايىق باش تېپىش تەس، بەكمۇ تەس.»

مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى تەپسىلىي ئوقۇپ خۇشال بولىدىغان، پىكىر بېرىدىغان يېقىنلىرىمىزدىن بىرىمۇ ئابدۇكېرىم ئاكا

ئىدى:

— «بوش كەلىمە، تۇرپانلىق» دېگەن ھېكايىڭىزنى بەزىلەر ئەيىبلىمەكتە. مەن ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. بەزى كېلەڭسىز يەرلىرى بار ئىكەن، لېكىن ھېكايىدە قويۇلغان مەسىلىدىن ھوزۇرلاندىم!

— «ئېھ، توپىلىق يول» سىزنىڭ رېئالىزم مېتودىنى ياخشى ئۆگىنىۋاتقىنىڭىزنى چۈشەندۇرىدۇ. روزەك بەز تىرىك ئادەم، گۈلئايشەمۇ بىر تىپ. ياخشى ئۇكام، ئالدىڭىزدا ياخشى گېپىڭىزنى قىلىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ. سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىم بىكارغا كەتمىدى! «تارىم كېيىنگە ئاقمايدۇ»نى دوختۇرخانىدا ئوقۇپ چىقتىم. شېئىرىي پىكىر بار ئىكەن، ئۇكام. شېئىرلاردا پىكىر يوشۇرۇن بولسا، ئوقۇغۇچىنى پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلسا ياخشى بولىدۇ. ھېكايىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ھېكايىڭىز كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. قەلەم پىشقانسېرى ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تارتىش كۈچى كۈچىيىدۇ. سىز پىشىۋاتىسىز ئۇكام، ئاخىرى قانداق بولارسىزكى، بىزدىن كېيىن يەنە نېمىلەر بولار؟ سىلەرنى ھىمايە قىلغۇچىلار قارىلىغۇچىلاردىن كۈچلۈك كەلسە ياخشى بولاتتى!...

ئۆز خەلقىگە، ئەدەبىياتقا، گۈزەللىككە، ھاياتقا مۇھەببەت باغلىغان ئادەملەرلا ئۆز زامانداشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىيالايدۇ. ئابدۇكېرىم ئاكا يالغۇز مېنىڭ ئەسەرلىرىم بىلەن ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ شۇنداق خۇشال بولالايتتى. ئۇ بىر قېتىم «گۇڭگا شېئىرلار»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئوبزور يېزىپ تونۇشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن رەھمىتى بۇ ئىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

شۇم ئەجەل ئۇنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ، باھارغا ئامراق

قەلبىنى ئۆز كۆلەڭگىسى بىلەن خىرەلەشتۈرۈپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ ئۇ دائىم كۈلكە ـ تەبەسسۇم بىلەن كۈنلەرنى كۈتۈۋالاتتى، ئۇزىتاتتى. ئۇ ئۆز نەۋرىلىرىنى شۇنداق ئىللىق مۇھەببەت بىلەن ئەركىلىتەتتى، پەقەت ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، ھاياتنى سۆيىدىغان، ساپ يۈرەك ئىگىلىرىلا باللارنىڭ قىلىقلىرىدىن ئەنە شۇنداق ھۇزۇر ئالالايدۇ. شائىرنىڭ باھار ئاپتىپىدەك جانغا ئارام مېھرىدىن مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ بەھرىمەن بولاتتى، نۇسرەت ئىسىملىك كىچىك ئوغلۇم ئاخشىمى ئەسنەپ يېتىپ:

— دادا، گۈلمىرەنىڭ چوڭ دادىسى سېنىڭ ئادىشىڭما؟ مېنى كۆرسىلا سۆيۈپ قويىدۇغۇ ئەمىسە؟ — دەپ سورايدۇ.

مەن بۇ سوراقتىن تويىدىن يېڭىلا باش كۆتۈرۈپ چىققان يۇمران مايسىنىڭ باھار ئاپتىپىغا بولغان مېھرىنى ھېس قىلىمەن: پەقەت ھەقىقىي شائىرلارلا ئەنە شۇنداق كىشى قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

مەن ئاخىرقى قېتىم ئابدۇكېرىم ئاكىنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغىنىمدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئاۋازى پۈتۈپ، ئۆزى تولىمۇ جۈدەپ ـ قارىداپ كەتكەنىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ھازىرلا سىزنى ئويلاپ ياتقانىدىم. كۆزۈم كىچىككىنە يۇمۇلۇۋىدى، چۈش كۆرۈپتىمەن، تېيىپجان ئۈچىمىز ۋاڭ گۈلىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتىمىز. ئۇ ھە دەپ ھارىقىنى ماختىغۇدەك... ئويغىنىپ كەتمىگەن بولسام، ئاخىرقى بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋەتكەن بولاتتىمكەن، ئەمدى تۈگىدى، ئۇكام، سىز بىلەن بىللە ئىزدىشىپ، مۇڭدىشىپ، ئىچىشىپ، كۈلۈشۈپ يۈرگىنىمىزگە ئازغىنا كەم ئوتتۇز يىل بولاي دەپتۇ. سىز نوتىدىن دەرەخكە ئايلاندىڭىز، بىز مانا يىقىلدۇق. سىز مېنىڭ ئىنىم، سىزنىڭمۇ ئىنىلىرىڭىز، سىڭىللىرىڭىز بار. ئۇلارغا سايىۋەن بولۇڭ، بىز بىر ـ بىرىمىزگە گۆگۈت، شوتا

بولالايمىز، ھاياتنىڭ قىممىتى مانا شۇ يەردە!

مېھرىبان قېرىنداش، غەمخورچى ئۇستازنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزلىرى مېنىڭ مەڭگۈ يادىمدا تۇرغۇسى!

ھەر قېتىم ھويلىغا كىرگەندە ھېلىقى تونۇش دېرىزىگە قارايمەن، ئۇ يەردە ئىللىق، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بىر چىرايىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، ئۇ ئەمدى يوق، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىپ «خەلقى ئارىسىغا» ① كەتكەن. ھويلىمىزدا باھاردا يەنە گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئىللىق ھاۋادا باللار چۇرۇقلىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بىر كىشى كەم. ئۇ — بىزگە مېھرى بىلەن كۈلكە - تەبەسسۇمىنى يادىكار قالدۇرۇپ، بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان ئۆلمەس شائىر ئابدۇكېرىم خوجا ئاكا.

خۇشاللىق ئۈچۈن تۇغۇلغان، خۇشاللىق ئۈچۈن ياشىغان شائىرنىڭ كۈلكىسى ئۆلمەيدۇ، تەبەسسۇمى ئۇنتۇلمايدۇ.

---

① ئۆز ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، شائىرنىڭ جەسىتى ئۇلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا ئەمەس، خەلق قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان.

# چاڭ ـ توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك

(ئەدەبىي خاتىرە)

شۇنداق بىر تاسادىپىي خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئادەملەر ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىپ، چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ كېتىپ بارغان ماشىنىنى، ئۇنىڭ شوپۇرىنى، چاڭ ـ توزاننىڭ ئۆزىنى تىللاشماقتا، ماشىنا كۆل رەڭ چاڭ ـ توزىنىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى، تىل ـ ئاھانەت داۋاملاشتى:

— ھاۋانى بۇلغاپ بولدى!

— دۇنيادا ئەڭ پاسكىنا نەرسە مۇشۇ سېمونت!

— ۋۇي بۇنى ئويلاپ تاپقاننىڭ ئانىسىغا جىن تەگسۇن!

پاكىز سۈپۈرۈلگەن، سالقىن سېمونت يوللار، چىرايلىق بېزەلگەن مېھمانخانا، يىغىن زاللىرى، شەھەرنىڭ زىننىتى ھېسابلانغان گۈزەل بىنالار؛ بىزگە راھەتبەخش ئېتىدىغان ئۆيلىرىمىزنىڭ ئاشۇ «پاسكىنا» سېمونت بىلەن گۈزەللەشكىنىنى ئويلىمىساق كېرەك. بىز سېمونت ئىچىدە ياشمايمىز، سېمونتتىن راھەتلىنىمىز، سېمونت گۈزەللىكىنى ھېس قىلىمىز، لېكىن سېمونتنى ماختاشقا تىلىمىز بارمايدۇ، سېمونتچىلارنى ئەسلەپ قويۇش خىيالىمىزغىمۇ كەلمەيدۇ. بۇ بىر ئادالەتسىزلىك. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىستىخىيەلىك نەپرەت سېزىمىنىڭ تېخىچىلا ئۆزگەرمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشۇ سېمونت زاۋۇتىدىكى گۈزەل نەرسىلەرنى خەلققە كۆرسىتەي

دېگەن نىيەتكە كەلدىم ـ دە، سېمونت زاۋۇتىنى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدىم.

## سالام، زاۋۇت رايونى

زاۋۇتلارنىڭ كىچىك شەھەر ياكى بازار بولىدىغانلىقىنى بىلمەن. بۇ يەرمۇ شۇنداقكەن. زاۋۇتقا بارىدىغان كوچىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ دەرۋازىسى، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە بازىرى ۋە ئاشخانىلار بولۇپ، گويا بىر ناھىيە بازىرىغىلا ئوخشايتتى. ئون بىر مىللەت، ئوتتۇز بەش ئاھالە گۇرۇپپىلىرىدىن قۇرۇلغان بۇ ئولتۇراق رايونىدا بىر مىڭ بىر يۈز توقسان ئالتە ئائىلە، تۆت مىڭ بەش يۈز ئوتتۇز بىر جان ياشايدىكەن. مانا بۇلار سېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، گۈللەندۈرگۈچىلىرى. 1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۇننىڭ 21 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقى بىلەن ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سايلام ئۇسۇلى بىلەن سېمونت زاۋۇتى ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ مەخسۇس ئىش بېجىرگۈچى بىر مۇدىرى، ئىككى مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىككى خادىمى سايلاپ چىقىلغان. بۇ ئاۋات كوچا، بەش ئولتۇراق رايوندىكى ئىشلارغا ئەنە شۇ كومىتېت رەھبەرلىك قىلىدىكەن. بىر كىلومېتىر كېلىدىغان كوچىدا زاۋۇت دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، چاڭ ـ توزان ئىچىدىكى بىرىنچى گۈزەللىك مانا مۇشۇ قۇرغۇچىلار، ياراتقۇچىلار ۋە كەلگۈسىگە قاراپ ئۈمىد بىلەن شادلانغۇچىلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئىكەن دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە بازارلار بىلەن بىللە بەش يۈز ئوقۇغۇچىسى بار مەكتەپ، مېھمانخانا، دوختۇرخانا، يەسلى، دەم

ئېلىش ئورۇنلىرى، باغلار، گۈللۈكلەر، كۇلۇبلارمۇ بار. بۇ يەرلەردە چاڭ ـ توزاندىن نالە قىلغۇچىلار يوق، بەلكى مۇشۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دەۋردىن رازى، خۇشال ـ خۇرام چىرايلار بار ئىكەن. كۇلۇپ تۇرغان ئادەملەرگە سالام بەرمەي بولاتتىمۇ؟ مەن خەلققە، خەلقىنىڭ قان ـ تەرىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى گۈزەللىككە سالام بەردىم.

## مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل

مېنىڭ زاۋۇتقا كىرىپ تۇنجى كۆرۈشكەن ئادىمىمۇ، مېنى ھۆرمەتلەپ كۈتۈۋالغان ئادەممۇ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل بولدى. ئۇ تىپىك ئۇيغۇر چىراي، كاپكازچە بۇرۇت قويغان، قىرىقتىن ئاشقان قىران يىگىت. ئۇ خەنزۇ تىلىنى تولىمۇ چىرايلىق ۋە سەنئەتلىك سۆزلەيدىكەن. ئۇ مېنى چىڭ فامىلىلىك زاۋۇت باشلىقىغا ۋە پارتكوم شۇجىسىغا ئاشۇ چىرايلىق خەنزۇچە سۆزلىرى بىلەن تونۇشتۇردى. زاۋۇت رەھبەرلىرى ماڭا زاۋۇتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇردى.

شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ھازىر ھەر يىلى تۆت يۈز مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىكەن. 1992 ـ يىلى پۈتىدىغان 4 ـ نومۇرلۇق زامانىۋى خۇمدان ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 100 مىڭ توننىغا يېتىدىكەن. 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلغان ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى تۇنجى قېتىم ئىجرا قىلغان زاۋۇتلارنىڭ بىرى مۇشۇ زاۋۇتكەن. بۇ زاۋۇت 1986 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى ئىلغار كارخانا نامىغا ۋە دۆلەت قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باش ئىدارىسىنىڭ 6 ـ بەش يىللىق پىلان تېخنىكا ئىلغارلىقىدا ھەممىدە ئەۋزەل كارخانا مۇكاپاتىغا، 1987 ـ، 1989 ـ يىللىرى

ئىككى قېتىم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە نەمۇنىچى كارخانا بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى دەرىجىلىك كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشىپتۇ.

— ياخشىكەن، — دېدىم مەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىلنىڭ پەخىرلىنىپ ئېيتىپ بەرگەن يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، — مەن سېمونت توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيمەن، پۇل بىلەن ھېسابلاپ كۆرسەتسىڭىز خېلى ياخشى چۈشىنىمەن. بىر تونىنا سېمونت نەچچە پۇل زادى؟

ئىسمايىل كۈلۈپ كەتتى. ئۇ چاقچاق ئارىلاش:

— سېمونت بۇغدايغا ئوخشىمايدۇ. بىزدە «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئالتە خىل سېمونت ئىشلىنىدۇ. سېمونتنىڭ سورتى ئوخشىمىغاچقا، باھالىرىمۇ ھەر خىل، ئەڭ قىممىتى G.API دەرىجىلىك قارشىلىقى يۇقىرى سېمونت (نېفىت قۇدۇقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ). ئۇنىڭ بىر توننىسى ئۈچ يۈز قىرىق يۈەن، خالتىلىقى ئۈچ يۈز سەكسەن يۈەن. ھازىر ئىشلەۋاتقىنىمىز قارشىلىقى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سورتى. ئۇنىڭ پارچىسى ئۈچ يۈز يىگىرمە يۈەن، خالتىلىقى ئۈچ يۈز ئاتمىش يۈەن. 325 ـ نومۇرلۇق ئادەتتىكى سېمونتنىڭ باھاسى بىر يۈز ئاتمىش ئىككى يۈەن، بىر يۈز توقسان يۈەن، «ئوتتۇرا G» نومۇرلۇقنىڭ ئىككى يۈز قىرىق ئۈچ — ئىككى يۈز يەتمىش بىر يۈەن.

— بىر كۈنلۈك مەھسۇلاتىڭلار قانچە ئىدى؟

— ئوخشاش ئەمەس، مانا قاراڭ ماۋۇ گىرافىكىغا، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىر مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز توققۇز توننا ئىشلىگەن. 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بەش يۈز ئاتمىش توننا ئىشلىگەن. ئالتە سېمونت تۈگمىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمىمۇ بىر خىل ئەمەس. ھەر ئايدا ئوتتۇز بەش مىڭ توننا سېمونت، ئوتتۇز مىڭ بەش يۈز توننا پىششىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش

كېرەك. بۇ سانمۇ مۇقىم ئەمەس. ئەمما بىر يىلدا تۆت يۈز مىڭ توننىدىن كەم ئىشلەپچىقىرىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ناۋادا تەپسىلىي سانلار بىلەن تونۇشاي دېسىڭىز مانا مۇنۇ ماتېرىياللار بىلەن تونۇشسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ماڭا «شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېمونت زاۋۇتىنىڭ يەر ئىسىملىرى ئەھۋالى»، «سېمونت ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماتېرىياللارنى بەردى. مەن بۇ ماتېرىياللارغا تولىمۇ قىزىقتىم. بۇ ماتېرىياللاردا گەرچە نۇرغۇن تەپسىلىي سانلىق رەقەملەر ۋە خەرىتە، گىرافىكلار بار بولسىمۇ، مەن بۇ باسما ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ماتېرىياللاردىن بۇ زاۋۇتنىڭ 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، قول تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان، ئارانلا بىر يۈز قىرىق بەش مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇتتىن ھازىرقى زامانىۋى ئۈسكۈنە، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىگە ئېرىشكەن زاۋۇتقا ئايلىنىش تارىخىنى كۆردۈم. ئۈچ ئەۋلاد ئەمگەك ئەھلىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ھازىر بۇ ساڭفاڭگو جىلغىسىدىكى 490 مىڭ 809 كىۋادرات مېتىر يەردە مۇقىم مەبلىغى 10 مىليارد 820 مىليون 990 مىڭ يۈەن، دۆلەتكە بېرىدىغان نەق پايدىسى ھەر يىلى ئۈچ مىليون يۈەندىن كۆپ، ئون بىر مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر مىڭ سەككىز يۈز ئون ئىككى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار (بۇلاردىن كەسپىي ـ تېخنىكا خادىملىرى ئۈچ يۈز يىگىرمە تۆت كىشى، باشقۇرۇش خادىملىرى ئۈچ يۈز ئون تۆت كىشى)، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە تېخنىكا ـ ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە $R_{425}$ ۋە $R_{525}$ ماركىلىق مەھسۇلاتلىرى 1988 ـ يىلى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ماددا مىقدار سەۋىيەسى خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيە ۋە ئادەتتىكى سەۋىيەگە ئېرىشەلىگەن؛ زاۋۇت

قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 687 مىليون 880 مىڭ تونىا سېمونت ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 10 مىليارد 59 مىليون 950 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرغان بىر مۆجىزە مەيدانى، بايلىق مەيدانى ۋە ئىنسان ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولغان. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل مېنى خۇمدان، تۈگمەن ۋە باشقا سېخلارنى كۆرۈپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

## ئايلانمىلار ئارىسىدا ئايلىنىش

خۇمدانلار، تۈگمەنلەر ئايلانماقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوت ـ يالقۇن ئايلانماقتا. دىيامېتىرى ئىككى ـ ئۈچ يېرىم مېتىر كېلىدىغان پولات باكلار ئايلانماقتا، پولات تاسمىلار يۈگۈرمەكتە، ھەممىلا تەرەپ گۈركىرىمەكتە.

مانا بۇ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىچىدىكى ھايات. ئادەملەر مانا مۇشۇنداق تىنىمسىز گۈركىرەش ئىچىدە، ئوت ـ يالقۇن ئەتراپىدا يۈرۈپ كۈنىگە مىڭ توننىدىن كۆپ سېمونت ئىشلەپ ئۆز كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن.

— ئادەملىرىمىز ۋاڭ ـ چۇڭغا كۆنۈك، — دېدى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل مېنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ بەرگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — كونترول قىلىش بۆلۈمىدە ھەر خىل ئىستىرېلكىلار، رەقەملەر بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدىغان تولىمۇ زور كونترول قىلىش ئەسۋابى ئورۇنلاشقان. ئۇ يەردە بىر تېخنىك خادىم خۇمدانلاردىكى ئوتنىڭ تېمپېراتۇرىسى، خام ماتېرىياللارنىڭ ئارىلىشىش، ئۆۋۈلىش ئەھۋاللىرىنى شۇ ئىستىرېلكا ۋە رەقەملەردىن بىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ زامانىۋى ئەسۋاب ئىكەن.

— بۇ يەردىن كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل ئەسۋابنى

كۆرسىتىپ، — بۇ ئەسۋاب زاۋۇتنىڭ بىخەتەرلىكى، خۇمدان، تۇگمەنلەرنىڭ نورمال ئىشلىشى، مەھسۇلات سۈپىتىگە كېپىللىك قىلىدۇ.

سۈپەت — مەھسۇلاتنىڭ جېنى، يولى، ئابرۇيى، ئىناۋىتى دېمەكتۇر. سۈپەتسىز مەھسۇلات يوققا تەڭ. شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتقاچقا، مەھسۇلات سۈپىتى يىگىرمە يەتتە يىل تەلەپكە لايىق بولۇپ، زاۋۇتتىن چىققان سېمونت يۈز پىرسەنت لاياقەتلىك بولۇش شەرىپىنى ساقلاپ كەلگەن. «تەڭرىتاغ» ماركىلىق سېمونتنىڭ ئالتە خىلى 1980 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن كۇمۇش مېدالغا ئېرىشكەن. جۇڭگو سېمونت سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، سىناپ كۆرۈش مەركىزى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت نازارەت قىلىش، سىناپ كۆرۈش مەركىزى ھەر يىلى يىگىرمە تۆت قېتىمدىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈپ، بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى باشتىن ـ ئاخىر لاياقەتلىك دەپ بېكىتىپ كەلگەن. مەملىكەت بويىچە ئەللىك تۆت چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ سۈپەت مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن.

— بىزنىڭ لابوراتورىيەمىز ھەر كۈنى ئىككى قېتىم خام، پىشىق ماتېرىياللارنىڭ سۈپەت ئانالىز دوكلاتىنى تەييارلايدۇ. سۈپەتتە ئاززاقمۇ مەسىلە كۆرۈلمەسلىككە كېپىللىك قىلىش ھازىر بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالدى.

بۇ بىر ئاددىي تېخنىك يىگىتنىڭ گېپى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ زاۋۇت 1979 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بولغان ئون بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە يىگىرمە بەش قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلىگەن.

زاۋۇتقا بۇ شان ـ شەرەپنى كەلتۈرگۈچىلەر مۇشۇ ئوت ـ يالقۇن، ئايلانما خۇمدان، تۇگمەنلەر ئارىسىدا يۈرگەن، سالپاڭ

قۇلاق شەپكە كىيىشكەن ئىشچىلار ۋە تېخنىكلار. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئايلىنىۋاتقان پولات باكلار، ئۇلار نېمىگە ئالدىرىشىدۇ؟ بۇ سوئالغا تەسىرلىك تىل بىلەن جاۋاب بېرىدىغانلار بۇ يەردە يوق. ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىمۇ ئۆزلىرىدەك ئاددىي:
— بۇ دېگەن ئىش!

## ۋاقىت ۋە ئادەم

ئىش ۋاقىت بىلەن پۈتىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ۋاقىت كۆز قارىشىمىز تېخىلا ياخشىلانمىدى، بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرى بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا شۇنداق. خۇشىي كونا جۇڭگودا ئۈچ زىيانداش بار ئىدى، دېگەن سۆزگە تۈزىتىش بېرىپ، تۆت زىيانداش بار، يەنە بىرى ماجاڭ ئويناش، دەپ يازغان. ئۇ ماجاڭنىڭ زىيىنىنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بىلەن كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «هازىر هەر كۈنى بىر مىليون جوزا ماجاڭ ئوينىلىدۇ. هەر جوزىنى سەككىز قېتىم هېسابلىغاندىمۇ تۆت مىليون سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ دېمەك، بىر يۈز ئاتمىش يەتتە مىڭ كۈن يورۇقلۇقتىن مەهرۇم بولغانلىق... بىز دۇنيانى ئايلىنىپ چىقساق روناق تاپقان مىللەت، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ هېچقايسىسىدا مۇنداق ۋاقىت خورلۇقىنى كۆرمەيمىز.»
خۇشىي ئەپەندىنىڭ بۇ گەپلىرىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ قالدى. ئادەممۇ ۋاقىت بىلەن چوڭ بولىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. ئۆز بەخت پېشانىسىنى تەقدىرگە تاپشۇرۇپ ۋاقىتنى خىيال، ئارام ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئادەملەرمۇ ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ قالدى. بولۇپمۇ تاۋار قارىشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەرنىڭ ۋاقىت بىلەن هېسابلىشىش ئېڭى ئۆسۈشكە باشلىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى مەنىسىز

ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان ئادەملەر ھېلىھەم خېلى كۆپ.

ئەمما، بۇ زاۋۇتتا ۋاقىت قانۇن، ۋاقىت ماددىي بايلىق دەيدىغان ئادەت خېلى ئومۇملاشقان. زاۋۇت يولىدا ئەتىگەنلىكى سائەت يەتتە يېرىم، چۈشلۈكى ئون بىر يېرىم، كەچلىكى بەش يېرىملاردا يول تېپىپ ماڭغىلى بولمايدۇ. ۋېلىسىپىت، پىيادە، ھەتتا موتوسىكلىت بىلەن ئىشقا كېتىۋاتقان ئادەملەر گەپ قىلىشقىمۇ، تىنچلىق سورىشىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. چۈنكى، زاۋۇت بىر مىنۇت، يېرىم مىنۇت كېچىكىشكىمۇ چەك قويىدىغان تۈزۈملەرنى بېكىتكەن. مۇشۇنداق قىلمىسا، ھازىر دۇنيا سېمونت ئىشلەش سەنئىتىنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئىگىلەش نىشانىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇ زاۋۇتنىڭ ئىستىقبالى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

بۇ يەردە دوكلات قىلىش، سۆھبەتلىشىش، ئىش بېجىرىش، مەجلىس ئېچىش، گىرافىك ۋە ماتېرىيال تەييارلاشلار ۋاقىت چەكلىمىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. ھەرقايسى سېخلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەتىجە ئېلان قىلىش يىغىنلىرىدا سۆزلىنىدىغان سۆزلەر تولىمۇ قىسقا، رەقەملەر، تەدبىرلەر، ئىشلار تۈرىمۇ ئېكراندا قىسقا ۋە ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ. باھالىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىمۇ، بېرىلىدىغان جاۋابمۇ بىر - ئىككى جۈملە، ئېنىق بولىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى يىن خۇگېن مەن بىلەن ئىككى مىنۇتلا سۆزلەشتى:

— زاۋۇتىمىزدا 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە 1 - قېتىملىق زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدۇق. ھازىر بىرىنچى ئايلىنىش ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى ئايلىنىش 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئالدىنقى ئايلىنىشتا لاۋشى (شى كېپىڭ) زاۋۇت باشلىقى، بىز بىرنەچچەيلەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىدۇق. ھازىر مەن زاۋۇت باشلىقى، ئىسمايىل

قاتارلىق يولداشلار مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، قىلغان ئىشلار مۇنۇ دوكلات، مۇنۇ گىرافىكلارغا يېزىقلىق، كۆپرەك تەقىد بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

زاۋۇت باشلىقىنىڭ قىلغان سۆزى مانا مۇشۇنچىلىك. ئۇ هازىر ھەممە خىزمەتلەرگە مەسئۇل، ئۇنىڭ تەستىقى، يولىيورۇقىسىز بۇ يەردە ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇ شۇنچىلىك ئالدىراش، جىددىي ئىشلەيدىكەن، ئۇنى ئىشخانىسىدىن تېپىش تەس ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر كۈنى ۋاقىت جەدۋىلى بىلەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## كادىرلار ۋە زاۋۇت

بۇ زاۋۇت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زاۋۇتتا ئىشچى بولغانىكەن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ھازىرقى زاۋۇتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىشچى بولۇشقا قىزىقىدىغىنى. مەن ئون نەچچە نەپەر ھەر مىللەت كادىرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سېخلاردىن چىققان. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى تۈگەتكەن، ئىلمىي ئۇنۋانى بار ئادەملەر بولسىمۇ، ھەممىسىلا زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ بىرقانچە يىل ئىشلىگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نائىل مۇشۇ زاۋۇتتا ئون يىل مانتيورلۇق قىلغان (ئالىي مەكتەپنىڭ ئېلېكتىر تېخنىكىسى كەسپىنى تۈگەتكەن بولسىمۇ). ھازىرقى زاۋۇت باشلىقى يىمىن خوگرېن ئۇزاق يىللىق ئىشچى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرىدىن ئىسمايىل (ماشىنىسازلىق بويىچە ئالىي ئىنژېنېر)، ياۋ شىمىن (ئالىي دەرىجىلىك ئېلېكتىر ئىنژېنېرى)، چېن شېپىڭ (ئالىي بوغالتىر) لارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز كەسپلىرى بويىچە بىرقانچە يىل ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھوقۇق، مەنسەپ

مەستانىلىقى بىلەن كېرىلىپ يۈرىدىغان بىر قىسىم كادىرلارغا (رەھبىرىي كادىرلارغا) مۇشۇ زاۋۇتقا كېلىپ ئاز كۈن تۇرۇپ كېتىشنى، ئۇلارنىڭ ئىشچى بولۇش بىلەن كادىر (باشلىق) بولۇشتا پەقەتلا ئېھتىياج، خىزمەت، ئىش ئايرىمىسىلا مەۋجۇت بولۇپ، مەنپەئەت، روھىي ئۈستۈنلۈك ئايرىمىسى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قويۇشىنى تەكلىپ قىلغۇم كەلدى.

— ئىسلام داۋۇت شۇجى، سىز ئارىلىقتا رەھبىرىي ئورۇندىن چۈشۈپ ئىشچى بوپسىز. بۇ چاغدا روھىڭىز چۈشمىگەندۇ؟

— تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم. روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالغان دەڭا، پارتكوم شۇجىسى بولۇش بىلەن مانتىيور بولۇشنىڭ قانچىلىك پەرقى بار دەيسىز؟

— توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ھامان تېخنىكا ئەسقاتىدىغان گەپ، — دېدى ئىسمايىل بۇ ھەقتە سوئال سورىسام كۈلۈپ قويۇپ، — تەكلىپ قىلسا، زاۋۇت باشلىقى بولىمەن، تەكلىپ قىلمىسا، ئالىي ئىنژېنېرلىقىمنى قىلىۋېرىمەن. بۇنداق قىلىش ھەممە تەرەپتىن پايدىلىق.

ھازىرقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەتباقى ئاكا تېخىمۇ ئوبرازلىقراق جاۋاب بەردى:

— مەن رەئىس، قىلىدىغان ئىشىم چاچتىن تولا، بازار باشقۇرۇش، ئۆي بۆلۈش، ماجىرا سوراش، پاراۋانلىق، پېشقەدەملەر، ئىش كۈتۈۋاتقان ياشلار، خىزمەت قىلىش شىركىتى، ئەلچىلىك، ئۆلۈم ئۇزىتىش، ۋاي - ۋۇي، بىردە رەئىسلەر سەھنىسىدە ئولتۇرىمەن، بىردە قارىسىڭىز ئۆلۈكنىڭ ئېڭىكىنى چاتىمەن، توي سېلىقىنى ئاڭلايمەن... ياغاچچىلىق ھۈنىرىنىمۇ كادىرلىقتىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۆگىنىۋالغانمەن. مەنسەپ، خىزمەت ھەممىسى بىر گەپ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ نېمە يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بولسۇن؟

— مەن ئاتمىش ياشقا يېقىنلاشتىم، — دېدى ھازىرقى ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تىلىۋالدى

ئاكا ئۆزى بىسىپ ئۆتكەن هايات يولىنى ئەسلەپ، — مەن 1951 ـ يىلى ئىشقا كىرگەن تۇنجى ئۇيغۇر سېمونت ئىشچىلىرى بولغان ئون بىر يىگىتنىڭ بىرى. تۇدۇڭخابا، ليۇخۇاڭگولاردا تاش ئىزدىدۇق، تاش چاقتۇق، ئۇ چاغدا تاماق، كىيىم ـ كېچەك بېرەتتى. ئارانلا بەش موچەندىن پۇل بېرەتتى. تۆت يىل تاش چاقتۇق، زادى دادلىمىدۇق، ئۇشكە بىلەن تاش تېشىپ، دورا قۇيۇپ، قول بىلەن پىلىك بېكىتىپ تاش پارتلاتتۇق. 1957 ـ يىلى بېيجىڭ ليۇلىخى سېمونت زاۋۇتىغا بېرىپ بىر يىل ئۆگىنىپ كېلىپ خۇمدانننىڭ ئوتىنى كۆرىدىغان ئىشچى بولدۇم. 1983 ـ يىلى سېخ باشلىقى بولدۇم. ئىككى يۈز مىڭ توننا سېمونتنىڭ خام ماتېرىيالىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈنلا تىرىشتىم. كېيىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدۇم. ئۇ يەردىن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا چۈشۈرۈلدۇم. هازىرمۇ ئەمگەك ـ ئىش ھەققى بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمەن. مېنىڭ كاللامدا ئەزەلدىن ۋەزىپە ئورۇنلاشلا بولۇپ كەلگەن. نېملا ئىش قىلسام ئويلايدىغىنىم ۋەزىپە ئورۇنلاش، ئورنۇمنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىدىم. مەن بۇنىڭغا ئادەتلەنمىدىم، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كەچ كۇرستا ئوقۇپ يۇرۇپ ئارانلا تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتسەم، هازىر ئەمدى ئالىي مەلۇماتنىڭ بازىرى چىققىلى تۇردى، بىلىم جەھەتتە مەن يەنىلا تۆۋەندە. بىلىم، ئىقتىداردا ئۆسەلمىدىم، مۇشۇ پېتى پېنسىيەگە چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم.

مەنسەپ — دەرىجە ئېگى بىلەن مەنپەئەت — ھوقۇق تالىشىش ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان تونۇش ـ بىلىشلىرىم مېنىڭ خىيالىمدا پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ماختىنىش، كېرىلىش، تەكەببۇرلۇقلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۇلارنىڭ نە ئالاھىدە قابىلىيەت، نە ئالاھىدە بىلىمى يوق، بار دېيىلسە پەقەت يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مائاش، راھەت ـ

پاراغەتكە تويمايدىغان بىر خىل تەمە ـ ئىشتىھاسىلا بار. پارتىيەمىز، دۆلىتىمىزگە خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقان ئادەملەرگە، بۇ پەزىلەت قاتلىمىغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەرھۇم ليۇ شاۋچىنىڭ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئوتتۇرىغا چىققان سەككىز مىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش ئالتە پارچە دېلو ئىچىدىن سەككىز مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش يەتتە پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە 8 ـ قۇرۇلتاي 2 ـ سانلىق ئومۇمىي يىغىنىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ قويغۇم كېلىدۇ: «تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن قول سېلىش كېرەك: بىرىنچى، ئامما نارازەت قىلىدىغان بىر خىل تۈزۈم بېكىتىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ رەھبىرىي ئورۇنلىرىمىز ۋە رەھبەرلىرىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلىشىدىغان بولسۇن؛ ئىككىنچى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھوقۇقى مەلۇم چەكلىمە ئىچىدە بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىگە يېقىن بولۇشى لازىم. تولىمۇ ئالاھىدە بولۇپ كەتمىسۇن؛ تۆتىنچى، بۇرژۇئازىيەنىڭ بەزى تۈزۈملىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىشقا بولىدۇ» يولداش ليۇ شاۋچى بۇنىڭغا تۆت مىسال كەلتۈرگەن. بۇلار: (1) شىۋېتسىيە ئىچكى كابىنېت باش مىنىستىرى دائىم ئاپتوبۇس بىلەن ئىشقا بارىدىكەن. مەخسۇس ماشىنا ئىشلەتمىگەنىكەن. (2) ۋاشىنگتون سەككىز يىل زۇڭتۇڭ بولۇپ چۈشكەندىن كېيىن، ئاددىي پۇقرا بولغان. (3) ئېيزىنخاۋېر باش قوماندان، زۇڭتۇڭ بولغان، كېيىن كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. (4) مارشالل دۆلەت كاتىپى بولغاندىن كېيىن قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. بىز بۇلاردىن پايدىلانساق بولامدۇ، يوق؟

شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىدا زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن باشقا يەنە ھازىر كان سېخى، خام ماتېرىيالLAR سېخى،

كۆيدۈرۈش سېخى، سېمونت سېخى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنە رېمونت قىلىش سېخى، ئېنېرگىيە سېخى، ئاپتوموبىل كالونى، قوغدىغۇچى ئەترىتى قاتارلىق سېخ - ئورۇنلىرىنىڭ يۈز نەپەردەك رەھبىرىي كادىرى بار ئىكەن. زاۋۇت كادىرلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانى بارلاردىن يىگىرمە يەتتە كىشى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانى بارلاردىن ئاتمىش توققۇز كىشى بار ئىكەن. بۇ كادىرلار ۋە ئىلمىي خادىملار ئېھتىياجغا قاراپ ھەم رەھبەر، ھەم ئىشچى بولالايدىكەن. رەھبەر بولغاندىمۇ، ئىشچى بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ روھىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىكەن. ھەر ئىككىلا ئورۇندا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىكەن.

پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتۈن ئادەملەر مۇشۇنداق بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمى ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە تېز بولماسمىدى؟ !

## زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى

بەزى كىشىلەر زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى توغرىسىدا گەپ بولسىلا، زاۋۇت باشلىقىنىڭ زوراۋانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىشىدۇ. بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك جەمئىيىتىمىزدە ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان ھەر خىل ناچار رەھبەرلىك ئىستىللىرىنىڭ كىشىلەرگە ئازار بېرىشىدىن كېلىپ چىققان، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى نېمىلەرگە مەسئۇل بولىدىكەن، دېگەن سوئال ئۇزاقتىن بېرى مېنىڭمۇ قىزىقىشىمنى قوزغاپ كەلگەنىدى. چۈنكى، مەن ئىسلاھاتقا قىزىقىمەن. رەسمىيەتچىلىك، ئەمەلدارلىق، بيۇروكراتلىق مەندە «رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ئىسلاھ قىلىنسا ئىكەن» دېگەن

ئـارزۇنى پەيـدا قـىلغـان. ئـىسلاھـات قـۇرۇق گەپ ئەمـەس، ئـۇ ئىشلىرىمىزنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىدا ئۆز مەزمۇنى بىلەن ئىپادە كۆرسىتىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

مەن بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلدىم. بۇ كارخانىدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نۇرغۇن ئىسلاھات مەزمۇنلىرىنى پەيدا قىلغان. بۇ ئىسلاھاتلار زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالىشىدا ئۇنىڭغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر ھېسابلانغان. بۇ ئىسلاھاتلار تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە كۆرۈلگەن. بىرىنچى-دىن، ئادەم باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كادىرلارنىڭ «ئۆمۈر بويى ئىشلەش» تۈزۈمى بۇزۇلغان، ھەر دەرىجىلىك رەھ-بەرلىك ئورۇنلىرىدىكى كادىرلارنى «بەلگىلەش»نى «تەكلىپ قى-لىش»قا ئۆزگەرتكەن. ئاساسىي رەھبەرنى سايلاشتا كىشىلەر راينى سىناش، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق يېشى قىرىق بەشتىن تۆۋەن، ئالىي ياكى مەخسۇس تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسى بار ئىنژېنېرلاردىن ئىككى-لەننى پارتكوم شۇجىسى، زاۋۇت باشلىقى قىلىپ بېكىتكەن. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرى بىلەن ئۈچ باش ئىنژېنېرنى زاۋۇت باشلىقى ئىسىم كۆرسىتىش، پارتىيە ئورگىنى ۋە مەمۇرىي رەھبەرلەر بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىش، يۇقىرىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى دىپلوم ھەم سەۋىيەسىگە قاراش، مۇھىمى، سەۋىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن زاۋۇت باشلىقى ئۆزى كۆرسىتىپ تەكلىپ قىلالايدى-كەن، زاۋۇت باشلىقى ھەرقايسى بۆلۈم، سېخ باشلىقلىرىنى ئۆزى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەلەيدىكەن. بۇ سېخ، بۆلۈملەرنىڭ مۇئاۋىنلىرىنى سېخ - بۆلۈم باشلىقلىرى كۆرسىتىپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەلەيدىكەن.

ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم

سەۋىيەسىدىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ سەكسەن پىرسەنتتىن كۆ-
پىنى تەشكىل قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى قىرىق
بەشتىن تۆۋەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت بىرتۇتاش
تەشكىللىگەن زاۋۇت، كان باشلىقلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتى-
ھاندىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئاپتۇ. ھازىرقى شۇجى،
زاۋۇت باشلىقى، ئۈچ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، كۆپچىلىكنىڭ
ھىمايىسىگە ئىگە، ئىشچانلىقى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن
ئىناۋەت - ھۆرمەت تاپقان، ھەم ئەمگەكچى، ھەم رەھبەرلەردىن
ئىكەن. ئىككىنچىدىن، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى ئۆزگەرتكەن.
ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن رەس-
مىيەتلەرنى ئازايتىپ ئەمگەك، ئىش ھەققى، كادىرلار ئىدارىسى-
نى كادىرلار ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، كادىرلار بىلەن
ئىشچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان، كارخانا باشقۇرۇش
ئىشخانىسىنى سۈپەت باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىپ، قو-
شۇمچە يەنە باش تەڭشىگۈچى ۋە ئاپتوماتىك ھېسابلاش ئىشخا-
نىلىرىنى قۇرۇپ، زاۋۇت باشلىقى مۇشۇ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقى-
رىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇنلارنى قاتلاممۇقاتلام
مەسئۇلىيەت باسقۇچلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. زاۋۇت باشلىقى
سەككىز - توققۇزلا ئادەمنى، يەنى ئۈچ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلى-
قى، ئۈچ باش ئىنژېنېر، سۈپەت مۇدىرى، باشلىق ئىشخانىسى-
نىڭ مۇدىرلىرىنىلا تۇتقان. بۇ سەككىز - توققۇز ئادەم ئۆز
قول ئاستىدىكىلەرنى تۇتقان. بۇنىڭ بىلەن مەسئۇلىيەت كۈ-
چەيتىلگەن. رەسمىيەت ئازايغان، ئىش ئۈنۈمى ئۆسكەن. ئۈ-
چىنچىدىن، تەقسىمات ۋە مۇكاپات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان.
بۇ زاۋۇت 1983 - يىلىدىن باشلاپ بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ،
زاۋۇتنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەس-
ئۇلىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:
بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى پايدىغا قاراپ ھەق ئېلىش
تۈزۈمىنى؛ ئىككىنچى، ھاك تاش كانلىرى مۇكاپات، مائاشنى

كۆتۈرە ئېلىش تۈزۈمىنى؛ ئۇچىنچى، سېمونت قاچىلاش ئىش-
چىلىرى قىلغان ئىشنىڭ سانىغا قاراپ مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى؛
تۆتىنچى، ۋەزىپە ئاتقۇرغۇچى بۆلۈم، ئىشخانىلار فاكتېن، نىشان
مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ تۈزۈملەرنىڭ ھەممى-
سىنى ئىجرا قىلىشتا خىزمەت ئۇنۇمىنى، خىزمەتنى باھالاشتا
سۈپەت ئۇنۇمىنى ئاساس قىلغان. بۇ خىل تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا
قىلىنىشى دۆلەت، كارخانا، شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە كېپىللىك
قىلالىغان.

— زاۋۇتنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت كىيىملىرى بۇ، — دېدى
مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل بىر قۇر كىيىم، كۆڭلەك،
شىبلىتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر خادىمنى ماڭا كۆر-
سىتىپ، — ماۋدىدىن تىكتۈرۈپ بەردۇق، قارىماققا ئىشچى
كىيىمىدەك قىلغىنى بىلەن ئىشتان - چاپىنىلا بىر يۈز سەك-
سەن يۈەنلىك، كۆڭلەك، شىبلىتلىرىنى قوشقاندا بىر يەرگە با-
رىدۇ. 2 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەممىسىگە تىك-
تۈرۈپ بەردۇق.

— زاۋۇت باشلىقىنىڭ مائاشى نەچچە پۇل؟ — دەپ سورى-
دىم قىزىقىپ.

— يېقىندا ھېسابلىساق، زاۋۇت باشلىقىنىڭ مائاشى يەتتە-
يۈز ئەللىك يۈەندىن، بىزنىڭ ئالتە يۈز يۈەندىن، ئوتتۇرا دەرد-
جىلىك كادىرلار (بۆلۈم باشلىقلىرى) نىڭ تكت يۈز نەچچە يۈ-
ەندىن توغرا كەپتۇ. مۇشۇ يېقىندا يەنە يەتمىش - سەكسەن مىڭ
يۈەن مۇكاپات تارقىتىمىز.

زاۋۇت باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاساسەن
كۆپچىلىككە مەسئۇل بولۇش، مۇھىمى دۆلەتنىڭ، زاۋۇتنىڭ،
كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولۇشتا ئىكەن. زاۋۇت
باشلىقى:

— ئوتتۇرا ھېساب تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلاش، تەقسىمات
تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش، كارخانا يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ئېچىش، زامانىۋى باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىستېمال قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش، زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھازىر مائاش ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى قەدىمىنى تاشلىدۇق، قابىلىيىتىگە، ئىش ئۈنۈمىگە، مەھسۇلات سۈپىتىگە قاراپ ھەق بېرىشنى ھەربىر سېخ، ھەربىر شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرمەكچىمىز. تۆتىنچىدىن، بۇ كارخانا تەدبىر بېكىتىش تۈزۈمىنى ئورناتقان. تەدبىرنى زاۋۇت باشلىقى بەلگىلەيدىكەن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمى زۆرۈركەن. زاۋۇتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك، تاكتىكىلىق تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشتە بۇ زاۋۇت ئوخشاش بولمىغان تەرتىپ - تۈزۈملەرنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، «زاۋۇت باشلىقىنىڭ خىزمەت تەرتىپلىرى» گە ئاساسەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىش تۈزۈمى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلگەن:

بىرىنچى، ھەر ئايدا بىر قېتىم باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش؛

ئىككىنچى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم زاۋۇت خىزمىتى يىغىنى ئېچىش؛

ئۈچىنچى، ھەر يىلدا بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىش؛

تۆتىنچى، ھەر پەسىلدە زاۋۇت باشلىقى پارتكوم بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش؛

بەشىنچى، ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى سۈپەت باشقۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش؛

ئالتىنچى، ھەر ھەپتىنىڭ 2 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشنى

تەكشەش يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛
يەتتىنچى، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئىقتىسادىي پائالىيەت ئانالىزى يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛
سەككىزىنچى، ھەر ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇسكۈنە ۋە بىخەتەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛
توققۇزىنچى، ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى كان خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛
ئىشلەپچىقىرىش مەركەز قىلىنغان بۇ يىغىنلار چوقۇم ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يىكىر ساندۇقى، زاۋۇت باشلىقىنىڭ قوبۇل قىلىش كۈنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئىش ئورگىنىدا ئادەم بولۇش تۈزۈمى قاتارلىقلار بېكىتىلگەن. يۇقىرىقىلار ئارقىلىق زاۋۇت باشلىقىنىڭ يادرولۇق، پارتكومنىڭ نازارەتچىلىك رولى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش رولى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەممە جەھەتتىن زاۋۇت باشلىقىنى قوللاش، رىغبەتلەندۈرۈش يولغا قويۇلغان.
— زاۋۇت باشلىقىنىڭ ھوقۇقى چوڭ، — دېدى پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى، — پىچىقى كېسىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك.

## زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ كۈچ - قۇدرىتى

لابوراتورىيەنىڭ مەسئۇلى لاۋ چىن ماڭا تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ بۇنچىلىك ئىنچىكە، بۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇشىنى دېمىگەن بولسا، مەن سېمونت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى زادىلا بىلمىگەن بولاتتىم. خىمىيەلىك ئانالىز، ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىش، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، ئالاھىدە سورتنى تەكشۈرۈش دەپ ئاتىلىدىغان تۆت گۇرۇپپا

ئوخشاش ماتېرىيالنى توّت خىل نۇقتىدىن، توّت خىل مەقسەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن. ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە (مەسىلەن، خۇمدانغا كىرگەن ماتېرىيالنى) خىمىيەلىك، فىزىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.
بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ھاك تاش، مايلىق سلانېتس، گىپس، تۆمۈر رۇدا پاراشوكى بۇ يەردە ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن يەتتە يۈز ـ سەككىز يۈز مىڭ يۈەنلىك زامانىۋى ئەسۋاب ئارقىلىق ئاق خالات كىيگەن ياش خادىملارنىڭ ئەقلى بىلەن تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئوكسىدلارنىڭ نىسبىتى، سۈپىتى خىمىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلانسا، پىششىق ماتېرىياللارنىڭ زىچلىقى، تۇراقلىقلىقى، ھەرىكەتچانلىقى، ئېگىلىشكە، بېسىمغا چىداملىقى قاتارلىق تەرەپلىرى فىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ماتېرىياللارنىڭ خۇمدان ۋە ئوچاقلاردىن ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر ئۆزگىرىشلىرى كونترول گۇرۇپپىسىنىڭ ئانالىزى ئارقىلىق ۋاقتىدا مەلۇم بولۇپ تۇرۇلىدىكەن.
ئىككى قەۋەتلىك كۆرۈمسىز ئۆي ھەر كۈنى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىرنەچچە يۈز (ياكى مىڭ نەچچە يۈز) توننا سېمونتنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.
1983 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بۇ كارخانىنىڭ زامانىۋىلاشقان، يېڭىچە سېمونت ئىشلەش ئۇسۇللىرىغا دادىللىق بىلەن يۈرۈش قىلالىغان 3 ـ نومۇرلۇق خۇمدانى ئىشقا چۈشكەندە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىككى يۈز دىن كۆپ مۇتەخەسسىس، ئالىم، رەھبەر، تېخنىك خادىملار يىغىلىپ، بۇ خۇمداننىڭ خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش تېخنىكىسىنى سىناق قىلغانلىقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ يېڭىچە تېخنىكىنى 1970 ـ يىللاردىكى خەلقئارا سەۋىيەگە يەتكەنلىك، مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتارغا

ئۆتكەنلىك دەپ بېكىتكەن.

«خەلق گېزىتى»، «ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» بىرىنچى بەتلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان جايلىرىغا شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى 3 ـ نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ بۇ يېڭىلىقىنى تونۇشتۇرۇپ مۇھىم ماقالىلەر ئېلان قىلغان. بۇ خەۋەرلەردە «بۇ 6 ـ بەش يىللىق پىلاندا بېكىتىلگەن ئوتتۇز سەككىز نۇقتىلىق تېخنىكىدىن بىرىنىڭ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى»، «بۇ دۆلىتىمىز سېمونت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەر يارىتىپ بەردى» دەپ يېزىلغان. «ئىقتىساد گېزىتى» 1983 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى «سانائەتنى ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدە «شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى 3 ـ نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ يېڭىچە تېخنىكىدا غەلىبە قىلغانلىقى بىر خۇشاللىنارلىق خەۋەر... سېمونت ئىشلەپچىقىرىشتا خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى سېمونت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر مۇھىم تېخنىكا سىياسەت بولۇشقا تېگىشلىك، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى بىرىنچى بولۇپ گوۋۇيۇەننىڭ چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ياخشى باشلامچى بولدى» دەپ يازغان. شۇ گېزىت ئوبزورچىسى يەنە: «بولۇپمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇش جەريانىدا ئويلاشقا، ئىشلەشكە، تىك چوققىلارغا ئۆرلەشكە جۈرئەت قىلالىغان، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئىككى خىل ئۇسۇل بار: بىر خىلى، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىدە توختاپ قېلىش، يەنە بىرى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىدەك قىيىنچىلىقتىن، خېيىم ـ خەتەردىن قورقماي، قەتئىيلىك بىلەن ئىلغارلارغا تەڭلىشىش، ئۆزىنى يېڭى تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش». ئوبزورچى تەكىتلەپ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش تېخنىكا سىنىقى سانائەت

سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېمونت زاۋۇتىدا نەتىجە قازاندى.»

پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان 3 - نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ ئىشقا چۈشۈشى بىلەن بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى تۆت يۈز مىڭ تونىنىغا يەتكەن. شىنجاڭ سېمونت سانائىتىدە بىر سەكرەش پەيدا قىلالىغان. شىنجاڭ بىر سەكرەپلا مەملىكەت بويىچە بۇ ساھەنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىگەن. زاۋۇت دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «6 — 5» پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نەتىجە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، باش ئىنژېنېر ۋاڭ زەيشىڭ دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ياش - ئوتتۇرا ياش، پەن - تېخنىكا ئالىمى دېگەن نامغا ۋە مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ يىل ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان 4 - نومۇرلۇق خۇمدان پەن - تېخنىكا ساھەسىدە تاشلانغان تېخىمۇ چوڭ بىر قەدەم ئىكەن.

1985 - يىلى رەسمىي تەسىس قىلىنغان كېڭەيتىپ قۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھازىرقى مەسئۇلى ئاتاقلىق ئىنژېنېر ۋاڭ زەيشىڭ 4 - نومۇرلۇق خۇمدانىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: «4 - نومۇرلۇق خۇمدان بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ. بۇ خۇمدانىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلاتى ئىككى مىڭ تونىنا، خۇمدان سىرتىغا پارچىلايدىغان يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغان. 1980 - يىللارنىڭ دۇنياۋى ئىلغار تېخنىكا سەۋىيەسىگە يەتكەن. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەر ئامېرىكا، گېرمانىيەلەردىن كىرگۈزۈلگەن. بۇ خۇمدان ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ يىللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 120 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. بۇ خۇمدانغا دۆلەت 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان. بۇ خۇمدانىنىڭ خام ئەشيا بازىسى بولغان

ئېۋىرغول ھاك تاش كېنىغا سېلىنغان 80 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ھېسابلىغاندا، دۆلەتنىڭ ئاجراتقان مەبلىغى قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»

ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن زاۋۇت بىنالىرى، پولات تۈرۈبىلارمۇ ئاشۇ قەدىمىي دېھقان يېرىدە. ئۇ يەرلەردە مال بېقىپ، كۆكتات ـ زىرائەت تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان دېھقانلارنىڭ سېرىق توپىدىن ياسالغان ئۆيلىرى ھېلىمۇ يەنە شۇ قۇياشنىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن. لېكىن، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئاجايىپ تۆمۈر ئۆيلەر، ئاجايىپ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر، شاۋقۇنلۇق ئاۋازلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قالغان. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا باشقا بىر دۇنيا، بىر مۆجىزە يارالغان. بۇ ئىلىم ـ پەن دۇنياسى، ئىلىم ـ پەن مۆجىزاتلىرى. يەر شارىدىكى ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار قامۇسىنىڭ ۋەكىللىرى، ئىنسان غۇرۇرىنىڭ ئۈلگىلىرى، پەزىلەت، پاراسەت، قابىلىيەت قاتلىمىنىڭ گۈل تاجلىرى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىلىم ـ پەندىن پايدىلىنىپ ھاياتنى، تەبىئەتنى، يەر شارىنى ۋە پۈتۈن كائىناتنى ئۆزگەرتمەكتە. مۇشۇنداق تىنىمسىزلارنىڭ بىرى بولغان ئىنژېنېر ۋاڭ زەيشاڭ بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

— ئۇ نەدە؟

— جاپالىق يەردە.

— جاپا نەدە؟

— راھەت ـ پاراغەت يارالغۇسى يەردە.

## جاپالىق ئەمگەك بىلەن راھەتلىنىش

كىشىلەر مەشھۇر ئادەملەر توغرىسىدا پاراڭ بولسىلا، ھامان ئۇلارنىڭ ئېرىشكەنلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن، قانداق ئېرىشكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار كۆپ ئەمەس.

بۇنىڭ سەۋەبى، ئېرىشىش جاپالىق ئەمگەك بىلەن بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

شۇنداق قىلىپ مەن جاپالىق جايلاردىمۇ ۋاڭ زەيشىڭنى تاپالمىدىم. ئاخىر ئۇلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش بىلەنلا چەكلەندىم.

سانائەت تېخنىكا ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش جەريانىدا ۋاڭ زەيشىڭ، يۇ فېڭسىڭ، چىن ۋېنجىن قاتارلىق تېخنىك خادىملار ھەر كۈنى نەق مەيداندا يۈگۈرۈشۈپ يۈردى، قەيەردىن چاتاق چىقسا ئۇلار شۇ يەردە تەق تۇردى. چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچتىن چاتاق چىققاندا مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرىدىن خۇاڭ فاڭشيەن، جاڭ زاۋ، ئېلېكتىر سايمانلار ئىنژېنېرى چىڭ لەيشيەن قاتارلىق يولداشلار خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي يوغان چاڭ ـ توزان يىغىش ئىسكىلاتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چاتاقنى ئېنىقلاپ، ئىشنى تۈزەپ چىقتى...

زاۋۇت باشلىقى يولداش سۇڭ يىڭفۇ يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى سىناق قىلغان كۈنلەردە تامىقىنى ئىش ئورنىدا يەپ، ئىشخانىسىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، ھەر كۈنى چاڭ ـ توزان ۋە تەرگە مىلىنىپ ئىشچىلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قۇرۇلۇش بىللە كېتىۋاتقاندا سۈپەت باشقۇرۇشتىن مەسىلە چىقىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى، زاۋۇت تېخنىكا بۆلۈم باشلىقى شو شيوخۇا لابوراتورىيەدىكى بارلىق خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، يۇمۇلماس كۆزدەك سۈپەت ئىزىغا زەن قويۇپ ئىشلىگەچكە، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق سېمونتنىڭ ئالتە خىل مەھسۇلاتى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلات كۈمۈش مېدالىغا ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى يۈز پىرسەنت سۈپەت سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ئۆز شان ـ

شەرىپىنى ساقلاپ كەلدى...

مەن ئىزدىگەن بۇ ئادەم ھەرقاچان مانا شۇ خىل چاڭ ـ توزان، ئاچچىق تەر ئىچىدە.

1977 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر گىرافىكى ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئون يىلنىڭ سەككىزىدە ۋاڭ زەيشىڭ دېگەن ئىسىم كۆزۈمگە چېلىقتى. كىتابلاردا، گېزىتلەردە ۋە تىللاردا نامى تەكرارلىنىدىغان بۇ ئادەم مەن بىر ئاي زىيارەت قىلغان شۇ كۈنلەردە ماڭا يولۇقمىدى.

— ئۇ نەدە؟

— جاپالىق جايلاردا.

شان ـ شەرەپ ئۇنى قوغدايدۇ، ئۇ بولسا جاپا ـ مۇشەققەتـ نى قوغلايدۇ.

بۇنداق ئادەملەردىن بۇ زاۋۇتتا يالغۇز ۋاڭ زەيشىڭلا ئەمەس، بۇ خىل شان ـ شەرەپ بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، جاپالىق ئەمگەك بىلەنلا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر بۇ يەردە تولىمۇ كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن.

شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرىنى ياتىقىمغا باشلاپ كىردىم. بۇ ئادەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن بىرى مۆمىن راخمان.

— مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىلنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپسىز، نەچچە قېتىم تېلېفون بەرسەم نېمىشقا ئالمايسىز؟

— باشلىققا كەلگەن تېلېفوننى مەن قانداق ئالاي!

مەنمۇ كۈلدۈم، ئۇمۇ كۈلدى ۋە قىزاردى. ئۇ قىزارغاندا مەن كۆرگەن رەڭلىك ژۇرنالدىكى رەسىمگە تازا ئوخشىدى. يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ، چاچ ـ ساقىلىغا ئاق كىرمىگەن، خۇددى ئەمدىلا ھايات بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بالىدەك ساددا، يۇمشاق تىل بۇ ئادەم مەندە قىزىقىش قوزغىدى.

بۇ قىزىقىش ھاياتتىن گۈزەللىك ئىزدىگۈچىنىڭ گۈزەللىك نۇرى چاقناتقۇچىغا بولغان قىزىقىشى.

— بىر ئۆمۈر ئېكسكۋاتور بىلەن تاش قاچىلىدىم دەڭ، — دېدىم مەن بۇ تەمەسىز، نومۇسچان ئادەمگە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن قاراپ قويۇپ، — زادىلا نارازىلىق قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ، — ئويلاپ باقسام «ياق» دېمەپتىمەن، زادىلا دېگۈم كەلمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋالدىم. جاپالىق ئەمگەك بىلەن يېرىم ئەسىرنى ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى ئۆپكە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، ئارقا سەپكە يۆتكىلىشنى خالىماستىن شاگىرتى شاۋلىزى بىلەن ھازىرمۇ كۈنىگە ئون - ئون ئىككى سائەتتىن ئىشلەپ، بىر يۈز - بىر يۈز يىگىرمە ماشىنىغا تاش قاچىلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم بىلەن قىلغان سۆھبىتىمدىن جامائەتكە ئۇچۇر بېرىشنى پايدىلىق ھېسابلايمەن.

— مەن 1958 - يىلىدىن باشلاپ تاش بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتىمەن. شۇ يىلى يوپۇرغىدىن كېلىپ 7 - ئايلاردا ئىشقا چۈشتۈم. بىز توقسان بىر بالا ئىشچى ئىدۇق. كېيىن بىتون قۇيدۇم، قۇم تاسقىدىم، باشقىلار چىدىماي كېتىپ قالدى. لېكىن، مەن چاڭ - توزان، ئاچچىق تەر ئىچىدە ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى بولدۇم. ئىتتىپاق ئەزاسى بولغاندىكىن ۋەزىپەم ئېنىق. قىل دېگەننى قىلىش، تۆھپە يارىتىش، دۆلەتنى باي قىلىش دەپ ئويلىدىم. بىر يىل سېمونت قاچىلىدىم. يامالىق تېغىدا بىر يىل تاش قاچىلىدىم. 1960 -، 1961 - يىللىرى تۇرمۇش قىيىنلاشتى، ئىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. قاچقانلار كۆپەيدى. ئەمما، مەن قاچمىدىم. 1964 - يىلى تاش قاچىلاش ماشىنىسى كەلتۈرۈلدى. قول بىلەن تاش قاچىلاشتىن قۇتۇلۇپ جۇ ئۇستامغا شاگىرت بولدۇم. ئۇ سوۋېتنىڭ ماشىنىسى ئىكەن، بىرى ئوڭ، بىرى سول ئايلىنىدىكەن.

ئۇستام «چەنزىنى ئەكەل» دېسە كۆلۈچىنى بىلمەي، باشقا نەرسىنى ئەكېلىپ تىل ئاڭلىغان چاغلىرىممۇ بولدى. ئۇستام ھەممە جابدۇقلا نومۇر قويۇپ نومۇرنى كۆرسىتىدىغان بولدى، نومۇرغا قاراپ دېگىنىنى ئەكېلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۆگەندۇق. ھازىرقى ياش شۇجى ئىككىمىز بىللە شاگىرت بولغان. كېيىن ئېكسكاۋاتورغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. تاش قاچىلاش كۆچۈللۈك بىلىنىدىغان بولدى.

— 3 - خۇمدانىنى قۇراشتۇرۇشتا سىز ئۇل كولاپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىكەنسىزغۇ؟

— شۇنداق، ئاۋۋال توك ئۇشكىسى بىلەن تەشتۇق، ئاندىن ئون تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىدۇق. ھازىر توپىنى تۆپىدە تۇرۇپ تارتىدۇ، ئۇ چاغدا تېگىگە چۈشەتتۇق. تۆت يىل تېگىگە چۈشۈپ ئىشلىدۇق، قىشتا تۆمۈر قاتتىق مۇزلايدۇ، تومۇزدا ھاۋا ئىسسىق، شامال دېگەن يوق، ۋەزىپە سەككىز سائەت ئىچىدە قىرىق ماشىنىنى ئوتتۇز قېتىمدىن تولدۇرۇش.

— دېمەك، سەككىز سائەتتە بىر يۈز يىگىرمە ماشىنىغا توپا قاچىلاش كېرەككەن - دە؟

— شۇنداق، ئەمما بىز سەككىز سائەتتە ئىككى يۈز ماشىنا توپا چىقىراتتۇق. شاگىرتىم بىلەن كۈنىگە ئون ئىككى سائەتلەپ ئىشلىدۇق. توپا كولاش ماشىنىسىنىڭ نورمىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر مىڭ ئەللىك توننا توپا قاچىلاش، لېكىن بىز كۈنىگە تۆت يۈز - بەش يۈز توننىدىن قاچىلىدۇق.

— ئېيىغا ئون بەش مىڭ توننىدىن توپا چىقىرىپسىلەر - دە. نورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىپسىلەر. مۇكاپاتنىمۇ جىق ئالغانسىلەر.

— ياق، بىز تەلەپ قىلمىدۇق، بۇ سانىنىمۇ مەلۇم قىلمىدۇق.

— نۇرغۇن تەرىگلار بىكارغا كېتىپتۇغۇ؟ — مەن سىناق نەزەرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— نېمىشقا بىكار كېتىدۇ، ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاندى. دېدىمغۇ، مەن ئىشقا كىرىشسەم ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ

ئورۇنلاشتىن باشقىنى ئويلىمايمەن.

مۆمىن راخماننىڭ تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى، ئۆيگە كەلمەي ئىش ئورنىدا — تاشلىقتا يېتىپ - قوپقانلىقى، ليۇشىگۇدىن ھاك تاش توشۇيدىغان ماشىنىلارنىڭ كۈنىگە تۆت قېتىمدىن قاتناپ ۋەزىپە ئورۇنلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گىياھسىز تاشلىقتا يازدا ئوتتۇز نەچچە گىرادۇسلۇق ئىسسىقتا، قىشتا يىگىرمە نەچچە گىرادۇسلۇق سوغۇقتا پىسەنت قىلماي كۈنىگە، سائەتكە قارىماي ئىشلەپ، نە شان - شەرەپ، نە مۇكاپات پۇلى تەلەپ قىلماستىن ئۆز تۆھپىسىنى يوشۇرۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئاڭلىغان گەپلىرىم خېلى كۆپ.

1992 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىسمايىل بىلەن ليۇشىگۇ ھاك تاش كانىغا باردىم. توپا بېتىنى قايرىۋېتىپ يەر تېگىدىن ھاك كولايدىغان گەپ ئىكەن. چوڭقۇرلۇقى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان تولىمۇ چوڭ كۆل، قايرىۋېتىلگەن توپىدىن پەيدا بولغان سۈنئىي تاغ، توختىماس شامال، توپا - چاڭ، شاۋقۇنلار ماڭا مۆمىن راخماندەك ئەزىمەتلەرنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان ئىشىنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

— ئۆز ۋاقتىدا ھاك تاشنى قول بىلەن تۆشۈك تېشىپ پارتلاتقان. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ يەر تېگىدىن يىلىغا ئوتتۇز تۈمەن توننىدىن ھاك تاش كولىۋالغان. ھازىر بىر يۈز ئوتتۇزدەك ئىشچىمىز بار، يىلىغا ئاتمىش تۈمەن توننىدىن ھاك تاش ئالىمىز. ھاك تاشنى مەشەدىلا ئاۋۇ زاۋۇتتا ئۈۋۈتىپ (مۇشتۇمچىلىك يوغانلىقتا) ئىسكىلاتقا بىراقلا يوللايمىز. قاراڭ، ھازىر چاڭ - توزان يوق، ھاك تاش توزانلىرىنى ماشىنىدا يىغىۋالدىمىز. توزاننىڭ تونىسىنى قىرىق نەچچە يۈەنگە ساتىمىز، — بۇ ليۇشىگۇ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لاۋۋۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى.

ئىشچىلارنىڭ مىننەتسىز ئەمگىكى، باھاسىز تەرى، مول-چەرلىگۈسىز غەيرىتى، شىجائىتى بولمىغان بولسا، كىشىلەرگە راھەت، گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى سىمونت پەيدا بولمىغان بولاتتى. سىمونت ئىشلەش ئەمگىكىنىڭ جاپاسى جانباز ئەزىمەتلەرنى راھەتلەندۈرىدۇ، ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ ئەمگەك تەرىدىن پۈتكەن سىمونت بىلەن ياسالغان چىرايلىق ئۆيلەر، باغلار، كوچىلار، مېھمانخانا، مەجلىسخانىلاردىن بىز راھەتلىنىمىز. بىزگە راھەت-پاراغەت بەخش ئەتكۈچىلەرنى بىز كەمدىن - كەم ئەسلەيمىز ياكى پۈتۈنلەي ئەسلەپ قويمايمىز.

چاڭ - توزان پاسكىنا نەرسە، لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە گۈزەللىك يوشۇرۇنغان.

## باياشاتچىلىق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش

زاۋۇتتىن چىقىپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارغۇچە قەۋەت - قەۋەت بىنالار، ماگىزىنلار، ئاشخانىلار، قايناق كەچكى بازار، تانسىغا كېتىۋاتقان ياشلار، كولۇشۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتقان پېنسىيەگە چىققان قېرىلار، ئائىلە خۇشاللىقى ئۈچۈن يېمەكلىك ئېلىشىۋاتقان ئىشچان ئاياللار ۋە ئويۇنغا ئامراق بالىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. ئۇلارنىڭ تولىسى مېنى تونۇۋالدى. مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق.

— بىزنىڭكىگە كىرسىلە، — دەيدۇ پېشقەدەم ئىشچى خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، — مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار تازا ياخشى بىر رومان بولىدۇ.

— رومان ئوقۇيمۇ تۇرامسىز؟

— تازا جىق ئوقۇيدىغىنى بىز دەڭا، ياشلار دىسكو، تانسا، كىنوغا ئامراق، بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىز رومان ئوقۇيمىز. رومان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدۇ. رومان ئوقۇماستا ھەممىنى بىلمەن دەيتتىم. ئوقۇغاندىن بېرى ئۆزۈمنى ھېچنېمە

بىلمەيدىكەنمەن، دەپ ئەيىبلەيدىغان بولدۇم.
— روزاخۇن ئۇستام، سىز ئىشتىن چۈشۈپ نېمە قىلىسىز؟
— مەنمۇ؟ — دېدى ئاشپەز يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، — ئايالىم بىلەن كىتاب ئوقۇيمىز.
— باشقا ئۇستاملارچۇ؟
— هاراق ئىچىدۇ، — دېدى ئۇ قاقاهلاپ كۈلۈپ، — بۇلارغا هاراق بولسىلا بولدى.

كىتاب ئوقۇشمۇ، هاراق ئىچىشمۇ كىشىگە زوق - خۇشاللىق بېرىدۇ. ئادەملەرنىڭ هەۋەسلىرى هەر خىل بولىدۇ.

بۇ يەردە هەممىلا خۇشاللىقتا ئورۇن بار. باياشاتچىلىق خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى، ناخشىمۇ، كۈلكىمۇ، هەۋەسمۇ تۇرمۇش خاتىرجەملىكىنىڭ مەهسۇلى. خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى باياشاتچىلىق.

بەش - ئالتە قەۋەت قىلىپ سېلىنغان ئۈچ يۈز توقسان ئالتە ئېغىز ئۆيلۈك قىرىق - ئەللىك كورپۇس يېڭى بىنا كۆزگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئىككى مىڭ نەچچە يۈز ئىشچى - خىزمەتچىگە ماۋدى رەختتىن تىكتۈرۈپ بېرىلگەن بىرقۇر كىيىم، چىرايلىق گالستۇك، كۆڭلەك، شىبلىت كىمنى خۇشال قىلمىدى؟ يېقىندا بىر كىشىگە نەچچە يۈز يۈەندىن تارقىتىلغان مۇكاپات پۇلچۇ؟ بۇ يەردە گاز، توك، سۇ ئەلۋەك ۋە ئەرزان. مانا بۇلار باياشاتچىلىقنىڭ بەلگىلىرى.

— يازدا غىپلا قىلىپ ئۆلانباي قارىياغاچلىقىغا چىقىپ كېتىمىز - دە، تازا قانغۇچە ئوينىۋالىمىز، — دېدى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەتباقى ئاكا مېنىڭ «ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قويامسىز؟» دېگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭسىز خۇش بولغىلى بولامدۇ؟ ئاندا - ساندا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئولتۇرۇشىمىزدا مەست بولۇپ چاقچاقلىشىش، تىللىشىش، ناخشا ئېيتىپ - ئۇسسۇل ئويناش تولىمۇ كۆڭۈللۈك.

مەن ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىغا قاتناشتىم. بۇ

ئۇلتۇرۇش مېنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن زىياپەت ئىدى. ئۇلتۇرۇش راستتىنلا ئەخمەتباقى ئاكا ئېيتقاندەك كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

خىلمۇخىل كەسىپلەر بويىچە ھەركۈنى بولۇپ تۇرىدىغان كەچ كۇرسلار ياشلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىكەن. بىر قېتىم ئاشپەز يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ نەق مەيدان ئەھۋالىنى كۆردۈم. تەربىيە كۆرگەن ئۇستا ئاشپەزلەر ياش ئاشپەزلەرگە خىلمۇخىل قورۇما، مايدا پىشۇرۇلىدىغان تائاملارنى نەق مەيداندىلا «ئاز گەپ، كۆپ مەشغۇلات» ئۇسۇلى بىلەن كۆرسەتتى ۋە ئۆزلەشتۈردى. ياش ئاشپەز روزاخۇن «جۇڭگو تائام تەخسىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ كىتابتا يېزىلغانلارنى ھەرقايسىلىرىنىڭ تاماق جوزىسىغا تولۇق قويۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن، — دېدى.

سىمونت زاۋۇتى ياشلىرى قارىماققا تولىمۇ ئاددىي، ھەتتا بەڭباش، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا زەن قويسىڭىز، ئۇلارنىڭ غايىلىك، ئىرادىلىك، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

بولقا بىلەن تاش چېقىۋاتقان ياشلارنىڭ تاپا - تەنىلىك گەپلىرى كۆپرەك.

— تېخنىكا ئۆگەنمەيسەن، پاسكىنا بولسىمۇ پۇلى جىقلا بولسا بولدى دەپ مۇشۇنداق ئىشلارغا يۈگۈرىسەن، ئەمدى بۇنى كىمدىن كۆرەتتىڭ؟

— باشقىلار قىلغاننى بىزمۇ قىلالايمىز!

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا ماڭ، مەن سېنى تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەكىرىپ قويىمەن. كۇرسنى پۈتكۈزۈپ چىقساڭلا ماشىنا، ئۇسكۈنە يېنىدىن ئورۇن بېرىمەن، قانداق؟

— ئۇنامدۇ بۇ؟ ھازىر مۇشۇ پاسكىنا ئىشنى قىلىپ ئايدا تۆت يۈز كويدەك پۇل تاپىدۇ، تېخنىكا كۇرسىغا بارسا ئالالايتتىمۇ؟

قارا ئىشنىڭ ئاشۇ ئىككى خىلىدىن نەپ ئېلىۋاتقان ياش ئىشچىلار بىلەن زاۋۇت باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قىسقا غەيرىي رەسمىي سۆھبەتتىن بىر قىسىم (ئاز ساندىكى) ياشلارنىڭ زىددىيەتلىك تۇرمۇشىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم: ئۇلار ھەم پۇل تېپىشقا، ھەم تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ تۆھپە يارىتىشقا ھەۋەسكار. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمۇ زىددىيەتلىك. ئىلىم - پەن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان، تاۋار ئىدىيەسى تەرەققىي قىلىپ پۇل ئۆز ئابرۇيىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر كىشىلەردە زىددىيەتلىك ئارزۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدۇ. بۇ ھال تەرەققىياتنىڭ، تۇرمۇش باياشاتچىلىقىنىڭ ئالامىتى. چۈنكى، قانچە باياشاتچىلىق بولسا، تۇرمۇش شۇنچە مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولىدۇ. مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك تۇرمۇش قىزىقارلىق، تەملىك بولىدۇ.

— مەن پاراۋانلىققا مەسئۇل، — دېدى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەتباقى ئاكا مېنىڭ پاراۋانلىق توغرىسىدىكى سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — زاۋۇت ھەر يىلى قۇتقۇزۇش پۇلى ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ يۈەن، ساياھەت ئۈچۈن قىرىق بەش مىڭ يۈەن، جاپالىق ئورۇندا ئىشلەيدىغانلارنى 7 - ئايدا ئون كۈن دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن يەتمىش مىڭ يۈەن بېرىدۇ. بارمۇ دەمسىزا؟ ھەئە، داۋاملىق قۇتقۇزىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارغا ھەر ئايدا قىرىق بەش يۈەن بېرىمىز، باشقىلارغا ئادەتتە يىگىرمە يۈەندىن يۈز يۈەنگىچە قۇتقۇزۇش بېرىمىز. ئومۇمەن بىزگە ئۈچ خىل پۇل بېرىلىدۇ. ئۇلار قۇتقۇزۇش، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، پاراۋانلىق پۇللىرى. شۇنداق، ئۆي تەقسىم قىلىش ھەيئىتىنىڭ باشلىقىمۇ مەن. زاۋۇت باشلىقىغا ئىككى - ئۈچ يۈرۈش ئۆينى بىۋاستە تەقسىم قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. بىزدە ئۆي تەقسىماتىدا خىزمەت تارىخىغا ئېتىبار بېرىش چوڭ پىرىنسىپ، ئەر - ئايال دېمەيمىز، شۇڭا يولدىشى سىرتتا

ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭمۇ ئۆيى بىزدە.

ئەخمەتباقى ئاكا يەنە بازار باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ، تازىلىق ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئىكەن. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى، باياشاتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاقىت - زېھنىنى سەرپ قىلىپ كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن.

— ماڭا كۆڭۈل خوشى مۇشۇ ئىشلاردىن كېلىدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ئۇ.

## ئۈچىنچى كەسىپنىڭ كەلگۈسى پارلاق

زاۋۇتتا ھەر يىلى پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئىشسىز ياشلار ۋە ئەللىك بەش - ئاتمىش ياشلاردا پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، بىكارچىلىقتا ئادەتلىنەلمىگەن ماھارەتلىك ئىشچىلار ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلىرى. ھازىر زاۋۇتتا ھاك زاۋۇتى، كىچىك سېمونت زاۋۇتى بار. بۇ زاۋۇتلار ئەنە شۇلار ئۈچۈن قۇرۇلغان. بۇ زاۋۇتلار بىلەن ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ - دە، مېيىپلارمۇ، ئائىلە ئاياللىرىمۇ ئىشلەيمىز دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇلار ئۈچۈن زاۋۇت يىگىرمە مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتقان. بۇ پۇل بىلەن قۇرۇلغان رەسىمخانا، ساتىراشخانا، ئويۇنخانا، ھاجەتخانا ۋە رېمونتخانىلار قىرىق پىرسەنت مېيىپلار، ئاتمىش پىرسەنت ساقلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش ئورنى. ئۇلار بىكارچىلىقتىن قۇتۇلغان. گەرچە ھازىرچە ئايلىق ئىش ھەققى بىر يۈز ئەللىك يۈەن ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدىن رازى. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا مۇھەببەت باغلىغان. ھاياتتىن ئالىدىغان لەززىتى، ھاياتقا قويىدىغان تەلىپى ئاشۇ ئورۇندىن قانائەت تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ.

— بۇ خىل ئورۇنلار كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىكەن، بىز

بۇلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىدىغان ئوخشايمىز، پارتىيەمىزنىڭ رەھبەرلىرى ئۇچىنچى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تىلغا ئالدى، بىز ئەمدى ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىدە ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ئۇنۇم ئالىمىز.

— بۇ كىمنىڭ گېپى؟

— زاۋۇتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ.

## ھاللىق سەۋىيە ھەققىدە مۇلاھىزە

ئىسمايىل ھاياتقا، كىشىلەرگە، ئۆز ئىشىغا، يېڭىلىققا قىزغىن مۇئامىلىدە بولىدىغان ياش كادىر. ئۇ زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆزى ئالىي مەلۇماتلىق بولسىمۇ، ھاكاۋۇرلۇق، كېرىلىش، بىلىمدانلىق قىلىشتەك ھازىرقى كۈندە نۇرغۇن ياش رەھبەرلەردە ئاسانلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىللەتلەردىن خالىي. ئۇ، يېڭىلىق، ئىستىقبال، بەخت - سائادەت توغرىسىدا مۇلاھىزىلىشىشكە ئامراق.

— ھاللىق سەۋىيە — تۇرمۇشنىڭ ئوتتۇرا ھال سەۋىيەسى، — دېدى ئۇ زاۋۇت تۇرمۇشى توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەپ كېلىپ، — كېلەر ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا بىز يوق. شۇ چاغدا بىزنىڭ خەلقىمىز ئوتتۇرا ھال سەۋىيەگە ئېرىشەلەيدىكەن. نېمىشقا كېلەر ئەسىرنىڭ 10 — 20 - يىللىرىدا ئېرىشەلمەيمىز؟ قىرىق ياشقا كىرگەن ئادەم ئۇ چاغدا ئەللىك سەككىز ياكى ئاتمىش سەككىز ياشقا كىرىدىكەن. تۇرمۇش لەززىتىنى كۆرەلەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئوبدان بىلىۋالاي، ھاللىق سەۋىيە توغرىسىدا يېزىۋالغانلىرىڭىز بارمۇ، ئاكا؟

مەن دەپتىرىمنى ۋاراقلىدىم.

— بىرىنچى ئۆلچىمى پۇل ئىكەن، — دېدىم مەن يېزىۋال-غىنىمنى ئوقۇشقا باشلاپ، — كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان

دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى سەككىز يۈز دوللار-دىن ئاشقان بولۇش كېرەك ئىكەن.

— بىزنىڭ پۇلىمىزغا تۆت مىڭ سەككىز يۈز يۈەن دېگەن سۆز. بىز ھازىر خېلى يىراق تېخى. ئىككىنچىسىچۇ؟

— دېھقانچىلىق قىممىتىنىڭ نىسبىتى تۆتتىن بىر بولۇشى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ سالمىقى ئۈچتىن بىر بولۇشى كېرەك ئىكەن.

— ھازىر بىزدە دېھقانچىلىقنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى تولىمۇ زور. نوپۇسنىڭ سەكسەن بەش پىرسەنتى، ئومۇمىي قىممەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپىغۇ دەيمەن، تېخى خېلى بار ئىكەن.

— ئۈچىنچىسىدە ئوچۇقراق دېيىلگەن، — دېدىم ئۇنىڭ تەقەززا بولۇپ تەلمۈرگەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ، — دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى ئەللىك پىرسەنت بولۇشى كېرەك ئىكەن. دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىۋاسىتە ۋە مۇتلەق تۆۋەنلىشىشى زامانىۋىلىشىشنىڭ بىر بەلگىسى ئىكەن.

— ئەللىك پىرسەنت بولسا ئاران ئوتتۇرا ھال سەۋىيە بولىدىكەن. يۇقىرى سەۋىيەچۇ؟

— بەش - ئالتە، ھەتتا ئىككى - ئۈچ پىرسەنت.

— تۆتىنچى شەرتچۇ؟

— ئورتاق بېيىش. بۇ تەقسىماتتىكى ئوتتۇرىچە ھېساب مەسىلىسى ئەمەسكەن. كىرىم تەقسىماتى بىرقەدەر مۇۋاپىق بولۇش، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا تۇرمۇش سەۋىيەسىدە پەرق تولىمۇ چوڭ بولۇپ كەتمىسۇن، دېگەنلىك ئىكەن.

— سەككىز يۈز دوللار، دېھقانچىلىق تۆتتىن بىر، ئۈچىنچى كەسىپ ئۈچتىن بىر، دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچى ئەللىك پىرسەنت، تۇرمۇش سەۋىيەسىدە پەرق چوڭ بولماسلىق... — ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى.

— قانداق، سىلەرنىڭ زاۋۇت يېقىنلاشقاندەكمۇ؟
— ئاز قاپتىمىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — بەزى جەھەتلەردە يېتىشىپمۇ قاپتىمىز تېخى.
— ئايدا بىر كوي بەش موچەن ھەق ئېلىپ، كۈنىگە ئون - ئون ئىككى سائەتلەپ تاش چېقىپ، ياشلىقىنى ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر ئىشچىلار ھازىر پېنسىيەگە چىققان. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەش-سەك توغرا جاۋابقا ئىگە بولالايمىز، — دېدىم چاقچاق ئارىلاش، — تارىخ ھەقىقەت تارازىسى، ئۆتكەن كۈنلەر بىلەن كېلىدىغان كۈنلەرنى سېلىشتۇرالايدىغان ھەقىقىي دانالىقمۇ ئاشۇ «تارىخ» ئىسىملىك «كىشى» گە مەنسۇپ.
— سىز ياۋروپانى، نېفىت بىلەن بېيىغان ئاسىيا دۆلەتلى-رىنى كۆردىڭىز، بۇ ھەقتە يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان-مەن، — دېدى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى، مەزكۇر زاۋۇتتا ئون يىل مانتيورلۇق قىلغان نائىل خەلق تۇرمۇشى، جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرى-سىدىكى بۇ تېمىغا قىزىقىپ، — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇ-رۇشنىڭ مەقسىتى جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ تەرەق-قىيات ئەلۋەتتە ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز خەلقىمىزنى پاراۋان، شاد - خۇرام قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. ئېيتىڭا، ياۋروپادا ياكى بېيىغان ئاسىيا دۆلەتلى-رىدە خەلق بېيىغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇ دۆلەتلەر بازار تالىشىش، پايدا تېپىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ؟
— ھەممە ئىش نىسپىي بولىدۇ - دە، بېيىش، تەرەققىيات-مۇ شۇنداق. ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۈچ زامانىۋى دۆلەت. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ نىسپىي، شۇڭا ئۇلار ئەندىشە غەم ئىچىدە. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلاردىن رەت تەرتىپىدە يۇز نەچچىنچى ئورۇندا تۇرغان بىرەر دۆلەتنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇ جاھان مارا-فونچە يۈگۈرۈش ئۈستىدە. پەللىگە كىمنىڭ بىرىنچى بولۇپ

بىرىشنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايدۇ.

لېكىن، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى، مىللەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى، تۇرمۇشنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن بىر ئارزۇ. گەرچە ياۋروپادا بەزى ئادەملەر زامانىۋى تۇرمۇشتىن زېرىكىپ، قەدىمىي ئىندىيانلارچە تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، سىمونت زاۋۇتتىكى زامانىۋى ھاياتقا قىزىققۇچىلار مېنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىم بولۇپ قالدى. «زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى» ناملىق بىر ماقالە قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. سىمونت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىدا چوڭ قەدەملەپ ئىلگىرىلەۋاتقان دوستلىرىم بۇ ئۆلچەمگە تولىمۇ قىزىقىدىكەن.

— بىز ھاللىق سەۋىيەدىن ئۆتۈپ زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلەيمىز. قېنى، توققۇز ماددىنى ئوقۇڭ ئەمىسە!

بۇ بىر قىزغىن يىگىتنىڭ ئىلمىي بولمىغان تەلىپى. مەن ماقالىدىكى توققۇز ماددىنى ئوقۇپ بەردىم.

— بىرىنچى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۈچ مىڭ دوللاردىن ئاشقان بولۇشى كېرەك.

— ۋاي كاسايەت، بۇ ھاللىق سەۋىيەدىن ئىككى مىڭ ئىككى يۈز دوللار ئارتۇق دېگەن سۆز ـ ھە!

— ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە قىرىق بەش پىرسەنتتىن يۇقىرى ئورۇننى ئىگە بولۇش.

— پاھ، بىزدە نۆل پۈتۈن ئوندىن بىر، ھەتتا يۈزدىن بىر...

— ئۈچىنچىسىچۇ؟

— ئۈچىنچى، دېھقانچىلىقتا ئائىت بولمىغان ئادەملەرنىڭ

ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئومۇمىي ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ ئوندىن يەتتىسىدىن كۆپ بولۇش.
— دېمەك يەتمىش پىرسەنت.
— ياق، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئەمەس، ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ. ھە قېنى، تۆتىنچىسىچۇ؟
— تۆتىنچى، ئاساسىي مەدەنىيەت تەربىيەسىگە ئېرىشكەنلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئوندىن سەككىزىدىن كۆپ بولۇش.
— ئاساسىي مەدەنىيەت دېگىنى تولۇقسىز ئوتتۇرىمۇ، تولۇق ئوتتۇرىمۇ؟
— تولۇق ئوتتۇرىغۇ دەيمەن.
— بەشىنچى، يېشى تولغانلار ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلەر ئون بەش پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش.
— چۈشىنىشلىك.
— ئالتىنچى، شەھەر ئاھالىسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئەللىك پىرسەنتىدىن يۇقىرى بولۇش.
— بىزدە قانچىلىكتۇر؟
— ئاھالە قانچىلىككىن بىلمەيمەن. ئەمما، شەھەرلەرنىڭ سانىنى بىلىمەن. ناھىيەدىن يۇقىرى شەھەرلەردىن ئۈچ مىڭ بىر يۈز يىگىرمە ئالتىسى، يېزا ـ بازارلاردىن ئەللىك ئالتە مىڭ تۆت يۈز توقسان يەتتىسى بار. يېزا ـ بازار قوشۇلغاندا، چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردىن ئەللىك توققۇز مىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە ئۈچى بار.
— يەتتىنچى، ھەربىر دوختۇرنىڭ كېسەللەرگە خىزمەت قىلىش سانى تەخمىنەن يۈزدىن كۆپ بولۇش.
— چۈشىنىكسىز گەپقۇ بۇ؟
— بىر دوختۇرغا يۈزدىن كۆپ كېسەل توغرا كېلىش لازىم، دېگەن سۆز.
— سەككىزىنچى، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى يەتمىش

ياش ئەتراپىدا بولۇش.
— توققۇزىنچى، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئون پىر-سەنتتىن تۆۋەن بولۇش.
— خېلى ئىلمىي ئىكەن!
— ئەتراپلىق ئىكەن.
— قىلالىغىلى بولغۇدەك - ھە؟
— قىلالايمىز.

## چاڭ - توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك

ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىدىن جەنۇبقا قارىسام تۇتەك، چاڭ - توزان كۆرۈندۇ. ناۋادا ئۇلانبايغا كېلىپ جەنۇبقا قارىغان بولسىڭىز يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىس، چاڭ - توزاننى كۆرىسىز. بۇ ئىس ۋە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرەپ ساڭغاڭگو جىلغىسى. بۇ جىلغىدا ھازىر سېمونت زاۋۇتى، لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى ۋە يەنە بىرقانچە زاۋۇت بار. مەن بىرىنچى قېتىم بۇ جىلغا نامى بىلەن تونۇلغان يەرگە كەلگەندە دەرھال ئۆپكە كېسەللىكى بولۇپ قالىدىغاندەك ئېغىز - بۇرنۇمنى ئېتىۋالغانىدىم. لېكىن، كېيىن مېنىڭ ئىنسان، تۇرمۇش ۋە گۈزەللىك ئۇستىدە ئىزدىنىشكە ئادەتلەنگەن مىجەزىم چاڭ - توزاننى تېزلا يادىمدىن چىقىرىۋەتتى - دە، مېنىڭ روھىمدا بۇ يەردىكى ھاياتتىن قانائەت تېپىپ ئۆز بەختىنى مۇشۇ يەردىن ئىزدىگۈچىلەرگە ھۆرمەت، مۇھەببەت ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

بۇ ھېس - مۇھەببەت ساختا ئەمەسكەن. سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىماپتۇ. مەن سېمونت ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا بەخت ئاتا قىلغان بۇ ماكاندا مۆلچەرىمدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ھاك تاش، مايلىق سىلانېتس، گىپس، تۆمۈر رۇدا پاراشوكىنى تىنىمسىز چايناپ يۇتۇپ تۇرىدىغان

ئايلانما خۇمدانلار، بىر مىڭ ئىككى يۈز - بىر مىڭ بەش يۈز گىرادۇسلۇق ئوت يالقۇنى ۋە بۇلاردىن پەيدا بولىدىغان كۆل رەڭ پاراشوك سىمونتقا ھۆرمەت - مۇھەببەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— 1992 - يىلى دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي ساھەدىكى تەرتىپكە سېلىش ئۇنۇم بەرگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋاملىق چوڭقۇرلاشقان بىر يىل، شۇنداقلا 8 - بەش يىللىق پىلان يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ بىر يىل. زاۋۇتىمىزنى 2 - قېتىملىق كۆتۈرە ئالغىنىمىزنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى، شۇڭا بۇ يىل بىزدىن تېخىمۇ روھلىنىپ، قابىلىيەت ۋە پاراستىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، بوران - چاپقۇن، مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، 2 - قېتىملىق كۆتۈرە ئېلىش ۋەزىپىمىزنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاپ ھاياتىي كۈچكە ئەڭ باي، ئەڭ شانلىق بىر تارىخ بېتى يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ سۆز زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي بوغالتىر يولداش چېڭ شىپىڭنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى-نىڭ 12 - قۇرۇلتاي 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدى-دىن ئېلىنغان...

بۇ ئۇزۇندىدە چوڭ گەپ يوق. مەن دوكلاتلاردا ئىپتىلغان يالغان ۋە چوڭ گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. مېنىڭ نىرۋىلىرىم باشقىلارغا ئوخشاش يالغان گەپلەردىن تەسەللىي تېپىشقا خىلى ئادەتلەنگەن. لېكىن، دېڭ شياۋپىڭ ئاتىمىز بۇ قېتىم جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا قىلغان سۆزلىرىدە «قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك» دېگەن مۇھىم پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، مەن «تەسەللىي تېپىش» ھېسسىياتىنىڭ پاسسىپ نەرسە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ خىجىللىق ھېس قىلدىم.

— بۇ يىل يارىتىدىغان پايدىڭلار قانچىلىك؟

— ئون ئىككى مىليون يۈەن.

— دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان پايدا ئۆلارچۇ؟

— 3 مىليون 675 مىڭ يۈەن.

10 مىليارد 802 مىليون 990 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مەبلەغ، بىر مىڭ سەككىز يۈز ئون ئىككى نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە زاۋۇتنىڭ خەلققە، دۆلەتكە بېرىدىغان پايدىسى ئاشۇنچىلىك. بۇ ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان پايدا. بۇ پايدا بولغاچقا بۇ زاۋۇتتا خەلق پاراۋان، ھايات كۆكۈللۈك، بۇ پايدا ئاشۇ يىراقتىن قارىسىڭىز چاڭ - تۇزان بولۇپ كۆرۈنىدىغان يەردە يارىتىلماقتا.

بۇ يەرلەر بۇرۇن كۆكتات تېرىلىدىغان، مال بېقىلىدىغان خىلۋەت بىر غول ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ يەردىن بىرنەچچىلا دېھقان نەپ ئالاتتى. ھازىر ئۇ يەردىن دۆلەت، مىڭلىغان ئادەملەر پايدا ئالماقتا. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى مۇشۇنداق ئوخشايدۇ. مەندە بۇ يەرگە قايتا كېلىپ چوڭراق ئەسەر يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى.

1992 - يىلى 6 - ئاي

# زېمىن ۋە شەربەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى تەبىئەت ئادەملەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدىغان، ئادەملەر ھېسسىيات ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەتكە تولىمۇ قاتتىق بېرىلىدىغان مەزگىل. چۈنكى، بۇ چاغ باھارنىڭ ئاخىرى. ئىنسانلار مەدھىيەلەپ ھارمايدىغان ئاشۇ باھارنىڭ زېمىندىن قەلبلەرگە يۆتكىلىدىغان ئاخىرقى كۈنلىرىدە مەن ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىغا كەلدىم.

زاۋۇت — مېنىڭ ئېڭىمدا ئىس ۋە قۇرۇم بىلەن بۇلغانغان، ھاۋاسى، دەرەخلىرى ۋە ئادەملىرىنىڭ چىرايلىرىدا بۇ نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مەن بۇ يەردە ئويلىغىنىمنىڭ تەتۈرىسىنى كۆردۈم: پاكىز يوللاردا قۇياش نۇرى خۇددى ئەينەكتە پارقىرىغاندەك كۆزنى چاقاتتى، قويۇق دەرەخلەر، يۇمران چىمەنلەر، ئادىمى شالاڭ ئازادە كوچىلار، تولىمۇ خاتىرجەم، غەمسىز كۆرۈنىدىغان ئادەملەر ماڭا گويا باشقا بىر ئەلدەك بىلىندى، مەن بىر مەدەنىيەتلىك مەملىكەتكە كېلىپ قالغاندەك شادلاندىم. لېكىن، مەن يەنىلا ئۆز يېرىمىزدە — نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىدا ئىدىم.

مېنى ھاياجانغا سالغان بۇ زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، شەھەردىن يىگىرمە ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن. كۆلىمى ئون ئالتە كىۋادرات كىلومېتىرلا كېلىدىغان بۇ زاۋۇتتا زور قىزىقىش، كۈچلۈك ھاياجان ۋە

قىزغىن كۈتۈلۈش بىلەن بىر ئاي ھايات كەچۈردۈم. قايتىپ كېلىپ خۇددى بىر كۆڭۈللۈك ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندەك، بىر ئاجايىپ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندەك شېرىن خىيال، تاتلىق ھېسسىيات بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلىدىم.

## 1. پىداكارلار بىلەن سۆھبەت

— بۇنداق چوڭ زاۋۇتنى مەن بۇرۇن كۆرمىگەن.

— چەت ئەلدىغۇ كۆرگەنسىز؟

— مەملىكىتىمىزدە كۆرمىگەن. بۇ يەرنى زاۋۇت دېمەي شەھەر دېسە بولغۇدەك.

— توغرا بۇ يەر شەھەر. زاۋۇت ئاۋۇ ياقتا، شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە. نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى، پولىئېستېر خىمىيەۋى تالا زاۋۇتى، تېرموئېلېكتىر ئىستانسىسى ھەممىسى شۇ ياقتا، زاۋۇتىمىزدىكى ئون ئۈچ مىڭ نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئورنى ئاشۇ ياقتا.

باش زاۋۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جالالىدىن ماڭا تۈپتۈز، كەڭرى كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرسەتتى. كوچا كەڭ ئورمانلار ئارىسىدا قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. مەن قارلىق چوققىلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان بوغدا تېغىنىڭ باغرىدىكى بۇ شەھەرنىڭ شىمالىغا قارىدىم: ئۇ ياق مۆجىزە كانى. ئۇ يەردە يەردىن ئېتىلىپ چىقىدىغان قارا، قوڭۇر سۇيۇقلۇق سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە، يالتىراق ئۈنچە - مەرۋايىتقا، كىشىلەرنى تەلپۈندۈرىدىغان ئالتۇن ۋە پۇلغا، كۈچ ۋە جاسارەتكە، ھەتتا غايە - ئىستىقبالغا ئايلانماقتا.

بۇ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم. لېكىن، جالالىدىن ئەمەلىي گەپ- نى قىلدى:

— بىزدە نېفىت تېخى ئارانلا ئالتە تۈر، ئوتتۇز ئالتە خىل

نېفىت ۋە خىمىيە ـ سانائەت مەھسۇلاتى بېرىدۇ. غەربىي گېر ـ مانىيەدە بولسا بىر مىڭ ئىككى يۈز نەچچە خىل...

— پاھوي ! — مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتىم، — مەن كىتابلاردىن نېفىتتىن ھازىر ئىككى يۈز سەكسەن تۆت خىل مەھسۇلات ئىشلىنىدىغانلىقىنى كۆرگەن. ئەمما، بىر مىڭ ئىككى يۈز نەچچە خىل دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— كەلگۈسىدە بىزمۇ قىلالايمىز.

— قېنى جاالىدىن شۇجى، سۆزلەپ بېرىڭ.

— باشقىلار سۆزلىسۇن. ئاۋۋال كۆرۈڭ، زاۋۇت ـ سېخلارغا بېرىڭ، زاۋۇت باشلىقلىرى، ئىشچىلار سۆزلەپ بەر ـ سۇن، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.

مېنىڭ ئادەم سۇرىتىگە ئامراق قەلىمىم شۇجىنىڭ قىيا ـ پىتىگە قىزىقماقتا. لېكىن، ئۇنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ ـ نىڭ روھىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىسەملا كىشىلەر قانائەت قىلىدۇ. ئەللىك بىر ياشلىق بۇ تەلەپكار قۇرغۇچىنىڭ قىزغىنلىقى كەمتەرلىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ، مانا بۇ جاالىدىن شۇجى توغ ـ رىسىدىكى ئەڭ قىسقا، توغرا تەسۋىر. ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئىش، مۇئامىلە ۋە تەپەككۇردا ئىپادىلىنىدۇ: ئۇ ھامان ئىش توغرىسىدا، جەمئىيەت، ئىنسانىيەت توغرىسىدىلا سۆزلەيدۇ، ئا ـ دەملەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ.

— تەكلىپ قىلىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان مېھمانسىز، — دەيدۇ ئۇ ماڭا دائىم، — خىجىل بولماڭ، ياتاق ـ تاماقنى پۇلسىز قىلغىنىمىزغا بۇنچە تۇزۇت قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. تالاي ـ تالايلىرى بىكارلا يەپ ـ ئىچىپ كېتىدۇ. سىز دېگەن مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى تۇرسىڭىز... — مانا بۇ جاالىدىن شۇجىنىڭ سۆزى.

جاالىدىن شۇجى زاۋۇتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— ھازىر يىلىغا 2 مىليون 500 مىڭ توننا نېفىت پىش ـ

شقلاپ ئىشلىيەلەيمىز. خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىمىزمۇ مەملە-
كەت بويىچە ئوخشاش زاۋۇتلار ئىچىدە بىرىنچى بولغىنى بىلەن
يىلىغا ئارانلا بەش يۈز يىگىرمە مىڭ توننا خىمىيەۋى ئوغۇت
ئىشلەپچىقىرالايدۇ. سولياۋ زاۋۇتىنىڭ بىر يىلدا ياسايدىغان
خالتىسىمۇ ئون يەتتە مىليون...
سانلىق رەقەملەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن گويا كى ئۆيىدىكى بالى-
لىرىنىڭ سانىدەك ئاسان ۋە توغرا چىقىدۇ:
— هازىر بىزدە ئون ئۈچ قۇر يۈرۈشلەشكەن ماشىنا -
ئۈسكۈنە بار، تۇراقلىق مەبلىغىمىزمۇ ئارانلا 1 مىليارد 400
مىليون يۈەندىن ئارتۇق...
لېكىن، كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇ رەقەملەرنى
هاياجان بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغاندەك ئوقۇيدۇ:
— لېكىن 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى ئۈچ يى-
لىدا پولىئېستېر خىمىيەۋى تالا زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى
ئىككى مىليارد يۈەن، خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ 1 مىليارد
300 مىليون يۈەن، نېفىت ئايرىشنىڭ ئۆزگەرتىشكە سالغان
مەبلىغى بەش يۈز مىليوندىن كۆپ بولىدۇ. سولياۋ زاۋۇتىنىڭ
مەبلىغىمۇ بىر ھەسسە ئاشىدۇ.
— ئۇ چاغدا ئومۇمىي تۇراقلىق مەبلەغ قانچە بولىدۇ؟ —
مەن تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم.
— 4 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، ھازىرقىدىن تۆت
ھەسسە ئاشىدۇ، — دېدى دەرھاللا.
مېنىڭ مەھسۇلاتنى، يارىتىلىدىغان بايلىقنى بىلگۈم
كەلدى:
— ھازىرقى تۇراقلىق مەبلىغىڭلارنى مەملىكەت خەلقىگە
چاچساق كىشى بېشىغا بىر يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن، —
دېدىم مەن دەرھاللا رەقەم بىلەن ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، — ئۈچ
يىلدىن كېيىن تۇراقلىق مەبلىغىڭلار 4 مىليارد 500 مىليون
يۈەندىن ئاشقاندىن كېيىن يارىتىدىغان بايلىقىڭلار قانچىلىك

بولىدۇ؟

— ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى، — دېدى ئۇ ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئىسمىنى پەخىرلىنىپ تۈرۈپ تولۇق نامى بىلەن ئاتاپ، — غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت - خىمىيە، پولىئېستېر خىمىيەۋى تالا بىرلەشمە بازىسىغا ئايلىنىدۇ!

بۇ بازىدا كەلگۈسىدە يارىتىلىدىغان بايلىققا تولىمۇ قىزىقتىم. ئاخىر بۇ رەقەملەرگە ئىگە بولدۇم. رەقەملەر هازىر تىلغا، بىلىمگە ئايلىنالايدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋر رەقەم دەۋرى.

ئۇ چاغدا زاۋۇتنىڭ يۈرۈشلەشكەن ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى يىگىرمە يەتتىگە يېتىدىكەن. مۇھىم مەھسۇلاتلار بىر ھەسسىدىن ئاشىدىكەن. بۇ چاغدىكى رەقەملەر: نېفىت ئايرىش بەش مىليون توننا، خىمىيەۋى ئوغۇت 1 مىليون 40 مىڭ توننا بولىدىكەن، پولىئېستېر خىمىيەۋى تالا ھازىرقى بەش مىڭ تونندىن قىرىق مىڭ ياكى يۈز مىڭ تونىغا يېتىدىكەن. سولياۋ زاۋۇتىمۇ ئوتتۇز تۆت مىليون دانە خالتا ئىشلەپچىقىرالايدىكەن.

مەن بۇ رەقەملەرنى پۇل بىلەن ئىپادىلەشنى خالىمىدىم. تەبىئىيكى بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قىممىتىمۇ ئون خانىلىق سانلار بولىدۇ.

جالالىدىن سالماق، كەم سۆز، خۇشخۇي ئادەم. ئۇ شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئېلېكتىر تېخنىكا كەسپىنى تۈگىتىپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن سېخلاردا تېخنىكا خادىمى بولغان، سېخ ۋە زاۋۇتلارنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن، زاۋۇت ئۇنىڭدا بىر خىل ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەمەلىي بولۇشتەك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ماختىنىش، چوڭ گەپ قىلىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشتەك ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قىلىقلار بىلەن سۆھبەتدىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بەزى رەھبەرلەرگە ياخشى سېلىشتۇرما. ئۇ ئۆز سۆزىدە باشقىلارنى، بولۇپمۇ بىللە

ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئامراق. ئۇ: خۇ چاڭجاڭ بىلەن سۆزلىشىڭ، ئۇ كىشىنىڭ تۆھپىسى چوڭ، دېگەن سۆزنى كۆپ قوللىنىدۇ.

مەن جالالىدىن شۈجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باش زاۋۇتنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبىرى خۇ شاۋجيەن بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

ئۇ مېنى مېھمانخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت يىغىن زالىدا خۇشاللىق بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ۋاقىتنى قەدىرلەش ھازىر بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پىسخىك ئادىتىگە ئايلانماقتا. بۇلار ھەممە ئىشنىڭ ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلەر.

— بىرەر سائەت سىزگە لازىم زۆرۈر گەپلەرنى قىلىشايلى، — دېدى ياش، كەسكىن، قىزغىن زاۋۇت باشلىقى، — قالغان گەپلەرنى باشقا يولداشلار دەپ بېرىدۇ.

ئۇ ماڭا باش زاۋۇتنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى، كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى ئىخچام، ئۇقۇشلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— يەنە نېمىلەر لازىمكىن، — دېدى ئۇ ماڭا خۇددى سىناۋاتقاندەك قاراپ قويۇپ، — زاۋۇتىمىز مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ ياخشى بەش يۈز كارخانا ئىچىدە 86 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەللىك ئەڭ چوڭ سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تېخى 1992 ـ يىلىلا مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى يۈز چوڭ كارخانىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى. لېكىن، بىز ئاپتونوم رايونىمىزغا يۈز مىليون يۈەندىن كۆپرەكلا پۇل بېرەلەيمىز. ئەھۋال بەكمۇ ياخشى ئەمەس. ئومۇمەن شىنجاڭ سانائەتتە ئارقىدا، لېكىن شۇنىسى ئېنىق: شىنجاڭ كەلگۈسىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتەلەيدۇ. ئالدىغا ئۆتۈشتە نېفىتقا تايىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرى مول، بولۇپمۇ نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىدا بىرىنچى ئورۇندا، گەپ بىزدە، ئىستىقبال

بىزگە باغلىق !
— ئۆزىنى خەلققە، جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە بېغىشلىغان پىداكارلىق روھىغا باي قۇرغۇچىلارغا باغلىق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ، — ماڭا زۇرۇرى نەق مۇشۇ خىل ئادەملەر. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ روھى ۋە روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى !
— ناھايىتى ياخشى ! — دېدى ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ، — بۇنداق روھ بولمىسا، كارخانىنىڭ جېنى بولمايدۇ. پىداكارلىق روھى بولۇش كېرەك. بۇنداق بېغىشلاش ئىلغار ئاڭنىڭ تۇرتكىسى بىلەن توغرا كۆزقاراشنىڭ تۇرتكىسى بىلەن بولۇشى كېرەك. ھازىر ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى خەلققە بېغىشلايدىغانلار ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس !
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ قىزىقىدىغان تېمىدا سۆھبەت بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىش ئىستىكى قوزغالغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ھاياجانلانغان، روھلانغانىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تەبىئىي، جانلىق. پىداكارلىق روھى، ئۆز ئىشىنى سۆيۈش روھى، تەقەززالىق، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.
— مەن لەنجۇ خىمىيەۋى سانائەت شىركىتىدىن شىنجاڭغا يۆتكەلگەندە يالغۇز بىرلا ئادەم كەلدىم. قايتىشقا ياكى يۆتكىلىشكە توغرا كەلسىمۇ بىرلا ئادەم، بىرلا سومكا بىلەن كېتىمەن، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا شىنجاڭغا كېلىپ ـ كەتكەنلەر توغرىسىدا ئاڭلىغان، ئوقۇغانلىرىم بىرمۇبىر كەلدى.
كونا جەمئىيەتتە جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرگە ئوخشاش ئەمەلدارلار شىنجاڭدىن كېتىشتە ماشىنا ـ ئايروپىلان بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىق ئېلىپ ماڭغانىدى.
ئازادلىقتىن كېيىنمۇ يېقىنلىرىنى مۇھىم مەنسەپلەرگە تەيىنلەپ، ھەتتا كاتىپ ـ شوپۇرلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن

پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئازمۇ؟ ئۇلارغا مانا مۇشۇ خۇ چاڭجاڭدەك «بىرلا سومكا بىلەن كەلدىم، بىرلا سومكا بىلەن كېتىمەن» دەيدىغان پىداكارلارنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكۈم كېلىدۇ.

— شىنجاڭدا ئىشلەش جەريانىدا قەلبىمدە شىنجاڭغا كۈچلۈك مۇھەببەت پەيدا بولدى. بۇ مۇھەببەت مېنىڭ بارلىقىمنى شىنجاڭغا بېغىشلاش ئىستىكىمنىڭ مەنبەسى، شىنجاڭدا بايلىق مول. يەنە نېمىشقا بۇ يەردىن مەھسۇلات چىقماستىن يالغۇز خام ئەشيالا چىقىدۇ. بىزنىڭ خام ئەشيالىرىمىز نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ يېرىدە، ئۆز قولىمىزدا مەھسۇلاتقا ئايلىنالمايدۇ؟ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقانداق مەھسۇلات شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلىشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما، ئات ۋە نېفىتلىرىلا داڭلىق بولسا بولمايدۇ. پولات، خىمىيە، يېنىك سانائەت، ئېلېكتىر، سۇ مەھسۇلاتلىرىمۇ جۇڭگو بازارلىرىدا، ھەتتا دۇنيا بازارلىرىدا ھۆرمەت تېپىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا شىنجاڭ خەلقى كەمبەغەللىكتىن، قالاقلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلالايدۇ!

ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىگە ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە قۇرۇق دەبدەبە ۋە رەسمىيەتچىلىك يوق. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ يۈرەك سۆزى.

ئۇ مەن تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى ياتاقتا ياتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى كەمدىن - كەم كۆرىمەن. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئىشخانىدا، ئىش ئورۇنلىرىدا ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭ كېسىلى بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ داۋالىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمايدىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتى، زېھنى ۋە كۈچى زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلانغان. ئۇ تۆھپە يارىتىش توغرىسىدا سۆز بولغاندا:

— تۆھپە دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟ ئەمەلدار

بولۇش، پۇل تېپىش راھەتلىنىش دېگەنلەر تۆھپىگە بېرىلىدىغان ھەقمۇ؟ ئۇنداق بولسا تۆھپە دېگەن يىرگىنچلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ مەن يۆتكىلىپ كەتسەممۇ ياكى پېنسىيەگە چىقىپ كەتسەممۇ زاۋۇت ئوخشاشلا ئىلگىرىلەۋەرسە تۆھپە دېگەن مانا شۇ. ئىشلارنى يۈرۈشتۈرسەم، زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇرالىسام، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يىلدىن - يىلغا ياخشىلىيالىسام، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى تۆھپە. ھەممىلا ئادەم ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ. ھەممىلا ئادەم مەندىن ياخشىلىق تىلەيدۇ. مەن مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالىسىلا، ياخشى ئىشلىگەن ھېسابلىنىمەن. لەنجۇدىكى ۋاقتىمدا، مەن پارتكوم شۇجىسى ئىدىم، مېنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياخشى دەيتتى. كادىرلار ئانچە قوللىمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن كادىرلارنىڭ چىرىش، چۈشكۈنلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق قارشى تۇراتتىم. كادىرلار دېڭىزغا چۈشۈش كېرەك دېگەن گەپكە قارشى تۇرىمەن. ئاكسىيە بازىرى دېگەن نېمە چىرىشنى پەيدا قىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتسە، ئۆز يانچۇقىنى تومپايتىشنىلا ئويلىسا، دۆلەت تۈگىشىدۇ. كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسى ئومۇمىي خەلقنى بېيىتىش. خەلق ئارىسىدا تۇرۇپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش. بىز مېڭىمىزنى شەخسىي پۇل تېپىشقا ئەمەس، مانا مۇشۇ ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يىللىق سېتىش كىرىمىمىز ھازىر ئىككى مىليارد يۈەن. ئون ئۈچ مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ زاۋۇت ھېسابلانغان بۇ نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىدا مۇشۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا زادىلا بولمايدۇ. ھازىرقى تۆت چوڭ زاۋۇت ۋە باشقا ساھەلەر ھەممىسىلا تەرەققىياتقا موھتاج. ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ھەممە ساھەدە ئىككى قاتلىنىش بولىدۇ. كىرىم

بىر ھەسسە ئاشىدۇ. ئون ئالتە كىۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ زېمىندا تېخى ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلىدۇ!

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويىدى، بۈككىدە مېۋىلىك دەرەخ، گۈللەر بىلەن تولغان مېھمانخانا ھويلىسىدىن كىرگەن سالقىن شامال دېرىزە پەردىلىرىنى ئوينىتاتتى.

— بىزنىڭ يېرىمىز گۈزەل، خەلقىمىز ئىشچان، لېكىن چەت ئەلگە چىققاندا ئادەمنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ. بىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىمىز چەت ئەلگە چىقسا، ماگىزىنلاردىكى نەرسىلەرنى كۆرىدۇ - يۇ، ئالالمايدۇ. چۈنكى، يانچۇقىدا ئارانلا ئوتتۇز دوللىرى بار چەت ئەللىك ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بىزگە كەلسە خالىغان نەرسىسىنى سېتىۋالالايدۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن چىدىماي قالىمەن. چەت ئەللىكلەر قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالىشىمىز كېرەك. چەت ئەللىكلەر سېتىپ ئالالىغاننى بىزمۇ سېتىۋالالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق روھى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

باغ، كۆلۈب، تەنتەربىيە مەيدانى بوغدا ئېتىكىدىكى ھاۋالىق تۈزلەڭگە جايلاشقان. ئۇلار بۈك ئورمان ۋە ئەترگۈللەر بىلەن چۆمكەلگەن. ئوتتۇرىدىكى ئاچقۇچلار مۇنارىسى يېنىدا تۇرۇپ قارىسىڭىز، شەرقىي شىمالدا كېچەيۇكۈندۈز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئېگىز ماياكنى كۆرىسىز. بوغدا ئېتىكىدىكى بۇ ئۆچمەس ماياك زېمىننىڭ يۈرىكى، بۇ يۈرەك كىشىلەرگە يەرنىڭ ساداسىنى، زېمىن سوۋغىسىنى كېچەيۇكۈندۈز يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ؛ زېمىن شەربەت سۇناقتا، بىز ئۇنى ئەپلەشتۈرۈپ ئىچەلەيمىزمۇ، يوق؟

نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بۇ زاۋۇتنى 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك كارخانىغا، 1991 - يىلى مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانىغا ئايلاندۇرۇپ، 1992 - يىلىدىن ھازىرغىچە نېفىت، تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ ئون سەككىز تۈرلۈك پەن -

تېخنىكا مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئون توققۇز پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا، توققۇز خىل پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي كەشپىيات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى ۋە 1992 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەپ مائارىپقا ئېتىبار بەرگۈچى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئىگە قىلدى.

لېكىن، مەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ سۆزلىرىدىن نە پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەش بەلگىسىنى، نە مەن قىلدىم دېگەن ئىپادىنى سېزەلمىدىم. بىزنىڭ خەلقىمىز، بىزنىڭ دەۋرىمىز نەق مانا مۇشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە رەھبەرلەرگە موھتاج.

1961 ـ يىلى شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن بېرى، نېفىت ـ خىمىيە ساھەسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان بۇ تەلەپچان زاۋۇت باشلىقى مېنىڭ پىداكارلار توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمنى بېيىتتى. مەن بۇ ئادەم بىلەن يەنە بىر ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلدىم. لېكىن، ئارزۇ ھازىرغىچە ئەمەلىيەتكە ئاپلىنالمىدى.

خاتىرىلەر سۆزلىمەكتە. مېنىڭ ئالدىمدىن ئىللىق، جىددىي، ئەستايىدىل چىرايلار ئۆتمەكتە. ئۇلارنىڭ جان پىدالىقى بولمىسا، ئايروپىلانلار، ماشىنىلار، زىرائەتلەر ۋە كۆكلۈلۈك ئاشخانىلار ھەرىكەتتىن توختاپ قالغان، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا تەسەۋۋۇرلىگۈسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر پەيدا بولغان بولماسمىدى؟

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى لاۋلىيۇ ئۆز قول ئاستىدىكى بىر مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ۋاكالىتەن مېنى قارشى ئېلىپ سۆزلەپ، مۇنداق بىر ھەققانىي گەپنى قىلدى:

— بىزنىڭ تۆھپىمىز چوڭ. ھېچقانداق ئىش بىزسىز بولمايدۇ. لېكىن، بىزنى كىشىلەر ئۇنچىلىك بىلمەيدۇ!

دۇرۇس، بىز بىلمەيمىز. بۇ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ

بۇنچە جىق، گويا ئادەم بەدىنىدىكى تومۇرلاردەك چىرمىشىپ
كەتكەن چوڭ - كىچىك تۇرۇبىلىرىنى، ھور چىقىپ تۇرغان
سۇرلۇك ماشىنىلىرىنى بىز كۆرمىگەن. قاراماي، شەرقىي
جۇڭغار، تۇرپان - قومۇل نېفىتلىكلىرىدىن ھەركۈنى تۈمەنلەپ
تونىنا قوييۇق قارا قوڭۇر رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئېقىپ كېلىپ،
ئاشۇ چوڭ - كىچىك تۇرۇبىلار، يۇقىرى ھارارەتلىك قىزد-
تىش، مۇزلىتىش ماشىنىلىرىدىن ئۆتۈپ پارچىلىنىپ، يىگىرمە
يەتتە خىل مەھسۇلاتقا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. بۇ
زاۋۇتنىڭ 1# - نومۇرلۇق پۈركۈمە يېقىلغۇ مېيى كۈمۈش
مېدالغا ئېرىشكەنلىكىنى، 0° -، 10° -، 20° -، 35° - نو-
مۇرلۇق ئاپتول مايلىرى، 70#، 90# نومۇرلۇق بېنزىنلىرى مە-
نىستىرلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات
بولۇپ باھالانغىنىنى بىز تېخىمۇ بىلمەيمىز. ھەتتا بۇ زاۋۇت
1992 - يىلى نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئىككى مىليون
توننىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان - پەلەك تۇرۇ-
با مۇنارلىرى، ئاجايىپ ماشىنىلار بىزگە چۈشىنىكسىز ۋە
سۇرلۇك كۆرۈنىدۇ.

ئانا يەر ئۆز نېمىتىنى مۇشۇ زاۋۇت ئارقىلىق بىزنىڭ
قولىمىزغا يەتكۈزىدىكەن. بىز بۇنىمۇ يېتەرلىك بىلمەيمىز.
يەرنىڭ ئۈستى بىلەنلا ھەپىلىشىپ كەلگەن شىنجاڭلىقلار
يەرنىڭ ئاستىغا نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى تېخى ئەمدىلا
بىلمەكتە. نېفىت قاچان تېپىلغان، بىرىنچى قېتىم ئۇنى
كىملەر، قانداق بايقاپ، قانداق ئىشلەتكەن دېگەندەك سوئاللارغا
بىزنىڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە خېلى نۇرغۇن
ئادەملىرىمىزمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئوتتۇرا شەرق ئەرەب
دۆلەتلىرى نېفىت بىلەن دۇنياغا تونۇلدى. نېفىت بىلەن ئۆز
ھاياتىنى ئۆزگەرتتى. لېكىن، بىز نېفىتنىڭ ھاياتىمىزدىكى
قۇتقۇزغۇچىلىق رولىنى ئۈنچىلىك تونۇپ يەتمىدۇق.

— لىيۇجىن چاڭجاڭ توغرا ئېيتىسىز، كىشىلەر سىلەرنى

تازا ياخشى بىلمەيدۇ، — دېدىم مەن ئورۇق، جىددىي چاڭجاڭنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، — ھەتتا مەنمۇ بۇ جەھەتتە ساۋاتسىز.

ليۇ چاڭجاڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى تونۇشتۇرۇپ قىزغىن، ئىخچام ۋە قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىدى:

— بىرىنچىدىن، ھازىرقى 2 مىليون 300 مىڭ توننىلىق سەۋىيەنى ساقلاش؛ ئىككىنچىدىن، يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان كېڭەيتىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش بىزنىڭ بۇ يىلقى ۋەزىپىمىز. بۇ ئېيتماققا ئاسان، لېكىن ئىشلىمەك تەس، ئىلگىرىلىمەك تېخىمۇ تەس. ئىشنى ئادەم قىلىدۇ، روھنىڭ ئۇرغۇشى ئەڭ چوڭ بايلىق. بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن زۆرۈرى زاۋۇتنى سۆيۈش، ئۆز ئىشىنى سۆيۈش روھى. گەپنى چوڭ قىلىپ ئۆز ئىشىنى سۆيمەيدىغان «ئىنقىلابچى»لار بىزگە كېرەك ئەمەس. بىز ئىشچىلارغا ئايلىق بەرسەكلا بولدى، پۇل بەرسە كىم ئىشلىمەيدۇ، دەپ قارىساق بولمايدۇ... «دېڭىزغا چۈشۈش» قىزغىنلىقى بىزدىمۇ تەسىر پەيدا قىلدى. بازار كۆزقارىشى بولۇش دەۋرنىڭ تەلىپى، لېكىن بايلىق يارىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بايلىق ياراتماستىن بىر - بىرىنىڭ يانچۇقىدىكىنى كولايدىغان سودىنى مەن يامان كۆرىمەن. بۇنداق شىركەتلەرنىڭمۇ جەمئىيەتكە ئۇنچە پايدىسى يوق. ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى بولمىغان شىركەتلەر بەزىدە، ھەتتا خەلققە زىيانمۇ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ شوئارىمىز مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ماددىي بايلىق يارىتىش! ماددىي بايلىقتا ماسلاشقان مەنىۋى بايلىقمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ بەختى ياشنايدىغانلىقىنى بىلىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەمگىكىنىڭ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك.

بۇ ئاڭلىق بايلىق ياراتقۇچىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشى يۇقىرىقى دېگەنلىرىنىڭ مۇنازىرىسىز ئىسپاتى ئىكەن.

ليۇ چاڭجاڭ ھەر كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى توققۇزدا ئىشقا چىقىدىكەن، باشقىلاردىن كېيىن ئىشتىن چۈشىدىكەن. ئۇ ئىشچىلارنى قىزغىن سۆيىدىكەن. نەدە قىيىن ئىش بولسا ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئۇپراپ، كىچىكلەپ كەتكەن تۆمۈر گۈرجىكىنى كۆرۈپ باقتىم.

— مەن ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ھۇزۇرلىنىش مۇشۇ گۈرجەكنى قولغا ئېلىپ يەرنى كۆكەرتىش ئۇچۇن ئەمگەك قىلىش، — دېدى ئۇ يالتىراق گۈرجىكىنى كۆرسىتىپ، — ھەر يىلى ئون مىڭ كىۋادرات مېتىر يەرنى چىملىق قىلىپ كۆكەرتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. كادىرلار ھەر شەنبە كۈنى يېرىم كۈن ئەمگەك قىلىش بىزنىڭ تۈزۈمىمىز. بۇ يەر بۇرۇن تاشلىق ئىدى. قاراڭ، ھازىر تۈخۈمدەكمۇ تاش تاپالمايسىز. ھەممىنى قىلغان مۇشۇ گۈرجەكلىرىمىز!

ئېگىز زاۋۇت گەۋدىلىرى ئاستىدىكى ياپيېشىل ئورمانلىق، يۇمشاق چىمەنلىك، خۇشبۇي گۈللۈكلەر كىشىنى شادلاندۇرىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ...

— بۇ كىشىنىڭ مىجەزى ئاجايىپ، — دېدى مېنىڭ ھەمراھىم ليۇ چاڭجاڭنى كۆرسىتىپ، — گېپى ئوچۇق، كۆڭلى تۈز، زاۋۇتقا ئاشىق. كاماندىروپكىغا بارماقچى بولسا باشقىلاردەك يېرىم كۈن تەييارلىق قىلمايدۇ. ئىشلەۋاتقان يېرىدىنلا ماشىنىغا چىقىدۇ. قايتىپ كەلسىمۇ ئۆيىگە كىرمەي تۇرۇپ زاۋۇتنى ئايلىنىدۇ، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

ئۇ كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە يېشى چوڭلارغا كىرىدىكەن. پېنسىيەگە چىقىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىش ئۇسۇلى 1960 ـ يىللارنىڭ تۆھپىكارلىرىغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ 1990 ـ يىللارنىڭ «دەۋر قەھرىمانلىرى»غا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭدا ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى ۋە ئۆزىگە خاس كۆزقارىشى بار

ئىكەن. خۇ چاڭجاڭنىڭ: «شامالغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ياخشى كارخانىچى بولالمايدۇ. كارخانىچى ئۆز ئىشىنى ئەمەس، زاۋۇتىنى ئويلىشى، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەي زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك» دېگەن تەسىرلىك سۆزلىرى كىشىگە گويا ليۇ چاڭجاڭنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغاندەك بىلىنىدۇ.

ئۇ، ئىشىنى سۆيۈپ، گۈزەللىككە سەل قارايدىغان «ھېسسىياتسىز» ئىشۋازلارغىمۇ ئوخشىمايدىكەن. ئۇ گۈلچىمەنگە، تەبىئەتكە ئامراق، نەتىجىلەرنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا ئامراق ھېسسىياتچان ئادەم ئىكەن. ئۇ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىلىرىگە (كوللېكتىپ) قاتنىشىدىكەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بىلەن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا دائىم مەسلىھەتلىشىپ، پۇل ئاجرىتىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ مۇھىم ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ مەن بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. ئۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى يوشۇرالمىدى.

— ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم راۋاجلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولمىسا بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە باشقا ئىشلاردىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بىز ھازىر ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇۋاتىمىز. 1992 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پۇلىمىز يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز يۈەنگە يەتتى. ئىقتىسادىي ئۇنۇم بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشىمىز. مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم مانا مۇشۇ ئىش.

مەن ليۇ چاڭجاڭ بىلەن كۆپرەك سۆزلىشىشنى خالايتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ۋاقتى بەك قىس، ئۇنىڭ ئۆزى بىر تىپ ئىكەن، ئۇ خاراكتېرى، پىسخىك ئادىتى تەبىئىي يارىتىلغان بىر ئەسەر قەھرىمانى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش مەن ئۈچۈن بىر ياخشى ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇغاندەك قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ يېنىدىلا خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى بار. ئىيۇن ئېيىنىڭ باشلىرىدا بۇ بۈك - باراقسان ئورمانلار ئىچىگە جايلاشقان زاۋۇتنىڭ ياش باشلىقى تيەن يىبىڭ بىلەن مۇئاۋىن شۇجىسى لى شىسۇڭنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

مەن مەملىكەت بويىچە مەھسۇلاتتا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ زاۋۇتنىڭ سېخلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، شۇ چوڭ شان - شەرەپنىڭ ياراتقۇچىلىرى بىلەن دوستلىشىپ، قىزىقىش بىلەن يېڭىلىقلارنى خاتىرەمگە يازماقتىمەن.

ياپونىيەنىڭ yubu شىركىتى قۇراشتۇرغان، ئۈسكۈنىلىرى ياپونىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، دانىيەلەردىن كىرگۈزۈلگەن بۇ زاۋۇت 1982 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1985 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. 1986 - يىلىدىن كېيىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ 1992 - يىلىدا بىرىكمە ئاممىياكتىن ئۈچ يۈز ئوتتۇز مىڭ توننا، ئورىيادىن بەش يۈز يەتمىش مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئون سەككىز زاۋۇت بىلەن بولغان سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا بىرىنچى بولۇپ، شىنجاڭغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەن.

مەن ئېگىز زاۋۇت گەۋدىسىگە قارىدىم. ئېنېرگىيە سېخى كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ تۇرىدۇ. ناسوس ھاۋا بوشلۇقىدىن ھاۋانى سۈمۈرۈپ، ئۇنى يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتقۇچ بىلەن سويۇقلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. ھاۋا تەركىبىدىكى ئازوت ئاممىياك گاز ھالىتىگە كېلىدۇ. ئىككىنچى ئېگىز گەۋدىلىك سېخ — نېفىت ئايرىشتىن ئېشىپ تۇرۇبا ئارقىلىق ئېقىپ كەلگەن دۇغىنى يۇقىرى بېسىملىق ھارارەت بىلەن سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇقتىن كاربون ئوكسىدىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇنى ھېلىقى ھاۋادىن ئېلىنغان ئاممىياك بىلەن قوشىدۇ. چوڭ مۇناردا قوشۇلغان بۇ ئىككى خىل سۇيۇقلۇقتىن

ئۆندەك ئاپپاق پاراشوك ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇ ئورىيا، بۇ مەھسۇلاتنىڭ دۇغ بىلەن ھاۋادىن چىقىپ يەنە سۇ ئارقىلىق يەرگە سىڭىپ، زىرائەتلەرنىڭ قېنىغا ئايلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ بەدىنى ئارقىلىق يەنە يەر ۋە ھاۋاغا قايتىشى ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە سىرلىق. بۇ يەردىكى سىر - ھېكمەت بىزگە قىزىقارلىق ئەمەك بولغىنى بىلەن بۇ زاۋۇتتىكى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ئالتە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ئۈچۈن بۇرچ ۋە قەسەم. 1991 - يىلى 23 - دېكابىردا يۈز بەرگەن ھادىسە توغرىسىدا زاۋۇت باشلىقى تيەن يىبىڭ ماڭا ھېكايە قىلىپ بەردى:

— بۇ يەردە بىر سائەت توك توختىسا بىر ناھىيەنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇتى كېمەيگەن بولىدۇ. چۈنكى، بىز بىر مىنۇتتا بىر توننا ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇ كۈنى تۇيۇقسىزلا توك توختاپ قالدى. زاۋۇتتا پارتلاش ھادىسىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى پەيدا بولدى. تېلېۋىزوردا بۇ خەۋەر ئاڭلىتىلىشى بىلەن پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر زاۋۇتقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ھەتتا بىر موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇ كۈنلا تويى بولغان 13 - رايوندىكى قىزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، كۈيئوغلىنى زاۋۇتقا ھەيدىگەن. كۆپچىلىك ئاشۇنداق زاۋۇتنى ئويلاپ، خەۋپكە پىسەنت قىلماي، زاۋۇتنى قۇتقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىغان. ئەڭ ئاز دېگەندە يىگىرمە - ئوتتۇز كۈن رېمونت قىلغاندىلا، ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغان قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىز ئون ئالتە كۈندە رېمونتنى تۈگىتىپ، بىر يۈز سەكسەن يەتتە كۈن ئىشلەپ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان. ھەممىلا ئادەمنىڭ مېڭىسىدە: بەش يۈز يىگىرمە مىڭ توننا ئوغۇتنى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش دېگەن بىرلا شوئار بولغاچقا، پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا يىل ئاخىرىدا لايىھەدىكى پىلان ئورۇنلىنىپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى

ئورۇنغا ئۆتتۇق. 1992 ـ يىلى 9 ـ دېكابىردا تۇيۇقسىز پار تۇرۇبىسى پارتلاش ھادىسىسى يۈز بەردى، لېكىن بىز تېزلا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەش يۈز يەتمىش مىڭ تونىنا ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاساس ياراتتۇق. بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەن: زاۋۇتنى ئۆز ئۆيىدەك سۆيىدىغان كەسىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقى پەيدا قىلىنمىغان بولساق، بىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپمۇ كۆرگەنسىلەر ـ ھە؟

مېنىڭ سوئالىمغا زاۋۇت باشلىقى تيەن ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— ئۈچ ماددىلىق تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالدۇق. بۇلار: ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى قۇرۇش، ياخشى ئىشلەپچىقىرىش. بۇ ئۈچ تەجرىبە بىزنىڭ نۇرغۇن ئەمگەكلىرىمىز، ئەگرى ـ توقاي يوللىرىمىز ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى.

1971 ـ يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ تېكەس ناھىيەسىدە قايتا تەربىيە ئالغان بۇ زاۋۇت باشلىقى باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، باشقۇرۇش ماھارىتىگە ئىگە ئىسلاھاتچى ئىكەن. ئۇ 1990 ـ يىللاردىكى كارخانىچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ قايتا ـ قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى قوبۇل قىلىپ ئادەتلىنەلەيدىغان «يەرلىك تەجرىبە»لەرگە ئىگە بولۇۋاپتۇ. ئۇ مېنى مەكتەپدىشىم دەپ قىزغىن مۇئامىلە بىلەن ھۆرمەتلەپ، ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. سېخلارنى كۆرسەتتى، ئۇ مەندە 1990 ـ يىللارغا خاس ئاڭ ـ سەۋىيە، ئالاقە ئىلمى ۋە مىللىي غۇرۇرغا ئىگە يىگىت ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى قالدۇردى. مەنمۇ 1950 ـ يىللاردا ئىلى دارىلمۇئەللىمىننى تۈگەتكەن بولغاچقا، مەكتەپدىشىم بىلەن چىن قەلبىمدىن

پەخىرلەندىم.

ئۆز ئىشىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈش بىر خىل گۈزەل پەزىلەت. بولۇپمۇ باشقىلار سۆيمەيدىغان ياكى ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغان كەسپىنى ئۆزىگە بىر ئۆمۈرلۈك كۆڭۈللۈك ئەرمەك قىلىپ تاللىۋالغۇچىلار پەزىلەت مەدھىيەسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق ئادەملەر.

مەن بۇ خىل ئادەملەرنى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ ھەربىر زاۋۇتلىرىدا، سېخلىرىدا كۆپ كۆردۈم. ئۇلار ئېلېكترونلۇق باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆرسەتكۈچ رەقەملىرىگە كۆز ئۈزمەستىن نەچچە سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرغۇچىلار، سولياۋ خالتىلىرىنى ئاپتوماتىك قاچىلىغۇچقا ئەپچىل ئېلىپ، سېكۇنتتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ھەرىكەتنى نەچچە سائەتلەپ تەكرارلىغۇچىلار قاتارىدا، بولتا چىڭىتقۇچىلار، توك بىلەن ھەپىلەشكۈچىلەر، ئىستانوك، دەستىگاھ، پار قازىنى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرغۇچىلار قاتارىدا سانسىزلاپ ئۇچرايدۇ...

تېرموئېلېكتىر ئىستانسىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى موللا ئىمىن، پولىئېستېر خىمىيەۋى تالا زاۋۇتىنى ئۇزۇن تالا سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەلىلەر ئۆز ئىشىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، مەندە يېڭى پىكىر، ھېسسىيات ۋە ئىلھام پەيدا قىلغان پىداكارلار.

مىڭ نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ رەھبىرى بولغان موللا ئىمىن ئۆزىنى پۈتۈن زاۋۇتنى قان بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورگاننىڭ خوجىسى ھېسابلايدىكەن. بۇ ئىستانسا قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن باش زاۋۇت سىرتتىن توك سېتىۋالاتتىكەن. بۇ ئىستانسا قۇرۇلغاندىن كېيىن باش زاۋۇتقا ھەر يىلى نۇرغۇن پۇل تېجەپ بېرىدىكەن. لېكىن، ئۇلار 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئالىدىكەن. مەن ئۇ كىشىدىن سەرپىيات توغرىسىدا سورىۋىدىم.

ئۇ:

— كۆمۈرنى خاڭلاردىن سېتىۋالىمىز، بىر توننا ئىككى يۈز كىلوگىرام سۇدىن بىر توننا پار چىقىدۇ. ئوتتۇز مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سائىتىگە يىگىرمە ئىككى توننا كۆمۈر كېتىشى كېرەك. لېكىن، بىز ئون سەككىز - يىگىرمە توننا كۆمۈر ئىشلىتىپ، ھەر سائەتتە ئىككى ~ تۆت توننا كۆمۈر تېجەيمىز.

— كۆمۈر سەرپىياتى يەنىلا يۇقىرىكەن.

— راست شۇنداق. لېكىن، بىز كېسەك زاۋۇتى قۇرۇپ، كۆلنى پۇلغا ئايلاندۇرۇۋاتىمىز. داشقالنى سېمونت زاۋۇتىغا ساتىمىز...

ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئىسمېنىدا ئىشلىگەن بۇ قىزغىن ئادەم ھەر يىلى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھا-لىنىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى باشقىلار ماڭا دەپ بەردى.

پارتىيە خىزمىتى ئەستايىدىللىق ۋە سەۋرچانلىقتا تولىمۇ موھتاج ئىكەن. پولىئېستېر خىمىيەۋى تالا زاۋۇتى ئۇزۇن تالا سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەلى ئۆز سۆھبىتىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدى. مەھسۇلاتى سۇنئىي يىپ (دىلۇن يىپ) بولغان بۇ زاۋۇتنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلاتى بەش مىڭ توننا ئىكەن. لېكىن، ئۇقۇشمىزچە شىنجاڭدا بىر يىلدا ئارانلا ئالتە يۈز توننا يىپ ئىستېمال قىلىنىدىكەن. بىر تونىسى ئون ئالتە مىڭ يۈەندىن يىگىرمە ئىككى مىڭ يۈەنگىچە سېتىلىدىغان بۇ دىلۇن يىپ ئاشۇ زاۋۇتتا سەۋرچان، ئەستايىدىل، ئىشچان ياشلارنىڭ قوللىرىدا تەييارلىنىدىكەن؛ ھېلىقى قارا قوڭۇر يەر شەربىتى — نېفىت مەھسۇلاتى بولغان گۇرۇچچەك يالتىراق دانلار ئاشۇ ئىنچىكە نەيلەردىن ئۆتۈپ سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ، بىر يۈز ئەللىك كىلوگىرام بېسىم بىلەن پۈركۈپ چىقىرىلىپ تالا - تالا يىپلارغا ئايلىنىدىكەن. بىز بۇ يىپلاردىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىپ مېھمانغا ماڭغىنىمىزدا، بۇ بىزنى خۇش قىلغان ئېسىل كىيىملەرنىڭ

بىز دەسسەپ تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ كۆرۈمسىز شەربىتىدىن پەيدا بولغىنىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز.

مەن تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بۇ مۆجىزىلەرگە تولىمۇ قىزىقتىم. خۇشخۇي، قىزغىن، بىلىملىك يىگىت ئەلى ماڭا ھەربىر سېخ، ھەربىر ماشىنىنى خۇددى شاگىرتىغا دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ئەستايىدىل چۈشەندۈردى. مەن چالا - بۇلا چۈشەنگەن بولسامۇ بۇ سەنئەت بۇيۇمىدەك گۈزەل بىلىنىدىغان مەشغۇلاتقا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن بېرىلىپ كەتتىم.

— پارتىيە خىزمىتىمۇ مۇشۇ يىپ چىقىرىشتەك ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ھەر كۈنى سېخلارنى ئارىلايمەن، ياشلارنىڭ ياتاقلىرىغا ھەپتىدە ئىككى قېتىم بارىمەن. ياشلار ھاراق ئىچىدۇ، قارتا ئوينايدۇ، ناخشا - ساز بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۇلار كۈندىلىك ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەندەك، ئۆزگەرتىشنى خالىمايۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، بۇ ئىلگىرىلەش ئاشۇ يىپلاردەك نازۇك، تاقەتلىك ئادەملەرگىلا كۆرۈنىدۇ...

ئەلى بۇ يىل ئوتتۇز ئۈچ ياشتا، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ 1976 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان بولسىمۇ، ئىش- تىن سىرت ئۆگىنىپ، ھازىر ئالىي مەلۇماتلىق بولالىغان، بۇ نەتىجىگىمۇ ئۇ سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت ئارقىلىق ئې- رىشكەن.

— بەزى مىللىي يولداشلار ئۆزلىرىنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويمىدى دەپ تەشكىلدىن ئاغرىنىدۇ. مەن ئۇلارغا سىخنى باشقۇرالامسەن؟ دەيمەن. ئۇلار ياق، دەيدۇ. باشقۇرالمىساڭ نېمىگە ئاغرىنىسەن؟ دەيمەن. يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن تەڭ بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. چوقۇم ئۇلاردىن ئۈستۈن بولۇشۇڭ كېرەك.

ئۈستۈنلۈك ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ، بۇ ئۈستۈنلۈك خۇددى پولئېستېر خىمىيەۋى تالانىڭ پەيدا بولغىنىدەك

كۆرۈمسىز، دەسسىلىپ يۇرگەن نەرسىنىڭ كىشىلەرگە زوق بېغىشلايدىغان ئىبىسىل كىيىمگە ئايلانغىنىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدىن ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئۇنىڭ روھىغا تەسىر قىلالايدىغان نەرسىگە ئايلىنىش ئۇچۇن سەۋر ـ تاقەت، غەيرەت ـ شىجائەتنىڭ قوشۇلمىسىدىن پەيدا بولىدىغان ئىلگىرىلەش روھى ۋە ھەرىكىتى بولۇشى كېرەك.

ئەلنىڭ يول باشلىشى بىلەن كۆرگەنلىرىم، ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن ئويلىغانلىرىم ماڭا يۇقىرىقىلارنى دېگۈزدى. قەلىمىمگە ئىلھام بەرگەن تەلەپچان يىگىت ئەلگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەلى ئەستايىدىل، تىرىشچان بولغاچقا، ئۇ بىر مىڭ سەككىز يۈز نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، ياپونىيەنىڭ تېخنىكىسى، فىرانسىيەنىڭ قەرز پۇلى بىلەن پۈتكەن بۇ زاۋۇتتىكى ئون يەتتە پارتىيە ياچېيكىسى ئىچىدە مۇنەۋۋەر ياچېيكا دەپ نام ئالغان ياچېيكىنىڭ شۇجىسى ئىكەن. ئەلنىڭ سېخىدا يەنە بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن گۇاڭجۇ خۇانەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىمىيەۋى تالا كەسپىنى ئوقۇپ كەلگەن ئىسرائىل ئىسمىلىك بىر سېخ باشلىقىمۇ بار ئىكەن. «ئۇرۇمچى نېفىت ـ خىمىيە گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىلى 29 ـ ماي سانىغا بېسىلغان ئىسرائىل توغرىسىدىكى «كۈمۈش رەڭ يىپلار بىلەن بېزەلگەن ياشلىق باھار» دېگەن زىيارەت خاتىرىسىدىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويغۇم كەلدى. بۇ سۆزلەر تەلەپچان، تىرىشچان بىر يىگىتنىڭ قەلبىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ:

«... 1988 ـ يىلى پولىئېستېر قۇرۇلۇشى پىلانغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر خىمىيەۋى تالانى دېگەندەك بىلمەيتتى، شۇڭا چوقۇم ئەڭ قىسقا ۋاقىت، ئەڭ تېز سۈرئەت، ئەڭ ئۇنۇملۇك چارە بىلەن ئاساسلىق بىلىملەر ۋە ھۈنەر ـ تېخنىكىلارنى كۆپچىلىككە ئىگىلىتىش كېرەك

ئىدى... ئىسرائىل بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى...
... ئۇ نۇرغۇن كىچىلەرنى كىتاب كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھەر خىل خىمىيەۋى تالا ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ دەرس ئۆتۈش داۋامىدا ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنىمۇ كېڭەيتتى... 1991 - يىلى ئۇ شەندۇڭنىڭ گاۋمى، بېيجىڭنىڭ داشىڭ ۋە شاڭخەينىڭ جىنشەن قاتارلىق جايلىرىغا ئۆگىنىشكە باردى... قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە PDY يىپى ۋە DTY يىپلىرىنىڭ ھۈنەر - تېخنىكىلىرىنى ۋە قۇرۇتۇش، ئېگىرىش، يۆگەش، ئاخىرقى ئوراش قاتارلىق ئون نەچچە ئىش ئورنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالدى...
ئۇ 1991 - يىلى 5 - ئايدا فىرانسىيەگە بارغاندىن كېيىن، جىلۋە بىلەن تولغان رومانتىك دۇنيانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن زوقلىنىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ۋاقتى بولماي، كۈندۈزى زاۋۇتتا ئۈسكۈنىلەرنى كۆزىتىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارسا، كەچتە مېھمانخانىدا ماتېرىيال كۆرۈش، خاتىرىلەرنى رەتلەش، ئۇلارنىڭ ھۈنەر - تېخنىكا باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەش بىلەن بولدى... ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ نەچچە يۈزمىڭ خەتلىك مەشغۇلات تۈزۈمى، ماشىنا سىناق قىلىش لايىھەسىنى يېزىپ چىقتى، ئون يەتتە نەپەر مۇنەۋۋەر مەشغۇلاتچى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. YPD يىپىنىڭ ئون ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر تۈرى نىشانغا يەتمىسە، بۇ يىپنىڭ سۈپىتى تەلەپكە يەتمەي قالاتتى. ئىسرائىل كېچە - كۈندۈز ماشىنا ئالدىدىن كەتمەي سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ، مەشغۇلاتنى ئۆزگەرتتى. ئاخىرقى سىناق باشلاندى. ئىشلەپچىقىرىلغان 23.18 تونا DTY يىپنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى توقسان پىرسەنت، بىرىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى ئاتمىش ئالتە پىرسەنت بولغان تەكشۈرۈش دوكلاتى چىققاندا تەگرىتاغ ئېتىكىدە ئۆسكەن بۇ

ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى...»
ئەلى قول ئاستىدا ئىشلەپ شان - شەرەپكە ئىگە بولغان بۇ يىگىتنى زوق بىلەن ماختايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئول-تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاپ ئۆگىنىپ - تاتىرىپ ئازابلىنىدىغان ھەسەتخور ئادەملەر «بولۇپمۇ كاتتا ئەربابلار» ئە-لىدەك ياش يىگىتلەرنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ روھىي بايلىقىغا تازا سىنچىلاپ قاراپ باقسا يامان بولمىغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم.
قارا - قوڭۇر يەر شەربىتى — نېفىتنىڭ پولىپروپىلېن دەپ ئاتىلىدىغان گۇرۇچتەك يالتىراق مەھسۇلاتىنى خام ئەشيا قىلىدىغان سولياۋ زاۋۇتى گەرچە ئۈچ يۈز سەكسەن نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار كىچىك زاۋۇت بولسىمۇ، بۇ زاۋۇت ئاۋستىرىيەدىن كىرگۈزۈلگەن ئىلغار ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جەمئىيەتكە ھەر يىلى ئون يەتتە مىليون دانە سولياۋ خالتا تەقدىم قىلىدىكەن. تەننەرخى 1.60 يۈەنلىك بۇ خالتىلار پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە بىر دانىدىن يېتىپ ئاشىدىكەن.
مەن بۇ زاۋۇتنىڭ يەتتە سېخىنى ئارىلاپ چىقتىم. ئېلېكتىرونلۇق مىڭە بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ئۆيدە ئىشلەۋاتقان خەنزۇ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ماڭا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن مەن ئەلى، ئىسرائىللارنىڭ ئىش قىزغىنلىقىنى، كەسىپكە بولغان مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆردۈم. يىپ - تالا سېخىنىڭ ئىشى ھەممىدىن ئېغىر ئىكەن، لېكىن ئۇ يەرنىڭ قىزلىرى ھەممىدىن قىزغىن، گويا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك ماڭا ئۆز ئىشلىرىنى زوق بىلەن تونۇشتۇردى:
— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئېيىغا 1 مىليون 300 مىڭ دانە خالتا ئىشلەپچىقىرىش، 1992 - يىلى مۇددەتتىن ئوتتۇز ئۈچ كۈن بۇرۇن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدۇق.
— يىللىق ۋەزىپەڭلار بىلەن كۆرەش نىشانەڭلار ئارىلىقىدا

قانچىلىك سان بار؟

بىر قىز زىل ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ۋەزىپە ئون بەش مىليون. نىشان بۇ سانغا بىر مىلىيون ياكى بىر يېرىم مىليوننى قوشۇش.

— سىلەر قايسىسىنى قوشتۇڭلار؟

— ئەلۋەتتە چوڭىنى.

— دېمەك، بىر يېرىم مىليون دانە خالتا ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىپسىلەر. بۇ ساننى پۇلغا ئۆرۈسە قانچە بولىدۇ؟

— يىگىرمە سەككىز مىليون يۈەن!

ئۈچ يۈز سەكسەن ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بىر زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمىنى مەن بىلىدىغان يېزىلارنىڭ كىرىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. بىر كەنتتە ئىككى مىڭدىن ئىككى مىڭ بەش يۈزگىچە ئادەم بار. ئۇلارنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن ئىككى مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. يىگىرمە سەككىز مىليون ئاشۇنداق كەنتلەردىن ئون تۆتىگە تەڭ. ۋاھالەنكى ئون تۆت كەنتتە يىگىرمە سەككىز مىڭ ياكى ئوتتۇز مىڭ ئادەم نان يەيدۇ. بۇ سان سولياۋ زاۋۇتىنىڭ ئادەم سانىدىن سەكسەن ھەسسىسىدىن كۆپرەك ئارتۇق. بىز كۆپىنچە مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ۋە رەقەملەرگە قىزىقمايمىز، چۈنكى بىز بۇنىڭسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن ياكى چېكىنگەنلىكىمىزنى بىلىۋالالمايمىز. سەكسەن ئادەم بىر ئادەمچىلىك كىرىم قىلالمايدۇ. مانا بۇ سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى. بۇ سېلىشتۇرما يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بىلەن سانائەت دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىر يىغىندا بىرىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە قاراپ تۇرۇپ قايناپ سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزى يادىمغا كەلدى:

... دۇنيا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى ئامېرىكىنىڭ، يەنە يىگىرمە پىرسەنتى «ياۋروپا ئورتاق

گەۋدىسى»نىڭ، ئون بەش پىرسەنتى ياپونىيەنىڭ، ئون پىرسەنتى «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى»نىڭ... تەرەققىي قىلمىغاتقان دۆلەتلەر، نامرات دۆلەتلەرگە قالغان سان ئوتتۇز بەش پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئۈلۈشىمىز قانچىلىك؟ مىليونلىغان شىركەتلەر ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ مۇشۇ كىچىككىنە بايلىقنى تالىشىدۇ. گەپنى ئوچۇقراق ئېيتساق، باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالماستىن تەبىئەتتىن بايلىق يۇلۇۋالىدىغانلارنىڭ سانى زادى قانچىلىك؟ بۇنى ھېسابلىغانلار يوق...

سولياۋ زاۋۇتى باشقا زاۋۇتلاردىن كىچىك، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىمۇ باشقىلاردىن خېلىلا ئاددىي. لېكىن ئادەملىرى تولىمۇ قىزغىن، جۇشقۇن ۋە ياش. بۇ زاۋۇتنىڭ مەسئۇلى يولداش گۇڭ ۋېنئەينىڭ زاۋۇت ۋەكىللىرىگە بەرگەن دوكلاتىنى ئوقۇپ چىقتىم. رەقەملەر، تەدبىرلەر، نىسبەت، سېلىشتۇرمىلاردىن مەن بۇ زاۋۇتنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. «1992 - يىلى 7 - ئايدا 1 مىليون 527 مىڭ دانە خالتا ئىشلەپچىقىرىپ، زاۋۇت تارىخىدا ئايلىق مەھسۇلات بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت ياراتتۇق...»

ئەڭ يۇقىرى دېگەن سۆزنى ئېيتماق ئاسان، لېكىن بۇ سۆز ئەمەلىيەتكە كۆچكەندە ئۇنىڭ قانچىلىك قان - تەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— بۇ جاسارەتنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟

— ئۆز كەسپىگە، ئىشقا بولغان مۇھەببەت!

مانا بۇ توغرا جاۋاب.

پۇلغا مۇھەببەت باغلاش ئىشقا - كەسپكە مۇھەببەت باغلاشتىن ئۇستۇن ئورۇنغا چىقىۋېلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە بۇ خىل ئىشقا مۇھەببەت باغلاش روھىنى مەدھىيىلەش كەم تېپىلىدىغان، شىپالىق دورىغا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىنارلىق ئىش دېيىشكە بولىدۇ: «جاڭ جېي، گې يۈيشا، دىڭ يۇلياڭ،

فېنشا قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوخشاش كەسپتىكىلەرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىدە تۆت ئالتۇن مېدالغا ئىگە بولۇپ، زاۋۇتىمىزغا شان ـ شەرەپ كەلتۈردى...» سولياۋ زاۋۇتىنىڭ چېۋەر قىزلىرى شۇ تۆتلا قىزمىكىن دەپ قالماڭلار، ئاشۇ بايلىق يارىتىۋاتقان خۇش چىراي قىزلارنىڭ تولىسى ئاشۇنداق چېۋەر.

«سۇپەت مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنۇم مېنىڭ قەلبىمدە» دېگەن سۆز بۇ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا، ئۇنۇم مۇسابىقىسىگە چۈشكەن بارلىق ياشلىرىنىڭ سۆيۈپ ئېيتىدىغان ناخشىسىغا ئايلانغان.

— جەمئىيەتكە بارغانچە كۆپ، بارغانچە سۈپەتلىك، بارغانچە ئەرزان مەھسۇلات تەقدىم قىلىش نىشانىغا ئىنتىلىش ھەربىر ياشنىڭ ئارزۇسى، ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنالىغان. مەن بىر كىتابتىن ئوقۇغان «ئۆزىنىڭ ھەربىر كۈنىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەلىگەن ئادەم بەختلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزنى ياقتۇرىمەن. مۇشۇ نۇقتىدىن مەن غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالغان بۇ زاۋۇت ياشلىرىنى بەختلىك ياشلار دېگۈم كېلىدۇ. بەختلىكلەر تېخىمۇ بەختلىك بولسۇن!

ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ رەھبەرلىرى تولىمۇ ئالدىراش. ئۇلار زاۋۇتلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئىشلەيدىغان ماشىنىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار تىنىمايدۇ، ھارمايدۇ، يەنە شۇنچە خۇشخۇي. زاۋۇتنىڭ باش ئىنژېنېرى، ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر لۇ شۇچاڭنىڭ ئىشخانىسى زامانىۋى ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلىرى بىلەن مېنى قىزىقتۇردى، ئۇنىڭ ئۈستەللىرى تېلېفونلار، ھەر خىل نازۇك چىراغلىق ئەسۋابلار ۋە قەغەز دۆۋىلىرى بىلەن تولغان. ئۇ پاكار، سېمىز گەۋدىسىنى يېنىك كۆتۈرۈپ ئايلانما ئورۇندۇقتىن تۇردى ـ دە، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ئەپۇ قىلىڭ يازغۇچىمىز، — دېدى ئۇ خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قولۇمنى چىڭ سىقىپ، — سىز بىلەن يېرىم سائەتلا

سۆزلىشەلەيمەن. بۇ يەردە، ئىش ئورنىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەر، ئىشلار كۆپ.

ئۇ ئەللىك نەچچە ياشلىق زىيالىي. 1960 ـ يىللاردا ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن زىيالىيلارغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىق، قىزغىنلىق ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى گويا ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن جىددىيلەشكەن قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇناتتى:

— مەنمۇ بۇرۇن تۆۋەندە ئىدىم، 1991 ـ يىلى باش بوغالتىر، باش ئىنژېنېرلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىنى زاۋۇت باشلىقى قىلىدىكەن. بىلىمدىم، زاۋۇت باشلىقى ئۈچ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلىشىدىكىنىتاك. مەن بىرلا ساھەگە، يەنى پۈتۈن زاۋۇتنىڭ تېخنىكا ئىشىغا مەسئۇل. بۇ خىزمەت تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئۇزۇن يىللىق پىلان؛ ئىككىنچى، تېخنىكىلىق ئىچىش؛ ئۈچىنچى، ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش؛ تۆتىنچى، يەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش...

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىلا مەزمۇنى بولغىنىدەك، قىسقا گەپلەرنىڭ ئۇزۇن مەزمۇنى بولىدۇ. لاۋلۇنىڭ قىلىدىغىنى تۆتلا ئىش بولغىنى بىلەن بۇ ئىشلار نەچچە مىڭ ئادەمگە، مىليون، مىليارد رەقەملىك پۇللارغا چېتىلىدۇ. 1 مىليارد 340 نەچچە مىليون يۈەنلىك مەبلەغ، ئامېرىكا بىرلىياد تېخنىكىسى، ئىتالىيە تېكنىموت شىركىتىنىڭ پىلانلىشى بىلەن قۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ يۈز مىڭ تونىنا بىرىكمە ئاممىياك، بەش يۈز يىگىرمە مىڭ تونىنا ئورىيا ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىككىنچى خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى، كېڭەيتىپ قۇرۇلۇۋاتقان خىمىيەۋى تالا زاۋۇتى ۋە باشقا زاۋۇتلارنىڭ پىلان، قۇرۇلما، ئىشلەپچىقىرىش، بازار تېپىش ـ سېتىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا لاۋلۇنىڭ ئاشۇ تۆت ماددىسى ئىچىگە كىرىدۇ. يەنە قانچىلىغان يەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى، كەشپىياتلىرى لاۋلۇنىڭ

تەستىقى ۋە باھاسىغا قاراشلىق...

— پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن سۆز تۈنجى قېتىم جۇڭگودا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ كەشپىياتى بىزنى تېخىمۇ يۈرەكلىك ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. بىزنىڭ ھازىرقى رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا خىمىيە، ئېلېكتىر، مېخانىكا قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن. مەن شەنشى سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن. مەن ھەم ئىشچى، ھەم زىيالىي. ئۆزۈمنى ئويلاشقا نەدە ۋاقىت. ئىش، زاۋۇت ۋە خەلقنى ئويلايمىز. زىيالىيلار يەنى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى دەمسىز !؟ ھەر خىل كەسىپلەرنى ئىگىلىگەن ئىككى مىڭ تۆت يۈز نەپەر كەسپىي خادىم بار. بۇ بىر كۈچلۈك قوشۇن. بۇلارنىڭ ئالىي ئۇنۋانلىقلىرى يەتمىش سەككىز نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگىلىرى تۆت يۈز سەكسەن توققۇز نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانلىقلىرى بىر مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز ئالتە نەپەر، مۇشۇلار بولغاچقا، يەتتە خىل مەھسۇلات كەشپىياتىمىز مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەلا مەھسۇلاتلارنىڭ تۈر نىسبىتى ئەللىك تۆت پىرسەنت، مەھسۇلات نىسبىتى 88.18 پىرسەنت بولالىدى. ئون توققۇز خىل كەشپىيات نەتىجىمىز مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى. كۆرگەزمىگە قويۇلدى. بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇ نەتىجىلەر بىزگە يالغۇز شان - شەرەپلا كەلتۈرۈپ قالماي زور ئىقتىسادىي ئۇنۇممۇ بەردى...

لاۋلۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان رەقەملەرنى قەغەزگە بىرمۇبىر يېزىپ ئولتۇرمىدىم. ئىلمىي تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتنى سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ ئورۇندا ھەممىلا ئىش ئىلىم - پەننىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىكەن.

— باش زاۋۇتنىڭ ئىلىم - پەن سەۋىيەسىنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يېتىشتۈرۈشكە بولامدۇ؟

لاۋلۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— 1990 - يىللارنىڭ سەۋىيەسى دېيىشكە بولىدۇ... لېكىن، ئىلغار سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ھازىرقى باسقۇچتا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا نەچچە قېتىم ئۇنى ئىزدەپ ئادەم كىردى. تېلېفونلار جىرىڭلىدى. ئۇ ئۆز ئىشىنى سۆزلەشنى ھەممىدىن زۆرۈر ھېسابلىسا كېرەك. ئەلۋەتتە ئىشقا مۇھەببەت باغلىغان تۆھپىكارلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق.

— يەر شەربىتى بولغان نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ئۇنى كۆپ خىل مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم - پەنگە تايىنىش، ئىختىرانى ئىشلەپچىقىرىش، بازار بىلەن بىرلەشتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن. ھازىرقى گەپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇش، قۇرۇق نام - ئاتاققا بېرىلىش ئەمەس، نەق ئۈنۈمنى ئاساس قىلىش. يەنى ئىقتىسادىي قىممەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش زۆرۈر. مانا مۇشۇنداق بولغاندا خەلق ئىلىم - پەنگە ئىشىنىدۇ. ئىلىم - پەنگە ئىشىنىشتە بىز باشقىلاردىن، بولۇپمۇ ئىلغارلاردىن ئارقىدا.

شۇنداق، غىزاسىز ئۆرە تۇرغىلى بولمىغاندەك ئىلىم - پەنسىز جەمئىيەتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. لاۋلۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى سۆزلەشكە ئۆتكەندە ئۇ مېنىڭ كونا خىزمەتدىشىم سۇڭ بىنيىڭ ئەپەندىمنىڭ جىيەن ئىنىسى بولۇپ چىقتى. لاۋسۇڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەم ئىدى. لاۋلۇ مەن بىلەن دوستلىشىپ قالدى. ئۇ شەنشىدە ئوقۇغان شىنجاڭلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ تىزىملىكىنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ چىقىپ:

— سىز بۇ تىزىملىكتە يوققۇ؟— دېۋىدى، مەن ئۇنىڭغا:

— تىزىملىكنىڭ ئۈچۈپ كەتكەن يېرىدە مەن بار، — دەپ

چاقچاق قىلدىم.

— نېفىتنى بىلمەسلىك شىنجاڭنى بىلمەسلىك. شىنجاڭنى بىلمەسلىك ئۆز - ئۆزىنى بىلمەسلىك!

مانا بۇ لاۋلۇنىڭ سۆزى ھەم خۇلاسىسى. ئۇنىڭغا رەھمەت. يېرىم سائەت ئەمەس، ماڭا ئىككى سائەت ۋاقتىنى بەردى.

ئالدىمدىكى بۇ كىشى ئەللىك بەش ياش، لېكىن ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى لاۋلۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئورۇق. ئۇنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان ئىسىم كارتوچكىسىغا پارتكوم شۇجىسى، ئالىي ئىنژېنېر دەپ يېزىلغان. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مىن لۇڭشىن.

مىن شۇجى گۇاڭجۇغا ماڭماقچىكەن. بۇ يەرنىڭ رەھبەرلىرى ئاشۇنداق تۇيۇقسىزلا يىراق - يىراقلارغا سەپەر قىلىدۇ، سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى بازىرى، خام ئەشيا تەمىنات بازىرى، مېتاللورگىيە بازىرى، مەھسۇلات - ئۇسكۇنە بازىرى، ئۇچۇر بازىرى ئۇچۇن قۇرغان ماددىي ئەشيالار شىركىتى، باش زاۋۇت نېفىت ئىشخانىسى، مالىيە شىركىتى، تىجارەت شىركەتلىرى بار. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ ئاتمىش نەچچە كارخانا بىلەن ھەر خىل ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ئورناتقان. شاڭخەي، چىڭدۇ، بېيجىڭ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردا ئالاقىلىشىش ئورۇنلىرىنى قۇرغان. ھازىر ئۇلارنىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرى جەنۇبىي جۇڭگو شەھەرلىرىدە مۇقىم بازارلارغا ئىگە بولغان. ئۇلار يەنە ھازىرغىچە ئون ئىككى دۆلەت بىلەن بەش نۇسخا توختام، ئون بىر نۇسخا تەكلىپنامە، توققۇز نۇسخا ئىقتىسادىي تېخنىكا توختامى تۈزگەن ۋە ئالمۇتا، قورغاس ئېغىزىدا دائىمىي ئورگان قۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يولغا قويغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگىلا زاۋۇت رەھبەرلىرى ماڭىدۇ. ئۇلار ئالدىراش بولماي قانداق قىلسۇن؟!

غەربىي جەنۇب نېفىت ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ 1963 -

يىلى ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن بۇ نېفىت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
جەڭچىسى ئوتتۇز يىلدىن بېرى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، بۇ
گۈنكى ئىگىلىك گۈللەنگەن، شەھەرلىرى گۈزەللەشكەن، ئىش-
لەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان ئىگىلىكنىڭ خوجىسىغا ئايلانغۇچە
ئىشلىگەن ئىشلىرى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى زوقمەنلىك
بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— ماڭا ئوخشاش جەنۇبلۇقنىڭ غەربىي شىمالغا كۆنمىكى
ئاسانمۇ؟ گۈرۈچ يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ نان، لەڭمەن
يېيىشكە كۆنمىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۈچ ۋاخ گۈرۈچ تامىقىغا
كۆنمىكى تەس بولغىنىدەكلا تەس ئىش. لېكىن، مەن شىنجاڭ
ئۈچۈن ئىشلىگىلى كەلگەچكە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدىم. مەن
ھازىر شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىمەن. بۇ يەرگە مۇھەببىتىم بار.
شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىشلەپچىقىرىشنى
راۋاجلاندۇرۇش، قاتناشنى ياخشىلاش. بىز نېمە ئۈچۈن ھە
دېسىلا خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىمىز؟ ئۈزۈم، قوغۇن، ئات،
يۇڭ، تېرە، پاختا قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش
نېفىتنىمۇ خام ماتېرىيال قىلىپ سىرتقا ساتىدىغان ئەھۋالنى
ئۆزگەرتىش كېرەك. نېفىتتىن ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى
ئاتمىش - يەتمىش خىلدىن بىرنەچچە يۈز خىلغا يەتكۈزۈشنىڭ
ئامالىنى قىلىشىمىز كېرەك. بىز ھازىر قاراماي، جۇڭغار،
جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان - قومۇل نېفىتلىرىنىڭ بىر
قىسمىنىلا بۇ يەرگە كىرگۈزەلەيمىز. قالغىنى نېفىت پېتى
باشقا يەرلەرگە كېتىۋاتىدۇ. بىز ھەممىسىنى خام ئەشيا قىلىش
لاياقىتىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك!
مەن دېرىزىدىن شەرققە قارىدىم. كېچە - كۈندۈز لاۋۇلداپ
يېنىپ تۇرغان مەشئەلمۇ، ئاسمان - پەلەك سىرلىق
ماشىنىلارنى جانلاندۇرۇپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىۋاتقانمۇ،
ئاۋۇ خۇشخۇي چىرايلارغا خاتىرجەملىك بەرگەنمۇ، مۇنۇ
پارتكوم شۇجىسىنىڭ ھېسسىيات ۋە غايىلىرىگە مەنبە

بولۇۋاتقانمۇ يەر شەربىتى — بىزنىڭ يېرىمىزدىن چىقىۋاتقان نېفىت. سانلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، ئالىملارنىڭ پەرەز ۋە پاكىتلىرىنى سالماقلاپ باقتىم. گەرچە مەن نېفىت ھەققىدە ھېچقانچە بىلىمگە ئىگە بولمىسامۇ، مېنى شۇجىدەك نېفىتقا ئۆزىنى بېغىشلىغان، سېخلاردا، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ياشلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئادەملەرنى چۈشىنىشتە خېلى لاياقەتكە ئىگىمەن. مەن مۇشۇ ئالاھىدىلىكىم بىلەن خەلقىمگە شۇنداق دېمەكچى: يېرىمىزنىڭ ئۈستىلا ئەمەس، ئاستىمۇ گۈزەل. يېرىمىز ئانارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سىرتى جەلپكار، ئىچى شەربەتلىك! يېرىمىز بىلەن پەخىرلىنىشىمىز، پەخىرلىنىش ھېسابىغا يەرگە قان ـ تەرىمىزنى سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا شەرققە نېسىپ بولغان مەمۇرچىلىق ۋە باياشاتچىلىقتىن خەلقىمىزنى بەھرىمەن قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

مېنىڭ بۇ ھېسسىيات مەھسۇلى بولغان سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، بىر ئۇيغۇر يىگىت ياراتماستىن كۈلۈپ قويدى. بۇ يىگىت بەش مىليون دوللارغا سىرتتىن ئەكىرگەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئۆگىنىشتىن دوستلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىشنى ئەۋزەل بىلىدىغان ياشلاردىنمۇ ياكى قۇرۇق پاراڭغا ئۆچلۈك قىلىدىغان ئەمەلىيەتچى ئىشچانلاردىنمۇ، بۇ تەرەپلىرى ماڭا بەلگىسىز. بۇ يىگىتنىڭ تەنبىلىك كۈلكىسى مېنى بۇ زاۋۇتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشىغا قىزىقتۇرۇپ قويدى. زاۋۇت پاتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غوپۇر بىلەن بولغان سۆھبەت مېنى بېغىچە چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. غوپۇر 1973 ـ يىلىدىن باشلاپ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن «كەسىپ ئەھلى» ئىكەن. «جاپالىق يىللاردا بىز بۇ زاۋۇتنى قۇرغان. ئۇ چاغدا سوقما تاملىق ئۆيلەردە ئەللىك پىرسەنت قوناق يەپ، تۆۋەن مائاش ئېلىپ ئىشلەيتتۇق، 1978 ـ يىلى نەق 3 ـ ئومۇمىي يىغىن بولغان يىلى بىز بۇ يەرگە

يۆتكەلدۇق. سۇۋاقسىز ئىشخانىلاردىن مۇشۇ كۆركەم، زامانىۋى ئۆيلەرگە كۆچتۇق. مەنمۇ باشقىلاردەك تۆۋەندە ئىشلىدىم. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئىشلىدىم. 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ زاۋۇتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن... ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مەزمۇنىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. دەۋرگە ماسلاشماق، ئېقىم بىلەن بىللە ماڭماق راستتىنلا تەس. لېكىن، دۇنيادا تەس ئىش يوق. باشقا يەردە قانداقكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە ياخشى ئىش قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر راستتىنلا بار. زاۋۇت بويىچە ئاتمىش ئىككى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بار. ئۇلار باشقىلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدۇ، بىر قىز ئاپتوبۇستىن يەتتە گىراملىق مېداليون تېپىۋېلىپ تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، مۇكەررەم ئىسىملىك كۇتكۈچى ياتاق تازىلاۋېتىپ، ئىككى مىڭ يۈەن تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. كادىرلار ئىستىلدا ساپ ـ دىيانەتلىك بولۇش، زاۋۇتنى، كەسىپنى سۆيۈش، باشقىلارنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، پۇلغا، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەسلىك قاتارلىق ھەممىلا دەۋردە ئالقىشلىنىدىغان ئېسىل خىسلەتلەر بىزنىڭ بۇ يەردە دائىم تەشۋىق قىلىنىدۇ، قەدىرلىنىدۇ. باش زاۋۇت پارتكومى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتى قۇردى. زاۋۇت باشلىقى، شۇجىلار بۇ ئىشقا مەسئۇل. ئۇلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغان شەخسلەر دائىم مۇكاپاتلىنىدۇ. تاسادىپىي ھادىسىلەرگە كۆكرەك كېرىپ چىققانلارغا بەش يۈز ـ ئالتە يۈز يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۈچ ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى بولۇپ سايلاندى...»

بۇ يەرنىڭ بىر يىللىق مائارىپ خىراجىتى ئالتە مىليون يۈەن ئىكەن. ئەگەر، بۇنچە پۇل ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمىگەن

بولسا بۇ ئورۇن ئۆتكەن يىل مەملىكەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشەلمىگەن بولار ئىدى، يەنە پۇل بولمىغان بولسا ئۈرۈمچى نېفىت – خىمىيە باش زاۋۇتى ئىشچى – خىزمەتچىلىرىگە بۇنچە كۆپ كۇلۇب، ئىشچىلار، ئۆسمۈرلەر سارايلىرى، قىرائەتخانا، ئويۇنخانا، كىنوخانا، تانسا زالى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ بېرەلمىگەن بولاتتى. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن ھەر يىلى خېلى كۆپ بالىلار ئالىي مەكتەپلەرگە ماڭىدىكەن. بىر يىلدا ئون مىڭ يۈەنلىك سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئېلېكترلەشكەن، تېلېۋىزورلاشقان تەربىيە فىلىملىرىنى قويۇپ بېرەلەيدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن. بۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

مەن غوپۇرغا بۇ پىكىرلىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى بېشىنى ئىرغىتىپ:

— بۇ دېگەنلىرىڭىز راست. ھازىر ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى ئورۇنلاردىن ياردەم سورايدىغانلار كۆپ. بۇمۇ جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىش. بىزغۇ ئۆز، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چەت ئەللەردىن ياردەم – ئىئانە ئېلىپ گۈللەنگەن ئورۇنلار كۆپ ئىكەن.

زاۋۇت، كارخانا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى رەقەم بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. لېكىن مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى ئورۇنلارنىڭ تەرەققىياتىنى نەق كۆرسىتىپ بېرىدىغان سانلىق مەلۇماتلار يوق. ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شېرىن مېۋە ئۈلارنىڭ يۈرىكىگە يوشۇرۇنغان. بۇنى كۆرۈش ئۈچۈن تولىمۇ ئۆتكۈر كۆز كېرەك.

مەن ئۈرۈمچى نېفىت – خىمىيە باش زاۋۇتىدا ماددىنىڭ

روھقا ئايلانغان ئەمەلىي مىسالللىرىنى كۆپ كۆردۈم. ئىنسانغا شەربەت تەقدىم قىلغان سۆيۈملۈك يېرىمىز ئۆلارغا گۈزەل غايە، ئەخلاق، غەيرەت ـ شىجائەت، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە دانالىق، مەردلىكتەك روھىي شەربەتلەرنىمۇ تەقدىم قىلغان.

## 2. كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ئويلىغانلىرىم

ئۆمەرجان مېنى ئىستىراھەت باغچىسىدىكى سۈنئىي ياسالغان چوققىغا ئاچىقتى. ئۇنىڭ ئەتراپى كۆل، نېرىسى قويۇق ئورمان، ئاقباشلىق بوغدا چوققىسى... بۇ يەردە پۈتۈن زاۋۇتنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇك ئورمانلىقلار، قىزىل، سېرىق ئەتىرگۈللەر، سىزگە: «بۇ قەدىمىي گۈمۈدى قاقاسلىقى ئۈستىدە پەيدا بولغان ياپيېشىل ئالەم زاۋۇت ئەمەس، ئىستىراھەتخانا» دەپ پىچىرلايدۇ. مەن بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن كەچ كۈزنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى گېرمانىيەنىڭ رېيىن دەرياسى بويىدىكى گۈزەل شەھىرى فىرايبۇرگدا مۇشۇنداق بىر يېشىل چوققىدا ئولتۇرۇپ، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت توغرىسىدا پەيلاسوپلارچە خىيال سۈرگەنىدىم. ئادەم قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى پەيلاسوپ ھېسابلايدىكەن، بۇنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. جەنۇبىي جۇڭگونىڭ گۈزەل دېڭىز ياقىسى شەھەرلىرىدە، شەرقىي شىمالنىڭ تەبىئىي ئورمانلىقلىرىدىمۇ يۈرگەنمەن، ئۇ يەرلەردە شائىرانە ھېسسىيات بىلەن شېئىر ۋە خاتىرە يازالىغان. لېكىن، ئۆزۈمنى پەيلاسوپ ھېسابلاپ باقمىغان. كۆلمى ئىككى يۈز ئوتتۇز تۆت مو كېلىدىغان ئىستىراھەت باغچىسىدا ئېگىزلىكى ئوتتۇز مېتىرمۇ كەلمەيدىغان چوققىغا چىقىۋېلىپ، نېمىشقا ئۆزۈمنى پەيلاسوپ ھېسابلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن: يەتتە يۈز ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۈپ دەرەخنى بۇ يەرنىڭ يىگىرمە نەچچە مىڭ ئادىمىگە بۆلسە، تەخمىنەن بىر كىشىگە ئوتتۇز بەش

تۆپتىن توغرا كېلىدىكەن. ئۆزلىرىگە نىفىت شەربىتى تەقدىم قىلغان ئانا يەرگە بۇ يەرنىڭ ھەربىر ئادىمى ئوتتۇز بەش تۆپتىن دەرەخ، چىرايلىقراق ئېيتساق ئوتتۇز بەش تىزىق گۈل تەقدىم قىپتۇ. ھەر كۈنى بىر خىل ناباداتنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان ئالتە مىليارد خەلق يەر شارىغا مۇشۇنچىلىكتىن گۈل تەقدىم قىلغان بولسا، يەر شارى قانچىلىك گۈزەللەشكەن بولاتتى؟ تېرەك، سۆگەت، قارىياغاچ، ئاكاتسىيە قاتارلىق قىرىق نەچچە خىل دەرەخ ئون ئالتە كىۋادرات كىلومېتىر يەرگە يېشىل تون بولۇپ يېپىلغان. يەردىن ئېلىشنىلا بىلىپ، يەرگە بېرىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۈرۈمچى نىفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىغا كېلىپ ماشا ئوخشاش چوققىدا ئولتۇرۇپ پاكىز ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوراپ باقسا بولغۇدەك: ئۆز قولىڭىز بىلەن تەبىئەتكە نېمە تەقدىم قىلدىڭىز؟ بىر تال كۆچەت، بىر تۈپ گۈل تىكىپ باقتىڭىزمۇ؟ يەنە سوراپ بېقىڭ: قانچىلىك دەرەخ كەستىڭىز، قانچىلىك گۈل يۇلدىڭىز؟ گۈللەتكۈچىلەر كۆپمۇ، يوقاتقۇچىلارمۇ؟

كۆچەت تىكىشنى زادى بىلمەيدۇ،
مېۋىسىنى يەيدۇ شېخىنى يىرىپ.

دېگەن مىسرالاردىكى دىداكتىك مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنى مېخانىك ھالدا چۈشەنسەك راستلا كۆچەت تىكىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ سانى قانچىكىن؟

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئىسلامئابادنىڭ بىر ساياھەت تۆپىلىكىدە بولغانمەن. ئۇ يەردىن قارىسامۇ ماشا بىر ياپيېشىل ئالەم كۆرۈنگەن. يېشىل تاغلار، ئورمانغا يوشۇرۇنغان شەھەرگە قاراپ شۇ چاغدىمۇ يۇقىرىقىدەك سوئاللارنى سورىغانمەن. چۈنكى، شۇ تۆپىلىكتە دۇنيا سەركەردىلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن تىككەن كۆچەت ۋە دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ سەركەردىلەر ئىچىدە

بىزنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن يەتتە كىشى بارئىدى.

— 155.79 گېكتار يەرنى ئورمانلاشتۇردۇق، — دېدى بىر يۈز ئوتتۇز نەچچە كىشىلىك كۆكەرتىش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن قىزغىن، ئۈمىدۋار يىگىت دۈڭ لەيشىن ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — يەنە تۆت يۈز يىگىرمە مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىمىزمۇ بار. ئۈچ يۈز مو يەرگە مېۋىلىك باغ قىلدۇق. گۈلزارلىقىمىز ئوتتۇز ئىككى مىڭ تۆت يۈز ئون ئۈچ كىۋادرات مېتىر.

— ئورمانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىچۇ؟

— ئون ئالتە مىڭ توققۇز يۈز توقسان ئالتە مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون تۆت مىڭ مېتىر.

ئون ئالتە كىلومېتىر، ئون تۆت كىلومېتىر ئېيتماققا ئاسان. قەدىمىي تاشلىق، سۇسىز يەر بېتىنى بۈگۈنكى ئادەمگە راھەت، گۈزەللىك بېرەلەيدىغان قويۇق ئورمانلىق، خۇش پۇراق گۈللۈك، شېئىر مىسرالىرىدەك ھېسسىيات بېغىشلىغۇچى يەرگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىل، غەيرەت ۋە كۈچ كېتىدىغانلىقىنى تەبىئەتكە مۇھەببەت باغلىغان ئەمگەكچىلەرلا بىلەلەيدۇ.

«... 1994 ـ يىلى بۇ يەردىكى بارلىق قۇرۇلۇشلار ئىشقا كىرىشىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەرگىلى تۇرغاندا ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ مۇقىم مەبلىغى ئىككى يېرىم — ئۈچ مىليارد يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان نەق پايدىسى تۆت يۈز مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ زاۋۇتنىڭ خىمىيە مەھسۇلاتلىرى يالغۇز شىنجاڭ بازارلىرىنى قامداپلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ يۈك، پاختا توقۇمىچىلىقىدىكى قالاق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، يېنىك سانائەتتىكى ئەۋزەللىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن غەربىي شىمالنى تەمىنلەپ، ھىندىستان ۋە غەربىي ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلىنىدۇ.»

مانا بۇ «ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە گېزىتى»نىڭ «شىنجاڭ

نېفىت ـ خىمىيە سانائىتىنىڭ بىر چوڭ تۈۋرۈكى» ناملىق
ماقالىدىن ئېلىنغان سۆز. بۇ يەردە دېيىلگەن تۈۋرۈك نېفىت
مەھسۇلاتى بولغان پولىپروپىلېن مەھسۇلاتى. پولىپروپىلېن
ئىنساننىڭ زىننەت، ئېھتىياج ۋە گۈزەللىك ئېھتىياجىنى
قاندۇرالايدۇ. ئورمانچۇ؟ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەمەس،
ئىنسانىيەتنىڭ، بۈگۈنكىلەرنىڭ ئەمەس، تۇغۇلغۇسى ۋە
كەلگۈسىدە ياشىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.
بايلىقمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ، لېكىن ئۇ بەزىدە
پاجىئەگىمۇ سەۋەبچى بولالايدۇ. لېكىن، تەبىئەت گۈزەللىكى
تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرگۈچىلەرنىڭ قەلبى ھېچقاچان،
ھېچكىمگە پاجىئە كەلتۈرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردىكى
بايلىق ياراتقۇچىلارغا، ئۆزلىرى ھەر كۈنى دەسسەپ تۇرىدىغان
يەرنى ئۆزىنىڭ ئۇزىتىۋاتقان قىزىدەك ياساندۇرۇۋاتقان پاكىز
قەلبلەرگە ئىنسان رەھمىتىنى ئېيتماي تۇرالمايمەن.

تۇغرا، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش، باشقىلارنى سۆيۈش سىزنى
تەبىئەتنى سۆيۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. تەبىئەتنى سۆيگەنلەر
قەلبى گۈزەل، گۈزەللىك تۇيغۇسىغا باي ئادەملەر. تەبىئەتنى
ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇزغۇچىلار چىڭگىز ئايتماتوفنىڭ
«قىيامەت» ناملىق رومانىدىكى تاشچاينار ۋە ئەكبەرە ناملىق
بىر جۈپ بۆرىلەرچىلىكمۇ گۈزەللىك ھېسسىسى بولمىغان
ۋەھشىيلەر.

1987 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇھىتى گۈزەل زاۋۇت
دېگەن باھاغا ئېرىشكەن ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتى
بايلىقى بىلەنلا، تۆھپىكار پەرزەنتلىرى بىلەنلا ھۆرمەت تېپىپ
قالماي گۈزەل تەبىئەت ھۆسنى، يەنى پاكىز كوچىلار، پۇراقلىق
گۈللەر، بۈك ـ باراقسان دەرەخلىرى بىلەنمۇ كىشىگە ھۇزۇر
بېغىشلاپ قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

يىڭنە يوپۇرماقلىق قارىغاي، ئارچىلىرى، يالتىراق
يوپۇرماقلىق تېرەك، قارىياغاچ، تال ـ سۆگەت، ئاكاتسىيە،

ئالما، نەشپۈت، شاپتۇللىرى؛ باراقسانلاشتۇرغۇچى گۈللەردىن قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، رەيھان، سېرىن، مەخمەل، جۇخار گۈللىرى بولۇپ يىگىرمە سەككىز خىل دەرەخ، ئون ئىككى خىل گۈللىرى كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. بۇ زېمىن زامانىۋى كوچا ـ بىنالىرى، قىرىق خىلدىن كۆپ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرى بىلەن ھەربىر قەلبتە يۇقىرىقىدەك گۈزەل مىسرالارنى پەيدا قىلالايدۇ.

— بۇ يەردە ئىشسىزلار يوق !

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشتا غېمى يوق !

پېنسىيەگە چىققان بىر پېشقەدەمنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرىكەن.

مەن «شىفېڭ» شىركىتىگە كېلىپ، رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم (قەلەم ئىگىلىرى كۆپ چاغلاردا يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرگە ئىشىنىپ قالىدۇ). «شىفېڭ» شىركىتى بۇ باش زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئەڭ چوڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانا ئىكەن. بۇ كارخانا ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، قاتناش، باقمىچىلىق، سودا، مۇلازىمەت قاتارلىق توققۇز خىل ئىشنىڭ بىرلەشمە ئىقتىسادىي گەۋدىسىگە ئايلىنالىغان. بۇ كارخانىنىڭ بىر مىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز ئۈچ نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئاشۇ توققۇز خىل ساھەگە قاراشلىق ئوتتۇز نەچچە زاۋۇت، كارخانىدا ئەمگەك قىلىپ، 1992 ـ يىلى 53 مىليون 310 مىڭ يۈەنلىك بايلىق يارىتىپ، ۋەزىپىنى 1991 ـ يىلدىكىدىن 14.4 پىرسەنت ئاشۇرۇپ، 3 مىليون 117 مىڭ يۈەن ساپ پايدىغا ئېرىشكەن، زىيالىي ياشلار، ئائىلە ئاياللىرى ۋە مېيىپلارنىمۇ ئىش بىلەن تەمىنلەپ، باش زاۋۇتنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىگە ئايلىنالىغان. بۇ شىركەتنىڭ رەھبەرلىرى تولىمۇ قىزغىن،

ئىشچان يىگىتلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى جىددىي ئىشلار بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئادەملىرىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن بوشانغان ئەللىك نەپەر خادىممۇ بار ئىكەن)، دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خىزمەت سالمىقى ئېغىر، ئىش تۈرلىرى كۆپ ئىكەن. كىچىك ئىدارە بىلەن چوڭ ئىش قىلىش ئۇلارنىڭ شوئارى ئىكەن. پارتكومىدا بىر شۆجى، بىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۆجىسىلا بار ئىكەن. جىڭلى، جۇرېنلىرى ئوتتۇز يەتتە ياشتىن ئەللىك ياشقىچە، خادىملاردا ياشلار كۆپ، ئىشخانىلىرى ئاز ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ قىزغىن، ئىشچان رەھبەرلىرىدىن جاۋجېي، چېن جيەنىسىنلەر بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتىم، ئۇلار مەن ئويلىغان شىركەت باشلىقلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن 1960 ـ يىللاردىكى قۇرغۇچىلارنىڭ ئەستايىدىللىقى بىلەن ئۈمىدۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش توغرىسىدىكى ماتېرىيالىنى كۆرۈپ چىقىپ، بۇ رەھبەرلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

— پۇل تېپىشتىن تارتىپ پىلانلىق تۇغۇت، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگىچە ھەممىسىلا بىزنىڭ ئىشىمىز. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىمىز، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغىمۇ ئوخشاشلا كۈچ چىقىرىمىز.

مانا بۇ ئىنژېنېر ۋە شۆجى چېن جيەنشىنىنىڭ سۆزى.

مەن بۇ زاۋۇتتىكى ئۇيغۇر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە دوكلات بەرگەندە ئادەملەرنىڭ سۈپەت قاتلىمى توغرىسىدا خېلى تەسىرلىك گەپلەرنى قىلغان ئوخشايمەن. كىم بىلەنلا سۆزلەش- سەم چېن جيەنشىنغا ئوخشاش مۇشۇ توغرىدا سۆزلەيدۇ.

— ياخشى ئىقتىسادىي ئاساس، گۈزەل تەبىئەت مۇھىتى،

سۈپەتلىك ئادەملەر تۈپى ئىنسانلار ئارزۇ قىلىدىغان كونكرېت شەيئىلەر، بۇ ئۈچ نەرسە تۈگەل بولغاندا ئادەم يەنە نېمىلەرنى ئارزۇ قىلاركىن تاڭ؟

گېزىتخانا خادىمىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى كەل-گۈسىگە قالدۇرىمەن. ھازىرچە شۇنىلا دېيەلەيمەن: گۈزەللىك چەكسىز، غايە — ئارزۇمۇ چەكسىز !

لېكىن، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم ئىشچىلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىمدە مەن بۇ نۇرلۇق ماكاندىمۇ خىرە بۇ-لۇڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالدىم:

— بىز زاۋۇتنىڭ قورغۇچىلىرى — جاپاسىنى تارتقۇچى-لىرى. لېكىن، ھالاۋىتى ياشلارنىڭ ! — دېدى سۆڭ فېڭگاڭ ئىسىملىك پېشقەدەم ئىشچى نارازىلىقىنى يوشۇرماستىن، — باھا ئۆستى، بىزنىڭ پۇلىمىز ئۆسمىدى. ياشلار بەش يۈز - ئالتە يۈز يۈەن ئالىدۇ. بىز ئاران ئۈچ يۈز - تۆت يۈز يۈەن ئا-لىمىز. بىز قانچىلىك تەر تۆكتۇق، ئۇلار قانچىلىك؟

بۇ يەردە پېنسىيەگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان ئالتە يۈز ئەللىك بەش نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىكەن، بۇنىڭ يەتمىش ئالتە نەپىرى كادىر ئىكەن. ئۇلار ئۈچۈن سېلىنغان بەش قەۋەتلىك بىنادا ئۇلارنىڭ ئىدارىسى، ئويۇنخانىلىرى بار ئىكەن. بۇ يەر ئەڭ ئاۋات، كۆڭۈللۈك جايلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۈچ مىڭ بىر يۈز كىۋادرات مېتىرلىق مەنزىرىلىك جايدا بىر ئۆمۈر نېفىت - خىمىيە ئۈچۈن تەر تۆككۈچىلەر ئۆزلىرى خالىغان ئويۇنلىرى بىلەن كۆڭلىرىنى ئۆتكۈزىدىكەن. لېكىن، ئۇلار دەۋر قەدىمىگە ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىكەن. تەڭپۇڭسىزلىق نەدە يوق؟ ھەربىر كىشىگە بېرىلىدىغان قىرىق - ئەللىك يۈەن پۇل بىلەن كۆڭۈللۈك ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. زاۋۇت - كارخانىلارنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بېرى قېرىلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۇلارغا ئانچە قارىمايدىغان بولۇۋالغان.

راھەت ھەممە ئادەمگە زۆرۈر، بولۇپمۇ قېرىلارغا زۆرۈر.

ئەمما، راھەتمۇ ھەممە نەرسىگە ئوخشاش نىسپىي نەرسە.

ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سۇ يىغىش پونكىتىغا ماڭغاندا راھەتلىنىپ كېتىپ بېرىپ ماڭا سوئال قويغان قېرىلارغا جاۋاب بەردىم:

— ياشلار كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ راھىتى سىزنىڭكىدىن كۆپرەك. لېكىن، ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ باشقىلارغا راھەت كۆرسىتىشنى ئويلىمايدىغان بىر قىسىم ئادەملەرگە قارىغاندا ياشلارنىڭ راھىتىمۇ ئاز، ناھايىتى ئاز، تەر تۆكمەي، جان كۆيدۈرمەي باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ھېسابىغا بىھېساب راھەت - پاراغەتكە ئېرىشكەن بىر قىسىم ئادەملەر بار. ئۇلارنىڭ نەپسىمۇ چەكسىز چوڭ. سىز شۇلارغا ھومىيىڭ، شۇلارنى ئەيىبلەڭ، چۈنكى ئۇلار چىرىگەنلەر، ئەيىبلىنىشكە ھەقلىق!

15 - ئىيۇن مېنىڭ ئاخىرقى زىيارەت كۈنۈم. سۇ يىغىش پونكىتى مەن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن يېڭىلىققا ئىگە جاي. بۇ يەر مەنزىرىلىك — ئورمانلىق، گۈللۈك باغ. بۇ يەردىكى سەككىز ماشىنا، يەنى بېسىم بىلەن سۇ سۈمۈرۈش پومپىسى يىراقلارغا جايلاشقان ئون يەتتە ئورۇندىكى ئۈچ يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقلاردىن سېكۇنتىغا 0.9 كۇب مېتىر سۇ سۈمۈرەلەيدىكەن. بۇ قۇدۇقلاردىن بىر يىلىغا يىگىرمە مىليون كۇب مېتىر سۇ يىغىلىدىكەن. ئانا يەرنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىن سۈمۈرۈۋېلىنغان بۇ سۇ مەخسۇس ياسالغان سېمونت كۆلگە ئەۋەتىلىدىكەن.

ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىدىكى بەش چوڭ زاۋۇت بىلەن «شىفېڭ» شىركىتى قارىمىقىدىكى بارلىق زاۋۇتلار مانا مۇشۇ كۆلدىن كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىكەن.

شەربەت بەرگەن زېمىن ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۆز قان تومۇر-لىرىدىنمۇ ئورۇن بەرگەن. بىز يەرنى شورايمىز، بىز يەردە كۆكلەيمىز، يەنە يەرنى كۆكلىتىمىز. لېكىن، يەرگە بېرىدىغىنىمىز كۆپمۇ، يەردىن ئالىدىغىنىمىز كۆپمۇ بۇنى بىلمەيمىز.

بۇ ھال بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئالغان ـ بەرگەنلىرىنى زادىلا ھېسابلاپ باقمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇ بىزگە شەربەت بېرىدۇ. لېكىن، بىزچۇ؟ يەرنى دەسسەيمىز، بۇلغايمىز، خورلايمىز. پەقەت پاجىئەگە يولۇققانلارلا دۈم يېتىپ يەرنى سۆيىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر پاجىئەگە ئامراق ئەمەس. يەر بىلەن سۆزلەشكەنلەرنى ساراڭ دەيمىز. يەرنى سۆيگەنلەرنىمۇ نېرۋىسى چاتاق دەيمىز. ئەمما، بىرى ياخشى نىيەت بىلەن سىزگە شەربەت سۇنسا، ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت دەيمىز. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىز بىر ئۆمۈر شەربەت سۇنىدىغان ئانىمىز — دەسسەپ تۇرغان زېمىنغا رەھمەت ئېيتمايمىز؟ مەن خەلقىم تىلى بىلەن ئانا يەرگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭغا باغرىمنى يېقىپ، كۆز يېشىم بىلەن ئۇنىڭ توپىسىنى نەم قىلىپ رەھمەت ئېيتاي:

— زېمىن، ئۆزۈڭ بىر شەربەت، ساڭا رەھمەت، بىھېساب رەھمەت!

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

# قەدىناس دوستۇم خاۋ گۇەنجۇڭنى ئەسلەپ

ھەرقانداق ياخشى ئادەمنىڭمۇ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغان كۈنى بولىدۇ، شۇنداق كۈندە ئۇنىڭدىن بۇ دۇنيا ئۈچۈن پەقەت ئۈچ نەرسىلا قالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەۋلاد، ئەمگەك مېۋىسى ۋە ياخشى نامدىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، ئەۋلاد قالدۇرۇش بارلىق جانلىقلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەتتۇر. ئەمگەك مېۋىسى ۋە خەلق ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشنى قالدۇرۇش ئەڭ قىممەتلىكتۇر، شۇنداقلا ئىنسانغىلا خاس خۇسۇسىيەتتۇر.

خاۋ گۇەنجۇڭنىڭ ماڭا قالدۇرغىنى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىدىغان خىسلەتلىك نامى بولدى. بىز ئوتتۇز سەككىز يىلنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدۇق. ئۇنىڭ ئوبرازى مېنىڭ قەلبىمدە ئاجايىپ گۈزەل ھەم يۈكسەك ئىدى. مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئەسىرلاشقان، خىزمەتداش بولغان ياكى بولمىسا دوست بولۇشقان ئادەملىرىم ئاز ئەمەس. ھەتتا بەزىلىرى بىلەن قېرىنداشتەك بولۇپ قالغانىدىم. ئەپسۇس، ئۇلاردىن بەزىلىرى مېنى ئۇنتۇپ كەتتى. بەزىلىرى بولسا ئۈچرىشىپ قالساق سالاملىشىپلا قويىدۇ، خالاس. يەنە بەزىلىرى بولسا، ھەتتا مەن بىلەن بېرىش - كېلىشمۇ قىلماي- دىغان بولۇپ كەتتى. لېكىن، خاۋ گۇەنجۇڭ ئىككىمىز كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن قەدىناس دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ ئەمدىلا ئاتمىش ياشقا كىرگەندە بىز بىلەن مەڭگۈ ئايرىلدى! ئۇنىڭ ۋاپاتى مەندە قايغۇ ھەم ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. مەن ئۇنى ئەسلىگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە باسقان ھايات

يولۇم كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولغاندەك بولدى.

1957 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مەن ئىلى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، بىرنەچچە ساۋاقدىشىم بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بىزنىڭ مەقسىتىمىز جاپالىق يەرلەردە خىزمەت قىلىپ كەلگۈسىمىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش ئىدى. مائارىپ نازارىتى باشقا ساۋاقداشلىرىمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يولغا سېلىپ، پەقەت مېنىلا لەنجۇدىكى غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتتى. بۇ مەكتەپنىڭ تىل فاكۇلتېتىدا خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىق تۆت نەپەر ئاسپىرانت ئوقۇيدىكەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، بىر جەمئىي بەش ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى بولدۇق. ئەينى ۋاقىتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا قول ئۇزارتقىنى خاۋ گۇەنجۇڭ ئىدى. ئۇ كۆزئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئۇيغۇر تىلىدا: «سىز خەنزۇچە بىلەمسىز» دەپ سورىغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مەن بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە سۆزلىيەلمەيتتىم. مەن پەقەت بېشىمنى چايقاپ بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ماڭا: «ئۆگىنىڭ، ئوقۇشنى ھەم يېزىشنى چوقۇم ئۆگىنىشىڭىز كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە مەندىن:

— سىز كۈنىگە نەچچە سائەت ئۆگىنەمەكچى؟ — دەپ سورىدى.

— ئون سائەت.

— بولمايدۇ، ئون سائەت بەك كۆپ، پەقەت تۆت سائەت بولسىلا يېتىدۇ. قالغان ۋاقىتتا كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگەنمەمسىز؟

شۇنداق قىلىپ ئۇ مېنىڭ ئۆگىنىش پىلانىم بىلەن دەرس سېتكامىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن ئاسپىرانتلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يالى (ئەسلىي ئىسمى يەن رۇي، بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى) مۇئەللىمگە قاراپ: «مەن بۇ ئىنىمىزنىڭ دىپلوملىرىنى كۆردۈم، ياخشى ئوقۇپتۇ. بۇنى ماڭا قويۇپ

بېرىڭ، ئۇنىڭغا خەنزۇچىنى مەن ئۆگىتەي. بىر يىلدىلا ساۋاتىنى چىقىرىمەن» دېدى. يالى مۇئەللىم: «ئۇنداقتا مۆجىزە بولغۇدەك، مەن قوشۇلدۇم، شۇنداق بولسۇن» دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ جىددىي ھەم كۆڭۈللۈك بولغان ئۆگىنىشىم باشلىنىپ كەتتى.

مېنىڭ ياتىقىم تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە، خاۋ گۇەنجۇڭنىڭ ياتىقى بولسا ئاستىدا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى پەشتاق - پەلەمپەيلەرنى بېسىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىپ ماڭا دەرس ئۆتەتتى. خام سۆزلەرنى، قىسقا جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇش، يېزىشلارغىچە شۇنچىلىك تەپسىلىي، ئەستايىدىل ئۆگىتەتتى. ئۇ مېنىڭ كۈندە يىگىرمە سۆز، سەككىز جۈملە ئۆگىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان ھالدا ماڭا تاماكا تۇتتى. مەن تاماكا چەكمەيدىغان بولغاچقا، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم. ئۇ:

— قانداق ئوغۇل بالاسىز؟ چېكىڭ، ئۆگىنىپ قويۇڭ، لى بەيمۇ ھاراق ئىچەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچىشتە بەسلىشەلەيدىغان بىرمۇ شائىر چىقمىغان دەڭا! — دېدى.

كېيىن بىزنىڭ تىل دەرسىمىز ئىختىيارسىز ھالدا ئەدەبىيات مۇھاكىمىسىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا ماڭا تاڭ شېئىرلىرى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇر شائىرلىرى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىم شەكىللىنىپ بولسىمۇ، لېكىن ئاشكارىلىنغۇم كەلمەيتتى. مەن ئاۋۋال ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىلارنى بىراقلا ھەيران قالدۇرسام دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ ئۇ چاغلاردا ئېلىمىز

ئەدەبىياتىغا دائىر بىلىملىرىم راستىنلا كەم ئىدى. سوۋېت ئەدەبىياتى بولۇپمۇ رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئەزەربەيجان، تۈركمەن قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىياتىغا پىششىق ئىدىم. مەن خاۋ گۈەنجۇڭغا ئەنە شۇ ئەدەبىياتلار توغرىسىدا ئۇلارنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتىم.

ئۇ مېنىڭ ياتىقىمغا كەلگەندە دائىم ئۇيغۇرچە كىتاب ئالغاچ كېلەتتى. كىتاب ۋاراقلىرىغا خەتلەر يېزىلغان، بەلگىلەر سېلىنغان بولاتتى. مەن ئۇ كۆرسەتكەن جۈملە، ئەقلىيەلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر ۋە شېئىرلارنى ئۇنىڭغا ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ بېرەتتىم. ئۇ مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمنى ھاياجان ئىچىدە ئاڭلايتتى ھەم مېنى ماختاپ: «سىزدە ناتىقلىق بار ئىكەن، ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقالىغۇدەكسىز» دەيتتى. ئۇ مېنى دائىم «ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقالىغۇدەكسىز» دەپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، بىر كۈنى مەن تاسادىپىيلا ئۆزۈمنىڭ سىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ سالدىم.

— مەن يازغۇچى بولىمەن!

ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ كەتتى. «راست يازغۇچى بولامسىز؟» دەپ سورىدى - يۇ، يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ كەتتى.

— سىز يازغۇچى بولالايسىز، سىزنىڭ تىل ئاساسىڭىز ياخشى، يەنە كېلىپ خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتىسىز. جۇڭگو ئەدەبىياتىنى، دىيالېكتىكىنى، تارىخ پەنلىرىنى ئۆگىنىۋاتىسىز، بوشاشماي ئۆگىنىڭ. لۇشۈن، گومورو، ماۋدۈن، باجىن، يې شىڭتاۋ ۋە باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىڭ. كېيىن يەنە ساۋ شۆچىن، لو گۈەنجۇڭ، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىغىچە ئۆگىنىڭ، ئوقۇڭ، ئاۋۋال يېقىنىدىن، ئاندىن يىراقتىن باشلاڭ، سىز چوقۇم غەلىبە قىلىسىز!

خاۋ گۈەنجۇڭنىڭ ئۆگىتىشى، پىكىر بېرىشى ۋە ياردەمدە

بولۇشى مېنىڭ ئىرادەمنى ھەسسىلەپ چىڭىتتى ۋە شېئىر، ھېكايىلەرنى يېزىپ مەشىق قىلىشىمغا سەۋەب بولدى. بىراق، بۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ ئاساسلىق قىلىدىغان ئىشىم يەنىلا خەنزۇچە ئۆگىنىش بولغاچقا، خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگىنىپ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيالايدىغان سەۋىيە يارىتىشىم كېرەك ئىدى.

بىر يىل ئۆتتى. مېنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىم مەيلى سۆزلىشىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئوقۇش جەھەتتە بولسۇن، كۆزلىگەن نىشاندىنمۇ نەتىجىلىك بولدى. خەنزۇ تىلىدىكى شېئىر، ھېكايىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن كەسپىي جەھەتتىكى ئۆگىنىشىممۇ ئىلگىرىكىدىن تېز بولدى.

خاۋ گوەنجۇڭ بىلىم ئېلىش ئىشتىياقى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. بىز دائىم خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى باغچىغا باراتتۇق. مەكتەپ بىلەن باغچە ئارىلىقىدىكى يىراق يولنى مۇڭداشقاچ پىيادە بېسىپ باراتتۇق. ئۇ يول ماڭسىمۇ كىتاب ئوقۇيتتى. ئۇ ئادەتتە مەيلى ئاشخانىغا كېتىۋاتقاندا بولسۇن ياكى يىغىنلاردا بولسۇن ھامان قولىدىن كىتابنى چۈشۈرمەيتتى. شۇڭا، بەزىلەر ئۇنى «كىتاب خالتىسى»، «كىتاب مەستانىسى» دەپمۇ قوياتتى. ئۇ بولسا بۇنداق گەپلەرگە كۈلۈپلا قوياتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇنداق «كىتاب خالتىسى» بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ چاغلاردا چاغاتاي تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنى ئوقۇپ چىققانىدى.

مەن خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىشتە خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتىم. خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى قىينالمايلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئالالايدىغان بولدۇم. مەن ھىندونېزىيەنىڭ «خاتا تەربىيە» دېگەن

رومانلىرىنى ئوقۇشتىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا باجىننىڭ «ئائىلە»، ماۋدۇننىڭ «تۇن يانغاندا» رومانلىرىنى ئوقۇدۇم. چەت ئەل يازغۇچىلىرىدىن مارك تېۋىن، جېك لوندون، بالزاك قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. شېكىسپېرنىڭ سونېتلىرىنى، بايروننىڭ شېئىرلىرىنى، پۇشكىننىڭ «يېۋگېنى ئونېگىن» رومانى قاتارلىق نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئوقۇدۇم. يەنە ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن خاتىرىلەرنى يازدىم. خاۋ گۇەنجۇڭ دائىم مېنى ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ: «قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ، سىز چوقۇم ساۋ شۈچىن بولمىسىز، ھېچبولمىغاندا ماۋدۇن بولالايسىز» دەيتتى.

بىز خۇددى قېرىنداشلاردەك سىردىشاتتۇق، ئاكا ـ ئۇكىدەك ئۆتەتتۇق، بىر ـ بىرىمىزگە گېپىمىزمۇ تۈگىمەيتتى. ئۇ ماڭا: «ئېسىڭىزدە بولسۇن، كەلگۈسىدىمۇ مۇشۇنداق قەتئىي بولۇڭ، يىراقنى كۆرۈڭ. سىلەردىن تېخى دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى چىقمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاتار، ئەزەربەيجان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ گەرچە مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك مەشھۇر ئەدىبلىرى بولمىغىنى بىلەن سىز قاراڭ، ئۇلارنىڭ دۇنيا تونۇيدىغان ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى چىقىۋاتىدۇ. سىلەردە تېخى يوق، سىز چوقۇم تىرىشىپ يازغۇچى بولۇڭ. بولغاندىمۇ داڭلىق يازغۇچى بولۇڭ! مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى تاللىدىم. سىلەرنىڭ ئەسەرلىرىڭلارنى تەرجىمە قىلىمەن، بىر ئۆمۈر شۇنداق قىلىمەن! بىز ھازىرقى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ سەھنىسىگە يۈزلەندۈرەيلى...» دەيتتى.

1961 ـ يىلى مەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىمنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئىككى پارچە ھېكايە يازدىم. ئۇنىڭ بىرى «ئانا يۇرت» ناملىق

ھېكايە ئىدى. خاۋ گۈەنجۇڭ ھېكايەمنى كۆرۈپ، مېنى ماختىدى ھەم تەبرىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ھېكايەمنى ئەينى چاغ-دىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەر-دىم. ئۇيلىمىغان يەردىن بىر كۈنى شائىر ئابدۇكېرىم خوجا بىزنىڭ مەكتەپتە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە بېيجىڭدا ئېچىلغان بىر يىغىنغا قاتنىشىپ قايتىشى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ھېكايەمگە ياخشى باھا بەردى. بىراق، بەزىلەر ھېكايەمنى باش-قىلارنىڭ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان دەپ قارىغاچقا، بېسىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. كېيىن يەنە بىر پارچە ماقالە يېزىپ ئەۋەتىپ بەرسەم، بۇ ماقالەممۇ قايتۇرۇۋېتىلدى. بۇ ئىش ماڭا ھار كېلىپ ئاچچىقلاندىم. ئەنە شۇنداق چاغدا ماڭا تەسەللى بەرگەن ئادەم يەنىلا خاۋ گۈەنجۇڭ بولدى. ئۇ: «ئېلان قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىغا قارىۋالماڭ، مۇھىمى ماقالىنى قانداق يازغاند-لىقىڭىزغا قاراڭ. مېنىڭچە ماقالىڭىزدە مەسىلە يوق، كېيىن چوقۇم ئېلان قىلىنىدۇ. يەنە يېزىڭ، تېخىمۇ ياخشى يېزىشقا تىرىشىڭ!» دېدى.

خاۋ گۈەنجۇڭنىڭ قىزغىن ئىلھام بېرىشى بىلەن مەن ئەسلىدىكى بىلىمىمنى مۇكەممەللەشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلايدىغان ھالىتىمگە قايتتىم. مەن شۇنىڭدىن كېيىن مەشھۇر ئەسەرلەردىن تاللاپ ئوقۇپ خاتىرە يېزىشقا باشلىدىم. ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئوبراز يارىتىش، تىل سەنئىتى قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەردە مەن ئىجادىيلىقنى نىشان قىلدىم. گەرچە ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن بولساممۇ، بىراق ئۆزۈمنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالغاندەك سېزەتتىم. خاۋ گۈەنجۇڭ باشتىن - ئاخىر ماڭا مەدەتكار ئىدى. ئۇ يەنە: «باجىن ‹ئائىلە›نى يازغان ۋاقتىدا ئەمدىلا يىگىرمە توققۇز ياش ئىدى. ماۋدۇن يىگىرمە

سەككىز ياشقا كىرگەندە، تەرجىماندىن يازغۇچىغا ئايلانغان. پەقەت جاۋ شۇلىلا ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئاندىن نام چىقىرالىغان. بىز ئوتتۇز ياشتىن بۇرۇن نام چىقىرىشقا تىرىشايلى. باشقىلار بىزنى (ئاق مۇتەخەسسىسلىككە ماڭغانلار) دېسە دەۋەرسۇن. ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن مېنىڭ ئىرادەمنى چىڭىتىپ تۇراتتى.

بىزنىڭ بىر ياتاقتا ئۆتكەن كۈنلىرىمىز 1962 - يىلى كۈز ئايلىرىغىچە داۋاملاشتى. شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن بىز تاكى 1970 - يىلىغىچە ئۆزئارا سىردىشالمىدۇق. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئىلىغا قايتىپ كەلگىنىمگىمۇ بىرقانچە يىل بولغانىدى. ئۆيۈم غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە ئىدى. مەن ئۇنى كۆرگەنلىكىمدىن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. «سىرداش دوستۇم، مېنى يوقلاپ كەپتۇ» دەپ خۇشال بولدۇم ھەم قۇچاق ئېچىپ كۆرۈشتۇم. ئۇ ماڭا قاراپ: «قانداق، قېرىمىغانسىز، كەلگۈسىدىكى مەشھۇر يازغۇچى؟» دەپ كۈلدى ھەم ھازىر غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدە تەرجىمانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئارقىدىن مېنى كونسېرت كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

مەن شۇ ۋاقىتتا مەن بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرۇۋاتقان داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭنى چاقىرىپ كەلدىم. بىز مېنىڭ كونا، ئاددىي ئۆيۈمدە ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق. مېنىڭ روھىممۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئىلگىرىكى جۇشقۇن چاغلارغا قايتقاندەك بولۇپ قالدىم. «شۇنداق، مەن چوقۇم يازغۇچى بولۇشۇم كېرەك، دوستلىرىمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىم كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ئۇ يىللاردا مەن تېخى ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەن

بولساممۇ، روھىي جەھەتتىن ئۆزۈمنى قېرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. خاۋ گۈەنجۇڭ مەندىكى بۇنداق تۇيغۇغا نىسبەتەن سەزگۈر ئىدى. ئۇ ماڭا: «سىز گەرچە باجىن، ماۋدۇنلارنىڭ ئىجادىيەتنى باشلىغان يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن لۇشۇن، جاۋشۇلىلارنىڭ ئىجادىيەتنى باشلىغان يېشىغا تېخى يېتىپ كەلمىدىڭىز. سىز تارتقان ئازابلار سېرۋانتىس، چېرنىشېۋسكىيلار تارتقان ئازابلارغا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىكتى دەيسىز؟ يازغان خاتىرىلىرىڭىز ھازىرمۇ باردۇ؟ شۇنچە جىق كىتابلارنى ئوقۇغان ئادەم شۇ كىتابلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرەسىچىلىكمۇ بولالمامسىز؟ ئىستىقبالىڭىز تېخى ئالدىڭىزدا...» دەپ نەسىھەتلەرنى قىلدى. مەن ئەمدىكى چاغدا ئويلايمەنكى، مېنىڭ قايتىدىن ئىرادە تىكلەپ يازغۇچى بولۇپ چىقىشىمدا، خاۋ گۈەنجۇڭنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى راستتىنلا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

1972 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە مېنىڭ تۇنجى ھېكايەم «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» بېسىلىپ چىقتى. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى توختام سۇدەك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا بۇ ھېكايەم مېنى تېزلا تونۇتتى. ئىلى ئوبلاستىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئېرغالى بۇ ھېكايەمنى ئوقۇپ سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ ماڭا ئىلھام بېرىپ: «سىزنىڭ يەنە قانداق يېزىش پىلانلىرىڭىز بار؟» دەپ سورىدى. مەن «رومان يازىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. چۈنكى، مەن شۇ تاپتا 1960 ـ يىللاردا قىلغان ئارمانلىرىمنىڭ ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاخىر كۆز ئالدىمدا پارلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتىم.

مەن بۇ چاغدا ئەدەبىيات سېپىگە بىر ھەۋەسكار سۈپىتىدە قوشۇلۇۋاتاتتىم. مېنىڭ بۇ سەپكە قوشۇلۇشۇمغا ئەڭ كۆپ يار-دەمدە بولغان ئادەممۇ يەنىلا خاۋ گۈەنجۇڭ ئىدى، ئەڭ خۇشال بولغان ئادەممۇ يەنىلا خاۋ گۈەنجۇڭ ئىدى. 1975 ـ يىلىغا

كەلگەندە مەن «ئاۋرال شامالللىرى» نامىلىق رومانىمنى يېزىپ چىقتىم. بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى زور داغدۇغا قوزغىدى، ماڭا شان ـ شەرەپ ئاتا قىلدى. بىر كۈنى مەن خاۋ گۇەنجۇڭنى يوقلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ يەردە تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، ۋاڭ مىڭ، چوڭلۇ، ئابدۇشۇكۇر تۇردى قاتار-لىقلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

ـــ پاھ، «ئاۋرال شامالللىرى» كەلدى. كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى، ـــ دېدى خاۋ گۇەنجۇڭ مېنى كۆرۈپ خۇشاللىن-غىدا، ئاندىن ئۇ ئولتۇرغانلارغا مېنى تونۇشتۇرغاچ ماختاپ كەتتى. مەن ئوڭايسىزلىنىپ گەپنى چاقچاقلا بۇرىدىم:

ـــ قۇرۇق ماختىغانغا ئادەم مەست بولمايدۇ، ماڭا ھاراق قۇيماسىز، قەدىناس دوستۇم!

مېنىڭ چاقچىقىمغا ھەممەيلەن كۈلۈشتى. خاۋ گۇەنجۇڭ بۇ يىللاردا ئۆيىدە يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى، ئائىلىسى لەنجۇدا ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە ئەدەبىيات توغرۇلۇق دائىم پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. ئۇ بۇ يىللاردا يەنە تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا ۋە باشقا بىرنەچچە كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ تىل ماھارىتىگە قايىل بولغاندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ كەمتەر، ئاددىي ـ ساددا، چىقىشقاق مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. شۇنداق، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئېلىمىز ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن بالدۇرراق ئورۇن ئالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقانىدى. ئۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدىمۇ ھالقىلىق رولالرنى ئوينىغان. رومانىنى بىللە تەرجىمە قىلغان ئابدۇكېرىم خوجا بىر قېتىم: «ناۋادا خاۋ گۇەنجۇڭ بولمىغان بولسا، بۇ

رومانىنى تەرجىمە قىلىش تەسكە توختايتتى» دېگەنىدى. خاۋ گۆەنجۆڭ يەنە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغانىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ھېچقانداق شەرت قويۇپ باقىان، زارلىنىپ باققان ئەمەس. ئەستايىدىل ئىشلەش، تىرىشىپ تۆھپە قوشۇش روھىنى ئاخىرقى تىنىقىغىچە داۋاملاشتۇردى.

كېيىنكى يىللاردا مەنمۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر قورۇدا، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدىغان بىنادا تۇردۇم. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئۆيى بىنانىڭ 3 ـ قەۋىتىدە بولغاچقا، يېزىقچىلىق ئۇستىلىمدىن بېشىمنى كۆتۈرسەملا، ئۇنىڭ ئۆيى كۆزۈمگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ خېلى كۆپ ھېكايە ـ پوۋېستلىرىمنى تەرجىمە قىلغانىدى. مېنىڭ «باھار ھامان ئىللىق» ناملىق پوۋېستىمنى تەرجىمە قىلىپ، شاڭخەيدە چىقىدىغان «مول ھوسۇل» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغانىدى. ئۇ دائىم ماڭا: «ئادەم ئۆزىگە تايىنىپلا نەتىجە يارىتىشى تەس. بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ يۆلىشىگە، ياردەم بېرىشىگە، قولۇڭدىن تارتىشىغا موھتاج بولىسەن، شۇندىلا نەتىجە يارىتالايسەن» دەيتتى. ئۇ توغرا ئېيتاتتى، ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلىدى. بىز بۈگۈنكى كۈندە خاۋ گۆەنجۆڭغا نەقەدەر ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇ ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىقلا ئېلىمىز ۋە دۇنيانىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولاتتى. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەرجىمانلارغا، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگە موھتاج. بولۇپمۇ خاۋ گۆەنجۆڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئۇستۇن ئادەملەرنىڭ كۆنلەپ تەرجىمە قىلىشقا خۇددى قۇملۇقتا سۇغا تەقەززا بولغاندەك تەقەززا بولماقتا.

ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 44 ـ قورۇدا ئەدەبىيات

پېشۋالىرىمىزدىن ياسىن خۇدابەردى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، خاۋ گۇەنجۇڭ، قاھار جېلىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئولتۇرغان. ئۇلار مۇشۇ قورۇدا گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاۋ گۇەنجۇڭنى ياخشى كۆرەتتى.

1993 ـ يىلى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلغاندا، بىز خاۋ گۇەنجۇڭنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ يىغىنغا قاتناشتۇردۇق. چۈنكى، ئۇ بۇ چاغلاردا ئىلىم ساھەسىدە ئاللىقاچان يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئورۇنغا ئىگە زات بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەنە دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى. لېكىن، ئۇ ھېلىھەم ئىلگىرىكىدەكلا كەمتەر، ئاددىي ـ ساددا، چىقىشقاق ۋە تىرىشىپ ئىشلەيدىغان روھىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بىز شۇ قېتىم بېيجىڭدا يىگىرمە كۈن بىللە تۇرۇپ قالدۇق. ۋاڭ يىجى، گاۋ زىڭلياڭ قاتارلىق كونا دوستلىرىمىز ۋە ساۋاقداشلىرىمىزنى يوقلىدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا ياراتقان نەتىجىلىرىنى، قازانغان شەرەپلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانىدۇق. بولۇپمۇ بىزنىڭ خاۋ گۇەنجۇڭ دوستلىرى نەتىجە ياراتسا، ئالاھىدە شادلىنىپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى. ئەپسۇس، رېئال تۇرمۇشتا بۇنداق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ.

شۇ قېتىمقى بېيجىڭ سەپىرىنىڭ ئىككىمىزنىڭ بىللە باسقان ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىمىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپ- تىمەن. ئوتتۇز سەككىز يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، بىر- رەر قېتىممۇ بىر ـ بىرىمىزدىن ئاغرىنىپ باقماپتۇق. بىر ـ بىرىمىزنى رەنجىتىپ باقماپتۇق. 1994 ـ يىلى يازدا، كاناي ياللۇغى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قاپتۇ. مەنمۇ دائىم شۇنداق بولۇپ قالاتتىم. بىر قېتىم ھويلىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇ:

«قاراڭ، بىزنىڭ ئاغرىقىمىزمۇ ئوخشاش ئىكەن» دەپ كۈلدى. خانىمى ياندا تۇرۇپ ماڭا: «ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېسەممۇ بارمايۋاتىدۇ» دەپ ئاغرىندى. ئىككىمىزنىڭ بۇ تەرىپىمىزمۇ ئوخشاش، مەنمۇ دوختۇرخانىغا بەك قېرىق دېدىم مەن كۈلۈپ.

ئۇزاق ئۆتمەي مەن غۇلجىغا كەتتىم. قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. نېمىدېگەن تېز، نېمىدېگەن تۇيۇقسىز ـ ھە! قەلبىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەندەك ئۇنسىز قايغۇردۇم. مەن شۇ تاپتا پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، بۇ يولدا ئۆچمەس نەتىجىلەرنى ياراتقان، ئاجايىپ گۈزەل پەزىلىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ مەشھۇر ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتاتتىم! مەن ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىدىن سۆيۈنگەن ئاشۇ خەلقىم نامىدىن ياش تۆكۈۋاتاتتىم!

# يازغۇچى بولماق تەس

ئاپتورى:  زوردۇن سابىر
نەشرگە تەييارلىغۇچى:  ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:  ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورلىرى:  ئارزىگۇل كېرەم، گۈلشەھەر نېغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى:  ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:  ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:  شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى:  ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون:  2827472 - 0991
پوچتا نومۇرى:  830001
باسقۇچى:  شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى:  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى:  1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى:  11.375
نەشرى:  2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى:  2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى:  3000 - 1
كىتاب نومۇرى:  ISBN 978 - 7 - 228 - 14337 - 5
باھاسى:  32.00 يۈەن